ISSN 1005-0876

# BULAK



# بۇلاق

4
1998

www.uyghurkitap.com

ئوقۇتقا بىلىگكە بۇ تىلماچى تىل،
يارۇتتاچى ئەرنى يورىق تىلنى بىل.
كىشىگ تىل ئاغىرلار، بولۇر قۇت كىشى.
كىشىگ تىل ئوچۇزلار، بارىر ئەر باشى.
تىل ئارسلان تۇرۇر كۆر، ئىشىكتە ياتۇر،
ئايا ئەۋلىگ ئەر ساق، باشىڭنى يېۋۇر.
كىشى سۆز بىلە قوپتى، بولدى مەلىك،
ئۆكۈش سۆز باشىغ يەرگە قىلدى كۆلىك.
تىل ئاسىغى تەلىم بار، ياسىما ئۆكۈش.
ئارا ئوگدىلۇر تىل، ئارامىڭ سۆكۈش.
تىلىگ كەد كۈدەزگىل، كۈدەزلدى باشىڭ،
سۆزۈگنى قىسقۇتۇرغىل، ئۇزار تىلدى ياشىڭ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» دىن نىيازكېرىم شەرقى يازغان

ئەي مۇھەببەت ئالەمى ئىچرە مېنى خار ئەيلەدىڭ،
دىلرەبائى بىۋەفانىڭ ئىشقىدە ئازار ئەيلەدىڭ.
ھەر غەمۇ ئەندۇھدىن ئازادە تېي دەپ ئاقىبەت،
ھەر غەمۇ ئەندۇھ داغىغە گىرىفتار ئەيلەدىڭ.
مەي ئىچۇرمەي قەترەئى زىيا سەنمىلە رەسىدىن،
كۆزلەرىمنى ئىشقەلى مەيكەبى خۇنخار ئەيلەدىڭ.
ئىككى ئازادە ئىدى مەجنۇن بىلەن فەرھاد كىم،
بىرنى ۋادى گەرد قىلدىڭ بىرنى سەنگسار ئەيلەدىڭ.
سەندىن ئەمدى زەررەئى مېھرۇ ۋەفا كۆز تۇتماغۇم،
كۆرستەي دەپ ۋەسل فىرقەتكە سىزاۋار ئەيلەدىڭ.
نەئۈچۈن سەندىن شىكايەت قىلماسۇن مەشھۇرى كىم،
كۆڭلۈ ۋۇ كۆزۈمنى كېچە ۋۇ ھالىمنى دۇشۋار ئەيلەدىڭ.

مەشھۇرى شېئىرلىرىدىن نىيازكېرىم شەرقى يازغان

بىلىگدىن ئۇزۇرمەن سۆزۈمگە ئۇلا.
بىلىگلىككە يا دوست ئۆزۈگنى ئۇلا.
بىلىگ بىرلە بولنۇر سە ئادەت يولى.
بىلىگ بىل، سە ئادەت يولىنى بولا.
سۆڭەككە يىلىكتەك ئەرەنگە بىلىگ.
ئەرەن كۆركى ئەقل ئول سۆڭەكنىڭ يىلىگ.
بىلىگسىز يىلىكسىز سۆڭەكتەك ھالى.
يىلىكسىز سۆڭەككە سۇنۇلماز ئەلىگ.
بىلىگ بىلدى، بولدى ئەرەن بەلگۈلۈك.
بىلىگسىز تىرىكلە يىتۈك كۆرگۈلۈك.
بىلىگلىك بىرىگە بىلىگسىز مىڭىن.
تەڭەڭلى تەڭەدى بىلىگنىڭ تەڭىن.

ئەخمەت يۈكنەكى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» تىن نىيازكېرىم شەرقى يازغان

نامايەن بولغۇنىڭ ئەي دىلبەر يۈزۈڭنى ئاپتاپ ئەيلەپ،
قاراكاكۇل بىلەن زۇلفى پەرىشانىڭ نىقاپ ئەيلەپ.
لەبىڭ خالىنى كۆرگەچ تەن ئۈيىدە ناتەۋان كۆڭلۈم،
قونۇشۇر كىم قەپەستە تەلپۈنۈپ كۆپ ئىزتىراپ ئەيلەپ.
جامالىڭ دەپتەرىدىن نۇكتەئى شەرھ ئېتە ئالمان،
يىلى ئۆمرۈم ئىچىدە بىر بەرى يۈزىڭ كىتاب ئەيلەپ.
ۋاپا ھەرپىنى سورساڭ ئاماڭا سەن ئازاجان بەردىڭ.
مەسىھا لەبلەرىڭ ئەئجازىدىن گويا جاۋاب ئەيلەپ.
نە كۆڭلۈم نەشئەدۇر مەي ئىچكەلى شاراب مۇدامىنى،
قەدەھ تۇت ساقىي سىمىن بەدەن كىم مەھتاب ئەيلەپ.
ھەقىقەت جىلۋەگەردۇر دەرھەقىقەت يۇشۇرۇپ بولماس،
مەجازى ئەھلى زەلىلى تەلبەگە مۇنداق خىتاب ئەيلەپ.

زەلىلى شېئىرلىرىدىن نىيازكېرىم شەرقى يازغان

دىلبەرا مەن زارىنىڭ كۆڭلىنى بىر شاد ئەيلەگىل.
يۈز تۈمەن ئىماڭ قايغۇدىن بىر يولى ئازاد ئەيلەگىل.
كۆپ رەقىب تەنئە ئېتىپ خۇنابە يۇتتۇردى ماڭا،
ئادىل ئولساڭ ئول ئەدۇغا قەتل جاللاد ئەيلەگىل.
قەتل ئولسە ئول ئەدۇلەر سەيرى گۈلشەن ئەيلەلى،
تالى مەجنۇن قامەتىڭنى باغدا شەمشاد ئەيلەگىل.
كۆڭلى كۆرسەم بىخۇد ئولسام ئىشق زەربىدىن دائى،
ھەم بېرىپ لەئلىڭ زۇلالىدىن كى ئىمداد ئەيلەگىل.
ئىككى ھۆسنى باغدا كۆرسەم شۇم رەقىپلەر رەشك ئېتەر،
ئىلتىپات ئەيلەپ ماڭا دۈشمەننى ناشاد ئەيلەگىل.
بادە بەرگىل سىبغۇرۇر قويماي بىلالى قەترىنى،
ھەم بۇزۇلغان كۆڭلىنى مەي بىرلە ئاباد ئەيلەگىل.

مولانا بىلالى شېئىرلىرىدىن نىيازكېرىم شەرقى يازغان

سەنسىز ئولسام باغ ئارا ئول باغ مېھنەت تاغىدۇر.
سەن بىلەن تاغ ئىچرە يۇرسەم تاغ جەننەت باغىدۇر.
ئەي نەھالى ھۆسنى لۇتفۇڭ سايەسىن باشىمغە سال،
كىم يۈزۈم ئىشقىڭ سەمۇمىدىن خازان ياپراغىدۇر.
يۈز تۈمەن ئەرمان زېبىنى كىم مېنىڭ كۆڭلۈم ئېرۇر،
دەرت ئاڭا ساھىپ تەسەررۇپ، غەم ئۇنىڭ ئورتاغىدۇر.
ئىشق ھۆسنۇڭ بەزمىدە بىر شەمئى ياقمىشتۇر كىم ئول،
رىشتەئى جانىم بىلەن يۈز ئىككى كۆزلەر ياغىدۇر.
غەمزە بىرلەن باغلادى ئەھل ئۇيقۇسىن ساھىر كۆزۈڭ،
بىخۇد ئەتكەن ھەممەنى ئۇشبۇ ئەنىڭ گەر باغىدۇر.
سەنسىز ئاچىلماس تەجەللى خاتىرىدىن ئۇقدەلەر،
كىم ھىلالى ئەيدگانىڭ زەخمىنە غەم تىرناغىدۇر.

تەجەللى شېئىرلىرىدىن نىيازكېرىم شەرقى يازغان

# بۇلبۇل

گۈل ئاشىقى ئەي بۇلبۇل تۇر سايرا، ناۋا قىلغىن،
سۆيگەنگە قەپەزلىك چولچول ئۆچ سەيرى ھاۋا قىلغىن،
گۈل پەسلى چىرايى ئاچتى، گۈلشەنمۇ باھار چاچتى،
قۇزغۇنلار بەدەر قاچتى، سەن گۈلگە جىلا قىلغىن،
قويى بولما تولا غەمكىن بوستاندا ئۇچۇپ ئەركىن،
گۈللەرگە قونۇپ تەمكىن، خەندانە سادا قىلغىن،
كۆپ كۆتتى سېنى گۈللەر ناخشاڭغا بولۇپ خۇملار،
سەن باشتا دېگەن گۈليار، ۋەدەڭگە ۋاپا قىلغىن،
ئىشق جامىنى ئىچمەڭگە، دىل يارىنى چەكمەڭگە،
گۈل ۋەسلىگە يەتمەكتە سەن جاننى پىدا قىلغىن،

مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋىدىننىڭ شېئىرى
نىيازكېرىم شەرقى يازغان

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
پەسىللىك ژۇرنىلى

## 19-يىل نەشرى

## ئومۇمىي 65-سان

1998

باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مۇھەررىرلەر: پەرىدە ئىمىن، ھاجى قۇتلۇق قادىر، مىرھايات مىرسۇلتان، ئەزىز تۇردى




# 1998 - يىللىق 4 - سان

## مۇندەرىجە

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

چاھار دەرۋىش ......... ئەمىر خۇسرەۋ دىھلەۋى (5)
(قاسىم بېكىم تەرجىمىسى)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت .........
ئەبۇ نەسىر فارابى ئەسەرلىرىدىن ......... (34)
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: جاببار ئەمەت .........
ھەفت داستان ......... نەۋرۇز ئاخۇن زىيائى (56)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەسقەر ھۈسەيىن
ئابدۇراخمان شائىر ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى ......... (86)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىمىنجان ئەخمىدى

*

شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

بەھرۇل - ھۇدا ......... مۇھەممەد شۇيبانىخان (95)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھاجى نۇرھاجى

ئەدەبىي مۇھاكىمە

مىرزا ھەيدەر كوراگان ۋە ئۇنىڭ «جاھاننامە»
داستانى توغرىسىدا ......... ئايگۈل ئىمىن (109)

چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلارنىڭ چەت ئەللەردە تەتقىق قىلىنىشى ........................ ئۆمەر داۋۇت (114)

### مەشھۇر كلاسسىكلار

شائىر قۇلئەلىمنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى توغرىسىدا ........................ ئىمىنجان ئەخمىدى (124)

### خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

گۈلپەرەھ (داستان) ........................ (132)
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
چۆچەكلەر ........................ (137)
رەتلىگۈچى: نادىرە رەھمى
رىۋايەتلەر ........................ (142)
رەتلىگۈچى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى
قوشاقلار ........................ (146)
رەتلىگۈچى: ياسىن زىلال

* *

خەتتات: قاينام جاببار.
نەققاش: تۇردى قادىر نازىرى.
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام.
مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى بەتلىرىدە: رەسسام نۇرۇللا ئىبراھىمنىڭ رەسىملىرىدىن.
مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى بېتىدە: خەتتات نىياز كېرىم شەرقىنىڭ ھۆسن خەتلىرىدىن.

# چاھاردەرۋىش

## (تەنبىھاتى دەرۋىشىيە)[1]

### ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى (قاسىم بېگىم تەرجىمىسى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت

## تۆتىنچى دەرۋىش سەرگۈزەشتىسىنىڭ بايانى*

مېنىڭ ھالىمغا يارانى مۇھىب ئەغيار يىغلاڭلار،
مۇشەققەت داستانىم ھەردىلى ئەفگار يىغلاڭلار!
ئەمەس ھەرچەند قۇرب[2]مەنزىلى بۇ بەندەنىڭ ئەمما،
كى رەھم ئەيلەپ دىلى رەنجىدە بولغان زار يىغلاڭلار!

ئەي دەرۋىشلەر، شۇبۇ پانىيلىق غۇسسىسى بىلەن سىزلەرنىڭ خىزمىتىڭلەردە زىۋاندارلىق قىلىۋاتقان بۇ كەمىنە قۇلۇڭلار چىن ۋىلايىتىنىڭ شاھزادىسىدۇرمەن. تىرىكچىلىك جاپاسىنىڭ شىددىتىدىن، رەھىمسىز تاغامنىڭ زۇلۇمىدىن ئەھۋالىمنىڭ مۇپەسسەل جەريانى مۇشۇ دەرىجىگە يەتتى.

ئاتام چىن ۋىلايىتىنىڭ پادىشاھى ئىدى. ئۆزگە پادىشاھلار ئاتامنىڭ پەرمانبەردارى ئىدى. مەندىن ئۆزگە پەرزەنتى يوق ئىدى.

ۋاقتىكى، بۇ ئېتىبارسىز كەمىنە توققۇز ياشقا كىرگىنىمدە ئاتام ھاياتلىق جابدۇقلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ پانىي ئالەمدىن ئەبەدىيلىك ئالەمگە يول تۇتتى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئىنىسىغا:

«ئوغلۇم ياشتۇر، پادىشاھلىققا لايىق ۋە قابىل ئەمەس. شۇڭا، سەن ۋەلىئەھد بولۇپ مەملىكەت ئىشلىرىغا كېپىل بولغىن. ئوغلۇمغا تەربىيەت قىلىپ، شەپقەت نەزىرىڭنى ئۇنىڭدىن ئالمىغايسەن. ۋاقتىكى، بۇ ئوغۇل بالاغەت ۋە قابىلىيەت يېشىغا يەتكەندە قىزىڭنى خۇتبە ئوقۇتۇپ نىكاھلاپ بېرىپ، تاجۇ تەخت ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلىپ، ئۆزۈڭ پاراغەت خىلۋەتخانىسىدا ئىبادەتكە مەشغۇل بولغايسەن.

---

(1) بېشى ئۆتكەن ساندا.
(2) قۇرب — يېقىنلىق، يېقىن بولۇش.

ھەرقانچە ئېرەك كىشىمۇ دۇنيا ئىشلىرىغا قابىل ئەمەستۇر. بۇزرۇكلار دەپتۇرلاركى: دۇنيا ناپاكتۇر. ئۇنىڭ تەلەپ قىلغۇچىلىرى ئىتقا ئوخشايدۇ. سەن بولساڭ ياخشى خىسلەتلىك، ياخشىلىقنى ئۆزۈڭگە ھۈنەر قىلغان، ياشلىق مەنزىلىنى كېزىپ بولغان ئادەمسەن. شۇڭا، ۋاقتى يەتكەندە سەلتەنەتنىڭ پەرمانىنى ئوغلۇمغا بەرگىن. ئېيتقۇتۇركى، ئەگەر بۇ دۆلەت بىزنىڭ خانىداندىن كېتىپ قالمىسىلا، ئوغلۇمدىن كېيىن ئەۋلادىڭغا، يەنى نەۋرەڭگە قالىدۇ» دەپ ۋەسىيەت قىلىپ، شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەنىدى: ئاتامنىڭ ئۇ مۇددىئاسىغا خاس. دۆلەت كاتىپلىرىنىڭ ھەممىسى شاھىد بولغانىدى.

ئاتام قازا قىلغاندىن كېيىن تاغام سەلتەنەت تەختىدە قارار تېپىپ، پەرمان لەززىتىنى تېتىدى. مېنى بولسا ھويلىدا[ئ] ساقلاشقا مۇقەررەر قىلىپ، تاشقىرى چىققىلى قويمىدى. تاكى مەن ئون تۆت ياشقا كىرگۈچە ھويلىدىن ئۆزگىنى كۆرمەي، نازىنىن قىزلار بىلەن ئويناپ يۈردۈم. ئوغلانلار بىلەن ئىشىم (ئۇچرىشىش پۇرسىتىم) يوق ئىدى. تاغامنىڭ قىزىنى ماڭا ئۇنىشىپ قويغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. شۇڭا كۆڭلۈم خۇش بولۇپ يۈرۈۋەردىم.

ئاتامنىڭ خىزمىتىدە تەربىيەت تاپقان، مۇبارەك ئاتلىق قارا ئۆڭ بىر غۇلام بار ئىدى. ئۇ ئىشەنچلىك ۋە سىر ساقلىيالايدىغان كىشى ئىدى. مەن ئۇ ۋاقىتلاردا گاھى ئەھلى ھەرەملەردىن يوشۇرۇنچە تاشقىرى چىققىنىمدا، ئۇ مۇبارەكنىڭ قېشىغا باراتتىم. ئۇ ھەم كۆپتىن - كۆپ مېھرىبانلىق قىلاتتى. ماڭا ھەسرەتلىك كۆزلىرى بىلەن قارايتتى.

قازارا، بىركۈنى قىزلار بىلەن ئويناپ يۈرگىنىمدە بىر كېنىزەك مېنى بىر شاپىلاق ئۇردى. مەن يىغلاپ تاشقىرى چىقتىم. ئۇ (مۇبارەك) مېنى كۆرگەندە مېھرىبانلىق تەرىقىسى بىلەن قۇچاقلاپ يىغىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. بولغان ۋەقەنى بايان قىلدىم. ئۇ قەھرى بىلەن قۇلاق تۈۋىمگە بىر شاپىلاق ئۇرۇپ:

— سەندە مەردانىلىقنىڭ نىشانىسى يوق ئىكەن. قىز بالا بولساڭغۇ باشقا گەپ، كاشكى، سەندە غەيرەت بولسا ئىدى. شۇ تاپتا تەخت - تاج ئىگىسى بولغان بولاتتىڭ. تامامى ئالەم پەرمانىڭدا بولغان بولاتتى. تېخى كېنىزەكلەر مېنى ئۇردى دەپ يىغلاۋاتىسەن، — دېدى.

— ھېچبىر گۇناھ قىلغىنىم يوق. كېنىزەكلەردىن ئۆزگە كىشىنى بىلمىسەم ۋە ھېچبىر جاينىڭ يولىنى تاپالمىسام، — دېدىم. ئۇ ماڭا:

— كەلگىن، تا سېنى تاغاڭنىڭ خىزمىتىگە ئېلىپ باراي. ئۇ سېنىڭ چوڭ بولۇپ تاج - تەختكە مۇناسىپ يېتىلگەنلىكىڭنى بىلسە، ئاتاڭنىڭ قىلغان ۋەسىيىتىنى بەجا كەلتۈرۈشى مۇمكىن، — دېدى. مەن ئۇنىڭدىن:

— ئاتامنىڭ ۋەسىيىتى نېمە ئىدى؟ — دەپ سورىدىم.

— ئاتاڭ تاغاڭنىڭ قىزىنى ساڭا ئۇنىشىپ قويغان. يەنە تاغاڭغا «كېيىن تاج - تەختنى ئوغلۇمغا بەرگىن» دەپ تاپىلىغان، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ سۆزىگە خۇشال بولدۇم. [ئەمما بۇ خۇشاللىقنىڭ] ئەھۋالىمنىڭ خاراب بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم.

مۇبارەك بىلەن تاغامنىڭ بارگاھىغا باردىم. تاغام مېنى كۆرۈپ ئىستىقبالىمغا چىقتى. مېنى جان - جىگىرى مەسەللىك قۇچىقىغا ئېلىپ پىشانەمگە سۆيۈپ:

— ئەي مۇبارەك، بۇ پەرزەنتكە نېمە سەۋەبتىن ماللىق يەتكۈزۈپ قەدەم رەنجى قىلدۇردۇڭ؟ — دېدى.

مۇبارەك دۇئا ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، ئاتامنىڭ قىلغان ۋەسىيىتىنى مېنىڭ تەرىپىمدە تۇرۇپ بايان

قىلدى. تاغام بەجانىدىل ئاگلاپ تەبەسسۇم بىلەن ماڭا قاراپ:

— لايىقىڭنى، يەنى كەلگۈسى خوتۇنۇڭنى كۆرۈشنى خالامسەن؟ خوپ - خوپ، — دەپ مۇنەججىملەرنى چاقىرتتى. مۇنەججىملەر شۇئان ھازىر بولۇپ يەرنى بۇسە قىلدى (يەر ئۆپۈپ سالام قىلدى) تاغام دېدىكى:

— ئۇشبۇ كېلىدىغان يىللارنىڭ ئىچىدە قايسى يىل ۋە قايسى كۈننىڭ سائىتى ياخشى بولىدۇ؟ بايان قىلىڭلار! ئۇشبۇ ئوغلۇمنى كۈيئوغۇل قىلماقچىمەن.

مۇنەججىملەر كۆپ پىكىر يۈرگۈزۈپ ھېساب بىلەن:

— ئىككى يىلدىن كېيىن پالانى ئاينىڭ پالانى كۈنى ناھايىتى قۇتلۇق بولىدۇ، — دېيىشتى. تاغام:

— ئەي مۇبارەك، مۇبارەك بولغاي! ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئاللاتائالا بۇيرۇسا، ياخشى سائەتتە تويۇڭلارنى قىلىمىز، — دېدى.

مۇبارەك بىلەن قوپۇپ پادىشاھقا دۇئا قىلىپ تاشقىرى چىقتۇق. ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن مۇبارەكنىڭ قېشىغا چىقتىم. ئۇ مېنى كۆرۈپلا كۆز ياشلىرىنى سەلدەك تۆكتى. بۇنى كۆرۈپ «ئۇ نېمە دەپ يىغلايدىغاندۇ؟» دەپ كۆڭلۈمگە بىر شەك پەيدا بولدى.

— سادىغاڭ كېتەي، — دېدى ئۇ، — كاشكى، كەمىنە مۇبارەكنىڭ بويىنى سۇنغان بولسا ئىدى، سېنى ئۇ زالىم تاغاڭنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارمىغان بولاتتىم. سېنى مەجلىسكە (شاھ ھۇزۇرىغا) ئېلىپ بارغاندا ئەمىرلەر سېنى قابىل كۆرۈپ خۇشال بولۇشتى. بۇلار ئۆزئارا سۆز تاشلىشىپ: خۇداغا شۈكرىكى، پادىشاھزادىمىز چوڭ بولۇپتۇ. بۈگۈن - ئەتە تەختنى ئۆز قولىغا ئالغۇدەك، دېيىشىپ خۇشۋاق بولۇشتى. لېكىن، تاغاڭ سېنى كۆرگەندە خەۋپلىنىپ غەمناك بولدى. ئۇنىڭ مەسلىھىتى سېنى نابۇت قىلىپ، پەتنە - پاسات ئىشىكىنى ئېچىشقا قارار تاپتى. شۇڭا مېنى خىلۋەتكە ئېلىپ كىرىپ زەر، كىيىم - كېچەك ۋە ھەشەمەتلىك جاي بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ، سېنى يوقىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن بۇ ئىشقا ھەيران بولدۇم. ئەمما نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدىم. ساڭا خۇدايىم ئامانلىق بېرەر. ئويلايمەنكى، ئەگەر مەن سېنى بۇ زالىمنىڭ مەجلىسگە ئېلىپ بارمىغان بولسام، بۇ مۇقەددىمە زاھىر بولماسىدى. بەلكى بۇ خىياللار ئۇنىڭ خاتىرىسگە يەتمەسىدى...

ئۆلۈم خەۋىرىنى ئىشتكەندىن كېيىن ھاياتلىقتىن ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم. مۇبارەكنىڭ ئېتىكىنى قولۇمغا ئېلىپ ئاجىزلىق بىلەن يىغلىدىم:

— خۇدا بۇيرىسا، قولۇمنى ئېتىكىڭىزدىن ئالماسمەن. مېنى بۇ بالا گىردابىدىن نىجاتلىق ساھىلىغا يەتكۈزگەيسىز!

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، نادانلىق يۈزۈمنى ئۇ قارا غۇلامنىڭ پاناھىغا كەلتۈردۈم. تەقدىر ئىلاھى ئىشىمنى خاراب ئەيلەپ يۈزۈمنى قارا قىلدى.

ئەلقىسسە، ئۇ مېنىڭ تىت - تىت بولغىنىمنى كۆرۈپ:

— غەم يېمىگىن. بىر ۋاستە بىلەن ئۇ مېھنەتنى يوق قىلىپ، بۇ بالانى كۆتۈرۈۋەتكىلى بولىدۇ، — دېدى.

— ئۇ قانداق ۋاستە؟ — دېدىم.

— كەلگىن، ساڭا ئېيتىپ بېرەيمەن، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ بىلەن ئاتامنىڭ ئىمارىتىگە باردىم. ئۇ يەرگە نۇرغۇن دەپىنە ۋە خەزىنە قويۇلغانىكەن.

ئۇ سارايغا كىردىم. مۇبارەك بىلەن ئۇ سارايغا كىرگەندىن كېيىن ئاتامنىڭ جاي ـ تەختى يادىمغا كېلىپ، ماڭا يىغا ھەددىدىن زىيادە غالىب كەلدى. مۇبارەك ماڭا تەسكىن بەردى. ئۇنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئاتامنىڭ تەختىنى يەردىن كۆتۈرۈپ، سىلىنجىنى يىغىپ بىر يەرنى كولاپ ئاچتۇق. قۇلۇپ سېلىنغان بىر ئىشىك نامايان بولدى. [مۇبارەك] يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ قۇلۇپنى ئاچتى. نەچچە پەلەمپەيدىن چۈشۈپ بىر قاراڭغۇ يەرگە كىردۇق. كۆڭلۈمگە: «بۇ قارا قۇل مىكىر بىلەن ئىشىمنى تامام قىلماقچى ئوخشايدۇ» دېگەن خىياللار كېچىپ، ئىلاجىنى تاپالماي «كەلىمەئى تەيىيبە» (ئىمان كەلىمىسى) نى ئوقۇپ تۇرغىنىمدا، بەئەينى مۆمىنلەرنىڭ كۆڭلىدەك ئاق ۋە روشەن تۆت سۇپىغا نەزىرىم چۈشتى. ھەر سۇپىدا ئالتۇن زەنجىر بىلەن مەھكەم قىلىنغان قىرىق كوزا بار ئىدى. ھەربىرىنىڭ ئاغزىغا ئالتۇن خىش قويۇلغان بولۇپ، ھەربىر خىشنىڭ ئۈستىگە زەبەرجەد (ئاچ پىستەرەڭ قىممەت باھا تاش) تىن ياسالغان مايمۇننىڭ ھەيكىلى ئولتۇرغۇزۇلغانىدى. پەقەت بىر كوزىنىڭ تۆپىسىدىلا مايمۇننىڭ ھەيكىلى يوق ئىدى. ئۇ قىرىق كوزىنىڭ ئىچى ئالتۇن، تىللا ۋە تۈرلۈك جاۋاھىراتلار بىلەن تولدۇرۇلغانىدى. بۇنى كۆرگەندىن كېيىن كۆڭلۈمدە: «مەگەر بىرەر ھوقۇق ـ مەنسەپنى ھاسىل قىلماي تۇرۇپ بۇنىڭدىن پايدا ئالغىلى بولماس!» دېدىم. بېيىت:

سىرىشكىم زەخمەتىدىن ئالماق نە ھاسىل،
ۋەلي قان بولماسۇن كۆڭلى ياراسى.

كۆڭلۈمدە يەنە مۇنداق خىيالنىمۇ قىلدىم: «بۇنىڭدىن (بۇ ئالتۇن، تىللا، جاۋاھىرلاردىن) تاغامغا بېرىپ، ئۇنى خۇش ۋاقىت قىلسام، تا ئازات بولماققا سەۋەب بولغاي! ...» بېيىت:

ئىشىكنى ئەيلەگىل تا مۇجىب[1] ئەمنۇ ئامان بولسۇن،
بولۇپ خۇش ۋەقت دوستۇڭۇ دۈشمەنىڭكىم ناتەۋان ئولسۇن.

مۇبارەك دېدىكى:
— بۇ پىنھان خەزىنە توغرىسىدا بىر ھېكايىتىم باردۇر. تا بىلگەيسەنكىم، مەقسىدىڭ مۇشۇنىڭدىن ھاسىل بولسا ئەجەب ئەمەس. بۇ مايمۇننىڭ سۆپىتى مۇنداق:
ئاتاڭ ياش ۋاقتىدا پەرىلەر پادىشاھى مۇلكى سادىق بىلەن دوستلۇق ئالاقىسىنى كامالىغا يەتكۈزگەنىدى. ئۇنىڭ سەۋەبىنىڭ قايسى تەرىقىدە ئىكەنلىكىنى مەن بىلمەيتتىم. يىلدا بىر نۆۋەت سوۋغا ـ سالام تەرىقىسى بىلەن ئەتىر ـ ئەنبەرلەر ۋە ئۆزگە خۇش بۇي نەرسىلەرنى تەييارلاپ ئېلىپ بېرىپ، ئۇ مۇلكى سادىققا تۇتاتتى. نەچچە كۈن خىزمىتىدە بولۇپ قايتقاندا مۇلكى سادىق ھەم [ئاتاڭغا] ئۇ زەبەرجەدتىن ياسالغان مايمۇن ھەيكىلىدىن بىرنى سوۋغا قىلاتتى. [ئاتاڭ ئۇنى] ئېلىپ كېلىپ بۇ ماكاندا قوياتتى. مېنى ھەم ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ باراتتى. بىر نۆۋەت ئاتاڭدىن:
«ئەي ئۇلۇغ پادىشاھىم، سىلى ھەرقېتىم مۇلكى سادىققا نۇرغۇن تۆھپە (سوۋغا ـ سالام) ئېلىپ بېرىپ ھەدىيە قىلىسىلا. ئەمما ئۇنىڭدىن جېنى يوق بىر نېمىنى ئېلىپ كېلىلا. بۇنىڭ نېمە پايدىسى؟» دەپ سورىسام، ئاتاڭ تەبەسسۇم قىلىپ:
«كىشىگە ئاشكارا قىلمىغىن. ھەربىر مايمۇنغا مىڭ جىن پەرمانبەرداردۇر. ئەمما مۇلكى سادىقنىڭ

[1] مۇجىب — سەۋەبچى، سەۋەب

ئېيتىشچە، تا قىرىق مايمۇن بىر يەردە بولمىغۇچە جىنلارنىڭ ئىتائىتىنى بويسۇندۇرۇپ بولمايدىكەن»
دېگەنىدى. ئەپسۇس، [مايمۇن] بىرى كام قىرىققا يەتكەندە ئاتاڭ پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر
قىلدى. ھازىر مېنىڭ كۆڭلۈمگە بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ. سېنى مۇلكى سادىقنىڭ خىزمىتىگە ئېلىپ بېرىپ
ئەرز - ئەھۋالىڭنى مەلۇم قىلسام، بەلكىم ئاتاڭنىڭ روھىنىڭ ھۆرمىتىدىن يەنە بىر مايمۇننى ساڭا ئاتا
قىلسا ئەجەب ئەمەس. شۇبۇ ۋاستە بىلەن مۇلۇك - مىراسلىرىڭنى قولۇڭغا ئېلىپ، مەملىكەتكە ئىگە
بولغايسەن. ئەگەر بۇ ئىش مۇيەسسەر بولمىسا، ھېچ بولمىغاندا ئۆلۈمدىن نىجاتلىق تاپقايسەن!...»
— ئىختىيار ئۆزۈڭدە! — دېدىم مەن، — ھەرنېمە قىلساڭ تېزلىك بىلەن تۇتۇش قىلغىن. ئەمما
ھەق ئىشتىن كۆزۈڭنى يۇممىغايسەن!
ئاندىن كېيىن مۇبارەك مېنى ھەرەمگە (ئۇردىغا) ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزى مەزكۇر تۆھپە ۋە ھەدىيەلەرنى
جەمئىي قىلماققا مەشغۇل بولدى. ئۇلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن تاغام بىلەن خىلۋەت يەردە
ئۇچرىشىپ:
«پادىشاھلىقلىرىنىڭ بەرقارارلىقى ئۈچۈن بۇ ئوغلىنى سەيرى - شىكار قىلىش باھانىسى بىلەن
سەھراغا ئېلىپ چىقىپ، بىرەر جايدا ئۆلتۈرگەيمەن. ھېچكىم ۋاقىپ بولمىغاي!» دېگەندىن كېيىن تاغام
بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىپتۇ. مۇبارەك مەزكۇر تۆھپىلەر بىلەن مېنى ئېلىپ شەھەردىن تاشقىرى چىقتى.
ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، چاپقۇر ئىككى ئات تەييار قىلىپ ئاتلىنىپ يۈرۈپ كەتتۇق. بىر ئايغىچە شەرق
تەرەپكە قاراپ يول يۈردۇق. ھەممىلا يەردە دۈشمەنلەرنىڭ خەۋپىدىن ئارام ئالالمايتتۇق. تا بىر كېچىسى
يولدا ئېگىز بىر تۆپىلىككە يېتىپ كەلدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بىر تەرەپكە نەزەر سالغاندىم، بىر
بايلاق - چىمەنلىككە كۆزۈم چۈشتى. ئۇ بېھىشت - ئەنبەر سىرىشتىن خەۋەر بېرەتتى. ئۇ يەر پانۇس
ۋە چىراغلارنىڭ نۇرىدىن كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەنىدى. مۇبارەكتىن:
— ئەي مۇبارەك، بۇ قانداق جايدۇر؟ ئېتى نېمە؟ بۇ غۇلغۇلە نېمە سەۋەبتىندۇر؟ — دەپ سورىدىم.
مۇبارەك ئېتىدىن چۈشۈپ سەجدىگە باش قويۇپ، شۈكرانە بەجا كەلتۈرۈپ:
— خۇداغا شۈكرىكى، بەخت يۇلتۇزۇڭ ئېگىز بولغاي! مەقسىتىمىزگە يەتتۇق. بۇ بارگاھ مۇلكى
سادىقنىڭ بارگاھىدۇر. بۇ خەلق ئۇنىڭ لەشكەرلىرىدۇر، — دېدى.
— مەن بۇ يورۇقلۇقتىن ئۆزگە ھېچنېمىنى كۆرمىدىمغۇ؟! — دېگەنىدىم، مۇبارەك شۇئان سۇرمەئى
سۇلايماننى چىقىرىپ كۆزۈمگە تارتتى. نەزەر قىلىشىم بىلەن خالايىقنى كۆردۈم: ھەممىسى خۇش روي
ۋە قارا چاچ ئىدى. ئەمما، بۇلارنىڭ ئاياغلىرى قوينىڭ ئايىغىدەك موبلۇق ۋە تۇياقلىق ئىكەن. بۇلار
مۇبارەكنى كۆرگەندە ھەزىل - چاقچاق قىلىشتى. تا مۇلكى سادىقنىڭ بارگاھىغا داخىل بولۇپ بارگاھنى
كۆردۇق. بارگاھ نەقىش بىلەن زىننەتلىنىپ تەرتىپ تاپقانىكەن. ھەر بۇلۇڭغا سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان
بېزەكلىك تەخت قويۇلغان بولۇپ ئەمىر - ۋەزىرلەر، ھۆكىما ۋە ئاكا بىرلار (كاتتىلار) ئۇ تەختلەردە
ماكان تۇتقانىدى. ئۇلاردىن يۇقىرىراق بىر جايدا تۈرلۈك جاۋاھىرلار بىلەن زىننەتلەنگەن بىر تەخت ئاراستە
قىلىنغانىدى. مۇلكى سادىق بېشىغا قىممەت باھا تاج كىيگەن ھالدا شۇ تەختنىڭ تۆپىسىدە شاھانە تەخت
قۇيبىسىگە يۆلۈنۈپ ئولتۇرغانىكەن. ئالدىغا بېرىپ ئىخلاس تەرىقىسى بىلەن تازىم بەجا كەلتۈرۈپ دۇئا
قىلدۇق. ئۇ تۈرلۈك تەكەللۇپلار بىلەن ئولتۇرۇشقا پەرمان قىلدى. بىز ئۈچۈن شەربەت ۋە تائام كەلتۈردى.
داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن مېنى ئالدىغا چاقىرىپ ھال - ئەھۋالىمنى سورىدى. مۇبارەك ھەممە ئەرزىمنى
يەتكۈزۈپ سەرگۈزەشتىمنى بايان قىلدى. مۇلكى سادىق مەن تەرەپكە قاراپ ھەزىل قىلىپ:
— چوڭ بولۇپ كېتىپسەن، مۇشۇ چاغقىچە نېمە ئۈچۈن مېنى كۆرگىلى كەلمىدىڭ؟ — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى



مۇبارەك مېنىڭ ئورنۇمدا جاۋاب بېرىپ:

— دۆلىتىڭىز مەڭگۈلۈك بولغاي! ئۇ بۇ چاغقىچە كىچىك ۋە نادان ئىدى. خىزمىتىڭىزگە مۇناسىپ ئەمەس ئىدى. ئەمدى چوڭ بولۇپ ئاتىسىنىڭ تەرىقىسىدە ئەدەپ تەزىمىڭىزنى بەجا كەلتۈرگىلى كەلدى، — دېدى. ئاندىن يەنە:

— جانابى پادىشاھىم، شەپقەت ۋە مەرھەمەت نەزەرلىرىنى ئۇشبۇ غېرىبتىن كام قىلمىغايلار. ئاتىسىنىڭ ئەرۋاھىنىڭ خاتىرىسىنى قىلىپ، مۇنى ھەم قۇللىرى جۇملىسىدىن سانىغايلا. ئاتىسىغا ئىنئاملار قىلىپ تۇراتتىلا، بۇ بىچارىگە ھەم ئىنئام تەرىقىسىدە ئۇشۇل زەبەرجەدتىن ياسىغان مايمۇن ھەيكىلىنىڭ قىرىقىنچە-سىنى ئاتا قىلغايلا. بۇ زۇلۇم ئىچىدە چوڭ بولغان ئىگە - چاقىسىز بىچارىدۇر. زالىم تاغىسى شۇنداق زۇلۇم قىلغانكى، ھەتتا ئۇنىڭ تىرىك يۈرگىنىگە ھەم رازى ئەمەس. چۈنكى ئۇ بۇ پەرزەنتتىن «تىرىك بولسا، پادىشاھلىق قولۇمدىن كېتىدۇ» دەپ ئەنسىرەيدۇ، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇلكى سادىق تەپەككۇر قىلىپ:

— ئەي مۇبارەك، بۇ تــەغرىسىدا بىزلــەر ئىچى تارلىق قىلمايمىز. بەلكى مەدەت ۋە ياردەم بېرىپ ئىشنى ئۆز جايىغا كەلتۈرىمىز. ئاتىسىنىڭ خىزمەت ھەققى بىزنىڭ گەردىنىمىزدىدۇر. ئۇنىڭ پەرزەنتى بىزنىڭ خىزمىتىمىزدە بولغاندىن كېيىن، تارتقان زۇلۇمىنىڭ رەنجىنى يوق قىلىپ، ئازغىنە ئىمتىھان بىلەن خالىغان نەرسىسىنى ھەدىيە قىلىمەن. شەرت شۇكى: بۇيرۇغان خىزمىتىمنى خىيانەت قىلماي راستلىق، دۇرۇسلۇق بىلەن ئاخىرىغا يەتكۈزگەي!

مەن بۇ سۆزلەردىن خۇشال بولدۇم. ئەمما بېشىمغا قانداق بالا - قازانىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. مەجلىستىن يارىغ بولغاندىن كېيىن بىز ئۈچۈن داستىخان راسلىتىپ، ئىھتىرام بىلەن مېھماندارلىققا تەكلىپ قىلدى.

يەنە بىر كېچىسى مەجلىسكە بارغاندا مۇبارەك خىزمەت تەيىن قىلىشنى ئىلتىماس قىلغانىدى، مۇلكى سادىق:

— ئەي مۇبارەك، مەن ھەم شۇنداق قىلماقچى. ئەمما ھېچ خىيانەت قىلمىغاي! — دېدى.

مۇبارەك دېدىكى:

— ئۇنداق بولماس! جانابى مۇلكى سادىق خىزمەتكە لايىق كۆرۈپ تەيىن قىلغاندىن كېيىن ئاللاتائالا بۇيرۇسا، جان - دىل بىلەن تامامىغا يەتكۈزەر...

— ئۇنداق بولسا، — دېدى مۇلكى سادىق سۆزىنى تەكرارلاپ، — ئۆزىدىن سورىغىن. يەنە ھەم مەن تەرەپكە بېقىپ خىيانەتلىك قىلمىسۇن!

مۇلكى سادىق يەنە مەندىن بۇ تەرىقىدە:

— ئەي ئوغۇل، ناداندۇرسەن. ئويلىشىپ ئىش قىل! مۇبادا شۇ خىزمەت توپەيلى ئاخىرىدا بىرەر بالاغا گىرىپتار بولساڭ، ھېچ تەرىقە بىلەن خالاسلىق تاپالمايسەن. ئۇ چاغدا دەردىڭنىڭ دەرمانى بولماس! — دەپ سورىدى.

دېدىمكى:

— ئەگەر پادىشاھنىڭ شەپقىتى بولسىلا، ھەر ۋەجھە بىلەن پەرمانلىرىنى ئورۇنلاشقا جان - دىلىم بىلەن تىرىشىپ، ھەرقانداق زورۇرىيەتلەرنى بەجا كەلتۈرىمەن!

مۇلكى سادىق [بۇيرۇماقچى بولغان خىزمەتنىڭ نېمىلىكىنى] ئۈچىنچى كېچىسى بايان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇچىنچى كېچىسى خىزمىتىگە باردىم. [مۇلكى سادىق] مېنى كۆرۈپ خەزىنىچىسىنى چاقىردى. ئۇ ھەم يېتىپ كەلدى. خەزىنىچىگە:

— پالانى ساندۇقچىنى ھازىر قىلغىن! — دېدى.

خەزىنىچى ساندۇقنى مۇلكى سادىقنىڭ خىزمىتىگە كەلتۈردى. [مۇلكى سادىق ساندۇقنىڭ] ئاغزىنى ئېچىپ [ساندۇقتىن] تۈت قاتلانغان قەغەزنى ئېلىپ ماڭا بەردى ۋە:

— ھەرقانداق يەردە ئادەم جىنسىدىن ئۇشبۇ قەغەزدىكى سۈرەتنىڭ مىسالى بولسا، ئىزدەپ تېپىپ ئېلىپ كەلگىن. ئەمما [ئۇنىڭدىن] كۆزۈڭنى، قولۇڭنى، كۆڭلۈڭنى ساقلاپ، خىيانەت تەرىقىسىنى تاشلاپ، ھېچكىمگە ئېيتماي خىزمىتىمنى بەجا كەلتۈرگەيسەن! ئاندىن كېيىن ئۆز خىزمىتىڭدىن ئۇمىد تۇتقىن. شۇندىلا ئىشىڭنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ بېرىمەن. ئۇنداق بولمايدىكەن،ھەرنېمە كۆرسەڭ ئۆزەڭدىن كۆرگىن! — دېدى.

ۋاقتىكى، ئۇ قەغەزنى ئېچىپ بىر نېمەرسىنى كۆردۈمكى، كاشكى، ئۇنى كۆرمىگەن بولسام ئىدىم.

نەزمە:

سۈرەتى تارتىغان سىياھى قەلەم،
گويىيا كۆلكى سۇنىڭ قىلدى رەقەم.
پەيكەرىدۇر[1]كەمال رەئنايى،
چېھرەئىدۇر جەمال زىبىيايى.
خالى مەۋزۇن[2]زۇلفى سۇنبۇل ھىچ،
لەبى چۇ گۇل يەفراغى ئاغزى ھىچ.
چەشمى شەھلا نىگاھ مەستانە،
كافىرى ئۇيقۇ ئىچرە بۇتخانە.
قاشلارى قەسد دىل ئۇچۇن يۇز تىغ،
ھەم قويياش ئارەز ئىبرۇر بىمىغ[3].
كۆڭلى سەفىد[4]، ئىچى ئىبرۇر گۇلدەك،
لەئل جام غەبغەبى[5]ئىچى مۇلدەك[6].
ساق سىينە مىسال تەختى-بىللۇر،
ئاندا ئىككى ئانار قۇببەئى نۇر.
نارۇمەن چۇ شەمئ ئىبرۇر شۇئلە،
جەئدى سۇنبۇل تامام مەرغۇلە.
نازۇكىدىن تىلغە بەرمەدى تىل،
موشكاف[7]- موشكاف يارمادى قىل.
چەھار زانۇ[8]بولۇپ ئىدى ئۇريان[9]...

① پەيكەر — ھەيكەل، گەۋدە، سۈرەت
② مەۋزۇن — كېلىشكەن، چىرايلىق، خۇش پىچىم
③ بىمىغ — تۇمانسىز، بۇلۇتسىز
④ سەفىد — ئاق؛ بۇ سۆز 0114 - نومۇرلۇق قولىيازمىدا «سىيەھ» دەپ يېزىلغان. 028 - نومۇرلۇق قولىيازما بويىچە تۈزىتىلدى.
⑤ غەبغەبى — ئىڭىكى، ساقىقى
⑥ مۇل — مەي، شاراب
⑦ موشكاف — نازۇك پەم، قىلنى يارغۇچى
⑧ زانۇ — تىز، تىزى
⑨ ئۇريان — يوچۇق، يالىڭاچ

تەگدىل[1] ئېردى دىيدەلەر[2] گىريان[3].
پەرىشان قىلىپ كى ھەر تەرەفتىن،
ساچى گەۋھەر ئىدى باشى سەدەفتىن.
سۈرەتىدە ھەممە چۇ ئېردى دەقىق[4]،
ئاچماغىل تىلنى ئەمدى، ئەي سىدىق.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، خاتىرمىنىڭ پەرىشانلىقىدىن نىمە دېيىشمىنى بىلمەيۋاتىمەن. ھەتتا ھۆرلەرنىڭ ئىچىدە ئايمۇ ئۇنىڭغا كۆندەشلىك قىلىدۇ. نەزمە:

ئەمەس مۇمكىن خىيال قىلماق سىفەتى زىيب جەمالىدىن،
ئانىڭ ئۇچۇنكى، رەشكىم كەلمىش ئۇ غەيرى خەيالىدىن.

ئەمما شۇنى بىلىمەنكى، نەزمە:

جانۇدىل بەردىم ھەيران سەراپا بولدۇم،
سۈرەتى كۆردۇم بىگانە خىرەددىن[5] ئولدۇم.

ماڭا بۇ سۈرەتتىن پەيدا بولغان دىل يارىسى بىلەن ئىشقتىن ئۆزگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. شۇنداقتىمۇ شۇ سائەتتە مۆلكى سادىق بىلەن ئۇنىڭ يارەنلىرى مېنىڭ بۇ ئىشقىمنى بىلىپ قالمىسۇن دەپ ئۆزەمنى تۇتىۋالدىم. ئاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ (مۆلكى سادىقنىڭ) خىزمىتىدىن رۇخسەت ئېلىپ: بۇ سۈرەتنىڭ ساھىبىنى (سۈرەتتىكى قىزنى) قايسى تەرىقە بىلەن تاپارمەن؟ جىن - پەرىلەرنىڭ ھەممىسى خالىغان يەرگە بارالايدۇ. ھەرقانداق ئىش قولىدىن كېلىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ تەسۋىرنىڭ ئىگىسى بولسىلا، جىن - پەرىلەر تاپالايتتى. شۇنداق تۇرۇپ مۆلكى سادىق نىمە ئۇچۇن ئۇنى ئىزدىگىلى مېنى ئەۋەتمىدىغاندۇ؟ دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ مۇبارەك بىلەن مەسلىھەت قىلدىم. مۇبارەك:

— بۇ خىياللارنى ئارتۇقچە قىلدىڭ. مۆلكى سادىق ھىيلىگەر كىشى ئەمەستۇر. ئەگەر شۇنداق بولسا ھەم مەقسىتى سىنى ئىمتىھان قىلماقتۇر. سەن بۇ ئىشتا باشقىچە ئوي - پىكىردە بولماي، ئۇنىڭ پەرمانى بويىچە ئىش قىل. ھېچ بولمىغاندا بىرنەچچە مەھەل ئۇنى بۇ ئالەمدە ئىزدىمەك لازىمدۇر. خۇدايىتائالا ئاسانلىق نىسىپ قىلسا، شۇبۇ سەۋەب بىلەن كەتكەن دۆلەت قولۇڭغا كەلسە ئەجەب ئەمەس، — دەپ مەسلىھەت بەردى. مۇبارەكنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىككى ئىشەكنى ئېلىپ، دەرۋىشانە لىباس كىيىپ، تەڭرىتائالانىڭ دەرگاھىدىن ئۈمىد تۇتۇپ، جاھان كەزمەكنىڭ ئىختىيارى بىلەن ئىشەكلەرنى مىنىپ شەھەرمۇ شەھەر، يۇرتمۇيۇرت، كەنتمۇكەنت يۇرگىلى چىقتۇق. ھەر جايغا بارساق ئۇ شاھ سۈپەتىنىڭ تەلىپىدە بولاتتۇق...

بۇ ماقال مېنىڭ پەرىشان ئەھۋالىمنىڭ سۈپىتىدۇر. ھەمىشە، بېيىت:

---

[1] تەگدىل — يۈرىكى سىقىلغان
[2] دىيدە — كۆز
[3] گىريان — يىغا، يىغلاپ تۇرغان
[4] دەقىق — نازۇك؛ چوڭقۇر مەنىلىك
[5] خىرەد — ئەقىل، ئىدراك، ھۇش

جەهان ئەۋارىسىدۇرمەن يۈرەرمەن،
كى تا مېھرى جەمالىڭنى كۆرەرمەن.

دەپ بەندىلىرىگە مەرھەممەت قىلغۇچى ئۇ كەرەملىك پادىشاھ - تەڭرىتائالاغا نالە قىلاتتىم. مۇناجات:

يا ئىلاھا، ئۆزۈمنى تاپمايمەن،
كى رۇخى دىلىستاننى[1]كۆرمەيمەن.
دەربەدەر[2]چون گەداي كويۇڭدىن،
كى ئۈمىدىم ئەتاغە لۇتفۇڭدىن.
خىزر راھى[3]ئىبار[4]كەرەمدىن سەن،
يولنى كۆرسەت ماڭا ھەردەمدىن سەن.

تا يەتتە يىل توختىماي ھەيران ۋە سەرگەردان، پەرىشان ۋە سەرسان بولۇپ، دەشت - باياۋانلارنى كېزىپ، بەزىدە باياشات ۋە بەزىدە ۋەيران ھالەتتە يۈردۈق. ئاخىرى: «بۇ سۈرەتنىڭ مىسالىنى تاپقىلى بولمىغۇدەك. مۈلكى سادىق ھەم بىزلەرنى ئۇنتۇپ قالغاندۇر....» دەپ جەزىم قىلدىم. ئەمما مۇبارەك:

— يەنە بىر شەھەرگە بارغاندىن كېيىن تۇرۇپ قالايلى. بەھۇدە يۈرمەك ۋە سەھرالارنى كەزمەكتىن توختاپ، تىرىكلىكىمىزنى غەنىمەت بىلىپ، قالغان ئۆمرىمىزنى پاراغەت بىلەن ئۆتكۈزەيلى، — دەپ سالا قىلدى.

قازارا، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن بىر شەھەرگە يەتتۇق. ئۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى ھەممىسى دېگۈدەك قۇرئان تىلاۋەت قىلىش بىلەن مەشغۇل ئىكەن --- بەزىلىرى تام ئۈستىدە، ۋە بەزىلىرى شەھەر قەلئەسى ئۈستىدە، بەزىلىرى دۇكان ۋە مەسچىتلەردە. ئومۇمەن تىلاۋەتكە مەشغۇل بولمىغان ئادەم كەم ئىدى. ھەممە كىشىدىن تىلاۋەتنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئەلقىسسە، ئۇ شەھەردىن خۇشاللىقنىڭ ھىدى دىمىغىمغا يەتتى. جىنىم ئاراملىق تېپىپ بېرىپ بىر كارۋان سارايغا چۈشۈپ ئاسايىش قىلدۇق. ئەتىسى ھامامغا بېرىپ سەپەرنىڭ كىر - غۇبارلىرىدىن قول - ئاياغلىرىمىزنى پاكىزىلاپ، تاماشا ئۈچۈن كوچا - مەھەللىلەرگە راۋان بولدۇق. بازارنىڭ ئىچىگە كىرىپ بىر پىرى مەرد (ياشانغان كىشى) نى كۆردۇق: كۆزى ئاجىز، بىر قولىدا ھاسا، بىر قولىدا بىر كوزا سۇ كۆتۈرۈۋالغان. ھەرقەدەم قويغاندا تەڭرىتائالاغا شۈكرى بەجا كەلتۈرۈپ تۇراتتى. مەلۇم بولدىكى، ئۇنىڭ ھېچكىمى بولمىغاچقا تەشنالارغا سۇ بېرىپ، شۇ ۋاستە بىلەن كەسىپ - رىزقى قىلىدىكەن. ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ سۇ ئىچىپ، ھالىغا رەھىم قىلىپ يانچۇقۇمدىن بىر ئەشرەپ (پۇل نامى) ئېلىپ بەردىم. ئۇ دۇئا قىلىپ:

— ئەي يىگىت، ماڭا بىر ئەشرەپ پۇل ئاتا قىلغىنىڭ ئۈچۈن خۇدايتائالا سېنى غەنىي (باي، پۇلدار) قىلغاي! — دېدى.

— ئەي ئاتا، — دېدىم مەن، -- بۇ بىردىنار ئالتۇندۇر.

---

① رۇخى دىلىستان -- دىلبەرنىڭ جامالى؛ گۈزەل
② دەربەدەر -- ساياق، باشباشتاق
③ راھ -- يول
④ ئىبار -- ئەۋەت، ئەۋەتمەك، باشلىماق

بوۋاي بۇ گېپىمنى ئىشتىپ دەرتلىك ئاھ تارتىپ، ھەسرەت — نادامەت چېكىپ:

— ئەي يىگىت، خۇدايىتائالا مۇرادىڭنى ھاسىل قىلغاي! ئۆز كەرىمى بىلەن ئۈمىد - ئارزۇيۇڭغا يەتكۈزگەي! — دەپ كېتىپ قالدى. مەن مۇبارەك بىلەن ئۇ يەردىن ئۆتۈپ مەھەللە تەرىپىگە چىقتۇق. قازارا، بىر مەھەللىگە بېرىپ شاھانە ياسىتىلغان بىر ئىمارەتنى كۆردۇم. ئەمما ئەتراپلىرى بۇزۇلۇپ ۋەيران بوپتۇ. ئۇ كونا ئىمارەتنىڭ تاماشاسىغا مايىل بووپ، بىر ئۆيگە كىرىپ بۇ ئالەمنىڭ بىۋاپالىقىدىن ئىبرەت ئالدۇق. لېكىن ئۇ ۋەيران بولغان ئىمارەتتىن راھەتنىڭ بۇيىنى (ھىدىنى) ئالدىم. يەنى دىمىغىمغا قانداقتۇر بىر خۇش پۇراق ھىد ئۇرۇلغاندەك بولدى. ئۆز - ئۆزەمگە: «بەلكىم، مەن ئىزدەۋاتقان پىنھان خەزىنە بۇ ۋەيرانىدىن تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. چۈنكى ئۇشبۇ ۋاقىتغىچە ھېچبىر ۋەيرانە ئىچىدە مۇنداق خۇرسەنلىك ھالەت ۋە ھۇزۇر داستىخىنى سادىر بولغان ئەمەس» دېدىم.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، گويا كى ئۇ پىرى مەرد (بوۋاي) نىڭ دۇئاسى ياخشى سائەتتە ياخشى پالنىڭ بىشارىتىنى بەردى. مۇبارەك بىلەن بىردەم ئىستىراھەت قىلىپ تۇرغاندۇق، تەشنالارغا سۇ بېرىپ يۈرگەن ھېلىقى كۆزى ئاجىز كىشى ئۇشۇل ۋەيرانىگە كىرىپ كەلدى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا خىتاپ قىلغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ئەي ئاتا، بۈگۈن تېزلا قايتىپ كەپسەنغۇ؟ ئۇ بوۋاي دېدىكى:

— ئەي پەرزەنت، خۇدايىتائالا بۈگۈن ماڭا بىر يىگىتنى ئاتا قىلدى. يىگىت ماڭا بىر تىللا بەردى. ئۇنىڭ خەيرىخاھلىقى بىلەن بۇ تائامنى ئالدىم. نەچچە مۇددەتتىن بېرى بۇ قاتارلىق لەززەتلىك تائامنى كۆرمىگەنىدىم. يەنە بىر بوزخام ئالدىم. سەن ئۇنى كۆڭلەك تىكىپ كىيگەيسەن. ئەمما شۇنى بىلدىمكى، ئۇ يىگىت ھاجەتمەنەدەك تۇرىدۇ. چۈنكى ھېچقانداق بەندە ئاللانىڭ دەرگاھىدا مۇھتاجسىز ئەمەستۇر. مەن ئۇنىڭ مەقسىتى، ئارزۇ - ئارمىنىنى ھاسىل بولسۇن دەپ دۇئا قىلدىم. يەنە ھەم دۇئا قىلىمەن. سەن ھەم دۇئا قىلغىن. چۈنكى مەزلۇملارنىڭ دۇئاسى ئاللانىڭ دەرگاھىدا ھەممىدىن بەكراق مەقبۇلدۇر.

بۇ سۆزلەرنى ئىشتكەندىن كېيىن مېنى يىغا تۇتۇپ: «بۇلارنىڭ پېقىرلىقى كامالىغا يېتىپتۇ. يېقىنراق بېرىپ ئۇنىڭغا يەنە بىرئاز تىللا ۋە تەڭگە بېرەي» دەپ، ھەم دۇئا تەلەپ قىلماقچى بولۇپ قارىغاندىم، ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى بىر قىزغا نەزىرىم چۈشتى. ھېلىقى سۈرەت مېنىڭ يېنىمدا ئىدى. ئۇنىڭ ئوخشىشىنى (يەنى شۇ سۈرەتتىكى قىزنى) بۇ ماكاندا كۆردۈم. خۇددى سۈرەتتە تەسۋىرلەنگەندەك چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ھەرتەرەپكە يېيىلغان خۇش بۇي چاچلىرى بويۇنلىرىنى يېپىپ تۇرغانىدى. ئۇ يىگانە گۆھەرگە نەزىرىم چۈشۈش بىلەن يەتتە يىلىنىڭ مابەينىدە — بىيايان سەھرالاردا تارتقان مۇشەققەت ۋە ساياقلىقىمنى ئۇنتۇپ، نەرە ئۇرۇپ يىقىلدىم. مۇبارەك مېنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ دەرھال دورا ئېلىپ كېلىپ مېنى ئەسلى ھالىمغا كەلتۈرۈپ:

— نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى.

ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي، نەزىرىمنى يەنە مەقسىتىمنىڭ نىشانىغا ئاغدۇردۇم. ئۇ نازىنىن ۋارقىراپ:

— ئەي يىگىت، خۇدايىتائالادىن شەرم تۇتقىن. نامەھرەمگە نەزەر سالما! ئەي يىگىت، پاكلىقنى بەجا كەلتۈرگەن كىشى كىشىنىڭ تۇرقىغا نەزەر سالماس! بېيىت:

تەھارەت بولماغاندا كەئبەيۇ بۇتخانە بىر بولماق،
ئەمەس خوبى ئۇ ئۆيدە بولماسە ئىسمەت① تەھارەتكىم.

① ئىسمەت — پاكلىق

ۋاقتىكى، مەن ئۇنىڭ پاساھەتلىك سۆزلىرى، لاتاپەتلىك بايانىنى ئاڭلاپ ئىككىنچى قېتىم ئاشىقۇ شەيدا بولدۇم. مۇبارەك مېنىڭ بۇ پەرىشان ھالىمنى كۆرۈپ، ئۇ كۈمۈش بەدەنگە نەزەر سېلىپ كۆڭلىدە: «يەتتە يىلدىن بېرى سەرگەردان بولۇپ ئىزدەپ يۈرگەن مەقسەت - ئارزۇيىمىز شۇ ئوخشايدۇ؟» دەپ جەزىم قىپتۇ. بېيىت:

زاھىدى زاھىر پەرەست بۇ ھالدىن ئاگاھ ئەمەس،
ھەرنە ئايتۇر ئۇ مېنىڭ ھەققىمدە ئەگەر ئاھ ئەمەس.

مەن ئۇ پەرىۋەشنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىپ:

— ئەي بۇ ماكانىنىڭ ئىگىلىرى، مەن غېرىپ كىشىدۇرمەن: ئىلتىماس قىلىمەنكى، سەرسان ۋە سەرگەردان بولۇپ ۋەتىنىمدىن ئايرىلغانلىقىم ئۈچۈن بولسىمۇ ماڭا، يەنى ئاتاڭنىڭ خىزمىتىگە بىر سائەت يول بەرگىن، — دېدىم. ئۇ پەرىۋەشنىڭ دادىسى ئاۋازىمنى ئىشىتىپ مېنى تونىدى. «كىم؟» دەپ ھاسىسىنى قولىغا ئېلىپ تاشقىرى چىقتى. مەن ھەم ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ قوللىرىغا بۇسە قىلدىم. ئۇ ھەم مېنى ئاتلارچە قۇچاقلاپ، مېھرىبانلىق قىلىپ ئەھۋالىمنى سورىدى. دېدىمكى:

— ئەي ئاتا، بېيىت:

مەنكىم يامان فەلەكزەدە بىخانىمان[1] خەراب،
سەھرا كېزىپ بادىيە[2] يۈرگەن كەبى سەراب[3].
يارۇ دىيار غۇربەتىدىن بەس يىراق،
ئىچمەي مەيى مۇھەببەت جانانەدىن شەراب.

ئۇ پىرى مەرد مېنى ئۆزى بىلەن ئىچكىرى ئېلىپ كىردى. ئۇ خۇش قامەت گۈزەل بىر بۇلۇڭغا بېرىپ پىنھان بولۇپ ئولتۇردى. مېنىڭ ئاۋازىمنى ئىشىتىپ ھال - سۈرىتىمنى كۆزەتتى. ئۇ پىرى مەرد مېنىڭ سەرگەردان ئەھۋالىمدىن سورىدى. مەن ھەم مەسلىھەت تەرىقىسىدە كۆرگەن - بىلگەنلىرىمنى باشتىن - ئاخىر بايان قىلدىم. لېكىن ئۇ مۈلكى سادىقنىڭ تاپشۇرمىلىرىنى بايان قىلمىدىم. بېيىت:

سۈرەتى كۆردۈم بولدۇمكى ئۆزۈمدىن بىزار،
كى ئانى كۆردۈم ھەم كەتتى قولۇمدىن ھەركار.
ئۇ سەبەبدىن ۋەتىنىمدىن كى بولۇپ ئەۋۋارە،
دەربەدەر كويى بەكوي بۇ جىگەرىم سەد پارە.
ھەمە ئۆمرۈم چۇ سەرا پايى جەھان يۈردۈم مەن،
كى سىيلاب بولۇپ ھەر تەرەفنى كەزدىم مەن.
تەمەئىيم كىم ھەمە يەردىن نە قىلاي ئۈزدۈم مەن،
بۇيى مەقسۇد ئالالماي بۇ كۆڭۈل [نى] بۇزدۇم مەن.

① بىمانىمان — ئۆي - جايسىز، ماكانسىز
② بادىيە — چۆل، دەشت، سەھرا
③ سەراب — چۆلدە يىراقتىن تاۋلىنىپ كۆرۈنىدىغان سۇ كەبى كۆرۈلۈش، جىلۋە

لىك ھەر ئىزز[1] خۇدادىن چۇ مۇسەففا[2] بولدۇم مەن،
بىرجىھەت[3] بولدۇم-كۆڭلۇم بىلە يەكتا بولدۇم مەن.
رويى ئۇمىد بەدەرگاھى ئالىھى قىلدىم،
ئىززۇ زەمىر[4] ئاگاكىم ئەرزى كەماھىي[5] قىلدىم.
كۆڭلۇمە يىغلادىم ئۇ نەقشى جانان دەرمەنكىم،
ئەمدى مەن ھەم بۇ دىيارىغە ۋەتەن تۇتسام كىم.
لۇتفى ھەق شاملى[6] ئەھۋال بولۇپ دەۋلەتى يار،
كى قەزارا چۇ تۇشۇبدۇر بۇ دىيارىغە گۇزار[7].
شۇكرى لىللاھكى دىلىم مەتلەبى ھاسىلدۇرۇر،
گەۋھەرىم كەلدى قولۇمغە ئەرزىمى ھاسىلدۇرۇر.
يەئنى ئۇ دۇررى يەمەنكى، ئىبرۇرسەن سەدەفىن،
تەلەبىدەكى بولۇپمەن چۇ سەبا ھەر تەرەفىن.

— ئەي ئاتا، مەن چىن ۋىلايىتىنىڭ شاھزادىسىدۇرمەن. سىنىڭ سەدىپىڭنىڭ دۇردانىسى بولغان بۇ قىزىڭنىڭ تەسۋىرىنى ئىلگىرى كۆرگەن ۋەئىشقىنىڭ قولىدىن ئۇنىڭ جامالىنى جانغا سىتىۋالغانىدىم. شۇ ۋەجىدىن ئاتامنى، ئۇرۇق - تۇغقان، تاجۇ تەخت، پادىشاھلىق، دۇنيا، مال - مۈلۈكلىرىمنى تەرك قىلىپ ھەممىدىن قول ئۈزگەنىدىم. مانا ئەمدى خۇدايتائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن مەقسىتىمگە يەتتىم. شۇ تاپتا تىزگىنىمنىڭ ئىختىيارى سىنىڭ قولۇڭدىدۇر...

ئۇ كىشى سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ھەسرەتلىك ئاھ چېكىپ، ئازابلىق دەرت تارتىپ دېدىكى:

— ئەي يىگىت، قىزىم بىر بالاغا ئۇچرىغاندۇر. شۇڭا ئۇنىڭ ۋىسال قۇچىقىغا ھەۋەس قولىنى سالماقچى بولغان ھەرقانداق كىشىگە ئۇ لايىق ئەمەستۇر. چۈنكى بىغەمنىڭ مىۋىسىنىڭ ئاپتى باردۇركى، ھەرقانداق كىشى كۆڭۈل مۇرادىنى ئۇنىڭدىن ئۈزگەي (ئۇنىڭدىن ئۈمىد تۇتمىغاي)! خەزىنەمنىڭ بىر بالاسى باردۇركى، ھەرقانداق كىشى قولىنى ئۇنىڭغا سۇنمىغاي!

— ئۇ كىم؟ — دەپ سورىدىم.

بوۋاي قان - يېشىنى تۆكۈپ:

— ئەي يىگىت، مەن بۇ شەھەرنىڭ بۇزرۇكزادىسىدۇرمەن. نەچچە يىللار، بەلكى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئاتا- بوۋامنىڭ چىرىقى روشەن بولۇپ كەلگەنىدى. ئەجدادلىرىم ھۆرمەت ئىگىلىرى ۋە بۇزرۇكلاردىن ئىدى. خۇدايتائالا ئۆز كەرىمى ۋە مەرھەمىتى بىلەن ئارزۇيۇمنى تامامىغا يەتكۈزۈپ، بۇ پەرزەنتىمنى كارامەت قىلدى. ئىنىكئانىلار ئۇنى جان - دىلى بىلەن پەرۋىش قىلدى. رەسىدە بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھۆسنى جامالى، كامال - ئىستىداتى جەھەتتە جاھاننىڭ گۈزەلى ۋە دەۋرىنىڭ يىگانىسى بولۇش بىلەن شۆھرەت تېپىپ، نامى ئالەمگە تارالدى. ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇنىڭ ئىشقىدا دىۋانە بولاتتى. قازارا، بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى مۇشۇ سەۋەبلىك ماڭا شەپقەت ۋە ئېھسان قىلاتتى. كۈندە مەرتىۋە - ھەشمىتىمنى زىيادە قىلىپ

---

(1) ئىزز — ئىززەت، قەدىر، قىممەت
(2) مۇسەففا — پاكلىنىش، تازىلىنىش، پاكىزە، ساپ
(3) بىرجىھەت — بىرتەرەپ
(4) زەمىر — يۈرەك، كۆڭۈل، دىل؛ يوشۇرۇن پىكىر، خىيال
(5) ئەرزى كەماھىي — ئەينەن بايان قىلىش، تولۇق بايان قىلىش
(6) شامىل — بېپىلغان، ئورىۋالغان؛ ئومۇمغا تېگىشلىك
(7) گۇزار — ئۆتكۈزگۈچى؛ ئۆتكىچى؛ يول

تۇراتتى. ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتكەن بىر ئوغلى بار ئىدى. ھېچ كىشىنىڭ كۆزى ئۇ ئوغۇلنىڭ تەگىدىشىنى كۆرگەن ئەمەس. بەلكى قۇلاقلىرى ھەم ئۇنىڭ نامىنى ئىشتمىگەنىدى. ھەتتا ئالەمنىڭ ئانىسمۇ ئۇنداق زىبىا ئوغۇلنى قۇچىقىغا ئېلىپ پەرۋىش قىلىپ باقمىغانىدى. بېيىت:

گۇلشەندە چۇ تازە سەرۋى خوب،
باغ ئىچىدە نەۋنىهال[1] ئۇ مەھبۇب.
ئارەزىدۇر سەفا[2] چۇ ئۇ گۇلدەك،
خەت[3] يۇزىدە دەمىيدە سۇنبۇلدەك.

ئۇ ھەم قىزىمنىڭ ئىشقىغا غايىۋانە مەپتۇن بولۇپ قاپتۇ. ئاتىسى ئوغلىنىڭ يۈرەك سىرىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىشقا يۈگۈرۈپ، مېنى خىلۋەتخانىسىغا چاقىرىپ ئۇ خەۋەرنى قۇلىقىمغا يەتكۈزدى. مەن بۇ مۇرۇۋۋەت ئۈچۈن شۈكرانە بەجا كەلتۈرۈپ، بۇ قۇتلۇق ئىشنى قىزىمغا بىلدۈردۈم. ئاندىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى سەرەمجانلىشتۇرۇپ، ياخشى سائەتنى تاللاپ، ئۆلىما ۋە پازىللار يىغىلىپ، بۇلارنىڭ ئەقدە نىكاھىنى باغلىدى. كېچە بولغاندا ئۇ ئوغۇل مەھرەملەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن خالى بولۇپ، ۋىسال ئارزۇسىدا قولىنى قىزىمغا سۇنغانىكەن، شۇئان نالە - پىغان، قىيا - چىيا ۋە توپىلاڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپتۇ. سىرتتىكىلەر كىرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ باقماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىشىكنى ئاچالماپتۇ. ئاخىرى پىتنە ۋە غەۋغالار پەسكويىغا چۈشكەندىن كېيىن ئىشىكنى سۇندۇرۇپ ئىچكىرى كىرىپ ئوغۇلنىڭ ئۆلۈكىنى تېپىشىپتۇ. قىز بولسا، ئاغىز - بۇرنىدىن كۆپۈك چىقىپ، كىيىملىرى يىرتىلغان ھالەتتە قان بىلەن تۇپراق ئىچىدە بىخۇد بولۇپ ياتقانىدى. پادىشاھ بۇ ھالنى، ئوغلىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپ قىزىمنى ئۆلۈمگە بۇيرىغانىدى، شۇ ھامان يەنە غەۋغا - توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. پادىشاھ جىنىدىن قورقۇپ قىزىمنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا پەرمان قىلدى. خىزمەتكارلار قىزىمنى شۇ سائەتتىلا ئۆيۈمگە ئەكىلىپ قويۇشتى. بېيىت:

بولۇپ نەيرەڭ چەرخى ئەبنۇسى،
ئەرۇسى[4] ماتەمى ماتەم ئەرۇسى.

ۋاقتىكى، ئۇ يىگانە گۆھەرنىڭ (شاھزادىنىڭ) قەتلى بۇ قىزنىڭ ۋاستىسى بىلەن سادىر بولغاچقا، پادىشاھ ۋە پۇقرالار ماڭا ۋە قىزىمغا دۈشمەنلىك كۆزى بىلەن قارايدىغان بولدى.

پادىشاھ ئوغلىنىڭ تەزىيەت ئىشلىرىدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن ئەمىرلەر، خاسلار ۋە پۇقرالار بىرلىكتە مەن ۋە قىزىمنى قەتل قىلىپ، مال - مۈلكۈمنى تالان - تاراج قىلماقنى مەسلىھەتلىشىپ پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ ھەم غەزەبتىن ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار (پادىشاھ ئەۋەتكەن كىشىلەر) ھويلامغا يېقىن يەتكەندە تام - تۇرۇس، ئىشىك - تۈڭلۈكلەردىن بۇلارغا قاراپ تاش بوران ياغدى. شۇ سائەتتە ھەم بۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆيىگە شۇ قەدەر تاش بوران ياغدىكى، ئۇنىڭ شەرھىنى بايان قىلىپ بولماس. ھەتتا ئىش

---

[1] نەۋنىهال -- كۆچەت، ياش نوتا؛ كېلىشكەن قامەت
[2] سەفا — روشەن، پارلاق، نۇرلۇق، مەرى ئىسسىق
[3] خەت — بۇرۇت، يېڭى خەت تارتقان بۇرۇت
[4] ئەرۇس -- كېلىن، كېلىنچەك

شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ھەممىسى ئۆز بېشىنىڭ ئامانلىقى بىلەن ئاۋارە بولۇشتى،...

شۇ كېچىسى يەنە پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا [غايىبتىن]: «بۇلارنى قەتلى قىلماق نىيىتىدە بولمىغايسەن! چۈنكى سەن بۇلارنى دوست تۇتۇپ ئوغلۇڭ قولۇڭدىن كەتتى. ئەكسىنچە بۇلارنى دۈشمەن تۇتساڭمۇ شۇنداق بولىسەن!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

پادىشاھ شۇ ئاۋازنىڭ ۋەھىمىدىن ئاغرىپ كېسەلگە مۇبتىلا بولدى. ھەتتا بىزنى ئۆلتۈرمەسلىككە قەسەمياد قىلدى. ئەمما قىزىمنى ئۆيىدىن چىقماسلىققا مۇقەررەر قىلدى.

مۇنەججىم ـ ھۆكۈمالار بولسا، قاتتىق ئەندىشە قىلىشىپ پادىشاھقا:

«بۇ شەھەرگە ئەمدى جىنلاردىن زىيان يېتىدىغاندەك قىلىدۇ. شۇڭا قارى قۇرئانلار كېچە ـ كۈندۈز، ئەتە ـ ئاخشام ھەر يەردە تىلاۋەتكە مەشغۇل بولغاي. ئۇلۇغلار بولسا، شەھەر دەرۋازىلىرى ۋە قەئەلەردە قۇرئان قىرائەت قىلغاي. تاكى شەھەر ۋە ھەممىمىز دىۋە ۋە شەيتاننىڭ زىيانلىرىدىن ئامان تاپقايمىز.» دېيىشتى. مىسرا:

دىۋە ـ شەيتانلار قاچارمىش ھافىزى قۇرئان كۆرۈپ.

شۇبۇ تەرىقە بىلەن نەچچە يىللار ئۆتتى. ئەمما بۇ پىتنىلەرنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدىم. بىراق بىر نۆۋەت قىزىمدىن بۇ ۋەقەنى، يەنى پادىشاھنىڭ ئوغلى ئۆلگەن كېچىسى ساڭا قانداق مۇئامىلىلەر (ئىشلار) مەلۇم بولدى؟ — دەپ سورىغاندىم، قىزىم:

— توي تامام بولغان كۈنى ئوغۇل (شاھزادە) ماڭا قول ئۇزىتىشى بىلەن تەڭ، ئۆيىنىڭ ئىچى يېرىلىپ بىر جامائەت پەيدا بولدى. ئۇلار جاۋاھىرلار بىلەن بېزەلگەن بىر تەختنى يەرگە قويدى. شۇ چاغدا تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان بىركىشىنى كۆردۈمكى، ئۇنىڭ يۈزىدە نۇر شولا ئۇراتتى. ئادەملىرى بەدھەيۋەت ۋە غەيرى سۈرەتلىك ئىدى. ئۇلارنى كۆرگەندە مەندە ۋەھىمە پەيدا بولدى. ئوغۇلغا (شاھزادىگە) شۇ جامائەت زىيانكەشلىك قىلدى. ماڭا بولسا، ئۇ نۇرانە كىشى قەست قىلدى. مەن قورقۇپ بىھوش بولدۇم. ئۆزگىسىنى بىلمەيمەن. ئۇلارنىڭ تۇرقى ـ سۈرىتىدىن پەقەت ئاياغلىرىنىڭ ئۆچكە ـ قوينىڭ ئاياغلىرىغا ئوخشايدىغانلىقىلا ئېسىمدە قاپتۇ، — دەپ ئېيتىپ بەرگەنىدى.

— ئەي يىگىت، مال ـ مۈلكۈم قولۇمدىن كېتىشى بىلەن دوستلىرىم قېچىپ، پەرمانبەردار خادىملىرىم ھەرتەرەپكە توزۇپ كەتتى. مەن بۇ ۋەيرانە بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ قالدىم. بۇ قىزىم ھېچقاياققا بارالمايدۇ. ئىككىلىمىز ئۆز ھالىمىزغا يىغلايمىز، ... — دەپ ئۆتكەن سەرگۈزەشتىسىنى ئېيتىپ كۆزلىرىدىن سەلدەك ياش تۆكتى. ئاندىن يەنە دېدىكى:

— ئەي يىگىت، جاي ـ مەنزىلىمنىڭ ۋەسپىنى كۆرگەنسەن؟ بۇ يەردە خاتىرجەم ئولتۇرالماي، كۆڭلۈمنى تەۋەككۇلگە باغلاپ، ماللىرىمنى يېرىم باھاغا سېتىپ بىرەر پارچە نان تېپىپ قىزىمغا قاراپ يۈرۈپتىمەن. بېيىت:

كىشىكىم زىندەلىك① قەيدىغەدۇر② بەند،
ئاڭادۇر فىكر قىلماق نانۇ سۇدىن.

---

① زىندەلىك — تىرىكلىك، ھاياتلىق
② قەيد — كىشەن

ئىشىم شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، تېرىم ئۈستىخىنىمغا چاپلاشتى. بۇ ھالغا يەتكىنىمدىن كېيىن بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئارزۇ قىلدىم. ئەمما شەھەر خەلقى ئاداۋەت تۇتۇپ ھەم پادىشاھتىن قورقۇپ رەھىم قىلمىدى. پۈتكۈل خەلق كۆڭلۈمنىڭ گۆھىرىنى مەسخىرىلىك سۆزلىرى بىلەن سۇندۇراتتى؛ رەھىمسىزلىك تىرناقلىرى بىلەن خاتىرەمنىڭ ۋاراقلىرىنى تىرمىلايتتى؛ تىل تۈزلۈقىدىن (تۈزلۈق قاپقىدىن) تەنە تۈزلىرىنى سېپىشەتتى. گاھىدا مېنىڭ پەرىيادىمنى ئاڭلىغان بىرەر مۇساپىر يا غېرىپنىڭ رەھمى كېلىپ قالسا، رەھىم قىلىپ ماڭا بىرەر يارماق پۇل بېرەتتى. بەھرى تەرىق - رىزىق ئاتا قىلغۇچى تەڭرىم ئۆز كەرىمى بىلەن ھەر خىل يوللار ئارقىلىق يېمەك - ئىچمەكلىرىمىزنى يەتكۈزۈپ، رىزىق يىپلىرىنى ئۈزۈپ قويمىدى. خۇدا ھەرنىمە بەرسە قانائەت قىلىپ، بالاغا سەبرى قىلىپ تۇردۇق. نەچچە مۇددەتتىن بېرى تائامغا ئارزۇيۇم بار ئىدى. قىزىم ھەم يېلىك - يالىڭاچ ئىدى. سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن ئىككىلىمىزنىڭ مۇرادى ھاسىل بولدى. ئەي پەرزەنت، جېنىمىزدىن قورقماسمىز. خۇدا دانادۇركى، قىزىمنى ساڭا كېنىزەك قىلىپ بەرسەم بولاتتى. ئەمما ئۇنداق قىلسام يىگىتلىكىڭ (ياشلىقىڭ) خاراب بولىدۇ. بۇ ياخشى ئەمەس. چۈنكى بۇ ئىشلاردىن سەن ھەم ۋاقىپ بولدۇڭ. ئۆزەڭگە بالا كەلتۈرمىگەيسەن. بۇ ۋادىدىن سالامەت ئۆتۈپ كەتكىن!

— ئەي دوست، — دېدىم مەن، — سېنىڭ سۆزۈڭ راستتۇر. بېيىت:

ئابى ھەيۋان سۈيى كىشىگە يېتەر،
سەبر قىلماس ۋەلېك تەشنا ئىچەر.
مەن ئانىڭدىن يۈزۈمنى ياپماسمەن[1]،
گەر ياپارمەن ۋىسال تاپماسمەن.
ماڭا ئۇ يار ئاشنا بولغاي،
ھەر بەلا كەلسە ئۇ ئەتا بولغاي.

ئەي ئۇلۇغ پادشاھ، مەن شۇنداق نالە - زار قىلساممۇ بوۋاي ئەسلا رازىلىق بەرمىدى. تا شۇ تەرىقىدە ئىلتىماس قىلىپ يۈرۈپ كۈن كەچ بولدى. ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىپ كارۋان سارايغا كەلدىم. مۇبارەك خۇش ۋاقىت بولۇپ:

— ئەلھەمدۇلىللاھ، تىلىكىمىز ھاسىل بولدى، — دېدى. ئەمما مەن كۆڭلۈمدە: «بۇ كىشى (بوۋاي) نىڭ رازى بولمىغىنىغا قويماي، ئامال قىلىپ رازىلىق بەرگۈزىمەن. مۇبارەككە ھەم بىر ھىيلە قىلغايمەنكىم، قىزنى مۇلكى سادىققا ئېلىپ بارمىغاي!» دەپ پىكىر قىلاتتىم.

يەنەبىر تەرەپتىن: «مۇبادا جىنلاردىن بېشىمغا بىرەر بالا كەلسە، ئۇ سەنەمنىڭ ۋىسلىگە يەتمەي تۇرۇپ جان بېرەرمەنمۇ؟» دەپ ئەندىشىمۇ قىلاتتىم. ۋە بەزىدە: «ناۋادا بۇ شەھەردىن كۆچۈپ باشقا بىر يەرگە كەتسەك، جىنلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇپ قالارمىزمۇ؟ مۇبادا دۈشمەنلەر بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىغا خەۋەر يەتكۈزۈپ قويسا، ئۇنىڭ غەزىپىگە گىرىپتار بولارمىزمۇ؟...دېگەندەك خىياللارنى قىلىپ، شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقىچە يىغلاپ چىقتىم.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن بازارغا بېرىپ ئۇ سەنەم ئۈچۈن خېلى كۆپ لىباس ۋە تائام ئېلىپ بېرىپ مەقسەت كويىغا قەدەم قويدۇم. ئۇ كىشى (بوۋاي) تولا ئىلتىپاتلار قىلغاندىن كېيىن:

---

① بۇ سۆز 0114 - نومۇرلۇق قوليازمىدا «ياناسمەن» دەپ يېزىلغان. 028 - نومۇرلۇق قوليازما بويىچە تۈزىتىلدى.

— ئەي يىگىت، ساڭا رەھىم كېلىدۇ. سېنىڭ ھەققىڭ ماڭا تېگىل بولدى. بىراق جېنىمدىن ئەنسىرەيمەن. ئەگەر ساڭا قوپاللىق بىلەن جاۋاب بەرسەم، ماڭا مۇناسىپ ئەمەس. چۈنكى، غېرىپ - دىلى كۆيگەن مۇساپىرلارنىڭ ئامى ھەزرىتى رەھماننىڭ دەرگاھىدىن يول تاپىدۇ. ناۋادا قىزىمنى ساڭا بەرسەم بۇرۇنقىدەك يىتنە ئەگگىزلىك يۈز بېرەمدىكىن دەپ قورقىمەن، — دېدى.

مەن [بوۋاينىڭ] قوللىرىغا بۇسە قىلىپ دېدىمكى، بېيىت:

جانان يولىدا باشىمنى ئالسە،
مەندەك ئاڭاكىم ھەزار[1]قوربان.

— ئەي ئاتا، نەچچە مۇددەتتىن بۇيان مەن بۇ نىگارنىڭ ھەۋەسىدە زەررە يەگلىغ زار كۆڭلۈم بىلەن چىنىمنى قىيناپ، ھەر شەھەر ۋە ھەر دىيار، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا يۈردۈم. مانا ئەمدى بۇلاقنىڭ ۋىسالىغا يەتتىم. بېيىت:

قولۇمغە يارنىڭ دامانى[2]كەلسە،
قاچان تاپغاي قولۇمدىن ئۇ رىھائى.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، بىر ئايغىچە كېچە ۋە كۈندۈز ئۇ كىشىنىڭ خىزمىتىدە بولدۇم. يىپى ئۈزۈلگەن ئۈنچىدەك ياش تۆكۈپ، تۈرلۈك باھانىلەر كۆرسىتىپ، بۇ يەردىن يۆتكىلىپ سەپەرگە چىقىشنى ئىلتىماس قىلاتتىم. ئەمما ئۇ قوبۇل قىلمايتتى. ئاخىرى:

— ئادەمنىڭ ئۆمرى بىۋاپادۇر. سەن قېرىغان، ئاجىز كىشىدۇرسەن. بۈگۈن يا ئەتە دۇنيادىن كېتەرسەن. قىزنىڭ مۇبادا بىرەر ناكەسنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا ئوبدان ئەمەس. راست، سەن ھەم مەسلىھەت تەرىقىسى بىلەن مېنىڭ ھەققىمدە كۆيلىگەن ۋەز - نەسىھەتلەرنى بەجا كەلتۈردۈڭ. ئەمما مەن بۇ دىلدارنىڭ ۋىسالى ئۈچۈن ھەر بالاغا قالسام رازىدۇرمەن. دېمەكچىمەنكى، مېنى قۇللۇققا قوبۇل قىلغايسەن. ناۋادا بىز بىلەن بىللە كەتسەڭ تېخىمۇ ياخشىدۇر، — دېدىم. بوۋاي سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ:

— ئەي يىگىت، بولمىسا بۇ كېچە قىزىم بىلەن مەسلىھەت قىلىپ ئەتە جاۋاب بېرەي، — دېدى. بۇ خۇش خەۋەردىن خۇشال بولۇپ، دۇئا قىلىپ ھۇجرىغا ياندىم. بېيىت:

ۋەئدەئى ۋىسلىدىن چۇ نەزدىك[3]ئەيلەدى،
شەۋقى ئەگگىز ئاتەشى تابان[4]بولۇر.

ئۇ كېچە شادمان بولۇپ ئارام ئالمىدىم. ئەتىسى يەنە ئۇ كىشىنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ ھال - ئەھۋال سورىدىم. بوۋاي دېدىكى:

— كېچە (تۈنۈگۈن) دېگەن سۆزلىرىڭ ھەقىقەتەنمۇ راستتۇر. ئېنىقكى، ئويلىسام ئۆمۈر مۇددىتىم

---

① ھەزار — مىڭ
② دامان — ئېتەك
③ نەزدىك — يېقىن، يېقىنلىق، يېقىنچىلىق؛ تۇغقانلار كەبى
④ تابان — يورۇق، پارلاق، پارلاقلىق

ئازغىنە قاپتۇ. بولدى، قىزىمنى ساڭا بەردىم. سېنى خۇدايتائالاغا تاپشۇردۇم. شەرت شۇكى، ئۇنى بۇ مەنزىلدىن يىراق قىلماي، ئەھۋالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغايسەن. كېيىن ئىختىيار ئۆزۈڭدە...

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، مەن مىننەتدار بولۇپ بىر ھەپتىگىچە جان - دىلىم بىلەن ئۇ كىشىنىڭ خىزمىتىنى قىلدىم. ئاندىن كېيىن بۇۋاي بىتاپ بولۇپ ھەقتائالانىڭ رەھمىتىگە داخىل بولدى. يەنى ئالەمدىن ئۆتتى. ئىززەت - ھۆرمىتى بىلەن دەپنە قىلدۇق. مۇبارەك قىزغا بىر رومال ئېلىپ كېلىپ بېشىغا ئوراپ ھۇجرىغا ئېلىپ كەلدى.

قىز ھۇجرىغا كەلگەندىن كېيىن ئۆزۈمنى ئۇ سەنەمگە تاشلاپ، بۇسە قىلىش خىيالىدا بولدۇم. مۇبارەك بۇ ئەھۋالىمنى كۆرۈپ ئۇ نىگار بىلمەيدىغان تىل بىلەن:

— ئەي يىگىت، ئۆزۈڭنى تۇتقىن! مۇلكى سادىق بۇ ھەقتە نېمىلەرنى تاپشۇرمىغانىدى؟! سەن بۇسە قىلماقنى (سۆيۈشنى) خىيال قىلىۋاتىسەن. بۇنداق قىلىش خىيانەت ئەمەسمۇ؟! ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئەرنىڭ ئىشىدۇر. ئۇنداق ئىشلارنى قىلما! تارتقان رەنج - مۇشەققىتىمىزنى زايە قىلمىغىن! نەپسىڭنىڭ خاھىشىدىن ھۇشيار بول! — دېدى. مەن بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ، ياشلىرىمنىڭ گۆھەر دانىلىرىنى كىرپىكلىرىمنىڭ ئۇچى بىلەن تېشىپ، يۈرەكنى ئۆرتىگۈچى بۇ بېيىتلارنى ئوقۇدۇم. بېيىت:

تا قاچان گەردباد[1] يەڭلىغ مەن،
كوي بەكوي[2] دەربەدەر جەفالىغ مەن.
ئەي ستەم پىشە[3] سەن جەفا قىلمە،
گەر ۋەفا قىلماساڭ جەفا قىلمە[4].
نەچچە مۇددەت كىنكى پەيدادۇر،
كامى دىل ئازغىنە مۇھەييادۇر.
بۇ قەباھەت پەناھنى نە قىلاي؟
بۇ ئىچى - دىل سىياھنى نە قىلاي؟!

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، نەچچە كۈننى يىغا ۋە ئۆرتىنىش ئىچىدە ئۆتكۈزدىم. ئاخىر ئىلتىجا بىلەن كۆڭلۈمنىڭ سىرىنى ئۇنىڭ (مۇبارەكنىڭ) ئالدىدا قويدۇم. ئۇ سۆزلىرىمنى ئىشىتىپ ئاھ تارتىپ:

— ئەپسۇس! [ئۇنداق قىلساڭ] ئىقبالىڭنى (دۆلىتىڭنى) يوقىتىسەن. ئەي ئوغۇل، ئۆزۈڭنى بېسىۋال. ئىشىڭنى خاراب، روزگارىڭنى سىياھ قىلما! بۇ قىزنى خىيانەت قىلماي، جان - دىلىڭ بىلەن تېزراق مۇلكى سادىقنىڭ خىزمىتىگە ساق - سالامەت ئېلىپ بارغايسەن، — دېدى. ئۇنىڭ ئۇشبۇ سۆزلىرىنى ئىشىتىپ ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىپ تۇردۇم. كۆڭلۈمنىڭ ۋىسالىنى [ئۇ قىزنىڭ] پىراقىدا قويدۇم. بۇ قارا كۆڭۈل، تاش يۈرەك قاچانكى ئىشقىمنىڭ زىيادىلىكىنى كۆرسە، شۇ ھامان شەپقەتسىزلىك نىقابىنى يۈزىگە تارتاتتى[5]. تا ئىش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇ مېنى ئۇ نازىنىننىڭ دىدارىدىن (دىدارلىنىشتىن) مەنئىي قىلدى. بېيىت:

---

[1] گەردباد — قۇيۇن (بوراندىن پەيدا بولىدىغان قۇيۇن)
[2] كوي بەكوي — كوچىمۇكوچا، مەھەللىمۇ مەھەللە
[3] ستەم پىشە — زۇلۇم - ستەم ئادەتلىرى؛ زۇلۇم قىلغۇچى
[4] بۇ مىسرا 028 - نومۇرلۇق قوليازمىدىن تولۇقلاندى.
[5] بۇ جۈملە 0114 - نومۇرلۇق قولىيازمىدا «مېھىرسىزلىك شەرتىنى زىيادە قىلاتتى» دەپ يېزىلغان. 028 - نومۇرلۇق قولىيازما بويىچە ئېلىندى.

كىينە چۈ تاپمادىم رەقىب مۇنداغ،
سەخترو[1]كۆرمەدىم ئەجىب مۇنداغ.

ھەربىر ئۆلتىماس قىلغىنىمدا، ئۇنىڭدىن جاھىللىق بىلەن قوپاللىقتىن ئۆزگىنى كۆرمەيتتىم. ھەتتا شۇ قەدەر قاتتىقلىق قىلدىكى، ئۇ ئاي يۈزلۈك بۇ قاتارلىق سۆزەت - ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بولاتتى. گاھى ئەھۋال سورىسا، مۇبارەك تەسەللى بېرىپ:

— ئاللاتائالا بۇيرۇسا، چىن شەھرىگە بارغاندىن كېيىن شەھەرنى چىرايلىق بېزەپ، داغدۇغا بىلەن توي قىلىپ بېرىمىز، — دەيتتى ھەمدە بىزنى چىنغا تېزراق مېڭىشقا ئالدىرىتاتتى. مەن بولسام يەنە نەچچە كۈن [ئارتۇقراق] تۇرۇشنى ئۆلتىجا قىلاتتىم. ئاقىۋەت ئۆلتىماس قىلىشقا يول قالمىدى. مۇبارەككە:

— مەن چىن ۋىلايىتىنىڭ پادىشاھلىقىدىن، تاغامنىڭ قىزىدىن ھەم كەچتىم. نېمىلا بولمىسۇن شۇبۇ شەھەردە قىلىپ، مۇشۇ نازىنىن بىلەن بىللە بولىمەن، — دېدىم.

مۇبارەك دېدىكى:

— بۇنداق قىلىش خاتادۇر. چۈنكى مۆلكى سادىق بۇ قىزدىن كەچمەيدۇ. ئاخىر ھەر ئاماللار بىلەن بۇ شەھەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ. بەلكى ۋەيران قىلىدۇ. ئۇ چاغدا بىزنى شۇنداق بىر بالاغا گىرىپتار ۋە مۇبتىلا قىلىدۇكى، ھەر سائەت خۇدادىن ئۆلۈمنى تەلەپ قىلىمىز. ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشتىن قولۇڭنى يىغ! بەلكىم، خۇداىتائالانىڭ رەھمى كېلىپ، مۆلكى سادىق بۇ قىزنى ساڭا بەرسە ئەجەب ئەمەس!؟

— ئەي زالىم! — دېدىم مەن مۇبارەككە، — مۆلكى سادىق بۇ مەشۇقىدىن قاچان ۋە قانداقسىگە قولىنى تارتىدۇ؟

مۇبارەك دېدىكى:

— مەن بىر نەرسىنى بىلىمەن. [ئەگەر شۇ چارىنى قىلساق] مۆلكى سادىق قىزنى كۆرگەندە ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدىغان بولىدۇ.

— ئۇ قانداق چارە؟ — دەپ سورىغاندىم، مۇبارەك:

— بىر قېتىم ئاتاڭنى مەن شۇبۇ جىنلارنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلگەنىدىم. ئۇلار (جىنلار) مېنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ ئازار بېرىپ، ھەزىل - چاقچاق قىلىپ زۇلۇم تەرىقىنى تۈتقانىدى. مەن ئاتاڭغا ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرىنى بايان قىلىپ بەردىم. [ئاتاڭدا] نەچچە نەرسىدىن ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان ياغ بار ئىكەن. ئاتاڭ يەنە بىر قېتىم بارغىنىمىزدا شۇ ياغنى بىر شىشىگە سېلىپ ماڭا بەردى ۋە: «بۇ ياغنى بەدىنىڭگە سۈرگىن. جىنلار ئۇنىڭ ھىدىدىن قېچىپ ساڭا يېقىن كەلمەيدۇ» دېگەنىدى. شۇنداق قىلدىم. شۇ ياغدىن ئازراق بار. بۇ قىزغا سۈرتۈپ مۆلكى سادىقنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارايلى. تاكى قىزدىن كۆڭلى قالسا ئەجەب ئەمەس، ئاندىن كېيىن ئۆلتىماس قىلىپ يۈرۈپ قىزنى سەن ئۆچۈن تىلىۋالىمەن، — دەپ شۇبۇ ئەپسۇنلىرى بىلەن مېنى خاتىرجەم قىلدى. سەپەر جابدۇقلىرىنى راسلاپ، ئۇ گۈل يۈزنىڭ خىزمىتىگە بىر كېنىزەكنى خەبەردار قىلىپ، بۇ يۈكلەرنى يۈكلەش ئۈچۈن يەنە بىر ئات ۋە ئۆزى ئۈچۈن ئىككى خەنجەر سېتىۋالدى. نەرسە - كېرەك، چېدىرلىرىمىزنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ شەھەردىن چىقتۇق. كېچە ۋە كۈندۈز ئۇ پەرىنى قورۇقلاپ، ھېچ يەردە ئارام ئالماي تا ئۈچ ئاي يول يۈرۈپ بىر لەڭگەرگە يېتىپ كېلىشىمىز بىلەن تەڭ جىنلارنىڭ غۇلغۇلىسىنى ئىشتتۇق. ئۇ جىنلارنى مۆلكى سادىق بىزنىڭ ھال - ئەھۋالىمىزنى بىلىپ بېقىش

[1] سەخترو — جاھىل

ئۇچۇن ئالدىمىزغا ئەۋەتكەنىكەن. جىنلار بىزلەرنى چاقىرىپ:

— مۇلكى سادىق ئىنتىزارلىق تارتىۋاتىدۇ. ئەگەر رىزالىق بەرسەڭلەر سىزلەرنى مۇلكى سادىقنىڭ قېشىغا پاتىراق يەتكۈزۈپ قويساق، — دېيىشتى.

— قىز سىزلەرنى كۆرسە قورقۇپ كېتىدۇ، -- دېدى مۇبارەك.

جىنلاردىن ئىككى - ئۈچ كىشى خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن مۇلكى سادىقنىڭ خىزمىتىگە ياندى. ئۆزگىلىرى ئەتراپقا غايىب بولدى. ئەمما بۇ ئىشلاردىن قىز بىخەۋەر ئىدى. بېيىت:

ئەي دوست، بولماغاي ماڭا ئوخشە كىشى تەباھ①،
ئۆل مۇبتەلايى غۇسسە، كۈنۈم كېچەدەك سىياھ.

مەن يەنە بىر قېتىم زارۇ پىغان قىلىپ:

— ئۇ ياغنى قىزنىڭ بەدىنىگە سۇرتەيلى، — دېدىم.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى مۇبارەك، — قىزنىڭ خىيالى قانداق، ئاۋۋال قىزغا مۇلكى سادىقنىڭ ھالىدىن خەۋەر بېرەيلى.

قىزغا مۇلكى سادىقنىڭ ۋەقەسىنى بايان قىلغانىدۇق، ئۇ نازىنىن نالە - پىغان بىلەن زار - زار يىغلاپ دېدىكى:

— ئەي دوستلار، مېنىڭ گۇناھىم نېمىكىن؟ مېنى ئۆز ۋەتىنىمدىن جۇدا قىلىپ جىنلارغا ئەسىر قىلىپ بەرگىلىۋاتىسلەز. رەھىمىڭلار كەلمەمدۇ؟ مەن ئۇ پادىشاھزادىگە چۈشكەن (نىكاھلانغان) كۈنى جىنلارغا نەزەر سېلىشقا تاقەت قىلالمىغانىدىم. مانا ئەمدى بىر خەنجەر بولسا ئىدى، ئۆزۈمنى ھالاك قىلىپ بۇ بالادىن خالاس بولغان بولاتتىم. بېيىت:

سىزلەرنى ئەرتەدى پۇر مىكرۇ فۇسۇن②،
ھىيلە سازى ئىچرە سىزلەر زۇفۇنۇن③.
ئەۋۋەلى كۈندە ھەمە تەزۋىرى④سەيد⑤،
ئۇ ھەمە رىزقى فۇنۇن مىكرى كەيد⑥،
بىر خۇدادىن خەۋق قىلساڭلار بۇ كۈن،
ھېچ يەردە بۇ ستەمدەك يوق بۇ كۈن.
سېھر سازلىق ئىچرە سىزلەر سامىرىي⑦،
يەنە - يەنە بۇ نەيرەڭ، بۇ ھىيلەتگەرىي⑧.

ۋاقتىكى، ئۇ سەنەم بۇ بېيىتلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئىككىلىمىزگە تەسكىن بېرىپ ئۇ ياغنى نازۇك

---

① تەباھ — خاراپ، ۋەيران
② فۇسۇن — سېھىر، نەيرەڭ، مىكىر.
③ زۇفۇنۇن — ھۈنەرۋەن، بىلەرمەن، ئالىم
④ تەزۋىر -- ئالداش، ھىيلە
⑤ سەيد — ئوۋ، شىكار
⑥ كەيد -- مىكىر، ھىيلە؛ ھەييارلىق
⑦ سامىرىي -- مۇسا پەيغەمبەر زامانىدا ئالدامچىلىق قىلىپ كىشىلەرنى مۇساپەيغەمبەرگە قارشى قويغان كىشى؛ سېھىرگەر، جادۇگەر.
⑧ ھىيلەتگەرىي — ھىيلە، ئالدام

بەدىنىگە سۇرتتى. شۇبۇ تەرىقە بىلەن ئۇ كۈنى ئۆتتى. ئەتىسى كېچىدە مۇبارەك ئۇخلاپ قالغاندا ئۆزۈمنى ئاستا ئۇ سەنەمنىڭ قېشىغا يەتكۈزدۇم. ئۇنىڭ ئايىغىغا بېشىمنى قويۇپ، ئۆزرىخاھلىققا مەشغۇل بولۇپ دېدىمكى:

— ئەي سەنەم، جېنىم بىلەن قەسەمياد قىلىمەنكى، مېنىڭ ئېتىقادىم بىلەن سۆزۈمدە يالغان يوقتۇر. ۋاقتىكى، سېنىڭ سۇرىتىڭنى كۆرۈپ مېھرىڭ جان ۋە دىلىمغا ئورناپ، كۆڭلۈمنى ھاياتلىقىمدىن ئۈزۈپ، سېنى جان - ئۆمرۈمدىن ئەزىز بىلدىم. بېيىت:

كىم بېرىپدۇر بۇ جان دۇشمەنغە،
مەن سېنى بەرگەلى بۇ دۇشمەنغە.
ئەمدى جان بەرمەكىم بەسى خۇشتەر[1]،
كى ئالۇر ئۆزگەسى سېنى دۇر بەر.
مەن بولۇپمەن ھەمىشە بىخورۇ خاب[2]،
ھىجر زەھرىنى ئىچىپ بەجايى شەراب.
مۇددەتى كۇھۇ دەشت مەن كەزدىم،
ھىجر يولىدا مەن بۇ جان بەردىم.
ئەي خۇدا، دەرگەھىڭغە يۈزلەندىم،
رەھىم قىل، رەھىم قىلكى يۈزلەندىم.
بەر مۇرادىمنى، ساقلا توفاندىن،
مۇددەتۇل - ئۇمر مىكرى شەيتاندىن.

مېنىڭ سۆزلىرىم كاززابلىقتىن خالى بولغاچ، ئۇ زىبىيا نىگارنىڭ كۆڭلىنى ئەسىر قىلدى.

— ئەي پالانى، بىزنىڭ پېيىمىزدا مۇنداق بالا بولسا، نېمە ۋەجىدىن بۇ شەھەرگە كىردۇق؟ دېدىمكى:

— ئىككى سەۋەب بار: بىرى، قازايى قەدەر (تەقدىر، قىسمەت)؛ يەنە بىرى، مۈلكى سادىق خەۋەر تاپسا ھەممىمىزنى ھالاك قىلىش ئېھتىمالى بار، — دېدىم مەن.

— خوپ، - دېدى قىز، — كەرەملىك خۇداغا كۆز تۇتۇپ ئۈمىدۋار بولۇپ تۇرارمىز. ئەمما، ئەي يىگىت، كۆڭلۈمنى ساڭا باغلىدىم. ۋاپا قىلغايسەن. مېنى ئۇنتۇمىغايسەن!

قىزنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بىتاقەت بولدۇم. زار - زار يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدۇم. بېيىت:

تا لەھەد ئىچرە مەن چۇ كىرگەيمەن،
دامەنىڭدىن قولۇمنى يىغقايمەن.

ئىككىلىمىز بىر - بىرىمىز بىلەن قۇچاقلىشىپ بىھۇش بولدۇق. ھوشىمىزغا كەلگەندىن كېيىن جىنلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چېدىردىن تاشقىرى چىقىپ كۆردۇقكى، جىنلار جامائەسىدىن نەچچە كىشى

① خۇشتەر — ياخشىراق
② بىخورۇخاب — يېمەي - ئىچمەي ۋە ئۇخلىماي

هازىر بولۇپتۇ. ئۇ نىگار ئۈچۈن مەرۋايىت بىلەن بېزەلگەن بىر مەپىنى ئېلىپ كەلگەنىكەن. ئۇ سەنەمنى شۇ مەپىگە ئولتۇرغۇزدى. مەن بىلەن مۇبارەك ئۈچۈن يەنە بىر تەخت ئېلىپ كېلىپ بىزنى ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن جىنلار مۆلكى سادىقنىڭ خىزمىتىگە يەتكۈزدى. مۆلكى سادىق ھەم زۆرۈرىي ئېھتىرام - تازىملارنى بەجا كەلتۈرۈپ، كۆپ تەھسىن - ئاپىرىنلار قىلىپ، ھەرەم تەرەپكە ئۇ سەنەمنى كۆرگىلى يول ئالدى.

مۆلكى سادىق قىزنىڭ قېشىغا بارغاندا ناخۇش بىر ھىد ئۇنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسىدە مالامەت پەيدا بولۇپ رەڭگى - روينى ئۆچۈرۈپ، تاشقىرى چىقىپ بىزلەرنى چاقىردى. مۇبارەككە خىتاب قىلىپ:

— ئەي باھانە ئىزدىگۈچى قىرى زەڭگى، خىيانەت قىلمايمىز دەپ ئۆزۈڭ ئەھد ۋە شەرت قىلغان ئەمەسمۇ؟ بۇ قانداق پۇراقتۇر؟ بۇ كىم تاپقان خىيال؟ — دېدى.

مۇبارەك دەرھال ئىشتان بېغىنى يېشىپ:

— مەندىن خىيانەت يۈز بەرمىدى. سەن مېنى خىزمەتكە پەرمان قىلغان كۈنى ئەرلىك ئالىتىمنى خەزىنىچىگە ھاۋالە قىلىپ، جاراھىتىمگە مەلھەمى سولايمانىدىن ئازغىنە سۈركىگەنىدىم، — دەپ ئالىتىنى كۆرسەتتى.

ئاندىن كېيىن مۆلكى سادىق مېنىڭ تەرىپىمگە يۈزلىنىپ خىتاب قىلدى:

— بۇ باتىل ھالدىن سېنىڭ خىيالىڭنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى بىلدىم.

ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، مەشۇقۇمنى ئۇنىڭغا تارتقۇزۇپ قويۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى. جاھىللىق خاھىشى مېنى ئۆزىگە شۇنداق ئەسىر قىلىۋالدىكى، خۇدۇمنى بىلمەي قالدىم. مۇبارەكنىڭ بېلىدىن خەنجىرىنى تارتىپ ئېلىپ، يۈگۈرۈپ بېرىپ مۆلكى سادىققا سالدىم. ئەمما خەنجەرنىڭ ئۇنىڭ بەدىنىگە تەگكەن ياكى تەگمىگەنلىكىنى بىلمەيمەن. پەقەت خەنجەرنى ئىككى نۆۋەتلا ئۇرغۇنۇمنى بىلىمەن. ئۇ يىقىلىپ نەپسى توختاپ قالدى. مەن ئۇنى ئۆلۈپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلدىم. بىراق مەن تۈزۈكرەك زەخمى ئۇرماي تۇرۇپ، بۇ قانداقسىگە ئۆلۈپ قالدى، دەپ ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرسام، ئۇ ئاستا - ئاستا كىچىك ياغاچ مەسەللىك بولۇپ، يەردىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ھاۋاغا چىقىپ، نەزىرىمدىن غايىپ بولدى. ئاندىن تۇيۇقسىز ھاۋادىن تۆۋەن چۈشۈپ، بوراندەك ھۇۋلاپ، چېقىندەك تېزلىك بىلەن مەيدەمگە شۇنداق تەپتىكى، ئوتياشتەك يەرگە چاپلىشىپ قالدىم. ھوشۇمنى يوقىتىپ، كۆڭلۈم ئېلىشىپ بىخۇد بولدۇم. ھوشۇمغا كەلگەندە ئۆزۈمنى بىر باياۋاندا كۆردۈم. تۆت تەرىپى پايانسىز كەتكەن قۇم - تاشلىق بولۇپ، تىكەندىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئاھ - نادامەت چېكىپ، ھېسابسىز دەرد تارتىپ، كۆزۈمنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، ئاجىزلىقىمغا تەن بېرىپ، قىلغان ئىشلىرىمغا تۆۋە ۋە نادامەت قىلدىم. پايدا بەرمىدى. ئاھ - نالە قىلىپمۇ ھېچ ۋەجھى بىلەن بىرەر نىشانىنى تاپالمىدىم. باغلانغان (تاقالغان) ئىشىك ئېچىلمىدى. يېمەك - ئىچمەك، ئۇيقۇدىن ئەسەر يوق. مەجنۇن كەبى تاغۇ دەشتلەردە يۈردۈم. ھېچبىر ئاراملىق بولمىدى. بۇلۇڭ - پۇچقاق، يېقىن - يىراقلارغىچە قالدۇرماي ئىزدىدىم. ھەرقانداق كىشىنى كۆرسەم مۆلكى سادىقنىڭ ماكانىنى سورۇشتە قىلاتتىم. ئەمما ئۇنىڭ نامۇ نىشانىنى ھېچكىمدىن بىلەلمىدىم. ئاقىۋەت نائۈمىد بولۇپ كۆڭلۈمدە ئايرىلىق كىشىنىدە مەھرۇملۇق ھېيلىسى بىلەن ھايات يۈرۈشنى ئۆلۈمدىن يامان بىلىپ، تاغدىن ئۆزۈمنى تاشلاپ بۇنداق مېھنەتتىن خالاس بولۇشنى قارار قىلىپ، ئۆزۈمنى بىر تاغقا يەتكۈزدۈم. قازارا، ئۇ تاغ دەل بۇ دەرۋىشلەر بارغان ۋە ئۇ تەقۋادار كىشى بىلەن دىدارلىشىپ، ئۇنىڭ بىشارىتى بىلەن بۇ تەرەپكە كېلىشكە سەۋەب بولغان تاغ ئىكەن. گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، ئۇ مەرد تەقۋادار، مېنى ھەم ئوشبۇ سۈرەت بىلەن: «سېنىڭ مەقسىتىڭ ھەم شۇ يەردە ھاسىل بولىدۇ» دەپ بۇ يەرگە ئەۋەتتى. مانا

شۇ تاپتا ھەممىمىز پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىگە جەم بولۇپ[1] كۆڭلۈمىزنى ئاللاتائالانىڭ شەپقىتىگە باغلاپ تۇرۇپتىمىز. تاكى بىز ھەم مۇرادىمىزغا يەتسەك ئەجەب ئەمەس! بېيىت:

كىبرىيا[2] دەرگەھىغە يۈزلەندۇق،
چەشم ئۇمىدلەر بىلە ياندۇق.
جەڭ ئۇردۇق ئەمما فەزلىغە،
يەتكۈرۈر بولسە يار ۋەسلىغە.

تۆتىنچى دەرۋىش ئۆز سەرگۈزەشتىسىنى تامامىغا يەتكۈزگەندىن كېيىن، دەرۋىشلەر بىرلىكتە دۇئا قىلىشتى. سۇلتان ئازادە بەخت ھەم دەرۋىشلەرنىڭ دۇئاسىغا شىرىك بولۇپ دىلدارلىق كۆرسەتتى.

## تۆت دەرۋىشنىڭ سەرگۈزەشتىسى تامام بولغانلىقى، پادىشاھنىڭ خوتۇنى ئوغۇل تۇغقانلىقى، دەرۋىشلەرنىڭمۇ مەقسىتىگە يەتكەنلىكىنىڭ داستانى

رىۋايەتچىلەر ئېيتىدۇكى: ئۇ دەرۋىشلەرنىڭ رىياسىز سەممىي نىيەت بىلەن ئاتقان دۇئا ئوقى ئىجابەت نىشانىغا مۇقەررەر بولۇپ، پادىشاھنىڭ خۇشال - خورامىلىق غۇلغۇلىسى پەلەككە يەتتى.
مۇلازىملار بارگاھ تەرىپىگە يۈگۈرۈشۈپ پەرزەنت تەۋەللۇت بولغانلىق خەۋىرىنى پادىشاھقا يەتكۈزۈش-تى. بېيىت:

پادىشاھا، دەۋلەتىڭ پايەندە[3] دۇر،
تا قىيامەت ھەشمەتىڭ ھەم بەندەدۇر.
دوستلار كامى شەكەردىن بەھرەمەند،
دۈشمەنىڭ باشى تەندىن گۈندە[4] دۇر.

نەزمە:

يۈز سەنا تەڭرىغەكى شەھ تاپتى،
بەخت فەرخۇندە[5] ئاقىبەت مەھمۇد[6].
سەلتەنەت بۇرجىدىن تۇلۇئ[7] قىلدى،
ئۇ قوياشكىم بىتالىئ مەسئۇد.
ئۇ جەمالىن كۆرۈپ شاھۇ لەشكەر،
چۇن مەرد[8] ئىيدىدىن[9] بولۇپ خۇشنۇد.

---

① بۇ بىر جۈملە 028 - نومۇرلۇق قولىيازمىدىن تولۇقلاندى.
② كىبرىيا — ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك
③ پايەندە — دائىمىي، مۇستەھكەم
④ گۈندە — تاقاق؛ ئىشكال
⑤ فەرخۇندە — قۇتلۇق، سائادەتلى، بەختلىك
⑥ مەھمۇد — ماقتالغان؛ ياخشى
⑦ تۇلۇئ — چىقىش، كۆرۈنۈش، بالقىش
⑧ مەرد — ئەر، ئوغۇل
⑨ ئىيدى — ھېيتلىق سوۋغات، تارتۇق

ئازادە بەخت بۇ خۇش خەۋەرنى ئىشتكەندىن كېيىن ھوشىدىن كەتتى. يەنە ھوشىغا كېلىپ مۇلازىملىرىدىن سورىدىكى:

— مېنىڭ زەئىپلىرىمدىن ھېچبىرى ھامىلدار ئەمەس ئىدى. بۇ ئىلتىپات قەيەردىن پەيدا بولدى؟

— پالانى زەئىپىڭىزگە نەچچە ئاي ئىلگىرى غەزەپ قىلغانىدىڭىز، — دېيىشتى مۇلازىملار جاۋاب بېرىپ، — ئۇ بىچارە مەخپىي بىر ھوجرىدا تۇرىۋاتاتتى. كىشىلەر ھەم ئۇنى پادشاھلىق تەربىسى بويىچە پەرۋىش قىلىشتىن قورقاتتى. ھەتتا ئۇنىڭ ئىسمىنى خىزمەتكارلار قاتارىدىمۇ تىلغا ئېلىشمايتتى. لېكىن خىزمەتكار خوتۇنلار ئۇنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، بىر ئوغۇل تۇغۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس دەپ ھالىدىن ئانچە - مۇنچە خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. خۇداغا شۈكرىكى، ئۇ بىر ئوغۇل تەۋەللۇت قىلدى.

پادشاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۇستىباشلىرىنىمۇ كىيمەستىن ھەرەمخانىغا يۈگۈردى. بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، تاشقىرى ئېلىپ چىقتى - دە، ئۆزىنى دەرۋىشلەرنىڭ ئايىقىغا تاشلىدى. بېيت:

شۈكرى لىللاھ، دوستلارنىڭ مەقدەمىدىن[1] بەخت يار،
بولدى ھاسىل فەزلى ھەقدىن مۇددەئا ھەم كاربار.
دېدى شەھ دەرۋىشلەرگە: سىدقىدىن[2] بولدۇم غۇلام،
ھەم بۇ فەرزەندىم غۇلامىدىن قىلىڭلار ئىختىيار.

ئۇ دەرۋىشلەر بوسە قىلىشىپ شاھزادىگە بەختىيار دەپ ئات قويدى. ئاندىن كېيىن دەرۋىشلەر ۋە خاسلار شادىمان بولۇپ، غەمدىن ئازات بولۇشتى. ھەرقايسىسى [شاھزادىنى] بىر - بىرلەپ قۇچىقىغا ئېلىپ بوسە قىلىپ پادشاھقا بەردى. پادشاھ بالىنى ھەرەمگە ئېلىپ كىرىپ ئىنىكئانا - تەربىيەچىلەرگە ھاۋالە قىلىپ، بارگاھىغا كەلدى. رەئىيەتلەرنىڭ ئۈچ يىللىق خەج - خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالدى. گۇناھكارلارنى گۇناھىدىن كەچۈرۈم قىلدى. زىندانىدىكىلەرنى [زىنداندىن] خالاس قىلىپ، كەرەم بىلەن خەزىنە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتى. دەرۋىش ۋە ئەھلى مۇناسىپلارغا نۇرغۇن سەدىقىلەرنى بەردى. ئۆلىما ۋە پازىللارنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ ئىنئام - ئېھسانلار قىلدى. مەرھەمەت داستىخىنىنى ئېچىپ شاھانە بەزمە راسلىدى. ئەمما، بەزمە تامام بولماي تۇرۇپ پادشاھنىڭ ھويلىسىدىن يىغا - زارىنىڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. بارگاھى پادشاھ، يارانلار — ھەممە لەرزىگە كېلىپ «ۋاي، نېمە ۋەقە بولغاندۇر؟» دېيىشىپ تۇراتتى، شۇ ھالدا ئەھلى ھەرەم يېتىپ كېلىپ:

— بالىنى ئىنىكئانىلار يۆيۈپ كىمخاب يۆگەككە يۆگەپ ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا سېلىپ قويۇشقانىدى، تۇساتتىن ھاۋادىن بىر پارچە قارا بۇلۇت يېتىپ كېلىپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، ئۇ پەرزەنت بىلەن ئانىسىنى ئورىۋالدى. بۇلۇت يوقالغاندىن كېيىن قارىساق ئانىسى بىھوش بولۇپ يېتىپتۇ، بالا يوق. ئۇ ھېچ يەردە كۆرۈنمىدى، — دەپ خەۋەر يەتكۈزۈشتى.

پادشاھ يارانلىرى بىلەن بۇ ھادىسىگە يىغلاپ تولىمۇ ھەيران بولۇشۇپ، پەرىشان ھالەتتە ئولتۇرۇشتى. ھەممىسىنىڭ لەۋلىرى كۈلكىدىن باغلاندى (توختىدى). يۈرەكلىرى ئۆرتەنگەن دەرۋىشلەر باشلىرىنى سەللىسىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ، پۇچىلانغان يۈرەك قېتىدىن دەردلىك ئاھ تارتىشتى. ھەممە خەلق بۇ ھادىسىدىن تەئەججۇب قىلىشىپ، ھەر بىرى پادشاھنىڭ تەلىيىنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن تەڭرىتائالانىڭ دەرگاھىغا

---

① مەقدەمىدىن — ئاياغ، قەدەم ئىزلىرىدىن
② سىدق — چىن، راستلىق، توغرىلىق

مۇناجات قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۇنىڭ (تەڭرىتائالانىڭ) كەرىمىگە ئۈمىدۋار بولۇپ، ئۇ پەرزەنتە-نىڭ سالامەتلىكىنى خۇدايتائالادىن تەلەپ قىلىشتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن بالىنى ئالتۇن بۆشۈككە بۆلەنگەن، قىممەت باھالىق مەرۋايىت - كەھرىۋا ۋە لىباسلارغا ئورالغان ھالەتتە ئەكىلىپ قويۇشتى. خالايىق ئىككىنچى قېتىم شاد - خۇراملىققا چۆمۈلدى. ئەمما يەنىلا بۇ ۋەقەدىن ھەيران بولۇشاتتى. بۇنىڭ قانداق سىر ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىشلارنى قىلغۇچىلارنىڭ قايسى پادىشاھنىڭ دۆلەتخانىسىدىن ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

پادىشاھ دەرۋىشلەر ئۈچۈن بىر قەلەندەرخانا (ئىبادەت ئۆيى) بىنا قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئالاقە تۇرغۇزدى. كۈندە سالامدىن يېنىپ ئۇ قەلەندەرخانىدا دەرۋىشلەر بىلەن مەزكۇر سىر - ئەسرارلار ئۈستىدە سۆھبەت قۇراتتى.

شاھزادە ھەر ئايدا مەزكۇر قائىدە بىلەن ئىككى كۈن يوقاپ كېتەتتى. ئاندىن نۇرغۇن تۆھپە (سوۋغا) - لىباسلار بىلەن قايتىپ كېلەتتى. ئۇنى كۆرگەندە ئادەملەرنىڭ كۆزلىرى خىرە بولاتتى. تاكى يەتتە ياشقا كىرگۈچە بۇ ۋەقە ھەر ئايدا شۇبۇ تەرىقە بويىچە تەكرارلىنىپ تۇردى. ئاخىر پادىشاھ دەرۋىشلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن [تۆۋەندىكى مەزمۇندا]:

«سالام! كەمىنە بىزلەر دوستانە ۋە سەمىمىي خىزمەتلىرىگە مۇشەررەپ بولغان بولساقمۇ، لېكىن ئۆزىمىزنى يەنىلا مۇلازىمەتلىرىدىن مەھرۇم قالغاندەك ھېس قىلماقتىمىز. شۇڭا ئالەمدىكى ئۇلۇغ زات — ئۆزلىرىنىڭ ئاستانىلىرىنى تاۋاپ قىلىپ، خىزمەتلىرىگە يېتىشىش ئارزۇسىدا تەقەززا بولۇپ تۇرۇۋېتىمىز. ئەگەر شەپقەت قىلىپ بىز ھەيرەتتە قالغۇچىلارغا بۇ ئىشتىن نىجادلىق بېرىپ، بىزلەرنى مەقسەت مەنزىلىگە يېتىشتۈرگەن بولسىلا، پېقىر قۇللارچە مۇلازىمەتلىرىدە بولۇشقا تەييار ئىدىم. مىسرائ:

ئۇ قۇياش سەرچەشمە①سىدىن زەھرە ئەيلەر ئارزۇ.

ئەگەر ئارتۇقچە ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويغان بولساق، ئەپۇ قىلىشلىرىغا ئۈمىدۋاردۇرمىز» دەپ ئەرزنامە پۈتۈپ خەتنى شاھزادە غايىب بولىدىغان كۈنى شاھزادىنىڭ قوينىغا سېلىپ قويۇپ كۈتۈپ تۇرۇشتى.

تا پەردەئى غايىبتىن بىرسى سۆزلىگەندەك بولدى. بەس، ئۇ پەرزەنت غايىب بولۇپ كەچ كىرگەندە، ئازادە بەخت ئادەت تەرىقىسى بويىچە دەرۋىشلەر بىلەن ياندىش ئولتۇرۇپ سۆھبەتكە مەشغۇل بولغاچ، ئۇ خەتنىڭ جاۋابىغا كۆز تۇتۇپ تۇرغانىدى. تۇساتتىن بىر پارچە قەغەز پادىشاھنىڭ ئېتىكىگە چۈشتى. كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئۆزلىرى ئەۋەتكەن ئەرزنامىنىڭ ئارقىسىغا پۈتۈلگەن ئۇشبۇ مەزمۇندىكى خەتنى بايقاشتى:

«ئەي ئازادە بەخت، بىزنىڭ مۇلازىمىتىمىزنى قوبۇل تۇتۇپ ئەرزنامە ئەۋەتكەنىكەنسىز، شاھزادە بىزگە ھەم پەرزەنت بولغاچ، مەكتۇبىڭىزنى ماقۇل كۆرۈپ سىزلەرنى ئېلىپ كەلسۇن، دەپ نەچچە كىشىنى خىزمىتىڭىزگە ئەۋەتتۇق. بىزنىڭ مەجلىسىمىز بار ئىدى. شۇ تاپتا شاھ ۋە دەرۋىشلەرگە كۆز تۇتۇپ تۇرۇۋېتىمىز.»

شاھ ئازادە بەخت خەتنى ئوقۇپ خۇشال - خۇرام بولۇپ، خەندان ئورۇپ تۇراتتى، ناگاھ تۆت - بەش كىشى ياقىلىرىدىن ئۇشلاپ يۇقىرى تارتتى. [شاھ ئازادە بەخت ۋە دەرۋىشلەر] ئۇلارنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ بىھوش بولدى. ئۆزلىرىگە (ھوشلىرىغا) كەلگەندە بىر جايىنى كۆردىكى، تامام ئۆمرىدە ئۇنىداق ساپالىق جايىنى كۆرمىگەنىدى. نەزمە:

① سەرچەشمە — بۇلاق بېشى، بۇلاق بويى

ئۇ جايى كەمال تۇرفە①جايى،
گويا كى بېھىشت باسەفايى②.
مەملۇ③بولۇبان گۈلنى رىيازىن④،
ھۆسنى چۇ نىگارخانەئى چىن.
سەھنى⑤ھەممەسى چۇ لالەئى گۈل.
لەھنى⑥ھەممەسى چۇ سەۋتى⑦بۇلبۇل.
ئۇ باغ دەرەختى مېۋەدىن پۇر.
ھەر مېۋە بەھاسى لەئل ھەم دۇر.
ھەر سەرۋىسى چۇ كەنارە ئېردى،
چۇن خىزر تۇرۇپ شېئر ئەيتار ئېردى.
قۇمرىلارىكى⑧ھەمىشە گۇ - گۇ،
شەيدا چېكىبان ئۇفۇر چۇ ياھۇ!
ئۇ ھەر تەرىفىن ھەزار داستان.
غەۋغا چۇ سالۇر ھەزار داستان.
باغى كى ئېرەم نىشانەسىدۇر،
ھەر گۇشەدە⑨نېك فەسانەسىدۇر.

ۋاقتىكى، ئازادە بەخت دەرۋىشلەر بىلەن گۈللىرى خۇش بۇي، بۇلبۇللىرى خۇش ئاۋاز شۇنداق ساپالىق بىر جايىنى — ئۆزگىچە بىر يۇرتنى كۆردىكى، ئۇنىڭ تەرىپىگە گەپ توغرا كەلمەس!

ئۇ شەھەر پەرىلەرنىڭ شەھىرى ئىكەن. شاھزادىنى پەرىلەرنىڭ پادىشاھى مۇلكى شەھبازنىڭ ئەمرى بىلەن پەرىلەر ئېلىپ كېتىدىكەن. پادىشاھ ئازادە بەخت بىلەن دەرۋىشلەرنى بىخۇد قىلىپ بۇ يەرگە ئالدۇرۇپ كەلگەن كىشى مۇلكى شەھباز ئىكەن.

پادىشاھ ۋە دەرۋىشلەر مۇلكى شەھبازنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاۋۋال بۇلارغا جاي تەيىن قىلىشتى. ئاندىن مۇلكى شەھباز ئازادە بەختتىن سوئال سورىدى. ئازادە بەخت دەرۋىشلەرنىڭ كەيپىياتى، دوستانىلىقى ۋە چىقىشقاقلىقى قاتارلىقلاردىن بايان قىلىپ، دەرۋىشلەرنىڭ تەرىپ - تەۋسىپلىرىنى تىلغا ئېلىش بىلەن ئۆزىنىڭ پەرزەنتكە بولغان تەلەپكارلىقى ئۈچۈن كېچىسى قەبرىستانغا بارغانلىقىنى؛ دەرۋىشلەرنى چاھار تاقدا كۆرگەنلىكىنى؛ شۇ كېچىسى ئىككى كىشىنىڭ (ئىككى دەرۋىشنىڭ) سەرگۈزەشتىسىنى ئىشتكەنلىكىنى؛ دەرۋىشلەرنى گۈمبەزدىن (چاھار تاقدىن) بارگاھقا ئېلىپ بارغانلىقىنى؛ يەنە ئىككى كىشىنىڭ (ئىككى دەرۋىشنىڭ) سەرگۈزەشتىسىنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى؛ بۇلار (بۇ ئىككىسى) ھەم ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلغانلىقى؛ ئاخىرىدا ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ ھوسۇلىنى تىلەپ جامائەت بىلەن بىرلىكتە تەڭرىتائالاغا مۇناجات قىلغانلىقى؛ تەڭرىتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن دۇئا ئۇقى ئىجابەت نىشانىغا

---

① تۇرفە — ئاجايىپ، كەم ئۇچرايدىغان
② باسەفا — ساپالىق، يېقىملىق
③ مەملۇ — تولغان، پۈركەنگەن.
④ رىيازىن — بىغ، باغلار
⑤ سەھن — مەيدان، ھويلا
⑥ لەھن — ئاۋاز، كۈي
⑦ سەۋت — ئاۋاز، ئاھاڭ، كۈي
⑧ قۇمرى — پاختەك
⑨ گۇشە — بۇلۇڭ، بۇلۇڭ - پۇچقاق

تېكىپ، شۇ سائەتتە شاھزادىنىڭ تەۋەللۇت تاپقانلىقى؛ دەرۋىشلەرنىڭ قەدىمىنى مۇبارەك بىلىپ، بۇلارنىڭ مەقستى ۋە تەھسىلگە ھىممەت كەمرىنى باغلىغانلىقى؛ بۇ يەتتە يىلدىن بېرى لۇتپى ئىلاھىيغا مۇنتەزىر بولغانلىقى ۋە ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلغانلىقى قاتارلىقلارنىڭ بايانىنى بىر - بىرلەپ زاھىر قىلدى.

ۋاقتىكى، مۆلكى شەھباز بۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى ئۇ دەرۋىش — پېقىرلارغا ئىلتىپات قىلىشقا مايىل بولۇپ، ئۇلارنى مەقستىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ياردەم بېرىدىغانلىقىنىڭ خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ئاندىن ھۇزۇرىدىكى جىن ۋە پەرىزاتلارغا پەرمان قىلىپ:

«يەر يۈزىدە ياشىغۇچى سەيىيارە جىنلار ۋە پادىشاھ جىنلار، پەرىلەرنىڭ ھەممىسى تېزلىك بىلەن ھازىر بولسۇن!» دەپ نامىلەر يازدى.

نامىلەرگە يەنە شۇنداق يېزىلغانىدىكى:

«ئەگەر بۇلار (يەر يۈزىدە ياشىغۇچى جىنلار) ئادەمزاتلار بىلەن بىللە بولغان بولسا، شۇ ئادەملەر بىلەن بىرگە ئېلىپ كېلىنسۇن! ناۋادا ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىرى بولغان پېقىرنىڭ پەرمانىدىن بېشىنى قايتۇرۇدىغانلار بولسا، تەنبىھ ۋە سىياسەتكە سەزاۋەردۇر!»

پەرىلەر، دىۋىلەر، جىنلار دەرھال تېزلىك بىلەن ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، ھەرتەرەپكە بۆلۈنۈپ ئالەم ئەتراپىغا تارالدى. ھەربىرى ئۆزىگە بۇيرۇلغان تەرەپكە يۈزلەندى.

مۆلكى شەھباز بولسا، دوستلار بىلەن سۆھبەت ۋە ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. سۆھبەت ئۈستىدە مۆلكى شەھباز بۇلارغا مۇنداق بىر ھېكايە ئېيتىپ بەردى:

نەچچە مۇددەت بولدىكى، مەن ھەزرىتى رەھمان، يەنى ئىنسۇ جاننىڭ ياراتقۇچىسى تەڭرىمدىن بىر پەرزەنت تەلەپ قىلغانىدىم. تا ئارزۇيۇم تاماملىغا يېتىپ، ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى تەڭرىم ئۇشبۇ قىزىمنىڭ ۋۇجۇدىنى ئانىسىنىڭ تېنىدە تۆرەلمە قىلدى. ئۇنىڭ شادلىقى بىلەن ئۇ تەۋەللۇت بولۇشتىن ئىلگىرى:

«ئۇشبۇ پەرزەنتىم خاھى قىز، خاھى ئوغۇل بولسۇن، ئادەمزات ئەۋلادىدىن بۇنىڭ بىلەن بىركۈندە تۇغۇلغان پەرزەنتنى ئۇنىڭغا نامزات قىلىمەن» دەپ ئەھد قىلغانىدىم. ۋاقتىكى، ئۇشبۇ پەرزەنتىم تۇغۇلغاندا خەۋەر ئالدۇرسام قىز ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن «تا ھەرقانداق يەردە شۇ سائەتتە تۇغۇلغان ئوغۇل بالا بولسا، ئېلىپ كېلىڭلار!» دەپ جىن - پەرىلەرنى ئالەمنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە ئەۋەتتىم. ياراتقۇچى ئىگەمنىڭ تەقدىرى بىلەن ئازادە بەختنىڭ شاھزادىسى شۇ سائەتتە ۋۇجۇدقا كەلگەنىكەن. بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن خۇدايتائالا ئۇنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىگە كۆڭلۈمدىن جاي بەردى. پەرىزات - ئىنىكئانىلارغا بۇ ئوغۇلنى ئېمىتىشكە پەرمان قىلدىم. شۇندىن بۇيان ھەر ئايدا ئالدۇرۇپ كېلىمەن. كۆڭلۈمنىڭ دوستلۇقى جەھەتىدىن بەزى سورىغانلارغا «ئوغلۇم» دەپ جاۋاب بېرىمەن.

ئازادە بەخت بۇ خۇش خەۋەردىن خۇش ۋاقت بولۇپ، ئورنىدىن قوپۇپ مۆلكى شەھبازنىڭ پايتەختىنى بۇسە قىلدى. مۆلكى شەھباز ئۇنىڭغا ئىززەت بىلەن سۇلايمان لىباسىنى تارتۇق قىلدى.

يەتتە كۈندىن كېيىن پەرمان ئېلىپ كەتكەن جىن - پەرىلەر بىلەن ئۆزگە دىۋە، جىن - پەرىلەرنىڭ پادىشاھ ۋە ئۇلۇغلىرى — گۈلىستانى ئىرەمدىن تارتىپ شەھرى بىللۇردىكىلەرگىچە ھەممىسى ھازىر بولدى. مۆلكى شەھباز بۇلار ئۈچۈن مەجلىس ئاراستە قىلىشقا پەرمان قىلدى.

ئۇ مەجلىستە [مۆلكى شەھباز] مۆلكى سادىقتىن ئۇ گۈل يۈزلۈكنى تەلەپ قىلدى. مۆلكى سادىق كۆپ ئىزتىراپلاردىن كېيىن ئۇنى ھازىر قىلدى. ئاندىن كېيىن [مۆلكى شەھباز] جىنلارنىڭ پادىشاھى مۆلكى ئۇممانغا پەرمان قىلدى. چۈنكى نىمرۇز مەملىكىتىنىڭ پادىشاھىنىڭ ئوغلى، يەنى گۇسۋار يىگىت مۆلكى ئۇممانىنىڭ قىزىغا گىرىپتار ئىدى. شۇ سەۋەبلىك جىنلار ئۇ قىزنى سېھىر بىلەن ئۇيقۇغا مايىل،

ئۇ يىگىتنى بولسا مەجنۇن سۈپەت قىلىپ قويغاندى. مۆلكى ئۇممان مۆلكى شەھبازنىڭ سىياسىتىدىن ۋەھىمە قىلىپ ئۇ سېھىرلەرنى بىكار قىلدى. ئۇلار ئۆز جايلىرىدا ھوشلىرىغا كەلدى. ئاندىن كېيىن پەرەڭ پادىشاھىنىڭ قىزى بىلەن بېھزادخاننى تەپتىش قىلغانىدى، جىنلار ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ روھى پاكلىرىدىن قەسەمياد قىلىپ ئۇنىچقىمىدى. پەقەت دەريايى قۇلزۇم جىنلىرىنىڭ پادىشاھى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ توردى. مۆلكى شەھباز [ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ] قەسەم بەرگەنىدى، ئۇ:

— شۇ كۈنى ئەجەم پادىشاھى ئوغلىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن دەريا لېۋىگە كەلگەندە، مەن ھەم تاماشا ئۈچۈن كەلگەنىدىم. ئۇ يەردىكى قىزنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ قىزنى سۇغا ئېلىپ كىرگەنىدىم. بېھزادخان ئۇنى سۇدىن قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن غەزەپ بىلەن ئېتىنى سۇغا سالدى. ئۇنىڭ مەردلىكىنى كۆرۈپ، ئىنساب يۈزىسىدىن ئۇنى سۇغا غەرق بولۇشتىن ساقلاپ قالدىم. ئۇ ھەم شۇ تاپتا خىزمىتىمدىدۇر، — دېدى. مۆلكى شەھباز ئەمىر قىلىپ ئۇلارنى ھەم ھازىر قىلدۇردى. ئاندىن كېيىن [مۆلكى شەھباز] شام پادىشاھىنىڭ قىزىنى سۈرۈشتۈردى. جىنلار:

— بىز ئۇنىڭدىن ۋاقىپ ئەمەسمىز، — دەپ قەسەمياد قىلىشتى. مۆلكى شەھباز:

— جىنلارنىڭ جامائەسىدىن بۇ يەرگە كەلمىگەن كىشلەرمۇ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار:

— مەسەلسەل جادۇ دېگەن بىر جادۇگەر جىن كەلمىدى. ئۇ جادۇگەرلىك ئىلمى بىلەن تامامى ئالەمنى تالان قىلغان. ئۇنىڭ ماكانى پالانى جايدىكى تاغنىڭ ئۈستىدە. ئۇ يەرگە سېھرى بىلەن بىر قەلئە بىنا قىلغان. ئۇ شۇ قەلئەنىڭ ئىچىدە ئىستىقامەت قىلىدۇ. ئۇ ھېچقايسىمىزغا دوست ئەمەس. ھېچقايسىمىز ھەم ئۇنىڭغا دوست ئەمەسمىز، — دېيىشتى.

مۆلكى شەھباز دېۋىلەرگە.

— سىلەر بېرىپ بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۇشۇل مەسەلسەل جادۇنى ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپ ئەمىر قىلدى.

دېۋىلەر بېرىپ نەچچە كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلىپ، ئاخىر مەسەلسەل جادۇنى ئېلىپ، تامام خەزىنە-دەپىنلىرىنى غارەت قىلدى. شام پادىشاھىنىڭ قىزى شۇ يەردە ئىكەن. ئۇنىمۇ ئېلىپ مۆلكى شەھبازنىڭ ھۇزۇرىغا يېنىپ كېلىشتى.

ئاندىن كېيىن مۆلكى شەھباز خۇش ۋاقىت بولۇپ، پەرىلەرگە ئەمىر قىلىپ بەسرە شەھرىدىكى ھاتەم سۈپەت مەلىكىنى ھەم ھازىر قىلدۇردى ۋە يەنە نىمرۇز شەھىرىنىڭ پادىشاھزادىسى گۇسۋار يىگىتنىڭ سىڭلىسىنى ۋە ئۇنىڭ مەشۇقەسىنى ھازىر قىلدۇردى. ئاندىن كېيىن مۆلكى شەھباز يەنە چىن شاھزادىسىنىڭ تاغىسىنى قىزى بىلەن ھازىر قىلدۇرۇپ، ئۇشبۇ مەجلىسكە دەرۋىشلەرنى ۋە پادىشاھ ئازادە بەختىنى تەكلىپ قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى. بۇلار ھەم ھازىر بولدى. ئەمما، ئۇشبۇ مەجلىسكە ھازىر بولغان ئادەم پەرزەنتىنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ كۆزىگە پەرىلەر كۆرۈنمەيتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ غولغۇلا قىلىشقان ئاۋازلىرى بۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا كىرىپ تۇراتتى. مۆلكى شەھباز خەزىنىچىسىگە بۇلارنىڭ كۆزلىرىگە سۈرمە سۈرۈپ قويۇشنى ئەمىر قىلدى. خەزىنىچى سۈرمەئى سۇلايمانىنى ئېلىپ كېلىپ بۇلارنىڭ كۆزلىرىگە تارتتى. كۆزلىرى ئاچچىكىم ئېچىشقاندىن كېيىن نەچچە قەترە ياش چىقىپ دەرھال روشەن بولۇپ گويا جەننەت بېغىنى كۆرگەندەك بولدى. ئاندىن كېيىن ياساۋۇللار، پەرىلەر كېلىپ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ نايىبى مۆلكى ئەئزەم، يەنى مۆلكى شەھباز ۋە ئىبنى شەھبال بىننى شاھرۇخ سىزلەرنى ئوردىسىغا تەكلىپ قىلدى دەپ، بۇلارنى باغنىڭ ئىچى بىلەن ئېلىپ ماڭدى. ئازادە بەخت بىلەن دەرۋىشلەر ھەرقانچە يول يۈرگەن

بىلەنمۇ، باغنىڭ كەڭلىكىدىن چىتنى (چېگرىسىنى) بىلەلمىدى. ناگاھ بىر جايغا يەتتىكى، ئىمارەتلىرى بىھىش-ئەنبەرسىرىشتتىن①نىشان بېرەتتى. بېيىت:

كۆزگە بولغان خىشتلاردىن ئاشكار،
زىبىب②ئىلە دىۋار③قىلمىش زەرنىگار④.

ئۇلار شۇ يەردە تەئەججۇب بىلەن تۇراتتى. ناگاھ بۇلارنىڭ قۇلىقىغا ئىچكىرىدىن سازاندىلەرنىڭ ساز مەشىق قىلىۋاتقان ئاۋازى كەلدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن پەلەكنىڭ قۇلاقلىرى پاك بولاتتى. ئۇلار ئىچكىرىگە كىرىپ مىسالى يوق بىر مەجلىسنى كۆردىلەركى، ھەر بۇلۇڭغا تۆت پۇتلۇق سەندەل كۇرسى ۋە نۇرغۇن تەختلەر تەرتىپ بىلەن تىزىلغان؛ ئۇ تەختلەردە بولسا، گۈل يۈزلۈك پەرىلەر ئۆزلىرىگە ئادايىش بېرىپ، يۈز ناز - كەرەشمە بىلەن ئولتۇرۇشقاندى، بېيىت:

مەجلىس بەردىكى جەننەتدىن نىشان،
ھۆرۋەشلەر ھەرتەرەپ ئىبردى ئەيان.

ئۇشبۇ مەجلىسنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ساپ ئالتۇندىن ياسالغان بىر تەخت قويۇلغان بولۇپ، مۇلكى شەھباز شۇ تەختنىڭ ئۈستىدە يانپاشلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئالتە - يەتتە ياشلاردىكى پەرىزات باللار شاھزادە بەختىيارنى خۇش ۋاقت قىلماقتا تەرەددۇت قىلىپ، شاھزادە بەختىيار بىلەن ئويناپ يۈرۈپتۇ. دەرۋىشلەر بىلەن ئازادە بەخت مۇلكى شەھبازنىڭ بۇ قاتارلىق ئەزىمەتلىكىنى كۆرۈپ، خىجالەتتىن تەرگە چۆمۈلۈپ باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ دېيىشتىكى، نەزمە:

ئەي مۇسەخخەر⑤ساڭا جەھانبانلىق⑥،
بۇ جەھان ئىچرە قىل مېھرىبانلىق.
سەندىن ئۆزگە مەباد⑦بەخت نىگىن،
لايىقدۇر ساڭا سۇلەيمانلىق.
لايىق ئېرمەس ساڭا دېگەن ۋەسفىن⑧،
بۇ دېگەن ۋەسفىدىن سەن ئېھسانلىق.

مۇلكى شەھباز بۇلارنىڭ ئىززىتىنى بەجا كەلتۈرۈپ، تەختى سەندەلدىن جاي بېرىپ، ئۇشۇل كۈننى ئەيش - ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزدى. ئەتىسى پەرىزات ئەركەك ۋە خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى تويغا تەكلىپ قىلىنىپ، خوتۇنلار خوتۇنلار بىلەن، ئەركەكلەر ئەركەكلەر بىلەن ئۆز قائىدىلىرى بويىچە بەزمىگە مەشغۇل بولدى.

ۋاقتىكى، توي تامام بولغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن ياخشى سائەتتە مۇلكى شەھباز قىزىنى شاھزادە

---

① ئەنبەرسىرىشت — خۇش بۇي
② زىبىب — بېزەك، زىننەت
③ دىۋار — تام
④ بۇ مىسرالار 028 - نومۇرلۇق قولىيازمىدا «سىنىم - زەردىن خىشتلاردۇر ئاشكار، گويىيا بىر خىرمەندۇر زەرنىگار» دەپ يېزىلغان.
⑤ مۇسەخخەر — ئۆزىگە تارتىلغان، بويسۇندۇرۇلغان
⑥ جەھانبانلىق/جەھانبانلىغ—پادىشاھلىق، ھۆكۈمرانلىق
⑦ مەباد — مۇبادا، ناۋادا
⑧ ۋەسف — تەرىپلەش، ماقتاش

بەختىيارغا نىكاھ قىلىپ بەردى. ئاندىن كېيىن شام پادىشاھىنىڭ قىزىنى بىرىنچى دەرۋىش، يەنى يەمەنلىك سودىگەرزادىگە نىكاھ قىلىپ بەردى. ئاندىن كېيىن پەرەڭ پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئىككىنچى دەرۋىش — ئەجەملىك پادىشاھزادىگە نىكاھ قىلىپ بەردى. ئاندىن كېيىن بەسرەلىك ھاتەم سوپەت مەلىكنى ئۈچىنچى دەرۋىش — پارس پادىشاھىغا نىكاھلاپ بەردى. ئاندىن كېيىن مۆلكى سادىقنىڭ قولىدىكى قىزنى تۆتىنچى دەرۋىش — چىن پادىشاھىنىڭ ئوغلىغا نىكاھ قىلىپ بەردى. چىن پادىشاھىنىڭ قىزىنى (چىن شاھزادىسىنىڭ تاغىسىنىڭ قىزىنى) مۆلكى سادىققا؛ مۆلكى ئۇممانىنىڭ قىزىنى گوسۋار يىگىتكە؛ ئۇنىڭ سىڭلىسىنى بېھزادخانغا نىكاھ قىلىپ بېرىپ، ھەممىسى خوش ۋاقىت بولۇپ ئىشرەتكە مەشغۇل بولۇشتى. ئاندىن كېيىن مۆلكى شەھباز ھەممىلىرىگە ئىنئام بېرىپ، دەرۋازىۋەن جىنلارغا ئەمر قىلىپ، ھەممىسىنى ئۆز مەملىكەتلىرىگە يەتكۈزۈپ قويدى. پادىشاھ ۋە پادىشاھزادىلەر ئۆز سەلتەنەتلىرىدە مۇقەررەر بولدى. بىرىنچى دەرۋىش[1]— يەمەنلىك خوجىزادە ۋە بېھزادخان مۆلكى شەھبازنىڭ ئەمرى بىلەن ئازادە بەخت ۋە بەختىيار شاھنىڭ خىزمىتىدە لەشكەر بېشى بولۇپ، ھەمىشە بۇلارنىڭ سايەئى دۆلىتىدە دوستلۇق ۋە ئۇلپەتچىلىك ئالاقىسى بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزدى...

[ئۆز سەلتەنىتىنى قوللىرىغا ئېلىشقان پادىشاھ ۋە پادىشاھزادىلەر ئۇرۇق - تۇغقان ۋە بالا - چاقىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، خۇش ۋاقىت ۋە خۇشال - خۇرام بولۇپ، خەزىنە ۋە دەپىنىلىرىنى سەرپ قىلىپ ئەل ئۈچۈن يىگى باشتىن توي قىلىپ بەردى. (شەھەردە يىگى تون كىيمىگەن گاداي ۋە ئۇستىخان يېمىگەن ئىت قالمىدى) . پادىشاھ ۋە پادىشاھزادىلەر، سودىگەر ۋە سودىگەرزادىلەر ئۆز مەشۇقلىرى بىلەن ھۇجرىلىرىدىن ئورۇن ئېلىشىپ، ھەق سۇبھانە ۋە تائالاغا سېغىنىپ، كېچە ۋە كۈندۈز تائەت - ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇشۇپ، ئۆلىمالار بىلەن ھەمسۆھبەت قورۇپ، ئادالەت بىلەن ئەل باشقۇرۇپ ئالەمى پانىيدىن ئالەمى باقىيغا يۈز قويۇشتى.[2]]

خۇدا ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھەممىگە سەۋەب قىلغۇچىدۇر.

* *

ئۇشبۇ كىتاب ھەممىنى بەخش قىلغۇچى ۋە پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى ئاللانىڭ ياردىمى بىلەن تاماملىغا يەتتى. ساھىبى قاسىم بېگىم. كاتىپ چىرا كەنتىدىن مۇھەممەد نىياز. تارىخقا بىرمىڭ ئۈچ يۈز يىگىرمە ئالتە (مىلادىيە 1908)، يولۋاس يىلى، رەجەب (7 - ئاي) ئېيىنىڭ ئونىدا — چارشەنبە كۈنىدە تامام بولغان.

* *

قويۇپ ئېركەن ئاتىمنى موللا نىياز،
ئاتاپ ئېردى ئىماملارىم يەنە نىياز.
نەچچە كۈن، نەچچە سائەتى ئۆتتى،
ئەۋۋەل - ئاخىر تەمامىغە يەتتى.
شۈكرى لىللاھ دەپ تەمام ئەيلەپ،
قۇتۇلۇپ خارىج ئىختىيار ئەيلەب.
بەردىلەر نەزرە كۆپ زىيافەت ئىلە،
شادۇ خۇررەم بولۇپ كۆپ مەلامەت ئىلە.
نەچچە كۈن، نەچچە سائەتدە بولدى تەمام،
قويۇپ ئالدىمدا نەزرەنى باتەمام.

① 0114 - نومۇرلۇق قولىيازمىدا «تۆتىنچى دەرۋىش» دەپ يېزىلىپ قالغان. 028 -نومۇرلۇق قولىيازما بويىچە تۈزىتىلدى.
② بۇ مەزمۇنلار 028 - نومۇرلۇق قولىيازمىدىن تولۇقلاندى.

# ئەبۇنەسىر فارابى ئەسەرلىرىدىن

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: جاببار ئەمەت

## ئەرەستۇ فەلسەفەسى

## (فەلسەفەتۇ ئەرىستۇتالىس)

### ئالتىنچى بۆلۈم[1]

ئەرەستۇ كائىناتنى ئەڭ دەسلەپتە تەشكىل قىلغان جىسىملارنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى بايان قىلىدۇ. بۇ جىسىملار مەجمۇئەسىدە باشقا ھەممە جىسىملارغا ئايلانما ھەرىكەت بەرگۈچى جىسىم بولغىنى ئۈچۈن زۆرۈرىي رەۋىشتە ئىككى ماكان بولۇشى كېرەك. ئۇلار: ئوتتۇرىدىكى يەنى، مەركەزدىكى ماكان ۋە مەركەزنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان ماكان. شۇنىڭ بىلەن بىللە مېخانىك ھەرىكەت تۈپەيلىدىن ھەرىكەتلەنگۈچى جىسىملار بولۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاددىي ئۈچ خىلى بار: ئايلانما بويلاپ ھەرىكەت، ئوتتۇرىغا (مەركەزگە) ئىنتىلگۈچى ھەرىكەت ۋە ئوتتۇرىدىن (مەركەزدىن) چەتتىكى ھەرىكەت. ھەرىكەتنىڭ بۇ ئۈچ خىل ياندىششىنىڭ تۆرلۈك خىللىرى بولىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق بوشلۇق يوق.

ئەرەستۇ ئوتتۇرىدىن (مەركەزدىن) چەتتىكى ھەرىكەتنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئۇ ھەرىكەت مىقدارى جەھەتتىدىن بىرمۇ ياكى كۆپرەكمۇ؟ ئۇ، بۇ ھەرىكەت ئۈچ تۆرلۈك دەپ چۈشەندۈرىدۇ، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەربىرىنى ئايرىم تەرىپلەيدۇ. ھەربىر خىلىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇلاردا بار بولغان ماھىيەتتىي ئارەزلەرنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەرەستۇ ھەرىكەتنىڭ بۇ خىللىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزى قانداقلىقىنى، نېمىدىن ۋە نېمە ئۈچۈن بولۇشلىرىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئۇ، ئاشۇ ھەرىكەتلەر ئاددىي جىسىملارغا خاس ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. كائىناتنى تەشكىل قىلغان بۇ جىسىملار .بىرقانچىدۇر. ئۇ، ئاشۇ جىسىملارنىڭ كائىناتتىكى

---

① بېشى ئۈتكەن ساندا

جايلىششلىرى ھەمدە بىر - بىرىگە نىسبەتەن ھالەتلىرى ۋە تەرتىپىنى ئېنىقلايدۇ. يەنە ئۇلارنىڭ ھەربىر قىسمىنى ۋە ئۇ قىسىملارنىڭ جايلىشىش تەرتىپىنى تەرىپلەيدۇ. ئاددىي قىسىملاردىن بىرى «بىرىنچى قىسىم» دۇر. ئۇ، ئومۇمىي ماددىغا ئىگە ۋە شەكىل بىلەن پەرقلەنگۈچى باشقا تۆت جىسىم: تۇپراق، ئوت، ھاۋا ۋە سۇدىن پەرقلىنىدۇ. بۇ تۆت ئاددىي جىسىملار بىرىنچى جىسىمدىن تۆۋەن تۇرغۇچى باشقا جىسىملارنى يارىتىدىغان ئونسۇرلار (ئېلېمېنتلار) دۇر. بۇ ئونسۇرلارنىڭ بىرى باشقىلىرىدىن، ئونسۇرلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئاددىيراق قىسىملاردىن يارىتىلىدۇ. ئەمما «بىرىنچى جىسىم» دىن پەيدا بولمايدۇ.

بۇلار ھەققىدە ئۇنىڭ «كىتابەل - سەما ۋەل - ئالەم» ئەسىرىدىن مەلۇمات ئالسا بولىدۇ. ئەرەستۇ بۇ ھەقتە «كىتابەل - سەما ۋەل - ئالەم» نىڭ ئاخىرىدا بايان قىلغان ماۋزۇنىڭ باشقا بىر رىسالىسىدە داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ ئەسەردە ئۆز - ئۆزىچە پەيدا بولغان ئاشۇ تۆت ئونسۇر، بىرى يەنە باشقىسىدىن يارىتىلىدۇ، دەپ يازىدۇ. يەنە ئۇنىڭ پىرىنسىپچە، ئەگىشىش ئۇسلۇبى بويىچە بىر جەۋھەرنىڭ ماددىسى باشقا يەنە بىر جەۋھەرنىڭمۇ ماددىسى بولىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىلىدۇ. دەرھەقىقەت، ھەربىر ئونسۇر باشقا ئونسۇر ئارقىلىق يارىتىلىدۇ. باشقا يارىتىلغان جىسىملار بولسا، شۇ ئونسۇرلاردىن يارىتىلىدۇ. ئونسۇرلار ئاساس ۋە كۆچلەرگە ئىگىدۇر. ئۇلار تۆپەيلىدىن ئونسۇرلار بىر - بىرىدىن پەيدا بولىدۇ ھەمدە ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۆزگە جىسىملارنى يارىتىدۇ. پەيدا بولۇش ۋە بەرباد بولۇش (فەساد) قا كەلسەك، ئۇلار ھەققىدە مۇنداق پىكىر بىلدۈرۈلگەن: بىر ھالەت باشقا ھالەتكە ئۆتىدۇ، پەيدا بولۇش — راۋاجلىنىشنى، بەرباد بولۇش ئىنكارنى بىلدۈرىدۇ. پەيدا بولۇش — ئەل كەۋن (مەۋجۇدلۇق) نىڭ نىمە ئىكەنلىكى روشەن ئىكەن، دېمەك بىر جىسىمنىڭ باشقىسىدىن پەيدا بولۇشى، بىرى باشقىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى، بىرى باشقىسىغا تەسىر كۆرسىتىشى ئۈچۈن ئۇلار بىر - بىرىگە تېگىپ تۇرۇشلىرى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال پەيدا بولۇش ۋە بەرباد بولۇش جەريانىنى ئۆگىنىش زۆرۈر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزى نېمىدىن ئىبارەت، قانداق ۋە نېمىدە مەۋجۇد ئىكەنلىكلىرىنى بىلىش كېرەك. يەنە پەيدا بولۇش ۋە بەرباد بولۇش ئاددىي بىرلىشىشتىن ياكى ئاجرىلىشتىن ئىبارەت ئەمەسلىكىنى، بىر ھالەتتىن باشقا بىر ھالەتكە ئۆتۈش ۋە پەيدا بولۇش ۋە نە بەرباد بولۇش ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك بولىدۇ.

كېيىن ئەرەستۇ سۈپەتلەرنىڭ تەسىر قىلىش ۋە تەسىرلىنىش (ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە ھەرىكەتلىنىش) تىن ئىبارەت جىسىملارنىڭ تەلاموسىنى (بىر - بىرىگە تېگىپ تۇرۇشىنى) كۆرۈپ چىقىدۇ. ئۇ يەنە، بىرى باشقىسىغا تەسىر ئۆتكۈزگۈچى ۋە باشقىسى ئۆزى تەسىرلەنگۈچى جىسىملارنىڭ خىسلەتلىرىنى كۆرۈپ چىقىدۇ.

كېيىن ئۇ، تەسىر (ھەرىكەت) نىمە ۋە تەسىرلىنىش (ھەرىكەتلىنىش — باشقا بىر كۈچ تەسىرىدە) نىمە ئىكەنلىكىنى، ئۇلار بۇ تۇيغۇ بىلەن ئىدراك ئېتىلگۈچى سۈپەتلەردە بولۇشلىرىنى تەھلىل قىلىدۇ، ئۇنىڭ قانداق يۈز بېرىشىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەرەستۇ يەنە بىرىكىش (سىنتېز)، قوشۇلۇپ كېتىش ۋە باشقا تەبىئىي جىسىملار مەۋجۇدلۇقىنىڭ سەۋەبى بولغان تۆت ئونسۇرنىڭ قوشۇلۇشى نەتىجىسىنى تەھلىل قىلىدۇ.

# يەتتىنچى بۆلۈم

بۇلارنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئەرستۇ ئاشۇ تۆت (تۇپراق، ئوت، ھاۋا ۋە سۇ) جىسمنىڭ تەھلىلىگە ئۆتىدۇ. بۇ ئۇنسۇرلار قانداق خىسلەتكە ئىگە، ئۇلارغا قانداق مەزمۇنلار سىڭدۈرۈلگەن، ئۇلارنىڭ شۇنداق بولۇشىغا ياردەم بېرىدىغان ئاساس ۋە كۈچلەر بارمۇ؟ ئۇلار ئۆز ماھىيەتلىرىگە قارىغاندا ئۇنسۇرمۇ ياكى تەبىئىي سەۋەبلەر تۇپەيلىمۇ؟ ئۇلار بىرىنچى ئەڭ ئاددىي جىسىملارمۇ ياكى ئۇلاردىن ئاۋۋال باشقا زەررىلەر بارمۇ؟ ئۇلارغا ئۇلارنى چەكسىز قىلغۇچى كۈچلەر ھەمراھ بولامدۇ ياكى ئۇلار نىھايەلىك (چېگرىلانغان) مۇ؟ بۇ يەردە ئەرستۇ ئاۋۋالقى ئېيتىپ ئۆتكەنلىرىدىن پەرقلىق رەۋىشتە ئۇنسۇرلارنى بىنىھايە دەپ ھېسابلاپ بولمايدۇ، دەيدۇ. ئىلگىرى ئۆز تەتقىقاتلىرىدا ئۇ ھەرقايسى ئايرىم ئېلىنغان ئۇنسۇر ئالەم بوشلۇقىدا چەكسىز ياكى چېگرىلانغانمۇ، كائىناتنى تەشكىل قىلغان بىرىنچى جىسىملار ناھايىتى كۆپ مىقداردىمۇ يوقمۇ؟ دېگەن مەسىلىلەرنى قويغانىدى. ئەمدىكى تەتقىقاتلار ئاشۇ مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان: ئۇلار (يەنى ئۇنسۇرلار) قانداقتۇ يول بىلەن شۇ ئۇنسۇرلارنى ناھايىتى كۆپ ئۇنسۇرلار بولۇشىغا ياردەم بەرگۈچى كۈچكە ئىگە بولامدۇ - يوق؟ ئۇنسۇرلار ئەبەدىيمۇ ياكى ئۇلارمۇ پەيدا بولۇپ، يەنە بەرباد بولامدۇ؟

ئۇلار ئەبەدىي (باقىي) بولالمايدۇ. چۈنكى ھاۋا، سۇ، تۇپراق ۋە ئوت بۆلۈنىدۇ، بىرى باشقىغا ئايلىنىدۇ ۋە بەلكى ھەربىر ئۇنسۇر ھەربىر باشقىسىدا مەۋجۇددۇر. مىسال تەرىقىسىدە ھاۋانى ئالساق، ئۇ تۆت ئۇنسۇرنىڭ بىرىدۇر ئۇنىڭغا قانداقتۇ بىلقۇۋۋەت (Потнциая)[1] ئىمكانىيەت ھەمراھ بولۇشى مۇمكىن، شۇ بىلقۇۋۋەت ئىمكانىيەت تۇپەيلىدىن ئۇ ئۇنسۇر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ۋە ئۇنىڭغىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنى ئۇنسۇرلارغا ئاجرىتىپ تاشلايدىغان باشقا بىر كۈچ ھەمراھ بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھال مۇنداق چاغلاردا يۈز بېرىشى مۇمكىن: يا سۇ ناھايىتى كۆپ قىسىملارغا (بۆلەكلەرگە) بۆلۈنۈپ كېتىدۇ ياكى سۇنىڭ ھەربىر قىسىم - بۆلىكىدە شۇنداق كۈچلەر باركى، ئۇلار تۇپەيلىدىن سۇ ئاشۇ ھەربىر كۈچكە ئىگە بولغان ئۇنسۇر بولالايدۇ. ئەرستۇ بۇلارنىڭ ھەممىسى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇنسۇرلار سانى چەكسىز ئەمەس ۋە ئۇنسۇرلار مەۋجۇدلۇقىنى تەمىنلىگۈچى سەۋەبلەر مۇتلەق باقىي بولۇپ قالالمايدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئەرستۇ بىلقۇۋۋەت ئىمكانىيەت بار، ئۇلار تۇپەيلىدىن بىر جىسىم باشقىسىغا تەسىر ئۆتكۈزىدۇ، بىرى باشقىلىرىدىن تەسىرلىنىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى ھەربىر پەيدا بولىدىغان جىسىمنىڭ پەيدا بولۇشى، ئالدى بىلەن جىسىمنىڭ بەزى تۇيغۇ بىلەن ئىدراك ئېتىلىدىغان سۈپەتلەرگە بولغان تەسىرى سەۋەب بولىدۇ. نەتىجىدە جىسىم جەۋھىرى نە يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك. جىسىملار ئاشۇ تۆت جىسىم ئۇنسۇر بولۇشقا سەۋەب بولغۇچى شۇ سۈپەتلەر سۈپەتلەردىن تەسىرلىنىشلىرى ئۈچۈن زۆرۈرىيەت سەۋەب بولىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

---

[1] بىلقۇۋۋەت Потнциал — ئېلېكتر ياكى ماگنىت مەيدانىنىڭ مەلۇم نۇقتىدىكى ھالىتىنى خاراكتېرلەيدىغان مىقدار، ئىمكانىيەت، كۈچ - قۇدرەت.

كېيىن ئەرەستۇ، ھەربىر ئايرىم ئۇنسۇر باشقىسىدىن پەيدا بولامدۇ ياكى ئۈچ ئۇنسۇر بىرسىدىن پەيدا بولامدۇ، دېگەن مەسىلىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئۇ بىر ئۇنسۇرنىڭ باشقىسىدىن پەيدا بولۇشىنى ۋە بۇ ھال قانداق يۈز بېرىشىنى بايان قىلىدۇ. كېيىن ئەرەستۇ باشقا جىسىملارنىڭ پەيدا بولۇشلىرىنى تەھلىل قىلىدۇ: ئۇلار قانداق پەيدا بولىدۇ. قانداق ئارىلىشىدۇ، بىرىكىش جەريانى قانداق ئۆتىدۇ، يەنى جىسىملار قايسى جەريان نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ؟

## سەككىزىنچى بۆلۈم

ئەرەستۇ بۇ مەسىلىنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈپ، بىر خىل جىسىملارنىڭ باشقىلىرىغا تەسىر ئۆتكۈزۈشكە باشلىشى، ئىككىنچىسى بولسا تەسىرلىنىشكە باشلىنىشىنىڭ سەۋەبى بولغان ئاشۇ سەۋەبلەر ۋە ئاساسلار بېتەرلىكمۇ — يوق، دېگەن مەسىلىنى تەتقىق قىلىدۇ. ھەربىر نەرسە ھەم ئىمكانى، ھەم ھەقىقەتەن مەۋجۇد بولغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى (تەسىر ئۆتكۈزگۈچى) ۋە ھەرىكەت تەسىرىنى ئۆزىدە سەزگۈچى (تەسىرلەنگۈچى) بولۇشى مۇمكىن. ئۇ، بىر - بىرىگە نىسبەتەن جايلاشقان جىسىملار كائىناتقا خاس بىرىنچى ئىمكانىيەتنى كۈچلۈك تەشكىل قىلىشلىرى ئۈچۈن، بىر خىل جىسىملاردىن باشقىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشلىرى ئۈچۈن، ئاشۇ ھالەت يېتەرلىكمۇ — يوق ياكى ئۇلار باشقا كۈچلەر ياردىمىدە بىر - بىرىگە يېقىنلىشىشلىرى ئۈچۈن، بىر - بىرى بىلەن قوشۇلۇشلىرى ئۈچۈن ياردەملەشكۈچى ۋە ئۇلاردىن يېڭى جىسىم پەيدا بولۇشىغا ئاساس بەرگۈچى بىرەر تاشقى تەسىر قىلغۇچى كۈچكە مۇھتاجمۇ — يوق؟ دېگەن ھالەتلەرنى بايان قىلىدۇ. ئۇ، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن نەرسىلەر نە ئۇلارنىڭ ئاساسلىرى نە ئۇلارنىڭ جەۋھەرلىرى، نە باشقا خىسلەتلىرى بۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى، يېڭى جىسىملار پەيدا بولۇشى ئۈچۈن، بىرىدىن باشقىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈچۈن دېمەكچى بولسا كېرەك) يېتەرلىك ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن قانداقتۇ باشقا تەسىر قىلغۇچى سەۋەبلەر بولۇشى زۆرۈر، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەرەستۇ تەسىر قىلغۇچى ھەرىكەتتىكى كۈچلەرنىڭ ئاساسلىرىنى تەھلىل قىلىدۇ. بۇ كۈچلەر ياردىمىدە بىر خىل جىسىملار باشقىلىرىغا تەسىر قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بىرلىشىشلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى بىر - بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ. شۇ قاتاردا، ئەرەستۇ ماددىلارنى ۋە ھەممە ئۇلار تۈپەيلىدىن پەيدا بولغۇچى ۋە بەرباد بولغۇچى جىسىملارنى تەكشۈرىدۇ، قايسى ئاساسلارنىڭ ئومۇميلىقىنى ۋە ئۇنسۇرلاردىكى ماھىيەتلەر قانداقلىقىنى تەتقىق قىلىدۇ.

ئۇ مۇشۇ پەيدا بولغۇچى ۋە بەربات بولغۇچى جىسىملارنىڭ سۈپەتلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان مەقسەت ۋە ئارزىنى تەھلىل قىلىدۇ. ئۇ يەنە بىر جىسىمنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن يارىتىلىشى ۋە قايتۇرۇلۇشلىرىنىڭ، پەيدا بولغۇچى جىسىملار تەناۋەب (نۆۋەت بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇش) قائىدىسى بويىچە ئىزچىل ئالمىشىپ تۇرۇشلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى بايان قىلىدۇ.

كېيىن ئەرەستۇ، پۈتۈنلەي ھالاك بولغۇچى ۋە پەيدا بولغۇچى بىرەر نەرسە بارمۇ ياكى ئەسلىدە مۇنداق بولمامدۇ؟ دائىما نېمىدۇر، نېمىدىندۇر پەيدا بولۇپ تۇرامدۇ، دېگەن مۇئەممانى كۆرۈپ چىقىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ بەربات بولۇشقا مەھكۇم نەرسىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ: بۇ نەرسىلەر يەنە قايتا

تىكلىنەمدۇ ۋە ئۇلار مۇندىن كېيىن ئاۋۋالقى ھالىدە مەۋجۇد بولامدۇ ياكى ئۇلاردا ماھىيەتسىزلىككە ئايلىنىپ ھېچ نەرسە ساقلىنىپ قالامدۇ؟ ماھىيەتسىزلىك بولسا — يوقلۇق دېمەكتۇر ياكى ئۇلاردىن نېمىدۇر قايتا تىكلىنىپ، نېمىدۇر يوق بولامدۇ؟ ئەگەر بىرەر نەرسە قايتا تىكلەنسە، ئۇ چاغدا قايسى دەرىجىدە تىكلىنىدۇ ۋە نەپچە قېتىم؟ پەيدا بولغۇچى ۋە فەساد (بۇزۇلغان) نەرسە ئاخىرى قايتا تىكلىنەمدۇ ياكى چەك - چېگرىسى بارمۇ؟

بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەققىدە ئۇنىڭ «كىتاب فىل - كەۋن ۋەل - فەساد» رىسالىسىدە يېزىلغان.

كېيىن ئەرستۇ ئۇنسۇرلارنى تەتقىق قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارغا مۇھىم ۋە خاس ئۆز ماھىيەتلىرى ۋە ئۇنسۇرلارنىڭ شۇنداق بولۇشى سەۋەب بولغان كۈچلەر بويىچە ئۇلار بىر - بىرىگە زىددىيەتلىكتۇر. ئۇلاردىن بىر خىللىرى باشقىلىرىغا تەسىر (ھەرىكەت) ئۆتكۈزۈپ، يەنە ئۆزگىلىرى ئۇچىنچىلىرىدىن تەسىرلىنىپ بىر - بىرلىرىگە تېگىدۇ، ئارىلىشىدۇ، بەرباد بولىدۇ، يېڭىلىرى پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چېكىگە يېتىۋاتقان ياكى يېتىپ بولغان ئۇنسۇرلاردىن ھەربىرىدە ئۇلارغا ماھىيەت بەرگۈچى قانداقتۇر كامالەتكە يەتكەن بولۇش ئۈچۈن ماھىيەت كامالىتى، ئۇنىڭدا زورۇرلىكىدىن ئارتۇقچە بولماسلىقى شەرت. شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇنسۇر مەۋجۇدىيىتىنىڭ بائىسى بولمىش سەۋەب ئەڭ ئاخىرقى ھۇدۇدىي مىزانىغا ئىگە. چۈنكى ئارتۇقچە زىيادىلىك ھەرقانداق بەركامالىلىقنى بۇزىدۇ.

كامالات ۋە كۈچتە كىچىكلەپ بارغان ئۇنسۇر، ئۇنىڭ ماھىيىتىگە خاس ئەڭ كىچىككىنە مىقدارغا (ھەجىمگە) ئىگە بولىدۇ. كېمىيىۋېرىپ ئاشۇ ئۇنسۇرنىڭ ماھىيىتى ئەڭ تۆۋەن (مىنىمال) مىقداردا باشقا ئۇنسۇرنىڭ ماھىيىتى بولۇپ قالىدۇ. بۇ ماھىيەت باشقا ئۇنسۇرنىڭ ماھىيىتى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنسۇرنىڭ ماھىيىتى ئەڭ تۆۋەن مىقدارغا ئىگە بولغاندا شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلدا يۈز بېرىدۇ: ئۇنىڭ بىرى بويىچە قوبۇل ئەتكۈچى ماددا، تاشقىرىدىكى زىد ماھىيەتتىن ماھىيىتى ئاللىقاچان نېمىدۇر قوبۇل قىلغان ئۇنسۇردا بولىدۇ. ئەمما ئۇ نېمىدۇر (نەرسە) تاشقى تەسىر (تەسىر ئەتكۈچى ھەرىكەت) ئەمەس ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە تەڭ رەۋىشتە ماھىيىتى زىد ئاشۇ ئۇنسۇردا مەۋجۇد بولغان (تەسىر) كۈچ ھەرىكەت بولۇپمۇ قېلىۋېرىدۇ. ئاخىرىدا ئۇ نېمىدۇر نەرسە ئۇنىڭغا زىد ئۇنسۇرنىڭ چۆرىسىنى چېگرىلاپ تۇرغۇچى بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇ ئۆز چېگرىسىنى چېگرىلىغان بولۇشى كېرەك. بۇ ھالەت زىد ماھىيەتتىن ئالدىنراق نېمىدۇر قوبۇل قىلغىنى ئۈچۈن يۈز بەرمەيدۇ. ئەرستۇ بۇ ھالنى چەك - چېگرىسى بولمىغان نەرسىدىكى كۈچلەر تۆپەيلىدىن يۈز بېرەمدۇ - يوقمۇ دەپ كۆرۈپ چىقىدۇ.

ئەرستۇ ئۇنسۇرلار بىر - بىرىگە قايسى ئۇسۇل بىلەن ياندىشىدىغانلىقىنى ھەربىر ئايرىم ئۇنسۇرنىڭ تەشكىلىي قىسىملىرى باشقىلىرىغا سىڭىپ، چېچىلىپ كەتكەن ناھايىتى كۆپ ئۇششاق قىسىملارمۇ ياكى جىسىملار مەجمۇئەسى، باشقا جىسىم ماكانى بولمىغان ماكان بىلەن پەرقلىنىپ تۇرامدۇ، دېگەن مەسىلىنى يورۇتىدۇ. مەركەزگە جايلاشقان ۋە تۈت جىسىمدىن بىرى بولغان جىسىم، ئەگەر ئۇنىڭ قىسىملىرىدا (بۆلەكلىرىدە) باشقا جىسىمنىڭ بۆلەكلىرى بولمىسا، ئەركىن جىسىم بولىدۇ. كائىناتنىڭ (ئالەمنىڭ) يۇقىرى قىسمىدىكى جىسىممۇ مەركەزدىكى (ئوتتۇرىدىكى) جىسىمغا ئوخشىغان ھالەتتە بولىدۇ. (يەنى، ئۇنىڭ ئەركىنلىك شەرتلىرىمۇ ئاشۇنداق دېمەكچى بولسا كېرەك). شۇنداق قىلىپ فازىئى جىسىملارغا تېگىپ تۇرغان جىسىم قانداقتۇر بىر ئۇنسۇر بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان، ياندىش ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەندە

جايلاشقان جىسىم بولسا، قانداقتۇر باشقا بىر ئۇنسۇر بولىدۇ. ئەگەر بۇ ھالەت مۇمكىن بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا زۆرۈرىي رەۋىشتە ھەربىر ئايرىم جىسىمنىڭ قىسىملىرى ھەربىر ئايرىم باشقا جىسىمنىڭ قىسىملىرىدا: بىرىنىڭ قىسىملىرى بولسا، باشقىلىرىنىڭ قىسىملىرىدا بولۇشى كېرەك بولىدۇ. ئەرەستۇ بۇنى ئىككى ئۇسۇلدا يۈز بېرىدۇ، دەپ تەكىتلەيدۇ.

ئەرەستۇ فەزاۋى (ئالەم بوشلۇقى) جىسىملارغا تەلامىس (تېگىپ تۇرغۇچى) جىسىمنىڭ ھالىتى قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ بايانىچە، بۇ ھالەت ئۆز ماھىيىتى بويىچە خېلى ئەركىنرەك ۋە ئۆز ماھىيىتىنىڭ ھەممىدە ئۆز كۈچىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىغا خېلى يېقىنراق بولۇشى كېرەك. ئۇ ئۆزى بىلەن ئارىلاشقۇچى جىسىملارغا قارىغاندا، خېلى تۆۋەن ياكى خېلى يۇقىرى ھارارەت ۋە قۇرۇقلۇقتا (نەم ئازلىقتا) ئىگە بولۇشى كېرەك.

كېيىن، ئۇنىڭغا تەلامىس ئۇنسۇر، ماھىيەت تەرىپىدىن زىد ۋە كۈچ تەرىپىدىن بوشراق بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارىغاندا كەمرەك ماھىيەت ۋە كۈچكە ئىگە بولۇشى كېرەك بولىدۇ. مەركەزگە يېقىن بولغان بارچە جىسىملار ئەڭ كەم دەرىجىدىكى كۈچ ۋە ماھىيەتكە ئىگە بولۇشلىرى شەرت. پەقەت شۇنداق كۈچكى، بۇ كۈچ ۋاستىسىدە ئۇنسۇر، ئۇنسۇر بولالىسۇن خالاس ۋە پەقەت شۇنداق ماھىيەتكى ئۇ ماھىيەت ۋاستىسىدە ئۇنسۇر جەۋھەرلىشىپ ئالسۇن.

يەنە مەركەزدىكى باشقا بىر ئۇنسۇرغا ئىنتىلىۋاتقان ئۇنسۇرنىڭ ھەرىكەتچانلىق قابىلىيىتى ۋە باشقا ئۇنسۇر بىلەن ئارىلىشىش قابىلىيىتى خېلى كۈچلۈك بولۇشى زۆرۈر. باشقا ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشقان ئۇنسۇر ئارىلىششىنىڭ ھېسابسىز كۆپ خىللىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەرەستۇ ئۇلارغا سەۋەب تەسىر ئۆتكۈزگۈچى (ھەرىكەتلەنگۈچى) سەۋەب بولغان فەزاۋى جىسىملار ئۇلارنىڭ ماددىلىرى ۋە ئۇلارغا خاس بولغان نەرسىلەردىن كېلىپ چىقىدۇ، دەيدۇ.

كېيىن ئۇ، بۇ ئۇنسۇرلارغا نام قويۇپ بەلگىلەش زۆرۈر، دەيدۇ. چۈنكى ئۇلار قانداقتۇر يول بىلەن ئۆز زىددىيەتلىرى بىلەن ئارىلىششتىن ئەمەس، ئايرىم ۋە ئەركىن ماھىيەتلەرگە ئىگىدۇر. چۈنكى ئۇ (ئۇنسۇرلار) ئۇنسۇر بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولغان زۆرۈرىي ماھىيەتلەرگە ئىگە. بۇ ئۇلارنى بەلگىلەش ئۈچۈن ئۇلارغا يېڭى نام بەرمەيدۇ، بەلكى شۇ ئۇنسۇرلارنىڭ باشقا ئۇنسۇرلار بىلەن ئارىلىششلىرى (مۇختەلىت) نەتىجىسىدە ئېلىنغان جىسىملارنىڭ ناملىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۇنسۇرلارنىڭ ناملىرى مەلۇم بولغان خىللىرىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. مەسىلەن: مېخانىك ھەرىكەت خىللىرىدىن قايسى بىرى قانداقتۇر بىر ئۇنسۇرنىڭ خۇددى شۇنداق ھەرىكىتى بولۇشى ئۈچۈن ئەڭ يېقىن تۇرىدۇ ياكى تۇيغۇ بىلەن قوبۇل ئىدراك ئېتىلگۈچى قايسى سۈپەتلەرنىڭ قايسى خىلى بىرەر ئۇنسۇردا مەۋجۇد بولغان سۈپەتلەردىن بولۇپ قېلىشقا يېقىنراق تۇرىدۇ؟ ئۇنسۇرلارنىڭ بىر خىللىرىنىڭ نامىنى ئەرەستۇ شۇ ئۇنسۇرلار مەجمۇئەسىنىڭ نامىغا كۆچۈرىدۇ.

فەزاۋى جىسىملارغا تۇتاشقۇچى جىسىمنى ئۇ «ئوت» دەپ ئاتايدۇ ۋە بۇ ئوت بىزدە بار بولغان ئوت ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى خەلق نەزەرىدە ئوت — يالقۇن ۋە يېنىۋاتقان چوغ مەنىسىنىلا ئۇقتۇرىدۇ.

چۈنكى ئوتنىڭ ھەرىكىتى، ئوت تاكى ھاۋانى ئىشغال قىلىپ ئالغانغا قەدەر، ھاۋانىڭ يېنىشى

(ئىسشى) نىڭ سەۋەبى بولغان ھەرىكەتنىڭ قانداقتۇ خسلىتنى ئۇقتۇرار ئىكەن، باشقا ئۇنسۇرلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ۋە فەزاۋى جىسىملارنىڭ بىرەر ئەگمە يۈزىگە تۇتاشقۇچى جىسىمنى «يالقۇن» (ئەلەنگە) دەپ ئاتايدۇ. يالقۇنى بولمىغان (ئەلەنگىدىن مەھرۇم بولغان) جىسىمنى «ھاۋا»، ھاۋاسى بولمىغان جىسىمنى «سۇ»، مەركەزدە تۇرغان جىسىمنى «يەر» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭدا بارچە ئۇنسۇرلار مۇجەسسەم بولغان، بۇ كۆزىتىش ۋە تەجرىبىلەر ئارقىلىق تەستىقلانغان.

ئۇنسۇرلارنىڭ ئارىلاشمىلىرى تۈرلۈك خىللاردا سادىر بولىدۇ: تۇپراق باشقا ئۇنسۇرلار بىلەن ئىككى خىل ئارىلىشىدۇ، سۇمۇ تۇپراق ۋە ھاۋا بىلەن شۇ يوسۇندا ئارىلىشىدۇ. ئوت بىلەن ئارىلىششىنىڭ قانداق ئۆتكىنى سېزىلمەيدۇ. ھاۋا سۇنىڭ ئارقىسىدىن، ئوت ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىدۇ. بۇلارنى ئەرەستۇ چوڭقۇر تەھلىل قىلىدۇ.

كېيىن ئەرەستۇ بارچە ئارىلاشمىلاردىن[1] بىرىنچىسىنى تەھلىل قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئارىلاشقۇچى ئۇنسۇرلاردىن بىرى ئۆز ماھىيىتىنى يوقاتمايدۇ. ئەرەستۇ ئارىلاشمىلارنىڭ خىللىرىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئارىلاشمىلار بەكمۇ چەكسىز بولغانلىرىدا ئۇلارغا بېرىلىدىغان نامىمۇ، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئېنىق ئاجرىتىدىغان نەرسىمۇ يېتىشمەي قالىدۇ. پەقەت بىر - بىرىدىن ئازراقلا پەرق ئېتىشى مۇمكىن، بۇس، تۇتۇن، يالقۇنغا ئوخشاش.

## توققۇزىنچى بۆلۈم

كۆپ ئارىلاشمىلارنىڭ نام ئېلىشلىرىغا زۆرۈرىيەت پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئەرەستۇ ھەربىر ئايرىم ئارىلاشمىنى، ئۇنسۇرلارنىڭ ماھىيىتىنى ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتتۈرگۈچى نام بىلەن ئاتاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھاۋانىڭ ماھىيىتىنى «ھاۋالىق» نامى، ئوتنى «ئوتلۇق»، تۇپراقنى «تۇپراقلىق»، سۇنى «سۇلۇق» دېگەن سۆز ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇلارنى ئەرەستۇ تۈرلۈك سىنىپلارغا ئاجرىتىدۇ: بەزىلىرىنى ئۇ مېخانىك ھەرىكەت بويىچە، باشقىلىرىنى تۇيغۇ ئارقىلىق ئىدراك ئەتكۈچى سۈپەتلەر بويىچە ئېنىقلايدۇ. ئەگەردە ئىككى ئۇنسۇردىن ئىبارەت ئارىلاشما ئۇچرىسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ نامىدىمۇ ئىككى تەشكىل ئەتكۈچى ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن: «تۇپراقلىق — سۇلۇق» دېگەندەك.

ئۇ ئاساسىي سۈپەتلەر ۋە بۇ تۆت ئۇنسۇردا يۈز بەرگەن، ئانچە ئەھمىيەتلىك بولمىغان سۈپەت ئېنفئولىنى (ئۆزگىرىشىنى) تەھلىل قىلىدۇ ۋە باشقا جىسىملار تەسىرىگە ئۇچرىغان جىسىملار ئالغان ماھىيەتلەر ۋە ماددىلار ھەققىدە توختىلىدۇ، ئۇلارغا تەسىر قىلغۇچى ئاساسىي سەۋەبلەرنى ئېنىقلايدۇ. فەزاۋى جىسىملارغا تۇتاشقۇچى ئۇنسۇرلاردا ئۇلاردىن (شۇ سەۋەبلەردىن دېمەكچى) قايسى بىرى بارلىقىنى، ئۇلاردىن قايسى بىرى ھاۋادا، سۇدا ۋە تۇپراقتا مەۋجۇدلۇقىنى ئېنىقلايدۇ.

كېيىن، ئۇ ئۇنسۇرلارنى تەتقىق قىلىدۇ. مەۋجۇدىيەت، كامالەت كەشپ قىلىشقا زۆرۈر بولغان نەرسە بولۇشى ئۈچۈن ئۇنسۇرلارنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئۆز - ئۆزى ئۈچۈنلا كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىنى كۆرۈپ

[1] ئارىلاشما — سۈيۈق ياكى ئوششاق زەررىلەرنىڭ چېچىلىشچان نەرسىلەرنىڭ ئۆز ئارا ئارىلىشىشىدىن ھاسىل بولغان ماددا، قارىشما.

چىقىدۇ. ئۇلار يا ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن باشقا پەيدا بولغۇچى نەرسىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈچۈن يارىتىلغان. ياكى ۋۇجۇدىنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە قوشۇمچە بولالايدىغان قىسىملىرىدىن بىرى ئۈچۈن دائىما مەۋجۇد بىرەر نەرسە بولۇش ئۈچۈن ۋە يەنە ئۇنسۇرلار ئارىلىشىش توپەيلىدىن ئارقا - ئارقىدىن پەيدا بولغۇچى جىسىملارنىڭ يارىتىلىشلىرى ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر.

ئۇ يەنە ئاشۇ ئۇنسۇرلاردىكى خىسلەتلەرنىمۇ كۆرۈپ چىقىدۇ: ئۇلار بىرەر ئاساسىي مەقسەت ئۈچۈن يارىتىلغانمۇ ياكى ئۇلار قانداقتۇر باشقا مەقسەت ئۈچۈن يارىتىلغان نەرسىلەرگە باغلىق ۋە ئۇلار ئۈچۈن زۆرۈرمۇ ۋە ياكى ئۇلار مەقسەتكە خاس بولمىغان ئارتۇقچە خۇسۇسىيەتتۇر. ئۇلاردىكى زىيادىلىك قولدا ئارتۇقچە بارماقنىڭ بارلىقى، يېتىشمەسلىك بولسا — يېتىشمىگەن بارماقنى ئەسلىتىدۇ.

بۇ ھەقتە ئۇنىڭ «فەزاۋى رەمزلەر» رىسالىسىنىڭ مەخسۇس ئۈچ بابىدا يېزىلغان.

كېيىن ئەرەستۇ بۇ تۆت ئۇنسۇرنىڭ ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە بىر - بىرىدىن تەشكىل تاپقۇچى جىسىملارنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئارىلىشىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغۇچى جىسىم ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىلى ئوخشاش جىسىملار بىلەن، باشقىسى — پەرقلەنگۈچى جىسىملار بىلەن ھاسىل بولۇش. پەرقلەنگۈچى جىسىملاردىن ئىبارەت خىلى، بىرىسى باشقىسىغا ئوخشاش، جىسىملارنىڭ ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدىغان جىسىملار ئارىلاشما ياراتقان چاغدا بولىدۇ. بۇ ئارىلاشما -- ئەسلىتىلگەن جىسىملاردىن ھەربىر ئايرىم جىسىمنىڭ ماھىيىتىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ. بۇ ئارىلاشمىغا بىر - بىرىگە تۇناش ۋە بىر - بىرىگە تېگىپ تۇرىدىغان جىسىملار كىرىدۇ. قىسىملىرى بىر - بىرىگە ئوخشاش جىسىملارغا كەلسەك، ھەربىر ئايرىم جىسىمنىڭ ماھىيىتى ساقلىنىپ قالمايدىغان ئارىلىشىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئارىلاشما، بىر جىسىم ھەرىكەتنى ياراتقان (تەسىر ئۆتكەزگەن)، باشقىلىرى بولسا ھەرىكەت نەسىرىگە ئۇچرىغانلىرى (تەسىرلەنگەنلىرى) نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ.

قىسىملىرى ئوخشاش جىسىملار ئىككى خىلدۇر: بىرىدە ئاساسىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئۇنسۇرلارنىڭ بىر قىسمى كۆپرەك بولىدۇ، بۇ ھال مەلۇم بىر جىنس ۋە خىلنىڭ ساقلىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر. باشقا بىر خىلغا بولسا سابىق (ئالدىنقى) نەرسىدىن خېلىلا كەم خىسلەتكە ئىگە بولغان جىسىملار كىرىدۇ. ئۇلار يېڭى جىسىملارنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر.

ئەرەستۇ ئالدى بىلەن ئۇنسۇرلاردىن قىسىملىرى ئوخشاش جىسىملار پەيدا بولۇشىنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە مۇنۇلارنى كۆرۈپ چىقىدۇ: بۇ قانداق يۈز بەردى. ئۇنسۇرنىڭ ئۇنسۇر بىلەن قوشۇلۇشى قانداق ئۆتتى، قوشۇلغان ئۇنسۇرلاردىن قايسى بىرى تەسىر ئۆتكەزگۈچى -- ھەرىكەتتىكى سەۋەب (فائىل) ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ؟ قايسى كۈچ ۋاستىسىدە ئۇنسۇرلارنىڭ قانچە قىسمى بىرىنچى ماددا ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ؟ قانداق كۈچ توپەيلىدىن ئۇنسۇرلارنىڭ قانچە قىسمى جۇزئى فائىل (ئايرىم ئىشلىگۈچى) بولۇپ قالىدۇ؟ يېڭى جىسىملارنىڭ پەيدا بولۇشى قانداق خىسلەتلەرنىڭ ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە يۈز بېرىدۇ؟ ئەرەستۇ خۇددى شۇ تەرتىپتە يوقىلىپ كېتىش مەسىلىسىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. جىسىملارنىڭ پەيدا بولۇشىدا ۋە يوقىلىشىدا ئۆزگىرىشلەرنىڭ قانچە خىل بولۇشىنى ۋە بۇ قايسى ماكاندا يۈز بېرىشىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە، بۇ ماكان ئوتتۇرىلىق بولۇشى زۆرۈر. ئوتتۇرىلىق بولسا يەرگە. ئۇنىڭ يۈزى ۋە باغرىغا تۇتاش.

كېيىن ئەرەستۇ ھېس قىلىنغۇچى سۈپەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشى (كىلاسسىفىكاتسىيە) گە ئۆتىدۇ. بۇ

سۇپەتلەرنىڭ خىسلەتلىرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلار قىسىملىرى (جۇزئى) ئوخشاش جىسىملاردا ۋە بىرىنچى كۆچلەرگە بويسۇنغان ئايرىلاش قىسىملاردا بولىدۇ. بۇ كۆچلەر ۋاستىسىدە بىر ئۇنسۇر ھەرىكەت پەيدا قىلىدۇ، باشقىلىرى ھەرىكەتلىنىدۇ، ئۈچىنچىسى ھەرىكەت تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، يەنى ھەرىكەتنى قوبۇل قىلىدۇ (تەسىرلىنىدۇ). بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنسۇرلارنىڭ ئايرىلىشىشلىرى ۋە بىر - بىرىگە ئۆتۈشلىرى سەۋەبلىك يۈز بېرىدۇ. ئۇ ھېس ئېتىلگۈچى سەۋەبلەرنى كۆرۈپ چىقىدۇ. بۇ سۇپەتلەرنىڭ ئايرىلاش جىسىمدىكى مەۋجۇدلۇقى ئۇنسۇرلاردا بار بولغان ھەرىكەتتىكى كۆچلەرگە بويسۇنىدۇ. بۇ كۆچلەرگە بولسا، جىسىملارنىڭ لاقايىد (پاسسىپ ھەرىكەت تەسىرىگە ئۇچرىغۇچى) بولۇپ قېلىشلىرىغا ياردەم بەرگۈچى كۆچلەر ياردەم بېرىدۇ.

كېيىن ئەرەستۇ باشقا سەزگۇ ئەزالىرى بىلەن ھېس قىلىنىدىغان ئۆزگە سۇپەت ۋە قىسىملارنى تەتقىق قىلىدۇ. لېكىن بەزى ئۇنسۇرلار باشقىلىرىغا تەسىر قىلىشتا ۋاستە بولغۇچى كۆچلەرگە ئوخشاش بولۇشلىرى ئۈچۈن ئۇلار يېتەرلىك ئەمەس، دەيدىغان پىكىرلەر مەۋجۇدتۇر. يەنى تاشقى كۆچلەردىن كېلىپ چىققۇچى ياكى كۆچ بىلەن مەۋجۇد بولغان باشقا قانداقتۇ كۆچلەرگە ئېھتىياج سېزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھالەتلەرنى ئۆگىنىش تەبىئەت ھەققىدىكى پەن (فىزىكا) نىڭ باشقا بۆلۈمىگە تەئەللۇق دەپ ھېسابلايدۇ. فىزىكىنىڭ بۇ بۆلۈمى بەسەرى (كۆرۈش)، سەمائىي (ئاڭلاش) ۋە باشقا ھېس - تۇيغۇ ئەزالىرىنىڭ ماۋزۇسىغا تەئەللۇق نەرسىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. نېمە ئۈچۈنكى، مەۋجۇد رەڭلەر مۆھۇرلىنىپ قېلىشقا مۇھتاج، تۇيغۇ بىلەن ئىدراك ئېتىلگۈچى نەرسىلەر — شۇ قاتاردا ھېس قىلىنىدىغان نەرسىلەرمۇ. — شۇلارغا ئوخشاش كۆچلەرگە مۇھتاج؟

بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن «فەزاۋىي رەمزلەر» كىتابىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

كېيىن ئەرەستۇ جىنسداش نەرسىلەردىن پەيدا بولغان، ئوخشاش قىسىملارغا جىسىملارنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئۇلارغا تاشلار ھەممە تاش بىلەن جىنسداش تاشلىق جىسىملار كىرىدۇ.

ئەرەستۇ يەر (تۇپراق) قىسىملىرى، بۇ قىسىملارنىڭ خىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھالەتلىرىنى، ھەممە مەۋجۇد باغلىنىشلارنىڭ تۈرلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىدۇ. ئۇ قايسى ئاتەشلىك، قايسى ھاۋالىق، قايسى سۇلۇق①ئىكەنلىكىنىڭ پەرقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلاردىن قايسىلىرى تۇپراق تەركىبىدىكى سانسىز كۆپ نەرسىلەر بىلەن ئالىقاچان ئايرىلىشىپ بولغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ.

ئۇ ئىسسىق بۇغلىنىشلارنى كۆرۈپ چىقىدۇ. بۇ بۇغلىنىشلارنىڭ بەزى قىسىملىرى قۇرۇقلۇقتا، بەزىلىرى نەملىكتە، بىرقىسمى خېلى تازا ۋە نازۇك، باشقىلىرى سەل تۇتۇنلۇك بولۇشقا ماھىردۇر. بۇغلىنىش گوياكى تەبىئىي ھارارەت بىلەن بىرلىشىدىغان (نەرسە) بولۇپ، ئۇنىڭ تۆپەيلىدىن يەر ئاستىدىكى ۋە يەر ئۈستىدىكى جىسىملارنىڭ بالاغىتى (ۋايىغا يەتكەنلىكى) مەۋجۇدتۇر. بۇ جىسىملار سۇ ۋە تۇپراقنىڭ ياكى نەملىك، قۇرۇقلۇقنىڭ ئايرىلاشمىسىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇلار ئۆزلىرىگە تەسىرنى قوبۇل قىلغۇچى ماددىلاردۇر. چۈنكى ئۇلارغا ھارارەت ۋە سوغۇقلۇق تەسىر ئۆتكۈزىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە بۇلار ھارارەت، سوغۇقلۇقتا ئوخشاش جىسىملارغا ئىگە بولغان جىسىملارنىڭ فائىللىرى (ئىشلىگۈچىلىرى)، تەسىر ئۆتكەز-

① بۇ يەردە سۆز دۇنيا تەشكىل تاپقان تۆت ئاناسىر (تۇپراق، ئوت، ھاۋا، سۇ) ئۈستىدە بارىدۇ — تەرجىمان.

گۈچى سەۋەبلىرىدۇر. ئۇ يەر ئاستى بۇغلىنىشلىرى پەيدا بولۇشىنىڭ بىرىنچى سەۋەبلىرى ئالدى بىلەن فەزاۋىي جىسىملاردۇر، ئاندىن قالسا ئۇنىڭغا فەزاۋىي جىسىملار ئارقىلىق ئىسسىيدىغان، يەرگە تۇتاش ھاۋا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

كېيىن ئەرەستۇ، يەردىكى ئارىلاشقان ئۇنسۇرلارنىڭ ئايرىم قىسىملىرى يەر ئاستىدا ۋە ئۈستىدە بولغان تاش ۋە مەدەن جىسىملارنى تۆزگۈچى خىللارنى چۈشەندۈرۈشكە ئۆتىدۇ. ئەرەستۇ چۈشەنچە — كاتېگورىيەلىرىنىڭ يېزىلىشىنى تۈزۈشكە ھەمدە شۇ خىللارنىڭ كېيىنكى شاخاپچىلىرىنى ئىنقىلاشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆزئارا پەرقلەنسە، ئۇ چاغدا ھەربىرىنىڭ ئايرىم ماددىسىنىڭ ۋە شەكلىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە شۇ ئىككى خىللاردىن قايسى بىرىدە مەۋجۇد بولغان ئۇلارنىڭ ھەرىكەتتىكى تەسىر قىلغۇچى ئاساسلارنى، ياكى ئۇلارنىڭ ھاسىل بولۇشىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك بولىدۇ. شۇ قاتاردا يەنە ئاشۇ ئىككى تۈرلەردىن قايسى بىرىنىڭ يارىتىلىشىغا سەۋەب بولغان مەقسەتلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈر. بۇ مەقسەتلەرنى ئىنقىلاش ۋە كائىنات مەجمۇئەسى مەقستىنى بىلمەستىن ئاۋۋال بىلىش مۇمكىن ئىش بولغىنى ئۈچۈن، ئەرەستۇ بۇ مەقسەتلەرنى كۆرۈپ چىقىشنى يەنىڭ باشقا بۆلۈمگە ھاۋالە قىلىدۇ. يەنىڭ بۇ بۆلۈمى كائىناتتىكى ئەڭ ئاخىرقى چېگرىدىكى ئاساسلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بۆلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ «ئىلمەل - مەئادىن»، «مىنېرالوگىيە» رىسالىسىدە بايان قىلىنىدۇ.

ھايۋاناتنى كۆرۈپ چىققانغا قەدەر ئۇ نەباتات (ئۆسۈملۈك) لار ئۈستىدە توختىلىدۇ. بۇ ئىشنى ئۇ ھېس - تۇيغۇ ۋە كۆزىتىش ئارقىلىق مەلۇم بولغان نەرسىلەرنى يېزىش مەسىلىسىدىن باشلايدۇ. ئۇ ئىككى تۈرلەرنى بىرمۇبىر ساناپ ئۆتىدۇ ۋە ساناپ ئۆتۈلگەن ھەربىر تۈردىن كۆرۈنۈپ تۇرغىنىنى يازىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ بىرەر تۈردە ياكى ھەربىر تۈرنىڭ بىرەر قىسمىدا نامايەن بولغان ئارەز (ئاكتسىپدىنتسىيە — Акциденция) لەرنى يازىدۇ. شۇ ئىسنادا ئۇ ئۆزىگە مەلۇم بولغان ھەممە نەرسىنى بايان قىلىدۇ.

كېيىن ئەرەستۇ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ھەققىدە ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ.

ئۇ يەنە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىرەر بىر خىلىنىڭ پەيدا بولۇشىنى تەھلىل قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئۇلار پەيدا بولغان ماددا ۋە شۇ خىلنىڭ پەيدا بولۇشىغا ۋاستە بولغۇچى فائىل (ھەرىكەتتىكى سەۋەب) خاس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ نەباتات ماھىيىتىگە تەئەللۇق بولغان ھەممە مەسىلەلەرنى بايان قىلىدۇ.

كېيىن ئۇ، ھايۋانات ھەققىدىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ ۋە ئۇلارنى كۆزىتىش، ھېس - تۇيغۇ ئارقىلىق بىلىش يوللىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھايۋانلارنىڭ خىللىرىنى ساناپ ئۆتىدۇ ۋە ئۇلار ھەققىدىكى مەلۇم نەرسىلەرنى چۈشەندۈرىدۇ.

## ئونىنچى بۆلۈم

ھايۋانات ۋە نەباتاتنىڭ مۆتىدىل ھالەتلىرى ئۈچۈن تەبىئەت ۋە تەبىئىي ئاساسلار يېتەرلىك ئەمەس. بۇ سەۋەبلەردىن تاشقىرى يەنە ئۇلار باشقا كۈچلەرگىمۇ مۇھتاجدۇر. تاكى ھايۋانات ۋە نەباتاتتا بۇ ئاساس

فىترىي (تەبىئىي) نەرسىلەردە مەۋجۇد بولغان تەبىئەتكە ئوخشاش بولۇشى زۆرۈردۇر. ئەرەستۇ بۇنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ھايۋانلاردا تەبىئەتتىن ۋە باشقا نەرسىلەردىن ئالغان نۇرغۇن ئاساسلار بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ئۆزگىچە ئاساسنى ئەرەستۇ «روھ» (فەرابىي «نەفس» سۆزىنى ئىشلىتىدۇ) دەپ ئاتايدۇ ۋە ھايۋاننىڭمۇ، ئۆسۈملۈكنىڭمۇ روھى بار دەپ ئەسلىتىدۇ. روھ بىلەن جىنسداش ئاساسلارنى ئۇ «روھىي ئاساسلار ۋە كۈچلەر» دەپ ئاتايدۇ.

ئەرەستۇ ئالدى بىلەن تەبىئىي ھالدا ھايۋانغا خاس نەرسىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ ھايۋانغا خاس بولغان ھەممە نەرسىلەرگە ئېتىبار بېرىدۇ. ئاۋۋال ئۇ ھايۋانلار خىللىرىنىڭ شاخابچىلىرىنى (تارماقلىرىنى) ۋە ھايۋاناتنىڭ تەبىئىي ھالدا يارىتىلغۇچى، ھەربىر ئايرىم خىلى يارىتىلىشىنىڭ سەۋەبى بولغان تەبىئىي مەقسەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات قىلىدۇ. ئۇ ھايۋاناتنىڭ ھەربىر خىلىدا ماھىيەتنى قوبۇل قىلغۇچى ئاساس بار ھەممە بۇ ئاساس — قانداق بولمىسۇن، ھايۋاناتنىڭ قانداقتۇ خىلنى پەيدا قىلغۇچى ماددىدۇر، دەپ تەكىتلەيدۇ. ئۇ تەبىئىي پائال ئاساسلار ھايۋاناتنىڭ ھەربىر تۈردە بار دەپ چۈشەندۈرىدۇ ۋە بۇ تۈر تەبىئىي جەۋھەر بولۇشقا ۋاستە بولالايدىغان سەۋەبنى ھەممە ئۇنىڭغا (فىترىي ئاساسقا) تەبىئىي ھالدا ماس بولغان ھەممە نەرسە مەۋجۇدىيەتنىڭ سەۋەبى بولغان مەقسەتنى كۆرسىتىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئەرەستۇ ئۆزى ئۇچۇن فىترىي جىسىملار ئىككى خىلغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ ئالىدۇ. بىرىنچى خىلى ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىغا يەتكىنى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاستىسىدە شۇ خىل ماھىيەت بارلىققا كېلىدۇ. بۇ — ھەربىر ئايرىم تەبىئىي جەۋھەرنىڭ ماھىيىتى بولغان تەبىئەتنىڭ ئۆزىدۇر. ئىككىنچى خىلى ئەسلىدە تەبىئەتنىڭ ئۆزى بولغان جەۋھىرى ماددىنى تەييارلاش، پۈتۈن كۈچ، ئىمكانىيەت ياكى باشقا بىر ئاساسقا قورال بولۇش ئۈچۈن تەبىئىي ماھىيەت ھاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل تەبىئىي جىسىملارنىڭ بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە شەكىللەنگەن تەبىئەتكە، ئۆز ماددىسىغا ياكى ئۇنىڭ قورالى بولغان كۈچلەرگە نىسبىتى، بىر ئاساس بولۇپ، ئۇ — «روھ» دۇر.

## ئون بىرىنچى بۆلۈم

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەرەستۇ «روھ» نى تەتقىق قىلىشتا، روھنىڭ ئۆزى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشكە، تەبىئەتنى تەتقىق قىلغانغا ئوخشاش زۆرۈرىيەت سېزىدۇ. ئۇ روھى كۈچلەر ۋە روھتىن پەيدا بولغۇچى ھەرىكەتلەر ھالىتىنى تەرىپلەيدۇ. كېيىن ئۇ روھنىڭ ئۆزى نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ مەۋجۇدىيىتى نېمە سەۋەبتىن ۋە قانداق بار بولىدىغانلىقىنى، ئۆسۈملۈك، ھايۋانات ۋە ئادەمدىكى روھ قانداق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە ئۆتىدۇ. ئۇ ئەدەتسىز روھ مەۋجۇتمۇ ياكى روھ بىرمۇ، ئەگەر ئۇلار كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا بۇ ھالەت قانداق نامايەن بولىدۇ؟ قىسىملارنىڭ كۆپلۈكى بىلەنمۇ ياكى كۈچلەرنىڭ كۆپلۈكى بىلەنمۇ؟ دېگەندەك مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. ئەگەر قىسىملارنىڭ ئەدەتسىزلىكى بولسا، ئۇ ھالدا ئۇلار قانداق كۆرۈنۈشتە بولىدۇ؟ ماكان (جاي)، ماددىلار ۋە تۈرلۈك جايلارغا چېچىلىپ كەتكەن جىسىملار كۆپلۈكى بىلەنمۇ ياكى ئۇنىڭ مىقدارى، قىسىملىرى ئوخشاش ياكى پەرقلىق بىر جىسىمنىڭ قىسىملىرىنىڭ كۆپلۈككە باغلىقمۇ ياكى ھېسابسىز جىسىملار باشقىچە بىر ئۇسۇلدا ھازىر بولالامدۇ؟ ئۇ يەنە روھى كۈچلەر

ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۇ. ئەرەستۇ مۇنداق قارايدۇ: تەبىئەتكە تەبىئىي جەۋھەر خاس بولغانلىقىدىن، روھ — بۇ تەبىئىي روھىيەت جەۋھىرىنىڭ ماھىيىتى (زاتى) خاس بولغان نەرسىدۇر. مۇشۇ ماھىيەت ۋاستىسى بىلەن روھ روھىيەت جەۋھىرىگە ئېرىشىدۇ، يەنى ھاياتنى ئىدراك ئېتىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ. جەۋھەر بولسا، روھ ئۈچ خىل ئاساسنىڭ ئورتاق مەۋجۇد بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئۇلار فائىل (ئىشلىگۈچى) ئاساسلىرى، شەكىل ئۈچۈن ئاساسلار ۋە خۇددى تەبىئەتتە بولغىنىدەك مەقسەت ئۈچۈن ئاساسلاردىن ئىبارەت. تەبىئەت نېمە دېيىلگەن بولسا، ئۇلارنى روھقا تەئەللۇق دېسە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەم ئاساس، ھەم جەۋھەردۇر. ئەمما ئۇ (تەبىئەت)، ماددىلارنىڭ مەۋجۇدلۇقى قائىدىسى بويىچە جەۋھەر بولامدۇ؟ بۇ جەھەتتە شۈبھە بار. ئەمما ئەرەستۇ كېيىنكى مەسىلىلەردىن ھېچ نېمىنى چۈشەندۈرمەيدۇ. ئاۋۋال ئۇ، تەبىئەت تۆت ئاساسقا ئىگە، دەپ ئېيتقانىدى. ئەمدى بولسا تەبىئەتنىڭ ئۆزى ماھىيەتتۇر ۋە بۇ ماھىيەت ۋاستىسىدە جەۋھەر جىسمنى مۇھىممانە (ئاكتۇئال) ئۆزلەشتۈردۇ، ھەمدە بۇ ماھىيەت يەنە روھنىڭمۇ ماددىسىدۇر، دېمەكتە.

كېيىن ئەرەستۇ ھەرىكەتلەر تەسىرى تەبىئەتتە مەۋجۇد بولغان فىترىي جىسملارنىڭ نېمىلىكىنى ۋە ئالدىن، تەبىئەت ھەرىكەتنى پەيدا قىلىشقا سەۋەبچى بولغۇچى تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگىنىدەك، روھى كۈچلەر ئۆزى نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۇ. دېمەك، ئۆزىگە بىر چۆرە ۋە قورال بولۇپ خىزمەت قىلغۇچى تەبىئەتتىن پايدىلىنىدىغان ئاساسىي ماھىيەت مەۋجۇددۇر.

ئىككى خىل تەبىئىي جىسم پەيدا بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرىنچىسى ئەڭ ئاخىرقى يۈكسەك جىسم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ماھىيەتكە ئىگە بولىدۇ، بۇ — تەبىئەتتۇر. ئىككىنچىسى ئەڭ ئاخىرقى يۈكسەكلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋاستىسىدە تەبىئەت ئۆزىنىڭ ماھىيىتىگە ئېرىشىدۇ. ھەقىقىي ماھىيەت ھاسىل قىلىشقا ۋاستە بولغۇچى نەرسە — روھتۇر ۋە روھنىڭ ھالىتى ھايۋاناتنىڭ تەبىئىي خىسلەتلىرىگە باغلىقتۇر. روھنىڭ ئۆزىگە قوبۇل قىلغۇچى — كەسىپ ئۆتكۈچى تەبىئىي ماھىيىتى ماددا بولۇپ قالىدۇ. روھ ئۆز پائالىيىتىدە (ھەرىكىتى، تەسىرىدە) پايدىلىنىشى ئۈچۈن تەبىئەت يا ماددا ياكى قورال بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. روھىي جەۋھەردە مەۋجۇد بولغان تەبىئەت ئىككى خىلغا ئىگە: ئۇلاردىن بىرى ـ ماددا، ئىككىنچىسى — قورال. روھىي جەۋھەردە مەۋجۇد بولغان تەبىئەت ئۆز ماھىيىتى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى روھىيەت ئۈچۈن مەۋجۇددۇر. تەبىئەتنىڭ ئاساسىي تەبىئىي خىسلىتى بىلەن ئاساسىنىڭ خىزمەتكارى ۋە قورالى بولغان ئۇنىڭ زوھۇرى (كۆرۈنۈشى) ئايرىلىقىدا پەرق بولغىنىدەك روھلار ئايرىسىدىمۇ پەرق مەۋجۇد. ئارەستۇ ئاۋۋال تەبىئەتتىن كېلىپ چىققۇچى ھەرىكەتلەر (تەسىرلەر) ۋە تەبىئىي جەۋھەرگە باغلىق بولغان ھادىسىلەر ھەققىدە قانداق سۆزلىگەن بولسا، خۇددى شۇنداق رەۋىشتە روھتىن كېلىپ چىققۇچى ھەرىكەت (تەسىر) لەر ۋە روھىيەت جەۋھىرىدە مەۋجۇد روھىي بولغانلىرى نۇقتىئىنەزەردە — روھ مەھسۇلاتى ھادىسىلەر ھەققىدە سۆزلەيدۇ.

تەبىئىي (تەبىئەت) جەۋھەرلەردە مەۋجۇد بولغان بەزى ھادىسىلەر ماددىلار (ماتېرىيەدىن)، بەزىلىرى بولسا شەكىلدىن چىققانلىقى ئۈچۈن، روھىي جەۋھەرلەردە مەۋجۇد — ھادىسىلەر مەخسۇس خىسلەتكە ئىگە ماددا ۋە شەكىل ئاقىۋىتىدۇر.

ئەرەستۇ ئالدى بىلەن روھنىڭ ئەڭ بىرىنچى خىسلەتلىرىدىن بىرى بولغان غىزا (تاماق) غا خاس نەرسىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ، غىزا نېمە سەۋەبلىك روھنىڭ كۈچلىرىدىن، قابىلىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ ۋە قايسى بىر كۈچكە ياكى روھنىڭ قايسى بىر قىسمىغا تەئەللۇق دېگەن مەسىلىنى يارىتىدۇ. ئۇ ئاساسىي روھنى چۆرە (ياردەمچى) قورال بولغان روھتىن پەرق قىلىدۇ. ئۇ روھ ۋە روھى كۈچلەر ئۆز پائالىيىتى (ھەرىكىتى) دە پايدىلىنىش ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچى بەلگە ۋە قابىلىيەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. يەنە ئۇلارنىڭ تەسىرىنى — ھەرىكىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ: ھەرىكەت (تەسىرلەر) نىڭ نەچچە تۈرى بار. ھەربىر ئايرىم ھەرىكەت ئۆزى نېمىدىن ئىبارەت؟ ھايۋانلارنىڭ خىللىرىدىن بىرى ۋە شۇ روھنىڭ بىرەر ھەرىكىتىدە پايدىلىنىدىغان قانداقتۇ بىر ئەزا ئۆزى قانداق بولۇشى كېرەك؟

شۇندىن كېيىن ئەرەستۇ ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ئىشلەپچىقىرىش مەسىلىلىرىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە ئوزۇق - تۈلۈكتىن مەھرۇم مەۋجۇدات ياشىيالمايدۇ، غىزا ھايات پائالىيىتىنى تەمىن ئېتىدۇ. ئوزۇقنىڭ بىرقىسمى بىۋاستە تەبىئەتنىڭ ئۆزىدىن ئېلىنىدۇ، بەزى قىسمى بولسا، باشقا نەرسىلەر بىلەن ئارىلىشىش نەتىجىسىدە تەشكىل تاپىدۇ. ئۇ، ئۆسۈملۈكلەر نېمىدىن ئوزۇق ئېلىشنى چۈشەندۈرىدۇ. ھايۋانلاردا بىرسى باشقا بىرسىنى يەپ، ئىككىنچىسى ئۆسۈملۈك يەپ، ئۈچىنچىسى تەخمىنەن ئۆسۈملۈكلەر قانداق ئوزۇقلانسا، شۇ يوسۇندا ئوزۇقلىنىدۇ.

ئەرەستۇ يەنە، ئوزۇق بولغۇچى نەرسە جىسىملارنىڭ يېگى نەۋئىلىرىمۇ، دەسلەپتە ئۇلار ئوزۇق تەرىقىسىدە پايدىلىنىشقا تەييار بولغانمۇ ياكى ئۇلار كائىناتنىڭ بىرقىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ جىسىملار پەقەت ئۆزلىرى ئۈچۈنلا يارىتىلغانمۇ، دېگەننى چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر جىسىملار ئوزۇقلۇق ئۈچۈن يارايدىغان بولسا ياكى ئۇلاردىن ئوزۇقلانسا، بۇ ھالەت مەلۇم مەۋجۇدادلار مەۋجۇدىيىتىگە ياردەم بېرىدۇ. بۇ مەسىلە تەتقىقاتى بۇنىڭدىن ئالدىنقى تەھلىلگە ئوخشايدۇ. بۇ ئۇنىڭدا: ئۇنسۇرلار ئۆز - ئۆزى ئۈچۈن مەۋجۇدمۇ ياكى ئۇلاردىن باشقا ھاسىل قىلىنغان جىسىملارنىڭ يارىتىلىشى ئۈچۈن مەۋجۇدمۇ، دېگەن مەسىلە كۆرۈپ چىقىلىدۇ.

بۇ مەسىلىلەر ئەرەستۇ تەرىپىدىن باشتىلا كۆرۈپ چىقىلغان، ئەمما بۇ ساھەدە ئۇ كامالەتكە ئېرىشەلمىگەن چۈنكى، كائىنات ھالەتلىرىدە نېمە مۇھىمراق، دېگەن مەسىلە يۈزىسىدىن ئۇنىڭدا ھەر خىل زىد پىكىرلەر بار.

ئەرەستۇ ساغلاملىق ۋە كېسەللىكنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەربىر ئايرىم خىلىنى تەكشۈرىدۇ.

ئۇ ساغلاملىقنىڭ قانداقتۇ بىر خىلىنى ۋە كېسەللىكنىڭ بىر خىلىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئۇلار قانداق سەۋەب بىلەن نېمىشقا، نېمىدە ۋە نېمىدىن پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئۆگىنىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى روھىي جەۋھەر تەبىئەتتىن ۋە مەخسۇس روھىي جەۋھەرلەرگە خاس تەبىئەت كۈچلىرىدىن ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى ئاساس روھقا ئايلىنىپ كېتىش ئېھتىمالى بار. چۈنكى، روھ — تەبىئەت تۈپەيلى بار بولغان ھەم ئۆز مەقستى بىلەن — ئۆزى روھنى ماددىغا ئېرىشتۈرىدىغان نەرسىنىڭ سەۋەبىدۇر. تەبىئەتمۇ، ماددىنىڭ تەييارلىنىشىغا سەۋەب بولغان خاسلىقمۇ، تەبىئەتنىڭ ئۆزىدە بولۇپ ماددىنى تەييارلىغۇچى تەبىئەت كۈچلىرىمۇ — ھەممىسى روھقا ئىگە بولغان نەرسىگە تەئەللۇقتۇر.

شۇنداق قىلىپ ئەمەلدىكى (ھەرىكەتتىكى) ئاساس ۋە مەقسەتكە ئالاقىدار بارچە نەرسىلەر بىر پۈتۈن

ھالدا روھنى تەشكىل قىلىدۇ.

بۇلار ھەققىدە ئۇنىڭ «سالامەتلىك ۋە كېسەللىك ھەققىدە» دېگەن رىسالىسىدە يېزىلغان.

ئەرەستۇ تەبىئەتتىن ئېلىنغان روھىي جەۋھەر ئېرىشكەن نەرسىنى تەكشۈرىدۇ. تەبىئەت ھايۋاننى ياشتىن - ياشقا ئۆتۈش ۋاقتىدا بۇ نەرسە بىلەن مەخسۇس تەمىنلەيدۇ.

ئۇ يەنە مەۋجۇداتلارنىڭ تەبىئەتتىن ئېلىنغان ھەربىر ياشقا خاس ھالىتىنى ۋە روھىي جەۋھەرلەرنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرى بولغان تەبىئىي كۈچلەرنى كۆرۈپ چىقىدۇ. بۇلار ئۇنىڭ «ياشلىق ۋە قېرىلىق ھەققىدە» ناملىق رىسالىسىدە بايان قىلىنغان.

ئەرەستۇ ئۆمۈرنىڭ قانچىلىك داۋام قىلىشىنى، قانداقتۇ بىر خىل ھايۋاننىڭ ئۆمرىنى نېمە ئۇزارتىدىغانلىقىنى ھەمدە قانداق سەۋەبلەر ئۇنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىدىغانلىقىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تەبىئىي (تەبىئەتتىن) ۋە روھىي سەۋەبلىرى ۋە ئاساسلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھايات ۋە ئۆلۈمنى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزى نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تەھلىل قىلىدۇ. ئۇ روھىيەت ئىگىسى بولغان ھايۋاننىڭ پەيدا بولۇشى ۋە بەربات بولۇشىنى، بۇ ھال نېمىدىن، نېمىدە ۋە نېمە مۇناسىۋەت يۈز بېرىشىنى تەكشۈرىدۇ.

ئەرەستۇ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆسۈملۈكلەرگىمۇ، ھايۋاناتقىمۇ تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانلار بىلەن تاش جىسىملار ئارىلىقىدىكى قانداقتۇ ئۆزىگە خاس جاينى ئىگىلەيدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. ئاددىي ئادەملەر، ئۇلارنىڭ نېمىشقا روھىي ياكى تەبىئىي جىسىملارغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي شۈبھىلىنىدۇ. كۆپچىلىك ئۆسۈملۈكلەرنى ھايۋانلار قاتارىغا كىرگۈزۈش زۆرۈر دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن روھ ياكى روھىيەتكە تەئەللۇق قانداقتۇ كۈچلەر تەبىئەتكە يېقىنراق بولىدۇ.

ئەرەستۇ يەنە ئەقىل ۋە سەزگۈ ئەزالارنى كۆرۈپ چىقىدۇ ۋە ئۇلار روھ ياكى روھىي كۈچنىڭ بىر قىسمى دەيدۇ. ئۇ يەنە سەزگۈ ئەزالارنىڭ ھالىتى ۋە بۇ ئەزالار تەسىرىدىكى ماۋزۇلارنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇلار ھېس - تۇيغۇلار ئارقىلىق ئىدراك قىلىنىدىغان نەرسىلەر: ھەربىر ھېس - تۇيغۇ ئارقىلىق ئىدراك قىلىنغۇچى نەرسە ئۆزى نېمىدىن ئىبارەت، ئۇلارنىڭ ھەربىرى نەچچە خىل بولىدۇ؟ بۇ خىلنىڭ ئۆزى قانداق، ئۇلار نېمىدە، نېمىدىن ۋە نېمە ئۈچۈن مەۋجۇد؟

كېيىن ئۇ سەزگۈلەر مەنسۇپ بولغان تەبىئىي ئەزالارنى ۋە ئۇلار نېمىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھېس قىلىنىدىغانلىقىنى تەكشۈرىدۇ. بەزى ئەزالار سەزگۈ ئۈچۈن ماددا، بەزىلىرى قورال بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ئەزالارنىڭ ھەربىرىنىڭ تەبىئىتى قانداق بولۇشى زۆرۈر ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىكى تەبىئىي كۈچلەر ۋە ھادىسىلەر قانداق بولۇشلىرى كېرەك؟ ئۇ ھېس - تۇيغۇلارغا ماس كەلگۈچى ئەزالارنى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنى بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇ ئەزالاردا مەۋجۇد روھنىڭ كۈچلىرىدىن بىرى ياكى بىرەر قىسمى تەرىپىدىن بولغان سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

بۇلار ئۇنىڭ «تۇيغۇ بىلەن ئىدراك قىلىنغۇچىنى ھېس قىلىش» ناملىق رىسالىسىدە بايان قىلىنىدۇ.

ئەرەستۇ جانلىق جىسىملاردا مەۋجۇد بولغان ۋە روھتىن چىققۇچى ھەرىكەتلەر (تەسىر قىلغۇچىلار) نىڭ خىللىرىنى، تەبىئىي جىسىملاردا تەبىئەتتىن مەۋجۇد بولغان خىيالىي (مېخانىك) ھەرىكەتنى تەكشۈرىدۇ. چۈنكى، تەبىئەت، ھەرىكەت ۋە راھەت (سۈكۈت، ھەرىكەتسىزلىك) نىڭ قانداقتۇ باشلىنىشى ۋە

سەۋەبدۇر. ئۇنىڭ پىكرىچە ھەرىكەتنىڭ ئۆزى نېمىلىكىنى ئاخىرغىچە ئېنىقلىماي قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ھەرىكەتنىڭ قانداق خىللىرى بار، ئۆزگىرىشنىڭ ياكى توختاپ قېلىشنىڭ ياكى ھەرىكەتنىڭ باشلىنىشى قەيەردىن پەيدا بولىدۇ، بۇلارنى بىلىش كېرەك. ئۇ ھايۋانلارنىڭ ھەربىر خىلىدىكى شۇ ھەرىكەت ئۈچۈن ماسلاشقان ئەزالىرىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ ۋە ھايۋان ئەزالىرىنىڭ ھەربىرىدە مەۋجۇد بولغان ئاساسلارنى، روھىي كۈچلەر ياكى ئۇلارنىڭ قىسىملىرى ئاقىۋىتى بولغان سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ ھەرىكەتلەر شۇنداقكى، ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھايۋانلار نېمىلەرنىدۇ خالايدۇ، نېمىلەردىندۇر ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

يەنە بىرەر خىل ھايۋاننىڭ ياشاش جايىنى، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا شۇ جاي زۆرۈرلۈكىنى، ئۇ قانداق جايلاردا ياشىشى لازىملىقىنى تەتقىق قىلىش كېرەك بولىدۇ، ھايۋانلار بەزى جايلاردا ئوزۇقلۇق ئىزدەش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، باشقا جايلاردا دۈشمەنلىرىدىن ئۆزىنى ساقلاش ئۈچۈن يوشۇرۇنىدىغان جاي ئىزدەيدۇ، يەنەبىر جاي بولسا، ئۇلارغا ئەۋلادلىرىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. كۆپ ھايۋانلار ئوزۇق - ئوقەت ساقلايدىغان جايلارغا موھتاج. بەزى ھايۋانلار ئالدىنئالا يىغىپ قويغان ئوزۇقتىن پايدىلىنىدۇ، بەزىلىرى بولسا، ئۇنى ھەركۈنى ئىزدەپ تاپىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ «ھايۋاندىكى خىيالىي (مېخانىك) ھەرىكەتلەر» ناملىق كىتابىدا بايان قىلىنىدۇ.

كېيىن ئەرەستۇ نەپەس ئېلىشنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە كىكىرتەك نەپەس ئېلىش ئەزاسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ، كىكىرتەكنىڭ مەۋجۇدلۇقىنىڭ سەۋەبى ئۆپكىدۇر، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇ ئويقۇ، بىدارلىق، چۈش كۆرۈشلەرنى تەھلىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزى نېمىدىن ئىبارەت، نېمىدە ۋە قانداق بولىدۇ، روھىي كۈچلەردىن قايسى بىرى سەۋەب بولۇپ، ئۇلار يۈز بېرىدۇ، دېگەن سوئاللارغا جاۋاب ئىزلەيدۇ. ئۇ ئويقۇ ۋە چۈشنىڭ سەۋەبلىرى. خىللىرى ۋە ئاساسلىرىنى تەكشۈرىدۇ. ئاندىن يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەردىن ئاگاھلاندۇرغۇچى چۈشلەرنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەرەستۇ «نېمە بولۇشىدىن» ئاگاھلاندۇرغۇچى چۈشلەر ھەققىدىكى مەسىلە، بىرگىنە روھنىڭ تەبىئىي كۈچلەر بىلەن بىرلەشكەنلىكى بىلەن چېگىرلىنىپ قالىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق چۈش يەنە روھ مەۋجۇدىيىتىدىن يىراق دەرىجىدە تۇرغۇچى باشقا ئاساسلارغىمۇ موھتاجدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەستۇ ئاشۇ مەسىلىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشتىن ۋاز كېچىپ، ئۆز ئىزدىنىشلىرىنى شۇ يەردە توختىتىدۇ.

كېيىن ئەرەستۇ، ئۈچ خىل — ئاڭسىز. ئەقىلسىز ھايۋاننىڭ خاتىرىسىنى تەكشۈرىدۇ، قانداق روھىي كۈچ ۋاستىسىدا ئۇنىڭغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ قانداق يۈز بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

## ئون ئىككىنچى بۆلۈم

ئىنساننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھايۋانغا خاس نەرسىلەرنى تەكشۈرگەندە، ئەرەستۇ روھىيەت ۋە روھىي كۈچلەر ئاقىۋىتى بولغان ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرى، ئاساسلىرىنى كۆرسىتىش بىلەن چەكلىنىدۇ.

# ئون ئۈچىنچى بۆلۈم

ئەرەستۇ ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزىنى تەتقىق قىلغاندا، ئىنساندا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشتە پەقەت بىرگىنە روھ بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. چۈنكى، ئىنساندا بىز كۆزىتىدىغان نەرسىگە توغرا كېلىدىغان نەرسىلەر روھ ھەرىكەتلىرى (تەسىرلىرى) گە قارىغاندا كۆپرەك مىقداردىكى ۋە كۈچلۈكرەك ھەرىكەتلەر (تەسىرلەر) گە ماسلاشقاندۇر. ئەرەستۇ ئىنساندا ھايۋانلاردا بولمىغان باشقا ئىمكانىيەتلەر، روھ ۋە روھىي كۈچلەردىن پەيدا بولمايدىغان سەۋەب ۋە ئاساسلارنى تاپىدۇ. ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئۇنىڭدا مەۋجۇد بولغان تەبىئىي كۈچلەرنى چۈشەندۈرۈش جەھەتتە ئۇلار پەقەت روھ پائالىيىتى (ھەرىكىتى، تەسىرلىرى) گە قارىغاندا يۇكسەكرەك پائالىيەت (ھەرىكەتلەر) ئۈچۈن ماسلاشقان، دېگەن پىكىرگە كېلىدۇ. ئىنساننىڭ روھى ۋە روھىي كۈچلىرىنى تەكشۈرۈش جەھەتتە ئەرەستۇ ئىنسان پەقەت روھ ۋە روھىي كۈچلەر ۋاستىسىدە ئۆز ماھىيىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلار يېتىشمەسلىكلەرنى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە ئۆزگە نېمىدۇر زۆرۈرلۈكنى ئېنىقلايدۇ. بۇ ئورۇندا ئەرەستۇ، نېمىشقا مۇنداق بولۇشىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولدى ۋە ئىنسان نۇتۇق ئىگىسى ئىكەنلىكىنى تاپتى. نۇتۇق بولسا، ئەقىل بىلەن باغلىقتۇر. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەرەستۇ ئەقلىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزى نېمە ئىكەنلىكىنى تەھلىل قىلدى. بۇنى ئۇ روھ ۋە تەبىئەتنى قانداق تەتقىق قىلغان بولسا، شۇ يوسۇندا تەتقىق قىلدى. روھنىڭ قىسىملارغا بۆلۈنۈشىدەك ئەقلمۇ قىسىملارغا بۆلۈنەمدۇ، ئۇنىڭدا قىسىملار ۋە كۈچلەر بارمۇ؟ ئەقىلنىڭ ھالىتى روھ ۋە تەبىئىي ھالەتكە ئوخشاش ئىكەنلىكى، ئەقىل قىسىملارغا ياكى كۈچلەرگە بۆلۈنۈشى، ئىنسان ماھىيەت كەسىپ ئېتىشكە ۋاستە بولغۇچى پائال (تەسىرچان) ئاساس ئىكەنلىكى، خۇددى تەبىئەتتە بولغاندەك، ئۇ — ئەقىل ئۆز مەقستى (غەرىزى) نىڭ سەۋەب ۋە ئاساسى ئىكەنلىكى ئەرەستۇغا روشەن بولىدۇ.

تەبىئىي جەۋھەرلەر ئىككى خىل بولىدۇ: بىرسىدە نېمىدۇر ئەڭ ئاخىرقى نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاستىسىدە ماھىيەت ھاسىل بولىدۇ، بۇ تەبىئەتتۇر. ئىككىنچىسىدە، قانداقتۇ بىر نەرسە بار بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاستىسىدە روھنى تەييارلىغۇچى ماھىيەت ھاسىل بولىدۇ، بۇ ماددا ياكى قورالدۇر. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش روھىي جەۋھەرلەرمۇ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: بىرى نېمىدۇر ئاخىرقى چەككە يەتكەن بىر نەرسىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاستىسىدە روھ ماھىيەت كەسىپ ئېتىدۇ. ئىككىنچىسىدە روھقا بىر نەرسە ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاستىسىدە ئۇ، ئەقىل ۋە ئەقلىي كۈچ ئۈچۈن ياكى بىر قورال بولۇپ، ماھىيەت كەسىپ قىلىدۇ. ئەرەستۇ ئەقىل ۋە تەپەككۇر قىلغۇچى كۈچلەرنى، ئۇلار روھ ۋە تەبىئەتتىكىگە ئوخشاش ئاساسىي قىسىم ۋە خىزمەتچى (ئىشتىكى) قىسىملارغا بۆلۈنەمدۇ — يوق؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب ئىزدەپ كۆرۈپ چىقىدۇ. ئۇ تەپەككۇر قىلغۇچى كۈچلەرنى تەكشۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ قايسى بىرى قايسى بىرسى ئۈچۈن مەۋجۇد، دېگەن مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەرەستۇ تەپەككۇر قىلغۇچى كۈچ ھەرىكەتلىرىنى (پائالىيىتى، تەسىرىنى) ۋە ئەقىلنىڭ ھەرىكەتلىرىنى يىگانە ھالدا تەھلىل قىلىدۇ. ئەگەر نېمىلەردۇر ماھىيىتى ئۆز - ئۆزىچە ھەرىكەت (پائالىيەت، تەسىر) بولمىسا، ئۇ چاغدا ئۇ ئۆز ماھىيىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى ھەرىكەت ئۇچۇن مەۋجۇد بولىدۇ.

## ئون تۆتىنچى بۆلۈم

تەپەككۇر قىلغۇچى كۆچلەرنىڭ ھەرىكەت (تەسىر) لىرى ۋە ئەقلىنىڭ ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئەرەستۇ، ئۇلار مەئقۇلات (ئەقلىي بىلىم) لەرگە ئېرىشىشكە قارىتىلغان، دېگەن پىكىرگە كېلىدۇ. ئەمما ئەرەستۇ بەزى مەئقۇلاتلار شۇنداق دەرىجىدە ئىدراك قىلىندۇكى، ئۇلارنى ئىنسان تەبىئەتتىن تەبىئىي نەرسىلەردە ئاكتۇئال مەۋجۇدلۇقىنى تاپىدۇ، بەزىلىرىنى بولسا ئىنسان دەرھال بايقىمايدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنى ئىدراك قىلىش خېلى قىيىن، دەپ ھېسابلايدۇ. ئىنسان تەبىئەتتىن ئاكتۇئال مەۋجۇد بولۇش سۈپىتىدە بايقىشى، بىلىشى مۇمكىن بولغان ۋە ئەگەر ئېنىقلانسا پايدىلىنىدۇ، دەپ ئويلايدىغان مەۋجۇد نەرسىلەرنى ئىدراك ئېتىدىغان كۈچنى ئەرەستۇ «ئەقلىي ئەمەلىيون» (ئەمەلىي ئەقىل) دەپ ئاتايدۇ. ئىنسان ئېنىق نەرسىلەردىن مۇپارىق (ئايرىلغۇچى) بولۇپ، مەۋجۇد نەرسىلەرنى مەۋھۇم (خىيالىي) پىكىر دەپ بىلىۋېلىشقا، ئىدراك قىلىشقا ۋاستە ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان نەرسىنى ئەرەستۇ «ئەقلى نەزەرىي» دەپ ئاتايدۇ. «ئەقلى ئەمەلىي» ئىدراك قىلىپ بولغان تەبىئىي نەرسىلەردىن بىرەر بىر نەرسىنى بايقاشقا، تېپىشقا ۋاستە بولالايدىغان كۈچنى ئەرەستۇ «ئىرادىيون ۋە ئىختىيارىيون» (ئەركىن ئىرادە ۋە ئەركىن تاللاش) دەپ ئاتايدۇ.

## ئون بەشىنچى بۆلۈم

ئەرەستۇ ئەقلىنىڭ بۇ ئىككى ئەمەلىي ۋە نەزەرىي كۈچىنى، ئەرەستۇ ئۇلار ئىككىلىسى خىزمەتكار، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى (پائالىيەتلىرى، تەسىرلىرى)نى بولسا، خىزمەت ھەرىكەتلىرى، دېگەن پىكىرگە كېلىدۇ. ئۇلار — ئېيتىپ ئۆتۈلگەن كۆچلەر خىزمەتتە بولغان نەرسىلەرنى تەكشۈرۈش يۈزىسىدىن ئەرەستۇ، بۇ نەرسىلەرگە ئاۋۋال تەبىئەتتىكى (تەبىئىي) نەرسىلەر ۋە روھىي كۆچلەر تەئەللۇقتۇر دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. ئۇ يەنە ئەقلىنىڭ تۈرلىرى خىزمەت قىلغۇچى ئاشۇ نەرسىلەر. ئىنساندا ئۆز - ئۆزى ئۇچۇن مەۋجۇد بولىدىغان نەرسىلەر بولماي، بەلكى ئۇلار ئىنسانىنىڭ ئەقلى يېتەيدىغان بەركامالىققا ئېرىششتى ئۇچۇن مەۋجۇددۇر، دەپ ھېسابلايدۇ.

ئەرەستۇ ئىنسانىنىڭ روھىي كۆچلىرى بىرىنچى نۆۋەتتە تەييارلىنىشىنىڭ سەۋەبچىسى بولغان ئەقلىنى تەكشۈرىدۇ، بۇ كۆچلەرگە خىزمەت قىلغۇچى ئەقلىنىڭ بىرقىسمى ئۇچۇن ئۇلار (يەنى روھىي كۆچلەر) مەۋجۇدمۇ ياكى بۇ خىزمەتنى بىجا كەلتۈرۈپ، ئەقىل ئۇلاردا خىزمەتتە تۇرغان باشقا بىر نەرسىمۇ، دېگەن

سوئالغا جاۋاب ئىزدەيدۇ. خىزمەتتە بولغان ئاشۇ قىسىم ئۆز ماھىيىتى بويىچە خىزمەتتە بولۇش مەقسىتىگە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلامدۇ ياكى ئۇ قىسىم خىزمەتتە بولۇشقا مەجبۇر قىلىدىغان كۈچلەر بارلىقىدىنمۇ؟ ئۇ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭدا (يەنى خىزمەتكار قىسىمدا) ئاشۇ كۈچلەرگە خىزمەت قىلىش مەقسىتى يوق. ئۇ (يەنى خىزمەتكار قىسىم) خىزمەت قىلىدىغان كۈچلەر ئېنىقراق ئۇلاردىن ماددا ياكى قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىدۇ ۋە ئۇ ئۆزى پايدىلىنىدىغان ئاشۇ كۈچلەرگە نىسبەتەن باش، يېتەكچى بولىدۇ.

ئەرستۇ ئەقلىنىڭ يېتەكچىلىكىنى تەكشۈرىدۇ ۋە ئەقلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن خىزمەت قىلىش مۇمكىن بولمىغان نەرسىمۇ — ئەمەسمۇ دېگەننى ئېنىقلايدۇ. ئەرستۇ بۇ يېتەكچىلىكنىڭ ھەممە سەۋەبلىرى (تەسىرى) شۇنداق ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن خىزمەتتە بولماسلىق مۇمكىن بولىدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ.

ئەرستۇ نەزەرىي ئەقلىنى تەكشۈرەر ئىكەن، نەزەرىي ئەقىل ئېرىشىدىغان مەئقۇلاتلار (ئەقلىي بىلىملەر) ئۆز ۋاستىسىدە ھېچبىر خىزمەتتە بولىدىغان ماھىيەتلەر ئەمەس، دېگەن پىكىرگە كېلىدۇ. (يەنى بۇ مەئقۇلات نەزەرىي ئەقلىنىڭ خىزمەتتە بولۇشىغا توسقۇن بولمايدىغان ماھىيەتتۇر) ئۇ يەنە، ئاشۇ ئەقىل ئۆزىنىڭ ئالىي دەرىجىدىكى كامالىتىگە ئېرىشكىنى تەقدىردىمۇ ئۆزى قۇۋۋەتلىك بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئالىي دەرىجىدىكى كامالىتىنى پائال ئەقىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. ئەقلىي بىلىمگە يېتىشكەندىن كېيىن پائال ئەقلگە ئېرىشىدۇ. ئەرستۇ پائال (ئاكتۇئال) ماھىيەت بولغان نەزەرىي مەئقۇلات- لارغا نېمىنىڭ ۋاستىسىدە يېتىشىشنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ ۋە قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: نەزەرىي مەئقۇلاتلار ئانچە تولۇق بولمىغان شەكىلدە ئىدراك قىلىنىدۇ ۋە بۇ ئەقىل (نەزەرىي ئەقىل كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئۆزىنىڭ ئالىي كامالىتىگە ئېرىشىدۇ، ئۇنىڭدىن زىيادىراق كامالىتى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ پىكرىچە بۇ ھالدا ئەقىل شۇنداق جەۋھەر (سۇبستانسىيە) گە ئىگە بولىدۇكى، ئۇ جەۋھەر ئۆز - ئۆزىدىن ئۇنىڭ (ئەقلىنىڭ) ھەرىكىتى ۋە ياكى ئۇنىڭ ھەرىكىتى بولۇپ قىلىشقا يېقىنلاپ قالىدۇ.

## ئون ئالتىنچى بۆلۈم

ئەرستۇ ئەقلىنىڭ ئۇشبۇ مەۋجۇدىيىتىدىن بەركامالراق مەۋجۇدىيەت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ ۋە ئۆزگە نېمىدۇر باركى، ئۇنىڭ تۈپەيلىدىن، ئۇ (يەنى ئەقىل) ماھىيەت ھاسىل قىلىدۇ، ماھىيەت ھاسىل قىلىش جەھەتتە بولسا، ئاشۇ ئۆزگە نېمىلەر ئىنسانىنىڭ ئەقلىگە (ئاڭغا) ئېرىشىشكە ياردەمچى بولىدۇ. ئەگەر ئىنسان ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق كامالەتلىك بولالمايدىغان ئالىي كامالەتكە (يەنى ئەقلگە) ئېرىشسە، ئۇنىڭ ماھىيىتى ئىنسانىنىڭ (ئەسلى) ماھىيىتى بولۇشقا يېقىنلاشقان بىرقىسمى بولۇشقا باشلايدۇ ۋە بۇ ماھىيەت ئۇنىڭ پائالىيىتى (ھەرىكىتىدۇر) . بۇنىڭدىن مەلۇمكى، نەزەرىي ئەقىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولغان خەيرلىك نەرسىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىنسانغا خىزمەت قىلىش مەقسىتى بولغان كۈچلەر زۆرۈر ئىكەن. ئىنسان ماھىيىتى ئەقىلدە نامايان بولىدۇ. ئەقىلنىڭ ماھىيىتى ئۇنىڭ ھەرىكىتى (پائالىيىتى) بولۇشقا يىقىن بولغىنىدا ئەقىل ئىگىلىك قىلغۇچى پائالىيەت (ھەرىكەت) بولۇشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساننىڭ پەقەت تەبىئىي (تەبىئەت ئاتا قىلغان) ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆتۈپ، ۋارىسلىق يولى بىلەن ئېرىشىلىدىغان تەپەككۇر قابىلىيىتىدىن تاشقىرى يەنە ئەمەلىي ماھارەت بولمىقى زۆرۈردۇر. ئەقىل تەپەككۇر ۋاستىسىدە پائالىيەت كۆرسىتىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەرەستۇ ئەقىلنىڭ كامالەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن تەبىئىي (تەبىئەت) ۋە روھىي كۈچلەرنىڭ ئۆزلىرى يېتەرلىكمۇ دىگەن مەسىلىنى ئۆگىنىدۇ ۋە ئۇلار يېتەرلىك ئەمەس، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. دىمەك، ئىنساننىڭ ئەڭ ئالىي كامالەتكە ئېرىشمىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يەنە ئىنسان تەبىئىتى ۋە پائالىيىتىگە قوشۇمچە ئىككى خىل — ئەمەلىي ۋە نەزەرىي پىكرىي كۈچلەر زۆرۈردۇر.

## ئون يەتتىنچى بۆلۈم

ئەرەستۇ بۇ مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈشنى توختىتىپ، ئاۋۋال تەتقىق قىلىپ بولغان نەرسىلەرگە قايتىدۇ. تەبىئەتتىن ئىنسان ئۆزى قانداق زات، ئۇنىڭدا روھتىن نىمىلەر مەۋجۇد؟ ئۇ مۇشۇ سەۋەبلەرنىڭ، ئەگەر ئۇلار يا ماددا تەرىپىدىن ياكى قورال - ۋاستە تەرىپىدىن تەييارلانغۇچى بولسا، مەۋجۇدلۇق شەرت - شارائىتلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. تاكى ئەقىلنىڭ ئەمەلىي كۈچلىرى نەزەرىي ئەقىلگە ئېرىشىشتە ئۇلاردىن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە پايدىلىنالىسۇن.

كېيىن ئەرەستۇ ئىنسانغا خاس روھىي ماھىيەتلەرنى تەكشۈرۈشكە ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ بارلىقى ئىنساننىڭ كامالەتكە ئېرىشىشىگە يېتەرلىكمۇ ياكى ئۇلار پەقەتلا ئىئانەت - ياردەمچى بولۇپ قالامدۇ؟ بۇ تەتقىقات مەۋجۇدىيەت ئۇنسۇرلىرى ھەققىدىكى نىزامنىڭ ئۆزىدۇر. ئەرەستۇ يەنە بۇ ئۇنسۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ۋاستىسىدە پەيدا بولغۇچى نەرسىلەر ئۈچۈن يېتەرلىك دەپ ھېسابلىنامدۇ — يوق؟ تەبىئىي جەۋھەرلەر ئاقىلانە پائالىيەتنى تەييارلىيالامدۇ — يوق؟ — دىگەن مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

## ئون سەككىزىنچى بۆلۈم

ئەمما مۇشۇ مەسىلىلەرنى ئۆگىنىشتە ئەرەستۇ مەلۇم بىر مۇشكۇللۇككە دۇچ كېلىدۇ. ئۇنىڭ روھ ۋە روھنىڭ قابىلىيەتلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن باشلىغان تەتقىقاتى كۈچلۈك ئەقىل ۋە قۇۋۋەتنىڭ باشقا كۈچلەرگە باغلىق تەرەپلىرىگە بېغىشلانغان. ئەرەستۇ كامالەتكە، يەنى ھەقىقەتكە ئېرىشىشتە پەقەت روھىي ماھىيەتلەرنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئەمەس، پىكرىي كۈچلەر يەنە باشقا ئاساسقا مۇھتاجدۇر، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئەركىن ئىرادە ۋە پىكىر قىلىش تۈپەيلى تەپەككۇر كۈچ تەرىپىدىن ئىدراك ئېتىلگۈچى مەۋھۇم ماھىيەتلەر (بىلىملەر) تەبىئىي ئاساسلىرى بولغان ماھىيەتلەردىن ئاۋۋال مەۋجۇد بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردىن باشقا ئەقلىي بىلىملەرگە ئېرىشىشتە پايدىلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىن كۈچلۈك ئەقىلگە ئەقلىي بىلىملەر قانداق تەسىر قىلىدىغانلىقىنى ئۆگىنىش زۆرۈر بولىدۇ. كۈچلۈك ئەقىل نېمىشقا ئەبەدىي ئەمەس؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئەركىن ئىرادە بويىچە ئەمەس، تەبىئەتتىن تەئەللۇق بولۇشى زۆرۈر. دېمەك، ئەلۋەتتە كۈچلۈك ئەقىلدە بىرىنچى پائال (ھەرىكەتتىكى) سەۋەبلەرنى يارىتقۇچى ۋە باشقا ئەقلىي بىلىملەرگە تەبىئىي قابىلىيەت بەرگۈچى قانداقتۇ ماۋزۇ (ئوبيېكىت) بولۇشى كېرەك.

## ئون توققۇزىنچى بۆلۈم

ئۇشبۇ ئەقىلنى (ئون يەتتىنچى بۆلۈم ئاخىرىدا سۆزلەنگەن ئەقىل نەزەردە تۇتۇلىدۇ) ئەرەستۇ تەتقىق قىلار ئىكەن، ئۇنى كۈچ - قۇۋۋەتكە ھېچ ئىگە بولمىغان، پەئالىي (ئاكتۇئال) ئىكەنلىكىنى ئېنىقلايدۇ ۋە مۇتلەق كۈچ بىلەن قۇۋۋەتكە ئىگە بولمىغان نەرسە — ماددا قاتارىغا كىرمەيدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئىنسان ئەقلى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى كامالىتىگە يەتكەن تەقدىردىمۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ماھىيىتى بىلەن پەئال ئەقىل ماھىيىتىگە يېقىنلىشالايدۇ، خالاس. ئەرەستۇ ئىنسان ئۆز ماھارىتىنىڭ كامالەتكە يېتىشىشى جەھەتتە شۇ ئەقىلگە تەقلىت قىلىشنى ۋە تەقلىت ئۇسۇلى بويىچە ئەڭ ئاخىرقى ھالەت ۋە فائىل (تەسىر قىلغۇچى سەۋەب) ئىكەنلىكىنى ئۆزى ئۈچۈن ئېنىقلاپ ئالىدۇ. ئاشۇ ئەقىل زېھنىنىڭ ئاساسىدۇر. چۈنكى، ئۇ فائىل ۋە ئۇنىڭ ۋاستىسىدە ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەقلىي ماھىيىتىگە ئېرىشىدۇ. ئاشۇ ئەقىل يەنە مەقسەتمۇ؟ چۈنكى ئىنسان ئەڭ ئاخىرقى ھالەتكە (كامالەتكە) ئېرىشىشكە ۋاستە بولغان ئاساسنى ھازىرلايدۇ. ئىنسان ئەقلى ئۈچ خىسلەتكە ئىگە ئاساستۇر. ئۇ فائىل (تەسىر قىلغۇچى سەۋەب)، ئۇ — مەقسەت ۋە ئۇ — پەئال ئەقىلگە يېقىن بولۇشقا ئىنتىلگۈچى بەركامالىقتۇر. ئىنسان ئەقلى شەكىل، مەقسەت ۋە فائىللىق بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئىنسان نەبھىن (exh) بىلەن قانداقتۇ بىر مەزگىل پەئال ئەقىلگە (ئەقلى فەئالگە) يېتىشكەچ ئۇنىڭغا تەلامۇس بولىدۇ. شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى، تەبىئەتتىن ئىنسان ماھىيىتىدە مەۋجۇد بولغان نېمىدۇر (نەرسە) ئەقىلنىڭ ئۆزىدۇر. پەئال ئەقىلگە يېتىشىش جەھەتتە ئىنسان ئۆزى ۋە ئۇنىڭ (پەئال ئەقىلنىڭ) ئوتتۇرىسىدا بولمايدۇ ۋە شۇ يوسۇندا ئادەم روھى (نەفسى ئىنسانىي) ئاشۇ ئەقىل ئىگىسى بولىدۇ. ئىنسان روھى (نەفسى ئىنسانى) ئاشۇ ئەقىل ئۈچۈن مەۋجۇد بولغىنىدىن، تەبىئەت بولسا — ئادەمنىڭ تەبىئىي مۇستەھكەملىكىنى بىلىش ئۈچۈن، روھ (نەفس) بولسا — بار نەرسىلەردىن ئەڭ مۇكەممەلى نەزەرىي ئەقىل ئۈچۈن مەۋجۇد ئىكەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەۋجۇدىيەتنىڭ، ھاياتنىڭ مەلۇم بىر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشىدە ئىنسانغا خىزمەت قىلىدۇ.

بەزىدە ئەرستۇ ئىلگىرى ئۆزىگە چۈشىنىكسىز بولغان مەسىلىلەرگە ياكى ئىنكار قىلغان كۆپ نەرسىلەرگە قايتىدۇ.

كېيىن ئۇ پەئال ئەقىلنى كۆرۈپ چىقىدۇ. بۇ ئەقىل تەبىئەت ۋە روھ (نەفس)، تەبىئىي ۋە روھىي ماھىيەتلەر مەۋجۇدىيىتىنىڭ سەۋەبىمۇ — ئەمەسمۇ دېگەن سوئالغا جاۋاب ئىزدەيدۇ. نەتىجىدە ئۇ ئۇنسۇرلار ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە (ھەرىكەتلىنىشىگە) مايىل قىلغۇچى ئاساسلاردۇر، دېگەن پىكىرنى ماقۇللايدۇ. ئۇ ئۆزىگە ساماۋىي جىسىملارنىمۇ ئالغان مەۋجۇد نەرسىلەرگە مەۋجۇدىيەت بېغىشلاش جەريانىدا ئەقىل ساماۋىي جىسىملارغا ئىئانەت (ياردەم قىلغۇچى) بولامدۇ — يوقمۇ دېگەن مەسىلىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئۇلاردا (نەرسىلەرگە مەۋجۇدىيەت بېغىشلاش جەريانلىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ) تەبىئەت، روھ ۋە ئەقىلگە ئېرىشىش ئۈچۈن فەزاۋى جىسىملار (ئالەم بوشلۇقى جىسىملىرى) گە كامالەت بەخش ئېتىدۇ ۋە ئاشۇ فەزاۋى جىسىملار ياردىمىدە تەبىئەت ۋە روھىيەتنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ. كۆپ روھىي ماھىيەتلەر ئۆزلىرىگە مۇناسىپ ماددىلارغا ئېرىشىدۇ. بۇ ماددىلار بولسا ئەقىلنى قايتا يارىتىش ئۈچۈن ئۇلاردا مەۋجۇد بولغان تەبىئەتنى تەييارلايدۇ. بۇ ھال خۇددى ئادەم ئۆزىدىن ئالدىنقى ئادەمدە، ئۇ يەنە ئالدىنقىسىدىن تۇغۇلغانغا ئوخشايدۇ. ھايۋانات ۋە نەباتاتتىمۇ خۇددى شۇ يوسۇندا يۈز بېرىدۇ. مەدەنلەر بولسا ئۆزلىرىگە ئوخشاش خىللاردىن پەيدا بولمايدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاپ بۇ خىلنىڭ شەكىللىنىشىگە ئىئانەتلىك (ياردەم) قىلغۇچى نەرسىنىمۇ تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. قىسقىسى خىللارغا شەكىل بەرگۈچى نەرسە فەزاۋى جىسىملارمۇ ياكى پەئال ئەقىلمۇ؟ ياكى پەئال ئەقىل فەزاۋى جىسىملارغا شەكىل بېرىپ، ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە ماددىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرەمدۇ؟ شۇنىسى ئېنىقكى، فەزاۋى جىسىملار تەبىئىي جىسىملارنىڭ جەۋھەرىنىمۇ تەتقىق قىلىش زۆرۈرىيىتى پەيدا بولىدۇ. ئۇلار تەبىئەتمۇ، روھمۇ، ئەقىلمۇ ياكى باشقا بىر كامالەتكە يەتكەن نەرسىمۇ؟ ئۇلارنىڭ تەتقىقاتى پەقەت تەبىئەت تەتقىقاتىغا قارىغاندا ئومۇمىراق، كەڭرەك بولۇشى كېرەك. ئەرستۇ فىزىكىدا بۇ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلار ئىكەن، تەبىئەتنى تەكشۈرۈشتىكى ئەڭ ئاخىرقى نۇقتا — ئەقلىي پەئال ۋە فەزاۋى جىسىملارنىڭ ھەرىكەت مەنبەئىدۇر، دېمەك تەكىتلەيدۇ. ئىنسان تەرىپىدىن قابىلىيەتكە ئېرىشىشتە روھلارنىڭ كۈچ ۋە ھەرىكەتلىرى ئەمەلىي تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن بىرلىكتە نەزەرىي ئەقىل كامالىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. پەقەتلا تۇغما ئارزۇلار ۋە ھېس - تۇيغۇنىڭ ئۆزى، ئەمەلىي ئەقىلگە تەۋە بولغان ھەرىكەتلەر (پائالىيەتلەر) يېتەرلىك ئەمەس.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىرادىۋى (ئەركىن ئىرادە) ۋە نىيەت بىلەن مەۋجۇد بولغان بارچە پائالىيەتلەرنى (ھەرىكەتلەرنى) ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئىرادىنىڭ ماھىيىتى ئەمەلىي ئەقىلگە مەنسۇب بولغان ئەركىن ئىرادىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۇنى باشقا تىرىك مەۋجۇداتلاردىن، مەسىلەن: ھايۋانلاردىكى «ئەزگۈ ئىرادىگە» ئوخشىتىپ بولمايدۇ. دېمەك، مۇشۇ ھەرىكەتلەرنى بىلىش ۋە ئاخىرقى مەقسەتتىن ئېلىنىدىغان سۈد (پايدا) ۋە زىياننىڭ پەرقىنى بىلىۋېلىش كېرەك بولىدۇ. ئەرستۇ يەنە بۇ ھەرىكەتلەردىن

پەيدا بولغۇچى تەبىئىي پايدىلىق نەرسىلەرنىمۇ ئۆگەندى. ئۇ ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ روھىي ماھىيەتلىرىدىكى تەبىئىي ئاساسلارنىمۇ كۆرۈپ چىقىدۇ ۋە ئىنسانىي كامالەتكە ئېلىپ بارغۇچى ھەرىكەت پائالىيەتلەرنىڭ مەجمۇئەسى (يىغىندىسى) ئۇچۇن ئۇلارنىڭ (روھىي ئاساسلارنىڭ) قايسى بىرى پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش زۆرۈر دەيدۇ. ئۇ باشقا تەبىئىي (تەبىئەتكە ئائىت) نەرسىلەرنىمۇ، يەنى تاشلار، مەدەن ۋە ئۇنسۇرلارنى تەھلىل قىلىدۇ ۋە ئۇلاردىن قايسى بىرىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلايدۇ. ئۇلاردىكى تاش، مەدەن ئۇنسۇرلاردىكى مەۋجۇدىيەتكە فەزاۋى جىسملار سەۋەب بولغۇچى ھالەتلەرنى كۆرستىدۇ. ئۇ ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە نىسبەتەنمۇ خۇددى شۇنداق تەھلىل يۈرگۈزىدۇ.

شۇنىڭ ئۇچۇن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىش، تەبىئىي ماھىيەتلەر ھەققىدە ئەتراپلىق بىلىم ئېلىشقا ئىئانەت بولمىقى كېرەك ۋە ئۇلار ھەققىدە فىزىكىۋى ۋە يۇقىرالارچە فەلسەفەدىن (فەلسەفەتۇن مەدەنىيەتۇن) يېتەرلىك ھالدا مەلۇم بولمىغان ھالەتلەرنى تولدۇرۇش كېرەك.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەرەستۇ ئۆزىنىڭ «كىتابۇر - رۇبۇبەتۇن» (مېتافىزىكا) رىسالىدە مەۋجۇد نەرسىلەرنى، تەبىئىي ماھىيەتلەرنى ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان ئۇسۇلدىن ئۆزگىچەراق ئۇسۇلدا ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلاردىن شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى، بىۋاستە بەدەن ۋە ھېس - تۇيغۇ سالامەتلىك ئۇچۇن بىۋاستە پايدىلانمايدىغان مەئقۇلاتلارنى (ئەقىل ئىشەنچ قىلىدىغان ماھىيەتلەرنى) ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش زۆرۈر ئىشتۇر ۋە ئىنسان بىلىشى زۆرۈر بولغان ئىلىملەرگە نىسبەتەن ئىنسان قەلبى (نەفسى ئىنسانىي) روھ ئىنتىلىدىغان، كۆرستىپ تۇرىدىغان نەرسىلەر مەۋجۇدلۇقىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە مەلۇماتنى بىلىش ئىنسانىي ماھىيەتنىڭ ئېھتىياجى كۆپرەكتۇر. ئۇلاردىن ئەڭ پايدىلىقلىرى ئىنسان ماھىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىنساننىڭ ئەڭ يۇقىرى كامالەتنى ئىگىلىشىدە زۆرۈردۇر.

پەندە ئەرەستۇ تەرىپىدىن بىرىنچى مەرتىۋە ئۆگىنىلگەن دانىشمەنلىك (ھىكمەت) مەسىلىسى (يەنى فەلسەفە) ۋە ھەقىقەتنى تىكلەش بويىچە ئۆتكۈزگەن تەتقىقاتى، ئىنسان ئەقلىي قۇۋۋىتىنى بېيىتىشتا بىرىنچى زۆرۈرىيەتكە ئايلاندى. چۈنكى ئىنساننىڭ يارىتىلىش سەۋەبىمۇ شۇدۇر. باشقا پەن، يەنى مەنتىققە كەلسەك، ئەرەستۇ ئۇنى ئىككى مەقسەتتە تەتقىق قىلىدۇ: ئۇلاردىن بىرى ئىنسان يارىتىلىشىنىڭ سەۋەبى بولغان ئىنسان ئەقلىنى يۇقىرى كامالەتكە يەتكۈزۈشتە خىزمەت قىلىدۇ. باشقىسى — فىزىكا (تەبىئەت) ۋە مېتافىزىكا ئەل - ئىلاھىيەت (ئەل رۇبابەت) پەنلىرىدە يېتىشمەيۋاتقان بىلىملەرنى تولدۇرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ فەلسەفە — ھىكمەت ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە ھەقىقەتكە يېتىشىش ئۇچۇن ئەلۋەتتە زۆرۈردۇر.

---

فارابىنىڭ 1993 - يىل تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «فازىل ئادەملەر شەھرى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

# ھەفت داستان

## نەۋرۇز ئاخۇن زىيائى

### نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەسقەر ھۇسەيىن

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** ئىستىدادلىق شائىر نەۋرۇز ئاخۇن زىيائى (نورۇزئاخۇن كاتىپ) 18 ـ، 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈللىنىش دەۋرىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ سان ۋە سۈپەت جەھەتتە دىققەتكە سازاۋەر ئىجادىيەت مېۋىلىرى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا ھۆرمەتلىك ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپتۇر. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا تا ھازىرغا قەدەر يول قويۇلۇپ كېلىۋاتقان يۇزەلىك ۋە بىر تەرەپلىمىلىك سەۋەبىدىن زىيائىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ئۆز ھەقىقىتى بىلەن تولۇق يورۇتۇپ بېرىلگىنى يوق. بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى پەقەت ئىزدىنىش، قېزىش، پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئىلمىيلىككە ئورۇن بېرىش ئارقىلىقلا تولدۇرغىلى بولىدۇ، خالاس.

بىزدە خېلى ۋاقىتلارغىچە زىيائى ۋە ئۇنىڭ زامانداشلىرى بولغان ئابدۇرېھىم نىزارى، تۇردۇش ئاخۇن غەرىبى قاتارلىق مۇئەللىپلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆز تەۋەلىكى بويىچە توغرا ئايرىماستىن، ئەشۇ بىر دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئىجادىيەت مېۋىلىرىنىڭ ھەممىسىنى قارا ـ قويۇقلا نىزارىغا مەنسۇپ قىلىۋېتىش سەۋەنلىكى يۈز بەرگەنىدى. (1985 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «نىزارى داستانلىرى» نىڭ نەشر قىلىنىشى بۇ جەھەتتىكى سەۋەنلىكنى تۈزىتىشنىڭ مۇھىم بىر قەدىمى بولغانلىقى بىزگە ئايان، ئەلۋەتتە.) يۇقىرىدىكى سەۋەنلىك ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىز تونۇشتۇرماقچى بولغان بۇ «ھەفت داستان» («يەتتە داستان») مۇ نىزارىغا تەۋە قىلىۋېتىلگەنىدى.[1] بەختكە يارىشا 1991 ـ يىلى قەشقەردىن تېپىلغان زىيائى داستانلىرى توپلىمى بۇ سەۋەنلىكنى تۈزىتىشكە تولۇق ئىمكان بېرىپلا قالماي، زامانداش ئىككى ئاپتورنىڭ (نىزارى بىلەن زىيائىنىڭ) باشقا ئەسەرلىرىنىڭمۇ تەۋەلىكىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا بىزنى ئىشەنچلىك پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. (بۇ ھەقتە مەخسۇس ماقالىدا توختىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن سۆزنى قىسقارتىمىز.)

شائىرنىڭ بۇ «ھەفت داستان» نى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان زىيائى داستانلىرى توپلىمىنىڭ قولىيازما نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى، ھەجمى 25×14×3cm بولغان بۇ توپلامغا زىيائىنىڭ باشقا داستانلىرى بىلەن بىرگە «چاھار دەرۋىش» نىڭ نىزارى تەرىپىدىن يېزىلغان «مۇقەددىمە» قىسمىنىڭ تولۇق ۋارىيانتى[2] مۇ قوشۇپ تۈپلەنگەن. شائىر بۇ توپلامنىڭ ئاخىرىدا يەنە ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ مۇندەرىجە ـ كاتولوگىنى شېئىرىي يول بىلەن يېزىپ قالدۇرغان. بۇ ئەھۋال بىزنى تولىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ.

«ھەفت داستان» ئۆز ئالدىغا ئايرىم ـ ئايرىم سۇژىتنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان يەتتە كىچىك داستاندىن ئىبارەت. بۇ داستانلاردا كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردە شەرق خەلقلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ئەفسانە، رىۋايەت تۈسىدىكى ھېكايەتلەرنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ، ۋاپادارلىق، خالىسلىق، سېخىيلىك،

---

① ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۇسەيىن، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى مىللەتلەر نەشرىياتى، 917 ـ بەت. مەزكۇر كىتابنىڭ يەنە بىر ئاپتورى بولمىش ۋاھىتجان غوپۇر تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ تونۇشتۇرمىدا قايسى مەنبە ئاساس قىلىنغانلىقى ئايدىڭ بولمىغان شارائىتتا ئەشۇنداق سەۋەنلىككە يول قويۇش مەزكۇر كىتابنىڭ يەنەبىر ئاپتورى بولغان پەقىرغىمۇ بەلگىلىك جاۋابكارلىقنى يۈكلەيدۇ، ئەلۋەتتە.»

② «نىزارى داستانلىرى» نىڭ كىرىش سۆزىدە شۇنداق قوللىنىلغاچقا، بىزمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىدۇق. مەزكۇر «مۇقەددىمە» بىزدىكى قولىيازمىدا «نىزارى داستانلىرى» دىكىگە قارىغاندا خېلىلا تولۇق.

مەردلىك، قانائەت، مېھر - شەپقەت ۋە كۆيۈمچانلىق قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئېسىلار ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىش بىلەن ياخشى خۇلۇق ۋە ياخشى پەزىلەتكە مەدھىيە ئوقۇيدۇ. بېخىللىق، زالىملىق، ۋاپاسىزلىق ھەمدە ئەبلەخلىققە نەپرەت بىلدۈرىدۇ.

1820 مىسرادىن تەشكىل تاپقان بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ بىرقەدەر ئىلغار مەزمۇنى، ئۆزگىچە ئۇسلۇبى ۋە تىل پاساھىتى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. ئەپسۇسكى ئۇ تارىخنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا خېلى بىرقىسىم تەرەپلەردە دىنى ۋە فېئوداللىق قاراشلارنىڭ تەسىرىدىن خالى ئەمەس. شۇڭلاشقا زىيائى داستانچىلىقنىڭ مۇھىم سەمەرىسى سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلغان بۇ ئەسەرنى ئوقۇغىنىمىزدا ئۇنىڭ مېغىزى بىلەن شاكىلىنى پەرقلەندۈرۈش زۆرۈرىيىتىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىم.

بىراۋكىم كېچە - كۈندۈز ئەيلەسە جەھد،
سەئادەت گەنجىدىن ئالغايمە دەپ شەھد.
كەرەم ئەيلەپ ئەگەر قىلماس ئەتا ئول،
كېتەر بىھۇدە ئۆمرى تاپمايىن يول.
بارىغە رازىق ئولدۇر، قادىر ئولدۇر،
نەيەرگە بارسا ئاندا ھازىر ئولدۇر.
بىلۇر زىجاننىڭ ھالىن ئاشكارا،
ئاچۇغدا، پەردەدە ئول بىرۇ بارا.
ئانىڭ تەقدىرىغە تەدبىر يوقتۇر،
دېمەك چۇنۇ چەرا تەغيىر يوقتۇر.
بولۇر بارچە خىرەدنىڭ ئەقلى يەغما،
قىلۇر ئۆز خاھىشىدەك ھەقتەئالا.
ياراتىپ بىئەدەد ئەلنى خۇداۋەند،
بىرىسى[1]فىئلى ئېرمەس بىرگە ماننەند.
تاموغ بىرلە قىلىپ جەننەتنى بۇنياد،
بىرى تۇرفە شىكەنجۇ ئاتەشۇ باد.

بىرىنىڭ بىئەدەد ئاسايىشى بار،
تەسەۋۋۇردىن يىراق ئارايىشى بار.
بىراۋلارنى قىلىپ ئاندا گىرىفتار،
يەنە بىرنى قىلۇر مۇندا سەزاۋار.
نە قىلسا ئەدلدۇركىم، زۇلم ئەمەستۇر،
مۇڭا مۇنكىر كىشىن ئىنسان دېمەستۇر.
چىقالماس ھېچ مەخلۇق ھۆكمىدىن تاش،
نە قىلسا كۆرگۈسىدۇر تاڭلا پاداش.
ئىلاھا. لۇتۇق ئېتىپ بەرگىل تۈزۈك يول،
بارى ئىشدا ئۆزۈڭ سەن رەھنەما بول.
بېرىپ مەندەككە تەۋفىقىنىڭ چەراغىن،
نەسىب ئەتكىل ئۇزاق يولنىڭ ياراغىن.
يېتۈرمە داغى ئىمان گەۋھەرىنى،
ئەتا قىل بەندەلىكنىڭ جەۋھەرىنى.
مەئاسى يولىدىن بىزنى يىراق ئەت،
شەياتىن ھىيلەسىدىن ئىفتىراق ئەت.

## ھەزرەتى سەييىدىلمۇرسەلىن نەئتىدە زەبان ئۇتىسىن تەكەللۇمغە كەلتۈرمەك ۋە خاتە مىننەببىين مەدھىدە تەبئ بۇلبۇلىن تەزەننۇمغە كىرگۈزمەك

سەنادىن سوڭرە نەئت ئول مۇستەفاغە،
دېيىن نۇرۇل - ھۇدا بەدرىند - دۇجاغە.
جەمئى ئەنبىيانىڭ سەرۋەرى ئول،
بارى مەخلۇقلارنىڭ مېھتەرى ئول.
ۋۇجۇدىدۇر زىبى ئەيىنل - ئىنايەت،
ھەمە ئالەمغەدۇر كەنزىل - ھىدايەت.
ئانىڭ ئەمرىنى تۇتماي ھېچ بەندە،

تاپالماس ئابرۇ ئىككى ۋەتەندە.
كى پەرتەۋ سالماغاي دىل شەمئى ھەرگىز،
ئانىڭدەككىم ئېرۇر رەۋغەن گىل ئامىز.
نەكىم مەۋجۇد بولۇپدۇر شەيىي بالا،
ئاڭا بائىس ھەبىبى ھەقتەئالا.
ئولۇسنىڭ شەۋكەتى دۇنياۋۇ دىندە،
فەلەكدە بولسۇنۇ خاكى زەمىندە.

---

[1] قولىيازمىدا بۇ سۆز «بىرى» دەپ يېزىلغان، ۋەزن ئېھتىياجى بىلەن «بىرىسى» دەپ ئېلىندى.

بارىنىڭ ئابرۇيى دىنى ئەھمەد،
بۇدىن مەقسۇدىدۇر شەرئى مۇھەممەد
كىشى تۇتماس ئانىڭ ھۆكمىنى بەرپاي،
كى سەرگەردان ئېرۇر ئول بەندە يىل - ئاي.
تاپار ئاخىر جەھەننەم ئىچرە مەنزىل،
قىلىپ تەي دەھرىنى نىچچە مەراھىل.
ئانىڭ مەقبۇلىدۇر تەڭرىم قەبۇلى،
ئانىڭ مەردۇدىدۇر مەردۇدى مەۋلى.
قايۇ بەندە ئېرۇر ئەھلى سەئادەت،
ئاڭا ئەيلەر دىلۇ جاندا ئىتائەت.
كۆنى بولغايكى قالماس ھىچ ئىنسان،
نە ئىنسان، بەلكى قالماس كۆللى زىجان.
بارىدىن ئىلگەرى ھەق مۇستەفانى،
ھەمە ئەل بىھتەرىنى[1]، مۇجتەبانى.
تىرىلدۇرگەي مۇبارەك جىسمىغە رۇھ،
كىرەر گوردىن قوپار ئول كانى مەفتۇھ.
قوپار باشىنى يەرگە يىغلابان زار،
تۆكەر ياشىنى كۆزدىن مىسلى ئەمتار.
دېگەي: «ئەي مىھرىبان پەرۋەردىگارا،
كەرەملىك، مەغفىرەتلىك كىردىگارا.
ساڭا ئۈممەتلەرىمنىڭ بارچە ھالى،
كى مەئلۇم فىئل - ئەتۋارى، مەقالى.
تىلەرمەن ئۈممەتىم ئىسيانلارىنى،
كى ئۆتكەن ئۆمر ئارا نۇقسانلارىنى.

بۇ كۈندە قىلماساڭ سەن مەغفىرەت تىز،
كى باشىمنى كۆتەرمەن يەردىن ھەرگىز.
مەلائىك ئاڭلاغايلار بۇ سەدانى،
يىغىيۇ زار ئىلە چەككەي نەۋانى.
دېگەي: «يا رەببى، بۇ دوستۇڭ مۇھەممەد،
نە دەپ يىغلار تىلەكىن قىلماغىل رەد.
كى بىزدە قالمادى بىر زەررە تاقەت»،
نىدا كەلگەي خۇدايىمدىن بۇ سائەت:
«بارى ئۈممەتلىرىڭ ئىسيانلارىنى،
كەچۇردۇم سەن ئۈچۈن نۇقسانلارىنى».
بۇ قاتتىغ كۈندە تەڭرىم رەھمەتى جۇش
ئۇرار، ئۈممەتلەر ئاندا ئەيلەگەي نۇش.
ئەگەرچە بولسا ئاسى ئول مۇسۇلمان،
مۇھەممەدكە ۋەلي كەلتۇرسە ئىمان.
ئېشىتىپ بۇ نىدانى، باشىنى ئول
كۆتەرگەي توختاتىپ ھەم ياشىنى ئول.
شەفائەت بەھرىدىن سىراب بولغاي،
ئىبادەت ئەھلىدەك مەھتاب بولغاي.
بولۇر مەنزىل ئاڭا فىردەۋسى ئەئلا،
تامۇغلارىنىڭ شىكەنجىدىن مۇبەررا.
خۇدانىڭ رەھمەتى لەيلۇ نەھارا،
ئانىڭ رۇھىغە بولسۇن بىشۇمارا.
ھەمە ئەزۋاج ئىلە ئەۋلادىغە ھەم،
ھەمە ئەسھاب ئىلە ئەھفادىغەھەم.

## مۇئەللىفى كىتاب ئۆزىنى ۋە شىكەستىگى بىرلە ھەزرەتى غەففارۇز - زۇنۇب دەرگاھىدىن مەغفىرەت تەلەب قىلماق ۋە ئەجز خەستىگى بىرلە كەششافۇل - قۇلۇب جەنابىدىن ئىلتىجا بىرلە ئۈمىد دەستىن كۆتەرمەك

ئىلاھا، ئاسىيۇ جانى يامانمەن،
گۇنەھ دەرياسى ئىچرە سەرگەرانمەن.
چىقارغە سەئيى بىرلە جەھد ئەيلەپ،

پۇشەيمانلار قىلىپ، كۆپ ئەھد ئەيلەپ.
ياپۇشسام ساھىلى دەرياغە ناگەھ،
تايارمەن يانە ئۆزدىن بولاي ئاگەھ.

---

① بۇ سۆز قولىيازمىدا «بىھتەرىن» دەپ يېزىلغان. ۋەزن ئېھتىياجى بىلەن «بىھتەرىنى» دەپ ئېلىندى.

ئۆزۈڭ سەن قىلماساڭ ئاندىن رەھايى،
ھەلاك ئەيلەر مېنى نەفس ئەژدەھايى.
ئىلاھا، قىل كەرەم مەن رۇسىيەھغە،
يامانلاردىن يامان ھالى تەبەھغە.
كى غەفلەت چاھىغە بولدۇم گىرىفتار،
ئۆزۈڭ رەھىم ئەيلەگىل غەففارۇ سەتتار.
ئاچۇق قىل تەۋبە بابىنى يۈزۈمغە،
قەنائەت جەۋھەرىن تولدۇر كۆزۈمغە.
سەزاۋار ئۇلسە تاڭ يوق رەھمەتىڭغە،
بېھىشتى جاۋىداندا نىئمەتىڭغە.
ۋەگەرنە مۇمكىن ئېرمەس چىقماق ئاندىن،
تەسەۋۋۇر ئەيلەسەم زاھىر نىھاندىن.
كۆڭۈلغە ئاخىروي سەۋداسىنى سال،
چېكىپ ئاھ تولغاناي خامە ئارا نال.
ئۆچۈر نەفسۇ ھەۋانىڭ ئاتەشىنى،
نەسىب ئەت بەندەلىكنىڭ كاھىشىنى.
دىلىم مۇرغىغە مەقسەددىن نەۋابەر،
ھىدايەت شەمئىغە كۆندەك زىيابەر.
ئۆزۈڭنىڭ زىكرى بىرلە سايراسۇن ئۇل،
چەراغىم ئۆززە دۇشمەن ئۇرماغاي قول.
رىيا گەردىغە گەر سۇنسام قولۇمنى،
يېتىشمەسدىن بۇرۇن بەند ئەت يولۇمنى.
ھەۋا مەيدانىغە ئۇرسام ئەگەر گام،
ئاياغىم بەند ئېتىپ بەرگىل سەرەنجام.
قەنائەت بەھرىدىن سىراب ئەيلەپ،
دىلىمغە يارى بەر تەۋۋاب ئەيلەپ.
ھەمىشە راھى تەھقىقغە رەۋان ئەت،
ئۆزۈڭ كىبرۇ ھەۋالاردىن ئەمان ئەت.
قەنائەت بىرلە تەۋفىقدىن بېرىپ راھ،
ئۇبۇدىيىيەت يولىدىن قىلغىل ئاگاھ.
كى شەيتان مەكرىدىن ساقلاپ قولۇڭنى،
دىماغىمغە يەتۇر بۇيى گۇلۇڭنى.
يېتىپ ئۇمرۇم بۇ يەرگە يانمادىم ھېچ،
يىغنۇۋ زارى بىرلە تانمادىم ھېچ.

نەسىب ئەت تەۋبە تەرياغىن قولۇمغە،
تايانىپ ئەزم ئېتەي ياخشى يولۇمغە.
ئۆتتۈپ ئەييامى غەفلەت مۇنچەكۆنلەر،
......................[1]
ئەبەسدىن مۇرغى ئۇمرى ھەر تەرەفكە،
ئۇچۇپ تۈشتى كېلىپ بەھرى تەلەفكە.
بېرىپ ھىممەت بۇ قۇشغە، ئەي خۇداۋەند،
نىكۇلار بۇلبۇلىغە ئەيلە مانەند.
چىقىپ ئاندىن قانات ئۇرسۇن بۇكىم راي،
نەۋا چەكسۇن پۇشەيمان بىرلە يىل - ئاي.
ئىلاھا. دۇدى ئىسياندىن يىراق ئەت،
شەياتىن ۋەسۋەسىدىن ئىفتىراق ئەت.
تايارغە مەيل قىلسە نەفسى جاھىل،
ھەۋانىڭ مەركەبىنى ئەيلە كاھىل.
يېتىشمەسدىن بۇرۇن باشقار، رەھىما،
غەفۇرا، ساتىرا، ھادى، كەرىما.
ئەگەرچە ھەددىن ئاشتى بۇ جەفاكار،
ئازىپ يولدىن گۇناھلار قىلدى بىسيار.
ھەمىشە بىزگە كۆرسەتكىل تۈزۈك يول،
ئاياغىنى قويار بۇ بەندە ئۇڭ - سول.
دېدىڭ: «لاتەقنەتۇ مىن رەھمەتىللاھ»[2]
تۈزۈك يول جانىبىغە ئەيلە ئاگاھ.
زىيائى تۇت ئۇمىد ھەق رەھمەتىدىن،
يىراق ئۇلما تەۋەككۇل جۇرئەتىدىن.
خۇدا لۇتۇف ئەيلەبان بەردى ساغا ئىلىم،
تەكەببۇردىن فەرار ئەت ساقلاغىل ھىلم.
غەنىمەت بىلگىل ئۇمرۇڭنى ئەمەل قىل،
ئەبەسنىڭ نۇكتەسىغە ئاچماغىل تىل.
ھەمىشە بولسۇن ھەقنىڭ يادى زىكرىڭ[3]،
ئەگەر باشىڭدا بولسا ئەقلۇ فىكرىڭ.
ئۆتەر دۇنياغە ھەرگىز بولما پا بەند،
بېرۇر رىزقىڭنى ھەر يەردە خۇداۋەند.
ئەگەر يەتكۇرسە يەتكەنچە قىل ئىھسان،

[1] قولىيازمىدا بۇ مىسرانىڭ ئورنى ئاق قالغان.
[2] «ئاللانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار» دېگەن مەنىدە. «قۇرئانى كەرىم» 39 - سۇرە زۇمەل 53 - ئايەت.
[3] بۇ سۆز قولىيازمىدا «زىكرىن» دەپ يېزىلىپ قالغان.

خۇدانىڭ ئەمرىغە بىلقەدر ئىمكان.
ھەرام ئاغۇشتەلەردىن ئەيلە فەرھىز،
تىلەپ ھەقدىن پەناھ قاچقىل قەدەم تىز.
نىكۇلار خەيلىغە قوشغىل ئۆزۇڭنى،
ئاياغى گەردىغە سۇرگىل كۆزۈڭنى.
ئۇلاردىن ئىبرەت ئالغىل بەندەلىكنى،
بىلۇرسەن تاڭلادا شەرمەندەلىكنى.
كى باردۇر ئەقل كانى تەندە ھالا،
ئوشۇقچە دەھر ئۇچۇن فىكر ئەيلە بالا.
فەنا مەقسۇدى سارى ئەيلەگىل جەھد،
بىلىڭنى باغلا، ياخشى يولغە قىل ئەھد.
كىچە ـ كۈندۈز بىرىپ نەفسىڭغە ئازار،
تەرەھھۇم قىلما ھەرگىز يىغلاسا زار.

كىشىكى نەفسىنىڭ رەئيىغە باردى،
يىدى، كەيدىيۇ ياخشى ئات چىقاردى.
زەمان ئەھلى دىگەندىن ياخشى نى سۇد.

قاچان كەلگەي ئىلىككە دۇررى مەقسۇد.
خىرەد ئولدۇر يانىپ ئا ىن ـ كۈن خۇداغە،
مۇتىئ ئولسا مۇھەممە. مۇستەفاغە.
قولىدىن بەرمەسە تائەتنى ھەرگىز،
پۇشەيمان بىرلە قىلما ئەشكىنى رىز.
قىلىپ تەۋبە تىلەگىل مەغفىرەتنى،
ئالىپ دەستىڭغە مەھكەم تەقۋىيەتنى.
زىيائى سەفھەگە يازدىڭ رەقەمنى،
ئالىپ ئىبرەت، ئۆزۈڭ چەككىل نەدەم...

ئۆزى قىلماي كىشىگە دىمەكى پەند،
ئېرۇر دىۋانە ئول ئىرمەس خىرەدمەند.
ئىلاھا، بارچە ئەفئالىمغە تەۋبە،
دىگەن بىھۇدە ئەقۋالىمغە تەۋبە.
بۇ ئۆتكەن غەفلەت ئەھۋالىمغە تەۋبە،
بۇ مۇددەت فىسق ئارا سالىمغە تەۋبە.

ئەۋۋەلقى داستان، بەندەئى خاس رەھمانىررەھىم ۋە سادىقۇل ـ ئىخلاس
ئەسھابىررەقىم ئەھۋاللارى زىكرىدەكىم، بىرىيا بەندەچىلىك
خۇسۇسىيەتىدىن دۇنيا شىكەنجىدىن نەجات تاپمىش ۋە
ئاخىروي دەرىجاتىنى خەللاقى بىنەزىر ئۆزى
بىلگەي نە رۇتبەئى مۇئەللا ئەتا قىلمىش

چۇ خامە سەفھە ئۆزرە قىلدى گىريان،
قىلۇر بۇ نەۋئ ھىكايەت دىل پەرىشان.
كى بىركۈن مۇستەفا بولدى شەكەررىز،
ئىشتكىل، فەيز تاپ، كۆڭلۈڭنى ھەم ئەز.
بار ئىركەن ئۈچ كىشى مافى زەماندا،
خۇداجۇلۇق بىلە زاھىر ـ نىھاندا.
بۇلار ئەزم ئەيلەدىلەر بىر تەرەفكە،
كى ھاجەت ئىردى بۇ ئەھلى شەرەفكە.
يىتىپ بارغۇنچە ئول يەرگە بۇ ئۈچ مەرد.
يىتىشمەسدىن بۇرۇن بىلقۇدرەتى فەرد.
كۈن ئولتۇردى، جەھان بولدى قاراڭغۇ،

بىناگەھ تاغقە يەتتى ئۈچ خۇدا جۇ.
تۆشۈككە كىردى، مىسكىن بولدى ئۈچ باش،
بۇ سائەتدە بولاندى بىر ئۇلۇغ تاش.
يىقىلدى، ئەيلەدى غار ئاغزىنى بەند،
ئەمەس مۇمكىن چىقارغە قىلسا ھەرچەند.
كى يۇرمەي ھىچ تەرەفكە تۇردى مەھكەم،
بۇلارنىڭ باشىغە ياغدى ئۇلۇغ غەم.
كى يىغلاشتى بولۇپ ئانچە پەرىشان،
بۇ ئەندۇھ بىرلە گويا باغرى بىريان.
تەۋەھھۇمدىن بولۇپ رۇخسارەسى زەرد،
بىرى بىرگە تەكەللۇم قىلدى ئۈچ مەرد.

دېدى: «مۇندىن چىقارغە يوقتۇر ئىمكان،
مەگەر قىلغاي خەلاس ھەننانۇ مەننان.
قىلالى ئىلتىجا دەرگاھىغە تېز،
نە ئىشلار بىريىا خالىس قىلىپمىز.
تەلەب بىرلە شەفىئ كەلتۇرسەك ئانى،
ئىجابەت قىلسە تەڭرى لامەكانى.
ئەجەب ئېرمەس خەلاس ئولساق بەلادىن،
قاراڭغۇ غاردىن — بۇ مۇبتەلادىن.
بىرىسى ئايدى: «ئەي يارۇ بەرادەر،
ماڭا بار ئېردى ۋالىد بىرلە مادەر.
نەھىق ئېردى بەسى ئازۇردە جانىراق،
بارى ئەلدىن فەقىرۇ ناتەۋانىراق.
بىر ئەچكۈدىن بۆلەك ھىچ نەرسەسى يوق.
بولۇر ئېردى سۈتى بىرلەر ئۇلار توق.
ئۇلارنىڭ نەفقى خۇد زىممەمگە ئېردى،
دەر ئېردىم: ئۇرماغايلار ئاھى سەردى.
بارىپ ھەركۈنلۈكى مەن بىشە ئىچرە،
ئالۇر[1] ئېردىم ئوتۇن ئەندىشە ئىچرە.
ئۆزۈمنى بۇ رەۋىشكە قىلدىم ئامىل،
قىلىپ ھىزمىنى مەن پۇشتۇمدا ھامىل.
ئۇچامدا [كىيگەن] ئېگنىم ئانچىنان جۇل،
ئوتۇننى ئەل ئالىپ تاشلار ئىدى پۇل.
خىراج ئەيلەپ بۇ پۇلنى تۇشەسىغە،
كېلۇر ئېردىم ئۇلارنىڭ گۇشەسىغە.
بېرۇر ئېردىمكى سۈت بىرلە غىزاسىن،
تاپار ئېردى ئانىڭ بىرلە نەۋاسىن.
ھەۋادىس بىرلە بىر كۈن كەچكە قالدىم،
ھەمىن ھالەت ئۆزۈمنى ئۆيگە ئالدىم.
كېلىپ ئەچكۈمنى ساغدىم، ئوغرادىم تېز،
تەئامىغە قىلىپ ئول سۈتنى ئامىز.
پۇشۇردۇم، سوڭرە ئالدىم جام ئىچرە،
كى تا سالغاي غىزانى كام ئىچرە.
كىرىپ قاشىغە كۆرسەم تەكيە قىلمىش،
داغى ھەر ئىككىلەسىن ئۇيقۇ ئىلمىش.
ھەمول كاسە قولۇم ئۆزرە تۇتۇغلۇق،
ئىكەۋلەن ئۇيقۇ بىرلە كۆز يۇمۇغلۇق.
كى تۇردۇم مۇنتەزىر قاشىدا ئول تۈن.
ۋەلى ئويغاتىغالى مەن قىلمادىم ئۈن.
قىلىپ ئاگاھلىق ئولتۇردۇم ئويغاق،
بۇ تۈن ھەم سۇبھىگە تا بولدى ئەلساق.
بۇ سائەتدە بۇلار بىدار بولدى،
ئالىپ ئول جامنى دەرخار بولدى.
خۇداۋەندا، بۇ سۆزلەرنى دېسەم راست،
خالاس ئەتمەككە بىزنى ئەيلە دەرخاست.»
ئوشۇل سائەتدە تەبرەپ بۇ ئۇلۇغ تاش،
كى ئەندەكرەك شىكافى ئەيلەدى فاش.
بۇلاردىن يانە بىرسى قىلدى گۇفتار:
«قىلايىن سۆز، ئېشىتىڭ مېھرىبان يار.
بىراۋنىڭ بىر قىزى بار ئېردى خۇشرۇي،
بەسى زىباۋۇ خۇشرەفتار، خۇشگۇي.
بۇ قىزغە بولدى كۆڭلۈم ئاشىقى زار،
سۆزۈمنى باۋەر ئەتمەس ئېردى ئول يار.
ماڭا ھىچ ۋەجھى بىرلە باقماس ئېردى،
دېگەن تاتلىغ سۆزۈم خوشياقماس ئېردى.
بولۇپ ئاخىر كۆڭۈلنىڭ مۇبتەلاسى،
دېدىم ئول قىزغە ئالتۇندۇر سەزاسى.
كى يۈز دىنارنى قىلدىم ئاڭا سەرف،
بۇ ھىيلە بىرلە كەيد ئەتتى مەيى زەرف.
مۇرادىم بىر كېچە خىلۋەتتە ئولغاي،
ئەگەر ئۆلسەم كۆزۈم ئاندىن يۇمۇلغاي.
ھەۋادىن كۆڭلۈم ئېردى شۇر ئىلە شەر،
كى بىركۈن خىلۋەتى بولدى مۇيەسسەر.
بىناگەھ كۆڭلۈم ئىچرە تۇشتى لەرزان،
خۇدادىن قورقتۇم، ياندىم ئوشۇل ئان.
بۇ سۆزنى راست ئايسام، ئەي خۇداۋەند،
كى بىزنى غار ئىچىدە قىلماغىل بەند.»
بۇ سائەتدە يەنە بىر تەبرەنىپ تاش،
شىكاف ئولدى ۋە لېكىن سىغماغاي باش.
يەنە بىرسى دېدى بۇ نەۋئ ئەھۋال،

---

[1] بۇ سۆز قولىيازمىدا «ئۇلۇر» دەپ يېزىلغان، مەزمۇن ئېتىۋارى بىلەن «ئالۇر» دەپ ئېلىندى.

سۆزى بۇ نەۋئدۇر فەرخۇندە ئەھۋال:
«قىلۇر ئېردىمكى بىركۇن بىر ئۇلۇغ كار،
ئالىپمەن مۇستەجىردىن بىر نېچە يار.
تۆگەتتى ئىشلارىن مەجمۇئى ئىنسان،
ئالىپ ئۆز مۇزدىنى كەتتىلەر ھەريان.
نە ئەمما ئول گۇرۇھدىن بىز كىمەرسە،
ئۆيىگە ياندى ئالماي ھېچ نەرسە.①
تۇرۇپ قالدى ئانىڭ مۇزدى ئەمانەت،
مەن ئەتمەي ئول ئامانەتكە خىيانەت.
ئالىپ قويدۇم ئانىڭ مۇزدىغە بىر قوي،
قوشارغە قويلار ئىچرە ئەيلەدىم پوي.
بۇ قوي تۇردى سۇرۇۈك ئىچرە نەچە يىل،
بۇ مۇددەت قىرق يىل ئېردىكى بىقىل.
پۇلىن ئالماقغە ھەرگىز كەلمەدى ئول،
ئۆسۈپ بۇ قويلارى بولدى بەسا غول.
خۇداۋەندىم ئۇچۇن ساقلاپ دىيانەت،
بىرىگە قىلمادىم ھەرگىز خىيانەت.
بىناگەھ بىركۇنى كەلدى ئول ئىنسان،
تانۇماس ئېردىم ئانى مەن نېچۇك جان.
دېدى ئول ماھۇۋەل - ۋاقىئىنى بىر - بىر،
سۆزىگە تەسدىق ئەتتىم، سوڭرە تەقرىر.
دېدىم: بار، ئول گورۇھ قويلارنى ئالغىل،
سېنىڭ ھەققىڭ ئېرۇر ئالدىڭغە سالغىل.
مېنىڭ بۇ سۆزلەرىمگە پۇتمەيىن ئول،
دېدى: قىلما بۇ سۆز بىرلە مېنى گول.
ئېرۇر ھالاكى مۇندا نەچچە مىڭ قوي،
نېچۇك قويلار مېنىڭدۇر، ئەي خۇداجوي؟!
دېدىم مەن باز گۇنەھ ئەيلەمەسمەن،
خۇدا نەزدىدە يالغان سۆزلەمەسمەن.
ئالىپ كەتتى گورۇھ قويلارنى ئاندە،
سويۇندى، بولدى گويا غۇنچە خەندە.
ساڭا بۇ رازلارنى، ئەي رەھما،
دېسەم مەن راست نەزدىڭدە كەرىما،
خەلاس ئەتكىل تۆشۈكدىن بىزنى ئەلھال،»
يەنەبىر تەبرەنىپ تاش تۇرفە ئەھۋال.
يىراق بولدىكى، غار ئولدى كۇشادە،
كى چىقتى تۇرمايىن ئول تىيرە جادە.
كىشى خالىس ئەمەل قىلسا خۇداغە،
ئىكى ئالەمدە ھېچ قالماس بەلاغە.
كىشىنىڭ تائەتى خالىس ئەمەستۇر،
فەنا ئەھلى ئانى تائەت دېمەستۇر.
ئېشىتتىڭ بول ئەمەلنى، ئەي زىيائى،
تەلەب قىل تەگرىدىن بول پارسايى.
ئەمەل قىل خالىسەن لىللاھ قىلغىل،
يامان نەفسىڭ دىلىن كۇتاھ قىلغىل.
ئەمەل ئەيلە ۋەلېكىن بولما ئەنگەل،
بۇ يەڭلىغ بەندەلىك دېمە، رىيابەل.
قەبۇل ئەتمەك ئۆزىنىڭ فەزلىدىن بىل،
نە ئىش قىلساڭ ئول ئىشنى بىرىيا قىل.
بۇ دۇنيادا ئەمەل بولسا تەبەھلىك،
قىيامەتدە ياماندۇر روسيەھلىك.
قىيامەت يولىنى ئەندىشە قىلغىل،
بولۇپ ئاگاھ ياخشى پىشە قىلغىل.
يامان ئىشنى قىلۇردىن دۇر بولغىل،
فەئالىڭدىن يانىپ مەغفۇر بولغىل.
قىلىپ ئۇمرۇڭنى زايىئ ماھ ئىلە سال،
بىلۇرسەنمۇ نە يەرگە يەتتى ئەھۋال.
ئۇيۇپ غەفلەت بىلە بولماي خەبەردار،
يامان ئىشلار يۈزۈڭدە بولدى ئاسار.
كى ئۆتكەن ئىشلارىڭغە قىل پۇشەيمان،
ئالىپ قولغا ياقاڭنى بول پەرىشان.
يەقىن بىلگىلكى دۇنيا بىۋەفادۇر،
ئىشى تەزۋىر ئىلە دايىم رىيادۇر.
ۋەفا قىلماس ساڭا، ئەي بىخرەد قۇل،
ۋۇجۇدۇڭ ئاچىلىپ تولغان ئېرۇر گۇل.
ئەجەل بارى ئۇچۇرماسدىن بۇرۇنراغ،
نەدامەتلەر قىلىپ، سىنەڭنى قىل داغ.
زىرائەتگاھ ئېرۇر بۇ دەھرى فانى،
نە يەڭلىغ تۆشە يىغدىڭ مۇندا قانى.

① بۇ مىسرا قولىيازمىدا «ئۆيىگە ئالدى يانماي ھېچنەرسە» دەپ يېزىلغان. مەزمۇنىنىڭ تەلىپى بىلەن تۈزىتىلدى.

بىلىپ ھەركۇندە ۋەقتىڭنى غەنىمەت،
خۇدانىڭ قۇللۇغىغە قىل ئەزىمەت.
قەدەم قويساڭ تاپىپ يۈرگىل يولۇڭنى،
تەۋەككۇل زەنجىرىغە ئۇر قولۇڭنى.
خۇدانىڭ ئەمرىغە مەئمۇر بولغىل،
يامان ئەفئالدىن مەھجۇر بولغىل.
ھەمىشە ناتەۋانلاردەك شىكەستە
بولۇپ يۈرگىل جەھاندا كۆڭلى خەستە.
ئۆزۈڭنى دۇر تۇت ئۇجبۇ رىيادىن،
پەناھ ئىستە تەكەببۇردەك بەلادىن.
رىياۋۇ ئۇجبدىن پاك ئەيلە سىنە،
جەفا كۆرسەڭ بىراۋدىن تۇتماكىنە.
خۇداۋەندا، ئەتا قىل راھى تەھقىق،
دىلىمغە سال ھىدايەت بىرلە تەۋفىق.
تەكەببۇر گەردىدىن بىزنى يىراق ئەت،
سەفا ئايۋانى ئىچرە تۇمتەراق ئەت.
تەھەررىسدىن پەناھ بەرگىل، ئىلاھا،
قەنائەتدىن مېنى قىل ئىنتىباھا.
زىيائى، قىل تەزەررۇئ ئەرتە - ئاخشام،
فەقىرلىق مەسنەدىغە ئۇرغاسەن كام.
كەل ئەي ساقى، ماڭاتۇت جامى گۈلگۈن،
سۇمۇرمەكدىن بولاي مانەندى مەجنۇن.
ۋەفاسىز چەرخنىڭ ھىرسىنى تاشلاي،
كۆڭۈل مۇرغىنى گۈلشەن سارى باشلاي.

## ئىككىنچى داستان، ئۇل پادشاھى مۇئەززەم ھەزرەتى سۇلتان ئىبراھىم ئىبن ئەدھەم قۇددىسەسىررۇھۇ فەنا ئالەمىنىڭ شەھلىغىن تاشلادى، فەقىرلىق خىرقەسىن چولغاپ، بەقا ئايۋانىغە ئەزم ئەيلە- دى، ئەۋلىيائىللا ھ زۇمرەسىغە داخىل بولدى.

بۇ نەۋئ سۆز گۈلشەنى تاپتى تەراۋەت،
گۈلستانى ئىرەم يەگلىغ نەزاكەت.
نەزەر سالساڭ كۆمۈكدۇر بۇ چەمەنزار،
بولۇپدۇر ناقىلاندىن تۇرفە ئەخبار.
بار ئىردى بەلخدە بىر شاھى ئەئزەم،
ئۇلارنىڭ ئاتىدۇر ئىبراھىم ئەدھەم.
سەلاتىن خەيلى ئىچرە شەۋكەتى كۆپ،
سىپاھۇ لەشكەرى ھەم دەۋلەتى كۆپ.
بولۇپ ھەم ئىنقىيادىدا نەچچە شەھەر،
كى ئىقلىم شەھلەرى ئاندىن ئالىپ بەھر.
يارۇغ كۇندە ئەدالەت پىشە ئىردى،
قارا تۈن ئاخىرەت ئەندىشە ئىردى.
ساناغدىن تاشقارى نەچچە خەزائىن،
مۇھەييا قەسرلەر ئىچرە دافايىن.
فەتانەت بىرلە كۆڭلى ئاۋغە مايىل،
يوق ئىردى سەيدىنى ئۇرماقغە ھايىل.
ۋەلېكىن كېچە - كۇندۇز ئىردى زىكرى،
بەقاسىزدۇر جەھان دەپ ئىردى فىكرى.
ئۇراي بەرھەم دېسە سۇلتانلىغىنى،
سەرىرۇ مەسنەدۇ خاقانلىغىنى.
ئۆزەلمەس ئىردى كۆڭلىنى بىيەكبار،
كىشىگە قىلماس ئىردى سىررىن ئىزھار.
كى بىركۇن ئىلتۇرۇپ خۇرشىدى رەخشان،
بولۇپ كەچ، تەختى ئۆزرە چىقتى سۇلتان.
تۆشەكلەر زىرىپايى ئۆزرە قات - قات،
تىلىدا ئاھ سەۋتى ئىردى پات - پات.
خەيالى ئاخىرەتنىڭ قايغۇسىدە،
كۆزى ئىردىكى راھەت ئۇيقۇسىدە.
بۇ ھالەت ئۆگزەسىدىن كەلدى تاۋۇش،
ھەمانا بولدى بىدار كۆڭلى ئاغۇش.
دېدىكىم: سەن يۈرۈرسەن سەتھى خانە،
ئازىقغان جانمۇسەن بۇ تۈندە يانە؟
جەۋابىغە دېدى ئۇل: ساربانمەن
بۇ دەھرى فانىدا بىر كارۋانمەن.

دېدى سۇلتان: قىلۇرسەن مۇندا نې ئىش،
تاۋۇشۇڭدىن دىلىمغە يەتتى تەشۇش؟
دېدى ساربان: باقارمەن ئۇشتۇرۇمنى،
ۋەگەر نە خۇب بىلەدۇرمەن يولۇمنى.
دېدى: تىۋەك نە قىلسۇن ئۆگزە ئۇزرە،
نېچۇكدىن ئول تاپىلسۇن ئۆگزە ئۇزرە؟
دېدى: شەھلىغدە تەختىڭ ئۇزرە قات - قات،
ھەمىشە راھەت ئىچرە كەچسە ئەۋقات.
كى مۇنداغ تەختدە تەگرى نە قىلسۇن،
ياراتغان خالىقىڭ قايداغ تاپىلسۇن؟!
ئېشىتتى ئىرسە بۇ سۆزلەرنى سۇلتان،
تەۋەھھۇم بىرلە كۆڭلى چوق - چوق ھەيران.
كى شەھلىغ دەۋلەتى بىرلە ئىدى مەست،
ھەمانا بەردى چۇن ھۇشيارلىغ دەست.
كى بولدى كۆڭلىگە بىر دەرد پەيدا،
كى ھەق باتىل بىلە بولدى ھۇۋەيدا.
تاڭ ئاتغۇردى تەۋەھھۇم بىرلە يىغلاپ،
قىزىل رۇخسارى زەئفەردەك سارىغلاپ.
ۋەلېكىن بىلمەدىكىم دەر بۇ سۆزنى،
ئەمەس مۇمكىن تانۇماق كۆرمەي ئۆزنى.
گەھى ئۆز كۆڭلىدە ئەيلەپ تەفەككۇر،
قىلۇر ئىردى تاڭ ئاتغۇنچە تەسەۋۋۇر.
مەگەر مەئشۇق ھەقىقىنىڭ كەششى،
كۆرۇنمەي غايىبانە ئۇردى نىشى.
ساۋۇپ كۆڭلى جەھانىنىڭ لەززەتىدىن،
كېچىپ بەل شاھلىقىنىڭ ئىززەتىدىن.
خۇمار ئالۇدەلەر يەڭلىغ پەرىشان،
يۈرۇر ئىردى ھەمىشە چەشم گىريان.
بۇ ھالەت بىرلە ئۆتتى نەچچە كۈنلەر،
بەسى ئەندۇھ بىرلە كەچتى تۈنلەر.
ئەيالۇ ئەھلىغە لەيلۇ نەھارا،
بۇ ۋاقىئلارنى قىلماي ئاشكارا.
كى بىر روز تۈزدى سۇلتان جەشنەئى ئام،
بۇ سورۇن ئىچرە قىلغاي ئەلنى ئىكرام.
يىغىلدى ئالىمۇ ئەشرافلار ھەم،
مۇلازىمۇ نەدىم، ئەترافلار ھەم.
ئەكابىر، كاردان، ئەركانى دەۋلەت،
تەمامى بولدى ھازىر ئەھلى ھەشمەت.
بىناگەھ كىردى سورۇنغا بىر ئىنسان،
كى ئەتۋارى مۇسافىردەك ھەراسان.
پۇتىدا چارۇق، ئىلكىدە ئەساسى،
پەشىن تەشىر قىلغان ئىقتىزاسى.
ئىكى مەركەبكە يانە يۈك تويۇغلۇق،
جىلاۋسى ئىلكىدە مەھكەم تۇتۇغلۇق.
مۇنىڭدىن سوردى شەھ: سەن قايداغ ئادەم،
كىرىپسەن ئوردا ئىچرە قىلمايىن غەم؟
دېدى: بۇ لەنگەر ئىچرە قونغۇچىمەن
تاڭ ئاتسا يولغە بويۇنۇم سۇنغۇچىمەن.
دېدى: لەنگەر ئەمەس دىۋان ئىرۇر بۇ،
تەمامى كىشۋەرۇ كەيۋان ئىرۇر بۇ.
دېدى: بارسۇ ئاتاڭ. ئەي شاھى ئالەم؟
دېدى: ئۇردى ئەجەلنىڭ بادى بەرھەم.
دېدى: ئانىڭ ئاتاسى ھەم قاياندۇر؟
دېدى: بارچە قارا پەردە نىھاندۇر.
دېدى: بۇ ئورداغىز لەنگەر ئەمەسمۇ؟
كېلىپ كەتسە ئانى لەنگەر دېمەسمۇ؟
دېدى بۇ سۆزنى يانە بولدى پىنھان،
ئېشىتتى شاھ ئەقلى قالدى ھەيران.
ۋەلې سورۇن ئىچرە ھېچ كىمەرسە،
مۇئەييەن كۆرمەس ئىردى ئانى ئىرسە.
كېيىنكى، ئەۋۋەلى ئىردى فەرىشتە،
خۇدانىڭ يادىدا تائەت سىرىشتە.
خەلايىق ئاڭلادى شەھنىڭ سۆزىنى،
باقار ئىردى ئاچىپ ھەريان كۆزىنى.
دەبان ھەر نەۋئ سۆزنى ئايتادۇر شاھ،
نېچۈك ۋاقىئ ئىرۇر ئەستەغفىرۇللاھ.
چۇ سۇلتان تاپتى خۇدمۇنداغ مەزەللەت،
كۆزى ياشى بىلە قىلدى تەھارەت.
مۇھەببەت جامىدىن مەينى سۇمۇردى،
ئۆزىنى تەختىدىن تۇفراغغە ئۇردى.
ئالىپ تاجىنى يەرگە ئۇردى فىلھال،
سالىپ ئېگىننى ئۆزگە بولدى ئەھۋال.
قولىغە ئالدى يانە قىلدى پارە،

ئۇرۇپ جىسمىنى يەرگە بولدى يارە.
ئەجايىب ھالەتى رو بەردى پۇر زور،
جەھاننىڭ ھىرسى بولدى كۆڭلىدىن دۇر.
تەمامى سىيمۇ زەر بىرلە ئاغىر يۇك،
كۆرۈنمەي ئالدىدا مانەندە بىر تۇك.
ئۆتۇپ ئول كېچەسى كۇندۇز بىلە مەست،
فىغان «ۋا ھەسرەتا»سى بولمايىن پەست.
يېمەي لۇقمە تەئام، ئىچمەس ئۇدى سۇ،
دەر ئېردى كۆرگەن ئەل: نە ئىش ئېرۇر بۇ؟①
چۇ سورۇن ئىچرە بولغان بارچە ئىنسان،
تەۋابىئ خەيلى بىرلە چەشم گىريان.
بۇ ئەتۋار ئىلە ئۆتتى نەچچە كۇنلەر،
يىغىۋۇ نالە زارى بىرلە تۇنلەر.
كى سۇلتان كۆڭلى ئەندەك تاپتى تەسكىن،
شكارى ئەيلەمەككە تۇزدى تەزيىن.
ھەۋەس ئېرمەس ئېدى لېكىن خەيالى،
قىلاي دەپ خاتىرىن دەفئى مەلالى.
سەۋارە ئەيلەبان ئازراق كىشىنى،
بۇرۇنقى رەسمىدەك تۇتماي ئىشىنى.
يېتىشتى ناگەھان بىر بىشە ئىچرە،
ۋە لېكىن كۆڭلى كۆپ ئەندىشە ئىچرە.
بۇ ھالەتدە چىقىپ قاچتى بىر ئاھۇ،
چاپار ئېردى بەسى سۇرئەتتە ھەر سۇ.
پەيدىن قوغلادى سۇلتان ئانى تېز،
ئوق ئاتغاي، ئەيلەگەي تا ئانى خۇنرىز. ٢
يانىپ تۇردى بۇ ئاھۇ، باقتى شەھغە،
دېدى: قالدىڭ ئەجەب ھالى تەبەھغە.
قاچانغە فانى دۇنيادا بۇكەرسەن،
ئەسىز ئۆمرۇڭگە ناھەق خۇن تۆكەرسەن.
گۇنەھسىز جانۋەرنى ئاغرىتۇرسەن،
خەبەر تاپماي دىلئازارلىق قىلۇرسەن.
قىيامەتدە قۇرۇلسا ئەدلى مىزان،
يىغىلسا ھەشرگاھدا كۇللى زىجان.
خۇدا سورسا جەۋابىغە نەدەرسەن؟
ئۆزۈڭنى بىلمەدىڭكىم، قانداغ ئەرسەن؟
سېنى خەلق ئەيلەدى ھەق بەندەلىككە،
ئەمەستۇركىم بۇ نەۋئ شەرمەندەلىككە.

تانۇسۇن دەپ مېنى پەرۋەردىگارىم،
ئەزىز جان بەردى بىزگە كىردىگارىم.
بۇ سۆزنى ئاڭلادى ئىبراھىم ئەدھەم،
ۋۇجۇدىن باستى گويا كۇھدەك غەم.
ئۆزىنى رەخشىدىن تاشلاپ زەمىنغە،
قىيا كۆز سالمايىن تاجى نەگىنغە.
بەيابان سارىغە ئەزم ئەتتى فىلھال،
مۇلازىملار كۆرۈپ شەھنى بۇ مىنۋال؛
كۆرۈپ تاڭ ئارقاسىدىن بىرلە يۇردى،
خۇمارى يەتكەن ئەل يەڭلىغ يۇگۇردى.
تەمەللەق ئەيلەبان ھالىنى سورماق،
نەدامەتلەر بىلە تۇفراق ساۋۇرماق.
چۇ سۇلتان توختادىيۇ سۆزگە كەلدى،
دېدى ئەل: ئەمدى ئەندەك ئۆزگە كەلدى.
كېيىنكى ئەۋۋەلى ھەم جەمئ بولدى،
چۇ نەرگىس كۆزلەرى تۇفراغغە تولدى.
دېدى: ئەي يارغارىملار يانىڭلار،
مېنىڭدەك ھۇشى يوق شەھدىن تانىڭلار.
بولۇپ ئەھلۇ ئەيالىڭلار بىلە ۋەسل،
يۇرۇڭلار ئۆمرىڭىزلەر بولغۇچە ۋەسل.
مېنىڭ بىرلە يۇرۇپ ھېچ نەفئ بولماس،
قىلۇرسىزلەر تەكەللۇم دەفئ بولماس.
مەرىزىكى ماڭا تەگمىش قويۇندەك،
بىلۇرسىزلەر مۇنى ھالا ئويۇندەك.
ماڭا مۇمكىن ئەمەستۇر سىھەت ئولماق،
ئەيال ئەھلىم بىلە ھەم ئىلفەت ئولماق.
ئۇرۇپدۇر ئىشقىنىڭ مارى مېنى نىش،
قاچان بولغاي بۇ دەردىمگە دەۋاكىش.
قويۇڭلار بەس مېنى ئۆز ھالەتىمغە،
ئىشەنمەڭلاركى مۇنداغ قامەتىمغە.
بەزاھىر سۇرەتىمدۇر تەندۇرۇست جان،
ۋەلېكىن باتىنىمدە داغى ھىجران.
تۇشۇپدۇر بىزگە بۇ تۇرفە جۇدالىق،
كى مۇندىن سوڭرە يوقدۇر ئاشنالىق.
ساغىنساڭلار مەنى ئەۋۋارەنى بەس،
دۇئادا ياد ئېتىڭ بىچارەنى بەس.
غەرىب سۆز ئاڭلادى تۇرغان خەلايىق،

① بۇ مىسرا قولىيازمىدا: «دەر ئېردى كۆرگەن ئەلنىڭ ئىش ئېرۇر بۇ» دەپ يېزىلغان. مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.

ئۇزۇلدى كۆڭلىدىن بارچە ئەلايىق.
يىغى زارى زىيادە بولدى ئانچە،
ستەمگەر چەرخدىن تەگدى تاپانچە.
خەلايىق تۇتتىلەر شەھنىڭ ئېتەكىن،
ئۇرۇپ سىنەسىگە ھەسرەت كېتەكىن.
دەبان: بارساڭ قايان سۇلتانى ئالەم،
يۇرۇرمىز ئىت كەبى، دەپ تۇتتى ماتەم.
كى سۇلتان دەرد بىرلە چەكتى بىر ئاھ،
دېدىكى: ئەلۋىدائ، ئەزم ئەيلەدى راھ.
ئۆزىچە ياندى بەئزى ئەل سەراسەر،
كى بەئزى تۇتمايىن ئەمرىنى باۋەر.
يۈگۈردى كەلمەيىن شەھنىڭ سۆزىگە،
غۇبارىن تۇتىيا ئەيلەپ كۆزىگە.
دېدى: ئەمدى تىلەك مەندىن رىزالىق،
كېرەكمەس بىزگە ئەمدى ئاشنالىق.
مېنى بۇ كويغا سالمىشدۇر خۇداۋەند،
مېنىڭدەك خارۇ خەسغە بولماڭىز بەند.
خەلايىق ياندىلار ناچارلىقدىن،
جەزىرە ئىچرەكىم خۇنبارلىقدىن.
مۇلازىملار كىرىپ يول ئىچرە بىر - بىر،
كۆتەردى قول، دېدى: يا ئالەمى سىر،
نە يەڭلىغ بولسا شەھنىڭ مۇددەئاسى،
كەرەم ئەيلەپ يەتۇر مۇنداغ دۇئاسى.
يانىپ كەلدى ساچىپ باران كەبى ياش،
بۇ ۋاقىئە بولدى ئالەم ئەھلىغە فاش.
ئۇلۇسغە غۇلغۇلە تۈشتى تەمامى،
نە يەرگە بارسا سۇلتاننىڭ كەلامى.
چۇ سۇلتان بولدى غايىپ ئەل كۆزىدىن،
ئاقىبان يىغلاغان ياشى يۈزىدىن.
دىلى جانى تەئەللۇقدىن ئۈزۈلدى،
غۇبار ئايىنەسى كۆڭدەك سۈزۈلدى.
ياراتغان تەڭرىگە شۇكرى سەنا دەپ،
ھەرەم سارىغە يۈز قويدى خۇدا دەپ.
قىلىپ نالە دەر ئېردى: يا ئىلاھىم،
مەنى ئىشكەستەگە سەنسەن پەناھىم.
باسىپدۇر ئەل بۇ يوللارنى پۈتىچە،
كى زادى راھىلەنىڭ قۇۋۋەتىچە.
باساي بۇ يولنى مەن ئىككى كۆزۈمدە،
ئەگەرچە تۈشەئى يوقتۇر ئۆزۈمدە.
قويۇبان بىر قەدەم يەرگە پەرىشان،
ئۆتەر ئېردى دۇگانە چەشمى گىريان.
يۈرۈپ ئون تۆرت يىل بۇ مۇددەت ئىچرە،
ئۇرۇپ جۇش كۆڭلى قاتتىغ فۇرقەت ئىچرە.
بەيىت:
قەدەم باشىمنى ئەيلەپ كەئبەئى
يولۇڭغە باش قويدۇم،
بۇ يولدا سېلى ئەشكىم سۇ،
جىگەر پەركالەسى زادىم.

دەرەمسىز، تۈشەسىز ئەزم ئەيلەدى راھ،
خۇدادىن ئۆزگە يوق بۇ ھالدىن ئاگاھ.
قويۇپ قۇللۇق بىلە يەرگە يۈزىنى،
يېتىشتى كەئبەگە سۈردى كۆزىنى.
بولۇپ فارىغ مەدايىن سارى يۈردى،
مۇقەددەس رەۋزەئى ھەزرەتنى كۆردى.
زىيارەت قىلدى، سوڭرە يىغلادى زار،
كۆزىنىڭ ياشى ئاقتى مىسلى ئەمتار.
بولۇپ بىرنەچچە كۈن ئاندا مۇجاۋىر،
يەنە ئەزم ئەتتى بولماقغە مۇسافىر.
نىشاپۇر شەھرى سارىغە قويۇپ يۈز،
كېزىپ نەچچە مەنازىل كېچە - كۈندۈز.
خۇدايىم بەردى يول ئول مەھجەبىنغە،
يېتىپ كەلدى خەيال ئەتكەن زەمىنغە.
نىشاپۇرغە ياقىن بار ئېردى بىر تاغ،
مەكان ئەتتى كېلىپ ئول سىنەسى داغ.
ئون ئۈچ يىل مۇددەتى چەكتى رىيازەت،
ئاڭا ھېچ بەندە قىلماس تابۇ تاقەت.
كى باشىن بىر كەزەت ياستۇقغە قويماي،
داغى يانى بىلە بىرلەھزە ئۇيماي.
كى مۇئتاد ئەيلەبان ھەر ھەفتەدە ئول،
بارىپ ھىيزەم ئۈچۈن ھەر جۇمئە بىر يول.
شەھەرگە كەلتۈرۈر ئېردى ھەتەبنى،
قىلىپ تۈشە ئۈچۈن مۇنداغ سەبەبنى.
ساتىپ بىر نەچچە دەرھەمگە، ئالىپ نان،
قىلۇر ئېردى مۇنىڭ نىسفىنى ئېھسان.
يەنە ئازىنە بولغۇنچە قىلىپ قۇت،
قويار ئېردى يەنە ھىيزەم ئۈچۈن پۇت.
ئۆتۈپ يىللار ئاڭا بۇ ئېردى ئادەت،

كىچە - كۈندۈز قىلۇر ئېردى ئىبادەت.
ئىشى دائىم فىراقۇ دەرد ئىلە سۆز،
يوق ئېردى يىغلاماقدىن ئۆزگە شەب-روز.
ئۆتۈپ مۇنداغ رىيازەت بىرلە كۆپ يىل،
سەنادىن ئۆزگە ھېچ سۆرمەس ئىدى تىل.

رىيازەت پىشەسىنى تۇتتى فاخىر،
ۋەلىلەر زۇمرەسىدە بولدى ئاخىر.
ئەزىزا، ھەق يولى نازۇك ئېرۇر كۆپ،
رىيازەتسىز دېمە: تەڭرىم بېرۇر كۆپ.

ئۈچىنچى داستان، بەندەئى مەقبۇلى دەرگاھ ھەزرەتى تەبارەك شەيخ ئەب-دۇللا مۇبارەك بىر گۇرۇھ قافىلە بىرلە ھەجگە ئازىم بولۇپ، بارچە تۇشەسىن بىر ئاجىز زەئىفەگە نەفەقە قىلغانى ۋە ئۆزى ھەجگە تەۋەققۇف قىلىپ، دەريايى دەجلە كەنارەسىدە گۇشە تۇت-غانى؛ بۇ ئېھسان تۇفەيلىدىن ئانىڭ ئورنىدا بىر فەرىشتە ھەج قىلغانى ۋە ئانىڭ بائىسىدىن ھەممە ھاجىلار تەۋفى قەبۇل بولغانى

ۋەلىلەر خەيلىدىن بىر مەرھەمەتناك،
رىيازەت بىرلە باغرى لالەدەك چاك.
كى بىر كۈن كەئبە سارى ئەيلەدى ئەزم،
غۇبارىغە كۆزىن سۈرمەك ئۈچۈن جەزم.
كى تاشلاپ بۇ سەرانىڭ گۇشەسىنى،
قىلىپ ئامادە يولنىڭ تۇشەسىنى.
كېزىپ يوللارنى باغدادغە ياۋۇشتى،
بىناگەھ دەجلە قىرغاقىغە تۇشتى.
قىلاي دەپ لەھزە مۇندا ئىستىراھەت،
تەۋەققۇف ئەيلەدى بىر - ئىككى سائەت.
ئۆلۈپ قالغان ئىكەن دەريادا بىر قۇش،
كېلىپ بىر بىۋە زەن ئالدى بولۇپ خۇش.
پەشىگە يۆرگەدى، بولدى رەۋان ئول،
كى سوگرە بولدى ئازىم ماڭغالى يول.
لىباسى ھەم ئېدى ئانداغ دەرىدە،
ۋەفاسىز دەھردىن مەھزۇن جەرىدە.
كۆرۈپ خاجگە مۇنى ھەيرەتتە قالدى،
بۇ زەننى چىرلادىكى نۇكتە سالدى.
دېدى: ئەي جان، نە قىلغۇڭ مۇردە قۇشنى،
بېرىپدۇر سەن ئېلىكدىن ئەقلۇ ھۇشنى.
ھەلالى زەبھسىز ئۆلسە ھەرامدۇر،
نە بولسا خاھ پۇختە، خاھ خامدۇر.

دېدى زەن: گەرچە بۇ قۇش بولسا مۇردار،
ھەلالدۇر تۇئمە قىلماق بىزگە، ئەي يار.
چەراكى شەرئىنىڭ ئەھكامدۇر بۇ،
رەسۇلىللاھنىڭ پەيغامدۇر بۇ.
دېمىش ئول: قالسا مۇئمىن ئاچلىقغە،
يەقىن بولسا ئۆلۈم مۇھتاجلىقغە؛
ھەرامنى تۇئمە قىلماغلىق رەۋادۇر،
ۋەلې غەيرى زەرۇرەت ناسەزادۇر.
بۇكۈن ئۈچ كۈن بولۇپدۇر تۇشەمىز يوق،
كىچىكلەر يىغلاشۇر ئېرمەس ئۈچۈن توق.
قىلۇرلار نالە، بولدى ھالىمىز تەڭ،
كى ئاچلىقدىن قىلۇر نەفسىم ئىتى جەڭ.
زەرۇرەتدىن ئۆلۈك قۇشنى يېگەيمىز،
بۇ ۋەجھدىن مۇنى تۇئمە دېگەيمىز.
بۇكۈن ئۆتسە بەنە تاڭلا خۇداۋەند،
نە بەرسە رازىدۇرمىز ھەرچە مانەند.
قۇلاق سالدى خاجە زەننىڭ سۆزىگە،
بۇ ھالەتدە ئۆزى ئايدى ئۆزىگە:
تۇرۇپ كەئبە بۇ يەرگە قايدا بارغۇم،
ئۇزۇق، تالقانى كۆڭلۈمدىن چىقارغۇم.
بېرەي يول جابدۇقۇمنىڭ بارچەسىنى،
ئالىپ قالماي داغى بىر پارچەسىنى.»

سىپارىش قىلدى زەنگە كۇللى زادىن،
خۇداۋەندىمگە قويدى ئۆز نىھادىن.
ئايرىلدى قافلەدىن قالدى مۇندە،
كى ياندى هاجىلار هەم نەچچە كۇندە.
چۇ بەغداد شەهرىگە ئاۋازە تۇشتى،
تەمامى هاجىلار كەلدى ياۋۇشتى.
چىقىپ خاجە بۇلار ئالىغە باردى،
كۆرۇشمەككە يەگىدىن قول چىقاردى.
دىدى يارانلارىغە: هارماگىزلار،
تۇتۇگلار قوللارىمنى قارماگىزلار.
بۇ سۆزگە هاجىلار هىچ پۇتمەيىن چىن:
نىدىن هاردۇق سورار بۇ خاجە بىزدىن؟
بارىپ كەلگۇنچە بىزگە ئىردى هەمراھ،
كى هەج قىلغانىغە هەم بارچە ئاگاھ.
ئىشتتى خاجە سۆزنى قالدى هەيران،
نە سۆز ئايتۇر دەبان بولدى پەرىشان.
ئەزىمەت قىلماسام مەن هەجگە بۇ يىل،
تەمامى قافلە بىردەك ئاچار تىل.
نە هىكمەتدۇركى بۇ بىلمەسمەن ئانى،
نە سىردۇر قافلە چەككەن زەبانى؟
تەفەككۇر بىرلە مىڭ كۆڭلىدە قايغۇ،
بۇ هالەتدە كۆزنى چاتتى ئۇيقۇ.
خەبەر تاپتى تۇشىدە ئول نىكۇ راي،
تەفەككۇر رەخشىنى چاپتۇردى هەر جاي:
نە سۆز دەر هاجىلاردىن بارچەسى راست،
قىلىپ ئىردىڭ ئۇشۇل كۇن هەجكە دەرخاست.
زەئىفى ناتەۋانىغە رەهم قىلدىڭ،
مۇرۇۋۋەت ئەيلەدىڭ هەق يولنى بىلدىڭ.

تۇرۇپ قالدىڭ، سەبەب بولدى ساڭا ئول،
كى بەغداد ئىچرە قالدىڭ يۇرمەيىن يول.
بىلىپ بىشەڭ مىنىڭ مەئبۇدلۇغۇمنى،
ئۇشۇل كۇن ئىزدەبان خۇشنۇدلۇغۇمنى.
ئوزۇق، تالقانلارىڭنى قىلدىڭ ئىهسان،
ئالىپ قالماي ئۆزۇڭگە پارەئى نان.
مەلەكلەردىن بىرىنى سۇرەتىڭدە،
قىلىپ مەۋجۇدكى جسمى هەيئەتىڭدە.
ئۇلار بىرلە ئىبەردىم هەجگە ئانى،
خەلايىق كۆزىدىن قىلماي نىهانى.
سىنىڭ ئورنۇڭدا هەج قىلدى بۇ يىل ئول،
ئانىڭ قىلغان تەۋافى بولدى مەقبۇل.
پەزىر ئولدى هەمە ئەلنىڭ تەۋافى،
مەلەكنىڭ ۋەجهىدىن يوق ئىختىلافى.
كى دەرگاهىمدە هەركىم قىلسا ئىهسان،
هەيا ئولماس، كۆرەر مۇزدىنى دەهسان.
مۇرۇۋۋەت ئەهلىدىن بول، ئەي زىبائى،
مۇرۇۋۋەت خەستە كۆڭلۇڭنىڭ دەۋايى.
فەقىرۇ بىنەۋا هالىغە كۆيگىل،
يەتىم بىچارەلەرنى ياخشى سۆيگىل.
بۇ يولدا ئىككى كەئبە كەلدى مەنزىل،
بىرىسى مەككە، بىرسى كەئبەئى دىل.
مۇسۇلمانى دىلىن قىلساڭ زىيارەت،
ئۇشۇل مىڭ كەئبەدىن بىهتەر ئىبادەت.
كەل ئەي ساقى، ماڭا تۇت دەمبەدەم جام،
قويۇپ باشىمنى يەرگە ئەيلەي ئاشام.
ئەگەر كەيفىيەتى بەرسە ماڭا دەست،
كەرەم ئەيۋانى ئىچرە ئەيلەيىن چەست.

## تۆرتىنچى داستان، مەردى سەخى سەخا جانىبىدىن دەرەجەئى ئەئلاغە يەتـ-كەنى ۋە مۇمسىك ئەۋرەت بىخىللىق شۇملۇغىدىن تامۇغقە كەتكەنى

سەۋاد ئەتتى قەلەم سەفهە يۈزىنى،
بولۇپ مەهزۇن، قىلىپ جەۋلان ئۆزىنى.
يازار بۇ نەۋئىكىم تۇرفە هىكايەت،
سەخاۋۇ هىرسدىن ئەيلەپ رىۋايەت.
مەدايىن شەهرىدە بار ئىردى بىرقىز،
هەمىشە ئادەتى ئىردى سەهەرخىز[1].

---

[1] بۇ سۆز قولىيازمىدا «سەهەرقىز» دەپ يېزىلىپ قالغان، «سەهەرخىز» (سەهەردە تۇرىدىغان) دەپ تۈزىتىلدى.

كىچە تۈشدە نە ئىش باشىغە كەلدى،
تەۋەھھۇمدىن رەسۇل قاشىغە كەلدى.
ئىشىككە كەلدى، ئىرسە قىلدى ئاۋاز،
رەسۇلۇللاھ سەداسىن ئاڭلادى باز.
بىرىپ رۇخسەت، دىدى: قاشىمغە كىرسۇن،
سۆزىنى ئاڭلايىن ئەرزىنى قىلسۇن.
كىرىپ كەلدى يىغى زارى بىلە قىز،
قىلىپدۇر ئەبىر يەڭلىغ ئەشكىنى رىز.
دىدى پەيغەمبەرىم: نى جان ئىرۇرسەن،
بۇ يەڭلىغ دەرد ئىلە گىريان ئىرۇرسەن؟
دىدى قىز: ئەي خۇدايىمنىڭ رەسۇلى،
يىتىپدۇركى ماڭا مۇنداغ مەلۇلى:
كۆرۈپمەن تۈش كىچە بىر شۇر ئەنگىز،
كى ئۇممەت خەيلىنىڭ ھالىن بىلۇرسىز.
ئاتا كەتتى، داغى سوڭرە ئانا ھەم،
ھەنۇز دەردۇ فىراقى بولمايىن كەم.
كىچە تۈشدە كۆرۈپدۇرمەن ئىكاۋنى،
ياقىپدۇر چەرخ باغرىمغە ئەلاۋنى.
تىرىلدى بارچە جان، بولدى قىيامەت،
خەلايىقغە تۈشۈپدۇر ۋاھ نەدامەت.
يىغىلدى بارچە ئەل مەھشەردە بولدى،
جەھاننىڭ ئەرسەسى ئادەمگە تولدى.
ئانامنى كۆرگەلى ھەر يانغە باقتىم،
ئۇمىد بىرلە تەلەب بابىنى قاقتىم.
كۆرۈپدۇرمەن ئانامنى ئاتەش ئىچرە،
كۆيەر ئوتدا ئەجايىب غەمكەش ئىچرە.
بار ئىردى ئەسكى جامە ئوڭ قولىدا،
يەنە پەنبە تۇتۇغلۇقدۇر سولىدا.
ياپۇشسا ئوت كىلىپ ئوڭ جانىبىدىن،
چاپانىنى تۇتسا قايتار ئوڭ يانىدىن.
كى چەپ يانغە يەتسە ئوت زەبانى،
تۇتار ئول پەنبەنى تاپتى ئەمانى.
سۇئال ئەتتىم ئانامدىن بائىسىنى،
گىرىفتارى شىكەنجى ھادىسىنى.
دىدى: فەرزەند تىرىك ئىركەن زەماندا،
ئەجايىب خوش قىلىق ئىردىم جەھاندا.
تۇتار ئىردىم ئاتاڭنىڭ ئەمرىنى ھەم،
بۇيۇرغان ئىشلارىنى قىلمايىن كەم.
بىخىل ئىردىم ئەجايىب ھىرسى ئارتۇق،
فىقىرلارغە سەخاۋەت قىلغانىم يوق.
مەگەركىم كوھنە بولغان بىر چاپانىنى،
بىرىپ ئىردىم كۆرۈپ ئازوردە جانىنى.
يەنە بىر پەنجە كوھنە پاختا بەردىم،
سەنا قىلدىم مۇنى دۇنيادا ئىردىم.
مۇنىڭدىن ئۆزگە ھىچ تەڭرىم يولىدا،
يوق ئىردى بەرگەنىم ھىچ ئوڭ - سولىدا.
قولۇمغە بەردىلەر ھەر ئىككىلەسىن،
يىراق ئەتكەيسە دەپ ئوتنىڭ جەزاسىن.
ئەگەر ئوت شۇئلەسى بولسا ماڭا رەفئ،
قىلۇرمەن ئىككىسى بىرلە ئانى دەفئ.
مۇنىڭ بىرلە يەنە ئوتدىن ھەرارەت،
قورۇر كۆلدەك ئىچىم يەتكەچ شەرارەت.
يەنە سوردۇم: ئاتامنىڭ جايى قاندا
دىدى: كۆرگىل بىھىشتى جاۋىداندا.
دىدىم: نە ۋەجھىدىن جايى بىھىشتدۇر،
يۈرۈرگە مەسكەنى ئەنبەر سىرىشتدۇر؟
دىدى: ئارى ئاتاڭ.........[1]
ھەماناكىم يۈگۈردۈم ئوڭ تەرەفكە،
يىتىشتىم ھەۋزى كەۋسەر پۇر شەرەفكە.
بولۇپدۇر ئەھلى جەننەتلەرگە ساقى،
مەكانۇ مەسكەنى كەۋسەر قىراقى.
ئاتامغە ئەيلەدىم كۆرگەننى ئىزھار،
دىدىم: بولمىش ئانام ئوتغە گىرىفتار.
تىلەرمەن بىر قەدەھ كەۋسەر سۇيىدىن،
كۆتەرسەم دەرمەھەل جەننەت ئۆيىدىن.
يەتۈرسەم تاكى مەن بەرسەم ئانامغە.
قەبۇل بولماي دىگەن لەفزىم ئانامغە،
دىدى: بەرمەن سۇدىن يوقتۇركى فەرمان،
بۇ سۇدىن ئەھلى دەۋزەخ دۇركى ھىرمان.

① قولىيازمىدا مۇشۇ مىسرا قوشۇلۇپ، ئىككى بىيىت يىرتىلىپ كەتكەن.

يەنە يىغلاپ دېدىم مۇڭداغ ئاتامغە:
قەدەھ سۇ بەرمەسەڭ ئاجىز ئانامغە،
دەرىغ ئەتسەڭمۇ خۇد بىر كەف سۇ بەرگىل،
كى دەۋزەخنىڭ ھەراراتىن كۆتەرگىل.
دېدى: تۇتغىل مېنىڭ سارى قولۇڭنى،
ئالىپ بىر كەف سۇنى تۇتغىل يولۇڭنى.
ئالىپ سۇنى تاموغ سارىغە چاپتىم،
ئانامنى يانە دەۋزەخ ئىچرە تاپتىم.
دېدىم: ئاغزىڭنى ئاچ، ئاغزىنى ئاچتى،
ئانامنىڭ جىسمىدىن ئوتلارمۇ قاچتى.
كى قۇيدۇم ئول سۇدىن ئاغزىغە فىلھال،
ھەمانا بىر فەرىشتە چەكتى ئەقۋال.
دېدى: تەگرىم قۇرۇتسۇن قوللارىڭنى،
ماڭېپسەن تاكى بىلمەي يوللارىڭنى.
تاموغ ئەھلىغە بەردىڭ پاك سۇنى،
قۇلاقغە ئالمادىڭمۇ ئەمرى ھۇنى.
[كى مەنئ] ئەتكەن تومۇغ ئەھلىغە ئانى،
ئەگەرچە قالسا دەۋزەخ ئىچرە جانى.
...كەتتى ھەم جانىمغە مىڭ دەرز،①
........گۈل ئوچشە سولدۇم.②
قۇرۇپىدۇركى نەزەر سالسام قولۇمغە،
تۇتالماسمەن نىمە ئالسام قولۇمغە.

ئېشىتتى مۇستەفا بۇ سۆزنى قىزدىن،
دېدى: شەفقەت كېرەكدۇر ئەمدى بىزدىن.
بار ئېردىكى رەسۇلنىڭ بىر ئەساسى،
ئەسا ئېرمەسكى دۇشمەننىڭ سەزاسى.
ئەسانى بەردى چۇن دۇختەر قولىغە،
دۇئا قىلدى خۇدايىمنىڭ يولىغە.
دېدى: پەرۋەردىگارا، بىرۇ بارا،
كەرەملىك، مەرھەمەتلىك كىردىگارا.
بۇ قىزنىڭ سۆزلەرى گەر راست بولسا،
ئۇزەتكىن قوللارىن كەم كاست بولسا.
ئەگەرچە بولدى بىفەرمان ساڭا بۇ،
ئانالىق ھەققىنى ساقلاپ بېرۇر سۇ.
دۇئا بىرلە مۇھەممەد بولدى دەرخاست،
قولىن ئىلگىركىدەك ھەق ئەيلەدى راست.
زىبانى سەندە بولسا ئەقل ئىلە ھوش،
قولۇڭدىن كەلسە قىلغىل بەزلغە كوش.
قىيامەتتە كۆرەرسەن راھەتىنى،
قىلۇر تەگرىم بىراق ئوت ئافەتىنى.
كەل ئەي ساقى، ماڭا تۇت دەمبەدەم جام،
قويۇپ باشىمنى يەرگە ئەيلەي ئاشام.
ئەگەر كەيفىييەتى بەرسە ماڭا دەست،
كەرەم ئەيۋانى ئىچرە ئەيلەيىن چەست.

## بەشىنچى داستان، مەلىك دونپەرەست زۇلمۇستەم غۇبارىدىن يولىن يىتتۇ-رۇپ، بىخىللىق شەبىستانىدا بەرقەرار ئولدى، بىر زەئىفە ناتەۋان كەرەم جانىبىدىن ئەنۋائ - ئەنۋائ ئەلەملەرنى كۆرۈپ، ئاقىبەت ۋەفا گۈلستانىغە لايىقى سەزاۋار ئولدى

چۇ فىكرەت شامى بولدى سۇبھى رەۋشەن،
نەمايان بولدى ئاندىن نەچچە گۈلشەن.
يازىپ سەفھە ئۈزە شىرىن كەلامى،
بۇ گۈلشەن سارىغە ئەيلەپ خىرامى.
نىشاپۇر شەھرىدە بىر پادىشاھى،
بار ئېردى بۇخلدا ئانداغ كەمالى.
كى قىلدۇردى خەلايىقغە مۇنادى:
ماڭا بولسا ئولۇسنىڭ ئىنقىيادى.
گەداغە بەرمەسۇنلار ھېچ نىمەرسە،
بولۇپ دىگەر بىراۋگە ھېچ كىمەرسە.

① ② بۇ يەردىكى ئىككى بېيىتنىڭ ئىككىنچى مىسرالىرى بولغان بۇ تۇرلارنىڭ بېشى ئالدىنقى مىسرالار بىلەن قوشۇلۇپ يىرتىلىپ كەتكەن.

مۇبادا بەرسە سايىلغە كىشى نان،
كېسەرمەن قوللارىن بىلسۇن ھەر ئىنسان.
ئۆزىنى تاشلاتادۇرمەن يىراققە،
كېتەر يالغۇز ئالىپ باشىن قىراققە.
بۇ سۆزنى ئاڭلادى بارچە خەلايىق،
كىشىدە بولسا ھەر نەچچە ئەلايىق.
بېرەلمەس ئېردى بىر ناننى گەداغە،
مەگەر بەرسە قالۇر ئېردى بەلاغە.
شەھەر ئىچرە فەقىرۇ يىنەۋالار،
بولۇپ ھالى خەراب، ئۆلدى گەدالار.
مۇبادا ئاچلىققە ئۆلسە ھەرجان،
ئالىپ تاشلار ئىدى جىسمىنى ھەريان.
بۇ يەرگە تاپتى ئاخىر ئىش سەرەنجام،
فەقىرلار تاقەتى تاق بولدى ناكام.
چىقىپ فەريادۇ ئەفغان ھەر تەرەفدىن،
كى ئاچلىق بىرلەجان بولدى تەلەفدىن.
فەئەمما بار ئىدى بىر كۆڭلى غەمكىش،
نىشاپۇر شەھرى ئىچرە ياخشى ئەندىش.
بەغايەت ناتەۋان دەرۋىش ئىدى ئول.
گەرەسنە بولدى تاپماي چىققالى يول.
زەئىق ئولدى ئاچىپ قۇرساغى ئول كۈن،
يۈزىدىن ئۆرلەدى تۇفراغى ئول كۈن.
دېدى: بىر نان تىلەپ ئەھلى كەرەمدىن،
بېسەم شايەد قۇتۇلغايمەن بۇ غەمدىن.
چىقىپ يولغە رەۋان بولدى ئەسادار،
تاپارغە پارەئى ناننى نىگۇنسار.
بىراۋنىڭ دارىغە ئاھىستە باردى،
كى ئاچلىقدىن يېتىپ بارغۇنچە ھاردى.
ئىشىككە كەلدى چەكتى شەيئۇلىللاھ،
ئېشىتتى ئۆي ئىگەسى بولدى ئاگاھ.
چىقىپ ئول بەندەگە بولدى مۇلاقات،
نېدىن كەلدىڭ، دەبان قىلدى شىكايات.
كى بىزگە باردۇرۇر سۇلتانىنىڭ ھۆكمى،
سەخاۋەت قىلماسۇن دەپ خانىنىڭ ھۆكمى.
ئېرۇرمەن بىر زەئىفە كۆڭلى خەستە،
كىيىۋىم يوق ئېرۇر ھالىم شىكەستە.
دېدى دەرۋىش: مەجازى شاھدىن تەرس
قىلۇرسەن، فىكر قىلماي ھەق ئىشىن دەرس.
ھەقىقەت شاھىنىڭ ئەمرىنى تۇتغىل،
كى ئاغۇ بولسا ھەق يادىدا يۇتغىل.
ئەگەر سەندىن رىزا بولسا خۇدايىڭ،
بەتەھقىق تاڭلا جەننەتدۇر فىدايىڭ.
ستەم قىلسا ماڭا شاھى مەجازى،
نە بولغۇڭ سەندە بولسا ئىشقبازى.
ئۆيۈڭگە كىر، چىقارغىل پارەئى نان،
رىزايى ھەق ئۈچۈن بولساڭ مۇسۇلمان.
ئېشىتتى ئۆي ئىگەسى تۇرفە سۆزنى،
كەرەم ئەيۋانى ئىچرە سالدى كۆزنى.
دېدىكى: شەھ نېچۈك قىلسا رىزامەن،
قولۇمنى كەسسە، ئۆلتۈرسە سەزامەن
بۇ زەن بەردى گەداغە ئىككى ناننى،
كى شەھ[نىڭ] زۇلمەتىغە تىكتى جاننى.
بۇ ھالەتدە ئەۋان ئېردى خەبەردار،
ستەمجو، خەشمناكۇ بەلكى ئەييار.
نىشاپۇر شەھرىدە ئېردى بەسى شۇم،
بارىپ شەھ ئوردىسىغە قىلدى مەئلۇم.
ئېشىتتى شاھ چۇن بولدى غەزەبناك،
كى تا قىلماي بۇ زەننىڭ ئېلكىنى چاك.
كى فەرمان قىلدى كەسسۇن! دەپ قولىنى،
تالاپ ئالسۇن! — دېدى، — بارچە پۇلىنى.
قولىغە ئالدى شەمشىر نەچچە جەللاد،
ئېشىتكەن ئەل قىلىپ ئانداغكى فەرياد.
كېلىپ زەننىڭ ئۆيىگە تۇشتى فىلھال،
قولىنى چىرمادى، تاراج ئېتىپ مال.
ئالىپ يۇردىكى ئاندىن چارسوغە،
خەلايىق تۇردى ھەر رەڭ گۇفتگوغە.
كى يۇردى ئارقاسىدىن خاس ئەلەئام،
چېكىپ ئەفسۇس، قىلىپ سۇلتانىنى بەدنام.
ستەمجۇلار دىماغىن خەشم ئەستى،

تۇتۇپ زەنىنىڭ ئىكى ئىلكىنى كەستى.[1]
بۇ زەنىنىڭ بار ئىدى ئىككى بالاسى،
بولۇپ ئۇل ئىككى جانىنىڭ مۇبتەلاسى.
بىرى چوگراق، بىرىسى شىرى خارە،
ئەمزمەي بەچچەنى يوق ئىبردى چارە.
يازىپ ئالدى بالاسىنى بۆشۈكدىن،
ۋەھالان ئۇل ياگى چىققان تۆشۈكدىن.
بالاسىن گەردەنىگە تاگدى فىلھال،
ئۆيىدە قالمادى تاراج ئىتىپ مال.
سالىپ ئالدىغە سەھرا سارى يۈردى،
مەگەركىم چارپانى بۆرى سۈردى.
بەيابان ئىچرە ئىلتىپ ياندى جەللاد،
زەئىفە ناتەۋان كۆپ قىلدى فەرياد.
كى يۈزلەندى ئاگا نەچچە مۇشەققەت،
بىرى بىردىن زىيادە بولدى زەخمەت.
بىرىسىدۇر قولىنىڭ قەتئى دەردى،
بىرى فەرزەندىنىڭ زارى نەۋەردى.
بىرى بولدى بالاسى بوينىغە يۈك،
بىرى غۇربەت مەيىدىن بولدى ئۆسرۈك.
بىرى دەرماندەلىكدىن تەشنە بولدى،
خەزان يەگلىغ بارى ئەئزاسى سۇلدى.
قۇرۇپ ئاغزى، باقار ئىبردىكى ھەريان،
يۈرۈرگە تەشنەلىكدىن قالماي ئىمكان.
يىراقدىن ناگەھان بىر كۆلنى كۆردى،
ئىچەي دەپ سۇ ھەمول جانىبغە يۈردى.
ئالىپ ئىچمەككە ھەم ئىككى قولى يوق،
دەبان: جان تاپغامەن ئىچسەم سۇنى توق.
ئىلاجىن تاپماي ئاخىر كۆلگە باردى،
بىلەلمەس ئۆلكەدۇر يا چۆلگە باردى.
تۆبەن باشنى سالدى سۇ ئىچەي دەپ،
قاچان سۇ تاپماسام جاندىن كېچەي دەپ.
باشىن سالغاچ تۆبەن تۈشتى بالاسى،
سۇ ئىچرە تەشنەلىكنىڭ مۇبتەلاسى.
چۆكۈپ كەتتى بالاسى، بولدى غايىب،
بۇ غەم سەۋداسى بىرلە باشى قايىپ.
قولىنىڭ يوقلىغىدىن يىغلابان زار،
قاراپ تۇردى بولۇپ سۇ ئىچرە ناچار.
ئىلاجىن تاپمايىنكىم بولدى گىريان،
ياغىپ باشىغە غەملەر بولدى ھەيران.
دەر ئىبردى: ۋادەرىغا، ۋاھ نەدامەت!
كۆل ئىچرە گويىيا بولدى قىيامەت.
يوق ئەتتى تەشنەلىكنى داغى فەرزەند،
نە كىم ئۇل تىفل بىرلە كۆڭلى خۇرسەند.
چىقىپ كۆلنىڭ لەبىگە بۇ شىكەستە،
زەئىفۇ ناتەۋانۇ كارى بەستە.
چېكىپ دەرگاھى ھەققە ئاھى پۇر دەرد،
تەزەررۇئدىن قىلىپ رۇخسارىنى زەرد.
قىلىپ جارى تىلىغە بۇ سەنانى،
دىلۇجان بىرلە ياد ئەيلەپ خۇدانى:
كى يەئنى رازى بولدۇم مەن قەزاغە،
چىدارمەن ھەر نېچۇك كەلگەن بەلاغە.
نە قىلساڭ بەندەنى سەن قۇدرەتىڭ بار،
كى قەھرىڭدىن فۇزۇنراق رەھمەتىڭ بار.
رەۋا قىلغىل بۇ قولىنىڭ ھاجەتىنى،
يىراق ئەتسەڭ فەلەكنىڭ ئافەتىنى.
نە قىلدىم، ئىزدەدىم خۇشنۇدلۇغۇڭنى،
بىلۇرمەن بارچەغە مەئبۇدلۇغۇڭنى.
تاپاندىم زاتى پاكىڭغە، ئىلاھا،
ساغىندىم ياخشى ئاتىڭغە، ئىلاھا.
ھەمە بىچارەگە فەريادرەسسەن،
كىشىگە ھاجەتىم يوقتۇركى سەنسەن.
چىكەر ئىبردى بۇ يەگلىغ ئاھى پۇر دەرد،
بۇ ھالەتدە چىقىپ كەلدى ئىكى مەرد.
سەباھەتدە تەڭ ئىرمەس ھېچ ئىنسان،
يۈزىنىڭ شۇئلەسىدۇر ماھى تابان.
كى ئەيلەر پەرتەۋى سەھرانى رەۋشەن،
كى زەنىنىڭ سوردى ھالىن بۇ ئىكى تەن:
نە جانسەن كۆل لەبىدە داد ئىتەرسەن،

---

[1] بۇ مىسرادىكى «بىر ئىلىك»، «ئىككى ئىلىك» دەپ ئىلىنىدى. چۈنكى كېيىنكى ۋەقەلىك ئىككى ئىلىكنىڭ كېسىلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

نە كەلدى باشڭە فەرياد ئىتەرسەن؟
دېدى ئەۋرەت: فەقىر بىچارەدۇرمەن،
بالامنىڭ دەردىدە ئەۋۋارەدۇرمەن.
مېنى سۇردى قەزانىڭ ھۆكمى چۆلگە.
كىرىپ ئېردىم ئىچەي دەپ سۇ بۇ كۆلگە.
تۇشۇپ سۇغە بالام يوق بولدى نەيلەي.
ئىچىمگە زەھر ئاغۇش تولدى نەيلەي.
قولىن سۇندى بۇلاردىن بىرسى فىلھال،
بالاسىن ئالدى كۆلدىن، زىندە ئەھۋال.
قولى يوقتۇر تۇتاي دېسە بالاسىن،
بىلىپ بۇ ئىككى تەن زەن مۇددەئاسىن.
دېدى: كەستى قولۇڭنى قايسى بەدكار،
ياشۇرماي سۆزلەرىڭنى ئەيلە ئىزھار؟
دېدى ئەۋرەت: قولۇمنى كەستى سۇلتان.
بېرىپ ئېردىم گەداغە مەن ئىكى نان.
سەراسەر قىسسەنى قىلدى بەيان ئول،
يۇزى پەژمۇردەلىكدىن زەئفەران ئول.
كېسىلگەن پەنجەسىن ئىككى خىرەدمەند،
ئالىپ كەلدىكى قىلغاي يانە پەيۋەند.
سىلاپ ئېردىكى بولدى پەنجەسى زەم،
يەنە ئىلگىركى يەڭلىغ غەير مەرھەم.
دېدى: كۆرگىل خۇدانىڭ قۇدرەتىنى،
تەرەھھۇملۇق، كەرەملىك سەنئەتىنى.
قولىنى كۆرسە ئەۋرەت تازە بولمىش،
تەمامى رەنجۇ مىھنەتدىن قۇتۇلمىش.
خۇداغە شۇكر قىلدى بىنەھايەت،
بۇرۇنقى ئىلكىدەك بولغاچ سەلامەت.
بۇ زەن تۇتتى يىگىتنىڭ دامەنىنى،
ئاتىنى سوردى يانە مەئمەنىنى.
بۇلار ئايدى: ساڭا بىزلەر مەدەتكار،
قىلالى ۋاقىئەنى ئەمدى ئىزھار.
رەئىييەتلەرگە فەرمان قىلدى سۇلتان،
گەداغە قىلماسۇن دەپ خەيرۇ ئىھسان.
مەجازى شاھنىڭ ئەمرىنى تۇتماي،
ھەقىقەت شاھنىڭ ئەمرىن ئۇنۇتماي.

بېرىپ ئېردىڭ گەداغە ئىككى ناننى،
دەپ ئېردىڭ تەڭرىگە قويدۇم بۇ جاننى،
ئىكى نان ئىككى ئەرنىڭ سۇرەتىدە،
بولۇپمىز خوبلارنىڭ ھەيئەتىدە.
ساڭا يەتتى سىيەھدىل شەھدىن ئافات،
كى يىغلاپ تەڭرىگە قىلدىڭ مۇناجات.
تەرەھھۇم ئەيلەدى ئاقغان ياشىڭغە،
ئىبەردى يار ئولۇپ بىزنى قاشىڭغە.
بۇ دۇنيادا قىلۇرمىز دەستىگىرلىك،
بولۇرسەن تاڭلا ھەم ساھىب سەرىرلىك.
تۇگەتتى سۆزلەرىنى، بولدى غايىب،
ئاتا بىرلە ئانا ئورنىغە نايىب.
ئۆلۇمنى ياد قىلساڭ، ئەي زىبائى،
يولۇقسا قاندا دەرۋىش بىنەۋائى.
بەقەدرىھال ئاڭا قىلغىل تەرەھھۇم،
ئىكى ئالەمدە كۆرمەسسەن تەزەللۇم.
زەئىفى راست ئەيلەپ نىييەتىنى،
كۆرۈپ ئول ئىككى نان خاسىييەتىنى.
قۇتۇلدى بۇ جەھاندا كۆپ بەلادىن،
نېتاڭكىم بولسا تاڭلا ئاشنادىن.
سەخا قىلسا كىشى مۇندىن ئۇزۇنراق،
نەتىجە كۆرسە تاڭ يوقتۇر قۇزۇنراق.
ئىرۇرسەن لۇتفى ھەقدىن زىندە ھالا،
تەفەككۇر مۇرغىنى شەيب ئەتمە بالا.
كۇچۇڭ يەتكۇنچە تا قىلغىل مۇرۇۋۋەت،
قىيامەت ئىچرە تاپ رۇتبە ئۇلۇۋۋەت.
قىلىپ شامۇ سەبادا بەندەلىكنى،
دىلىڭدىن بەرمەگىل تەرسەندەلىكنى.
ھەمىشە فىكر قىل «ئەستەغفىرۇللاھ»
بۇ نەۋئ غەفلەتدە بولماي بولغىل ئاگاھ.
ئىلاھا، بارچە مۇئمىنلەر مۇرادىن
بېرىپ، تۇتغىل ئەماندا نىھادىن.
شەياتىن يولىغە ئازدۇرمىغايسەن،
بېخىللىق يولىغە تايدۇرمىغايسەن.

ئالتىنچى داستان، خاتۇنلار بىۋەفالىقداكىم، ھەرنىچە زىرەك ئەر بولسا، مەكر-ھيلە كەمەندىغە گرىفتار ئەيلەمەكدىن يىراق ئىرمەس ۋە دىسە بولماسكىم، بۇلار سازىشى سىلسىلەئى مەھكەمدۇر، ئىفتىراق ئىرمەس. ئاقىل ئولكى، بۇ-لارنىڭ ئەلفۋار نۇكتەسىنى دال يەڭلىغ كەج بىلگەي ۋە ئەگەر سەۋگەند ياد قىلسا، ئاگاھەرگىز تەسدىق قىلماغاي

چۇ بىركۇن ئەزم ئىتىپ چىقتى مەسىھا.
ۋەفاسىز دەھرىغە ئەيلەپ شىكىبا.
يولۇقتى ئالىغە ناگەھ گورىستان،
لەھەد ئۈستىگە باش قويمىش بىر ئىنسان.
مەسىھا سوردى: ئەي ئىشكەستە دىلسۇز،
نىدىن ياتتىڭ گورۇستاندا غەم ئەندۇز.
نىچە ئۆتسەم بۇ يەردە داد ئىتەرسەن،
بىغىۇۋۇ زار ئىلە فەرياد ئىتەرسەن.
نۆيۈك يوقمۇ، زەنۇ فەرزەند، مالىڭ؟
نىگە ئۆتتى بۇ يەڭلىغ ماھۇ سالىڭ؟
بۇ گوردا دەفن قىلغان تەن نىمەڭدۇر،
فىراقى بىرلە كۆڭلۇڭ مۇنچە تەڭدۇر؟
دىدى ئول: ئەي خۇدايىمنىڭ رەسۇلى،
سۆزۈمنى دەي ئەگەر قىلساڭ قەبۇلى.
بۇ گوردا ياتغان ئادەم مەھرەسىمدۇر،
ئەنىسىم، غەمگۇسارىم، ھەمدەمىمدۇر.
قىلىپ ئىردۇك ئىكەۋلەن ئەھدۇ پەيمان:
قاچانكىم روھ تەندىن قىلسا تەيران،
ئەگەر سەن ئىلگىرى كەتسەڭ جەھاندىن،
كېچىپ مالۇ مەنالۇ خانىماندىن.
بولاي قەبرىڭدە ئۆلگۇنچە مۇجاۋىر،
كۆزۈمدىن ھەم تۆكەي خۇن - خۇن مۇقاتىر.
قاچانكىم ئىلگەرى مەن فانى بولسام،
ھەياتىم يىلدىزىن تۇپ بىرلە يۇلسام.
ياتىپ قەبرىمدە سەن تۇفراقغە بۇلغان،
جامىغە چۇلغان.
پەزىر ئەتتۇك ئىكەۋلەن ئەھدىمىزنى،
ھەبا قىلماي تۆكۇلگەن ھەددىمىزنى.

ۋەفاسىز چەرخى دەۋراندىن جەفايى،
بەناگەھ يەتتى دەۋراندىن قەزايى.
ئەجەل تىغى كېلىپ جۇفتۇمغە تەگدى،
فىراقى سەرۋەدەك قەددىمنى ئەگدى.
بۇ گور ئىچرە ئانى دەفن ئەيلەگەن چاغ،
كى ئوتتۇز يىلغە يەتتى كەتمەدى داغ.
ياتىپمەن قەبر ئۆزە ئەھدىمنى بۇزماي،
ئىشتىكىل مۇختەسەر، ئەفسانە سورماي.
مەسىھانىڭ ئىچى ئاغرىپ بۇ تەنگە،
تىرىكلىك چاغدا چۇلغانغان كەفەنگە.
دىدىكىم: خاتۇنۇڭ گەر زەندە بولسا،
نە بەرگۇڭدۇر مۇڭا جان تەندە بولسا؟
دىدى: بەرگۇمدۇرۇر ئۇمرۇم تەگىنى،
بۇ جۇفتۇم ئالسا ئىلكىگە يەگىنى.
دۇئاغە قول كۆتەردى چۇن پەيەمبەر،
باقىپ قەبرىغە: يا ئەللاھۇ ئەكبەر.
بۇ بەندەڭ مىھرىبانلىقدىن كۆچگە،
مۇھەببەتلىك ئۇچۇن بۇ كەتكۇچگە.
ياتىپدۇر نەچچە يىلدىن بارى يىغلاپ،
ئۇزارى[1] كەھرەبا يەڭلىغ سارىغلاپ.
سەن ھەم رەھم ئەيلەسەڭ بۇ ناتەۋانغە،
بۇ ئەۋرەت جىسمى ۋاسىل بولسا جانغە.
كى بەردى ئۇمرىنىڭ نىسفىن كۇيەۋسى،
كۆرۇشسە بىر - بىرى بىرلە ئىكەۋسى.
ئىجابەت بولدى پەيغەمبەر دۇئاسى،
ئاگا قىلدى خۇداۋەند جان ئەتاسى.
يارىلدى قەبر ئانداغ پىستە يەڭلىغ،
ھەمانا چىقتى زەن نەۋرەستە يەڭلىغ.

---

[1] قولىيازمىدا بۇ سۆز «ئۆزارىم» دەپ يېزىلىپ قالغان.

مەسىھا شۇ زەمان كەتتى بۇيەردىن،
مۇئەييەن تاپتى ئەۋرەت بۇ خەبەردىن.
كۆيەۋسى قىلدى گۇفتارىن سەراسەر،
قوۋانىپ، يىغلاشىپ بۇ ئىككى ياۋەر.
كۆيەۋسى باشىنى زەنىنىڭ تىزىغە
قويۇپ ياتتى، كۆزىن سۇرتۇپ ئىزىغە.
ھىكايەتلەر قىلىپ، ئۇل بەندە ھاردى.
بۇ سائەتدە كۆزى ئۇيقۇغە باردى.
قەزارا شاھزادە ئاۋغە چىقتى،
كۆزى ناگەھ ئىكى تەنغە چالىقتى.
بىلەي بۇنى ئەي خىرەدمەند،
نىشاپۇر شەھرى سۇلتانىغە فەرزەند.
يېتىپ كەلدى بۇلارنىڭ قاشىغە تېز،
سۇئال ئەتتى بۇ خاتۇندىن: نەجان سىز؟
كۆرۈپ شەھزادەنى زەن بولدى شەيدا،
ئىچى [دە] شۇئلەئى ئوت بولدى پەيدا.
بۇ ئەۋرەت ھەم بەسى ئېردى چەرالىق،
بە سۇرەت بار ئىدىكى دىلرەبالىق.
مۇڭا شەھزادە ھەم ئاشۇفتە بولدى،
تارىتتى ئىشقدىن رۇخسارى سۇلدى.
كۆيەۋسى ئېردى مەشغۇل ئۇيقۇ بىرلە،
ھەۋادىن بولدى كۆپ...[1]قايغۇ بىرلە.
دېدى:[2]ئەي شاھزادە، ئوغرىدۇر بۇ،
قاراقچىدىن يامانراق توغرىدۇر بۇ.
چىقىپ ئېردىم شەھەرنىڭ كوچاسىغە،
يولۇقتۇم راھزەننىڭ ئولجاسىغە.
بىلۇر ئېركەن بەسى مەككارلىقنى،
شەياتىن بىلمەگەن ئەييارلىقنى.
ئالىپ كەلدى بۇ يەرگە يوق ئىلاجىم،
تۇرۇپمەن قاچقالى كۆپ ئېھتىياجىم.
نەچە كۇندۇر گورىستاندا ياتىپمەن،
قىيا كۆز سالمايىن تاشتەك قاپتىمەن.
دېدى شەھزادە: «ئەي زەن، بولغىل ئاگاھ،
مېنىڭ بىرلە كېلىپدۇر نەچچە ھەمراھ.

ئىلىندىم تارى زۇلفۇڭغە مەگەسدەك،
تۇتاشتى ئوت، كۆيەرمەن خارۇ خەسدەك.
بولۇپتۇرمەن سېنى ئېلتۇرگە تالىپ،
كېلۇر ھەمرەھلەرىم بۇ دۇزغە غالىپ.
پەزىر ئەتسەڭ ئەگەر قىلغان سۆزۈمنى،
ساڭا خىزمەت ئۇچۇن تۇتتۇم ئۆزۈمنى.»
دېدى زەن: شاھزادەم، بارەكەللاھ.
ماڭا بولسا مۇيەسسەر سەن كەبى شاھ.
نە خۇشتۇر، بىگۇمان بەختىم ئاچىلدى،
نىھادىمغە دۇرى دەۋلەت ساچىلدى.
ساڭا سۆز بىزكى، ئەي شەھزادەئى ئەسل،
ئەگەر بولسام سېنىڭ ئەقدىڭغە مەن ۋەسل.
كۆڭۈل تىنماس يوق ئەتمەي تاكى دۇزنى،
بۇدۇر بىر جان، نەخۇش ئۆلتۇرسە يۇزنى.
رەئىييەتلەرگە خوبدۇر، يانە بىزگە،
قەبۇل ئەتسەم ئۆزۈمنى سوڭرە سىزگە.
دېدى شەھزادە: قەتلى ھاجەت ئېرمەس،
كېيىن قىلغان پۇشەيمان سۇد بەرمەس.
قاچان دۇز ئۇيقۇدىن بىدار بولسا،
جەدەل قىلماق ئۇچۇن گۇفتار بولسا.
تۇتۇپ باغلاپ قىلاي ئاندىن سىتەملەر،
قىلۇر خادىملەرىم تۇرفە ئەلەملەر.
ھەمانا بولغىل ئاتغە ھەمسەۋارە،
ئەگەر ئويغانسامۇ ئەيلەر نە چارە.
بۇ ئەۋرەت ئۆزىنى مەركەبغە ئالدى،
كۆيەۋسى ئۇيقۇلۇق بۇ يەردە قالدى.
ياتىپ بىر سائەتى بۇ مەردى غەمخار،
كى راھەت ئۇيقۇسىدىن بولدى بىدار.
قاراسا ھەر تەرەفكە خاتۇنى يوق،
تەۋەھھۇم بىرلە تىترەپ جىسمى جوق ـ جوق.
كى ھەسرەت بىرلە چەكتى ئاھى پۇر دەرد،
قالىپ ھەيران تەفەككۇر ئەيلەدى مەرد.
مۇبادا بىر كىمەرسە زور بىرلە،
ئالىپ كەتكەنمۇ بولغاي جەۋر بىرلە.

[1] بۇ يەردە بىر بوغۇزلۇق بىر سۆز چۈشۈپ قالغان.
[2] قولىيازمىدا بۇ سۆز «رى» يېزىلغان. تولۇقلاندى.

ئۆزىچە قىلماغاي ھەرگىز بۇ ئىشنى،
رەۋا كۆرمەس ئۆزىگە بۇ رەۋىشنى.
باقاي ئىزدەپ خەبەر تاپقايمە، ئايا،
قاچان تاپىلماسا يانغايمە، ئايا.
كى باقسا ياندا بىر ئات ئىزى بار،
رەۋان بولدى بۇ ئىزچە مەردى غەمخار.
يۈرۈپ بىر پارە يول چىقتى ئىگىزغە،
قارادى ھەر قايان باقماي بۇ ئىزغە.
بولۇپتۇ زەن بىراۋگە ھەمسەۋارە،
كۆرۈپ رەشكىدىن ئولدى باغرى پارە.
يۈگۈردىكى يىراقدىن قىلدى فەرياد،
ئېشىتىپ ئاتنى توختاتتى شەھزاد.
يېتىپ كەلدى، دېدى: قايداغ كىشىسەن،
قايان ئېلتۈرسە جۇفتۇمنى تىرىكمەن؟
خۇدادىن قورقىلۇ ئەلدىن ئۇياتغىل،
مۇسۇلمانسەن، ھەۋا شاخىن ئۇشاتغىل.
دېدى شەھزادە: سەن ئايتۇرسە يالغان،
فەسانە ئەيلەمە بولسا كېرەك جان.
بۇزەن ھەرگىز سېنىڭ جۇفتۇڭ ئەمەستۇر،
ئۆزىنىڭ ئېرىنى ئوغرى دېمەستۇر.
ئوغۇرلاپسەن، قىلىپ سەن روسىيەھلىق،
گورۇستاندا ئۆزى بەردى گۇۋەھلىق.
ئەگەر كەلتۈرمەسەڭ زەننى ئوغۇرلاپ،
نېدىن ياتتىڭ كى مۇنداغ يەرنى كورلاپ.
ئېشىت نەسلىمنى، مەن شەھزادە دۇرمەن،
ئۇلۇغ دەۋلەت بىلە ئامادەدۇرمەن.
نە قىلسام مەن سېنى ئانچە كۈچۈم بار،
دېدىم ئوبدان ئەمەس يەتكۈرسەم ئازار.
دېدى: قىلساڭ نە ئىش باشىمغە ئالدىم،
نە كەلسە بىلمەدىم تەگرىمگە سالدىم.
بۇ ۋاقىئەلارنى سۇلتانغە قىلاي داد،
ساڭا قىلغان بىلە مىڭ نالە - فەرياد.
ئېشىتمەسسەن مېنىڭ دادىمنى ھەرگىز،
كى سانسىز نالە - فەريادىمنى ھەرگىز.
مېنى ئوغرى دەبان تۆھمەت قىلۇرسەن،
فەقىرغە بىگۇنەھ كۇلفەت قىلۇرسەن.
دېدى شەھزادەگە زەن: ئەي مەلىك، داد،
دېدىم قىلساڭ مۇنىڭ ئۆمرىنى بەرباد.
قاچان ئۆلتۈرمەسەڭ تىنماس كۆڭۈل ھېچ،
يېتەر بۇ ئارقامىزدىن ئەرتەۋۇ كەچ.
باقىپ شەھزادە ئىككى - ئۈچ ئەۋانغە،
دېدى: تەنبىھ ئېرۇر لازىم يامانغە.
تۇتتۇڭلار، باغلاڭىزلار قوللارىنى،
كەشاكەش ئەيلەڭىز ئوڭ - سوللارىنى.
يېتىڭلار دەرمەھەل دىۋان ئىچىگە،
ئاتامنىڭ قاشىغە - كەيۋان ئىچىگە.
رەۋان بولدى ئۆزى ئوردا سارى تېز،
كېيىن قالدى بۇ ئەر ئەشكىن قىلىپ رىز.
ئاتاسى قاشىغە كىردى مەلىكزاد،
بۇ ئۆتكەن ۋاقىئەنى ئەيلەدى ياد.
چۈ سۇلتان ئاڭلادى ئوغلان سۆزىنى،
ئەۋانلار سارىغە قىلدى يۈزىنى.
دېدى: ئول دۇزنى يىلدام كەلتۈرۈڭلار،
قاچۇرماڭلاركى مۇندا يەتكۈرۈڭلار.
بۇ قىلغان فىئلىنىڭ بەرسۇن جەۋابىن،
قىلاي جورمىغە باقىپ ئېھتىسابىن.
ئەۋانلار ئول ئىكەۋنى قىلدى ھازىر،
كى سۇلتان بۇ ئىكەۋغە بولدى نازىر.
دېدى: ئەي مەرد، شۇبۇ خاتۇن نىمەڭدۇر؟
دېمە سەھرا كەبى بۇ يەرنى كەڭدۇر.
جەۋابىن راست ئايغىل، ئايما يالغان.
ئەمەس ئاقىل ئۆزىن رەنج ئىچرە سالغان.
دېدى: جۇفتۇم ئېرۇر، ئەي شاھى ئالەم،
بىلۇرلەر ھەم تانۇرلەر بارچە ئادەم.
دېدى خاتۇن: كۈيەۋ ئېرمەس، ئېرۇر يات،
سىياسەت قىلسا ھەق سۆزگە كىلۇر پات.
دېدىم شەھزادەغە بارچە سۆزۈمنى،

قۇتۇلدۇم، ئۇرداغە ئالدىم ئۆزۈمنى.
كۆيەۋ ئاڭلاپ بۇ خاتۇننىڭ كەلامىن،
كۆرۈبان ئۆزگەچە ھالۇ نىزامىن.
دېدى ھەيران قالىپ: ئەستەغفىرۇللاھ،
قەسەم قىلسام سۆزۈمنى چىن دېمەس شاھ.
بۇ يەڭلىغ بېۋەفالىق قىلسا خاتۇن،
نە خۇشتۇر ئۆرتەسە كۆپ بولسا ئاتۇن.
دىلىدا كەچتى، لېكىن دېدى ئەلئان،
گۇۋاھ تاپسام، سۆزۈم بولماسا يالغان.
ۋەزىرغە باقتى بۇ مەردى شىكەستە:
ئەگەرچە ئەرزۇ ھالىم بولدى بەستە.
بىلۇر بۇ ۋاقىئەلەرنى مەسىھا،
سۆزۈمنى گەرچە سۇلتان بىلسە بىجا.
ۋەزىر ئايدى قويۇپ: ئەي پادىشاھىم،
بۇ مەردى ئايتۇدۇر: ئىيسا گۇۋاھىم.
دېدى سۇلتان: مەسىھانى كەتۇرسۇن،
تەمەللۇق ئەيلەبان مۇندا يەتۇرسەن.
كى چىقتى ئۇرداىن بىچارەئى مەرد،
رەۋان بولدى چېكىپ مىڭ نالەئى دەرد.
چىقىپ كەتكەن زەمان شەھغە زەئىفە،
دېدى: بولسام ئەگەر زارۇ نەھىفە.
ئەگەر قىلساڭ مېنىڭ قەۋلىمگە تەسدىق،
قىدىم ئەيىيام ئۇغرىدۇر بەتەھقىق.
خەلاس ئەتتى ئۆزىنى ھىيلە ئەيلەپ،
قويابەردىڭ ئانى سەن سىلە ئەيلەپ.
تاپالماسسەن بۇ دۇزنى ھەرگىز ئەمدى،
قاچار ئول بىشەلەرگە تېز ئەمدى.
ۋەزىرغە ھۆكم قىلدى ئېرسە سۇلتان:
مەگەر قاچقايمۇ يات يەرگە ئول ئىنسان؟
ۋەزىر ئايدى: ئايا سۇلتانى ئالەم،
كۆرۈنمەي ئارقاسىدىن ئىككى ئادەم.
نەيەرگە بارسا بىرلە ئەزم قىلسۇن،
كېلۇرمۇ يا قاچارمۇ جەزم قىلسۇن.
ئەگەر بولسا قاچارنىڭ ئېھتىمالى،
تۇتۇپ مەھكەم ئانى يەتكۈرسۇن ھالى.
قولىنى باغلاسۇن ئول ئىككى خادىم،
كۆچى يەتمەس يەنە بارسۇن مۇلازىم.
ۋەزىرنىڭ سۆزىنى شەھ تۇتتى مەئقۇل،
كەڭەش بابىدا بولغان ئېردى مەقبۇل.
ئەۋانلار ئارقاسىدىن چەكتى ئاھەڭ،
باسىپ ئېردى داغى يول ئىككى فەرسەڭ.
يېتىپ ئارقاسىدىن تۇيدۇرمادى ھېچ،
دەر ئېردى: تۇتقامىز بولسا ئەگەر كەچ.
بۇلاردىن ئول كىشىدە ھېچ خەبەر يوق،
قاراقچى ياكى يولچى دەپ ئەسەر يوق.
بارۇر ئېردى بەسى ئەندىشە بىرلە،
فەلەك باغرىغە ئۇردى تېشە بىرلە.
كەچۈردى كۆڭلىدە: ئىش بولدى مۇشكىل،
مەسىھا تۇتماسا ھېچ يەردە مەنزىل.
نە يەرگە بارغامەن، قايدىن تاپارمەن،
ئاتىم يوقتۇر، پىيادە يول سەتارمەن.
مەگەر باشىغە غەمنىڭ تاشى ياغدى،
تەفەككۇر ئەيلەدى كۆپ، كۆڭلى ئاغدى.
يۆلەندى غەم بىلە بىر تۇپ شەجەرگە،
كۆزىن چاتتى قويۇپ مەقئەدنى يەرگە.
خۇداۋەندىم بولۇپ ھالىدىن ئاگاھ،
مەسىھانى تۇشىدە كۆردى ناگاھ.
كى يىغلاپ ۋاقىئەنى ئەرز قىلدى،
پەيەمبەر ھەم مۇنىڭ ھالىنى بىلدى.
دېدى: يانغىل بۇ يەردىن، بولما غەمكىن،
بۇ قىلغان سۆزلەرىڭ تاڭلا بولۇر چىن.
يېتەرمەن چاشت ۋەقتى كىشۋەر ئىچرە،
مېنى تاپغۇڭ دۇرۇرسەن ئول يەر ئىچرە.
ھەنۇز ئۇيقۇ ئىچىندە ئېردى بۇ قول،
كېلىپ ئويغاتتى بۇ ئىككى ياساۋۇل.
ھەماناكىم چۇچۇپ ئول بولدى بىدار،

سىياسەتلەر قىلىپ بۇ ئىككى ئەيىار:
دېدىكى ئىبسانى تاپىپ كەلتۇرەيىن،
بۇ كۇننى قىلمايىن كەچ يەتكۇرەيىن.
كېلىپ مۇندا ياتىپسەن فارىغۇل - بال،
جەفاۋۇ جەۋر قىلساق نېدۇر ئەھۋال.
بېلىڭنى باغلاغىل يولغە رەۋان بول،
سۆزۈڭدىن كۆر زىيان خاھى ئەمان بول.
كىرىپ ئالدىغە بۇ مەردى ئەلەمناك،
كى شەھنىڭ ئورداسىغە يەتتى غەمناك.
دېدى سۇلتان: قايان قالدى گۇۋاھىڭ،
كى ھەق پەيغەمبەرى پۇشتۇ پەناھىڭ؟
بۇ مەردى ئايدى: تەگرىم بولسا ياۋەر،
كى تاڭلا چاشت ۋەقتى بولسا خاۋەر.
بۇلۇر پەيدا بۇ دىۋاندا مەسىھا،
ئۇلار يەتكۇنچە سەن قىلغىل شىكىبا.
ئەۋانلار دېدى: يالغان ئايتادۇر بۇ،
بەھانە ئەيلەبان باش قايتادۇر بۇ:
بۇ مەردى ۋاقىئەنى قىلدى ئىزھار،
سۆزىنى ئاڭلادى شەھ بولدى ناچار،
دېدى: بۇ دۇزنى ئۆيگە ئەيلەڭىز بەند،
سۆزى چىن بولسۇنۇ يالغان ئەگەرچەند.
كېلىپ تۇتتى ياساۋۇللار قولىنى،
سولاپ بىر ئۆيگە① بەند ئەتتى يولىنى.
ئۆتۇپ بۇ كېچەسى كۇن چىقتى يانە،
سۇخەنچىنلەر يەنە تۇزدى فەسانە.
بولۇپ ئېردىكى ناگەھ چاشت ۋەقتى،
مەلىكنىڭ ئۆرلەدى چۇن ئەبرى مەقتى.
دېدى: ئول دۇزنى كەلتۇرسۇن سورايىن،
سۆزى گەر بولسا يالغان ئۆلتۇرەيىن.
ۋەزىربىرلە چىقىپ قايتورغە سۇلتان،
تەماشا ئەيلەدىلەر باقتى ھەريان.
بۇ ھالەتدە كۆرۇندى تۇرفە نۇرى،
ۋەزىر ئايدى: كۆرۇڭ ئىيسا ئۇبۇرى.
زەمىندىن شۇئلەسى تا ئاسمانغە،
بولۇپدۇر جىبس تا ئالى مەكانغە.
كېلىپ ھالا بېرۇر سىزگە جەۋابىن،
سوراڭ ئەدلانە كۆرگەيسىز سەۋابىن.
كى ئالىغە بارۇرغە ئەزم ئېتىپ راھ،
يېتىپ باردى يارىم فەرسەگچە شاھ.
مەسىھانى كۆرۇپ قىلدى تەۋازۇئ،
سەلام ئەتتى كۆرۇپ بارچە تەۋابىئ.
دەرەڭسىز قىلدى ئورداسىغە تەكلىف،
يېتۇرسەڭ خوب بولۇر دەپ گامى تەشرىف.
كىرىپ دىۋاندا ئولتۇردى پەيەمبەر،
بۇ ئۆتكەن ۋاقىئەنى سوردى سەرۋەر.
دېدىكى: ھازىر ئولسۇن مەرد ئىلە زەن،
بۇ يەردە روبرو بولسۇن ئىكى تەن.
ياساۋۇل ئول ئىكىنى قىلدى ھازىر،
پەيەمبەر ئىككىسىغە بولدى نازىر.
سۇئال ئەتتىكى زەندىن: ئەي سىيەھ دىل،
خۇداۋەندىم ئېرۇر سۇلتانى ئادىل.
بۇ يەردە سەن زىيادە دېمەگىل راز،
دەراز ئەتمە سۆزۇڭنى ئەيلەگىل ئاز.
ئەتايىكى قىلىپ ئېردى ساڭا مەرد،
كى بەردىڭمۇ ئاڭا بىلھۇرمەتى فەرد؟
دېدى: بەردىم ئەتاسىن غەيرى ئىدراك،
يىقىلدى، بولدى ئەۋرەت تودەئى خاك.
كۆرۇپ بۇ ۋاقىئەنى بارچە ئىنسان،
ئېلىك تىشلەپ ئاغىزدا قالدى ھەيران.
قوپۇپ سوردى تەۋازۇئ بىرلە سەرۋەر:
بەيان قىلساڭ بۇ سۆزنى، ئەي پەيەمبەر.
ئەمەستۇركىم بۇ ئىشلار بىزگە مەئلۇم،

① بۇ سۆز قولىيازمىدا «ئۆيگە» دەپ يېزىلغان. كۆچۈرۈشتىكى خاتالىق دەپ قاراپ «ئەتتى» دەپ ئېلىندى.

ئېشتسەك جانۇ دىلدا بولسا مەفھۇم.
سۆزىكىم قەيىر ئۆزرە زىكىر بولغان،
سەراسەر سەفھەئى ئۆزرە قورۇلغان.
بەيان قىلدى پەيەمبەر شەھغە بىر - بىر،
ئېشتكەن بارچە ئىنسان بولدى دىلگىر.
ئۇمىد ئۆزدى تەمام خاتۇنلاردىن،
قەدى ئەرئەر كەبى گۈلگۈنلاردىن.
بۇ يەڭلىغ قىلسا خاتۇن بىۋەفالىق،
قىلىپ بولماس بۇلارغە ئاشنالىق.
بۇ ۋاقئەدىن كىچىك - چوڭ ئالدى ئىبرەت،
دېدىلەر: بولسا ھەركىم ئەھلى غەيرەت.
ئىنانىپ، مەھرەمىم دەپ بەرمەگەي يول،
قىلۇر، باۋەر سۆزىنى كىمسەدۇر گول.
ئەر ئۇلكىم، باشىدىن تەرياقىن ئالماس،
ئەمەس ئەر خاتۇنىكىم باشلايالماس.
كىشى جۇفتىغە قىلماس خەشم ئوتىن تىز،
ئەر ئولماس ئالەتى بولغان بىلە ھىز.
زىبائى ئاڭلادىڭ بۇ قىسسەنى خوب،
زەمان خاتۇنلارىنى بىلمە مەھبۇب.
قولۇڭدىن كەلسە باشقار ياخشى يولغە،
كى چاقماس دەپ يىلاننى ئالما قولغە.
ئېلىككە ئالدىڭ ئىبرسە ھازىر ئولغىل،
فەئالغە ھەمىشە ھازىر ئولغىل.

ئەگەر سالىم بولاي دەرسەن جەھاندا،
كى سىررىڭنى بۇلاردىن تۇت نىھاندا.
نە يەڭلىغ دېسەلەر سۆز ئەھلى تەھقىق،
ئېشتكىل، جانۇ دىلدا ئەيلە تەسدىق.
دېدىلەر: كىمسە سىررىن ئەيلەسە پاش،
ھەرىمىغە ئىرۇر بۇ نەۋئ پاداش.
قالاپ ئوت، مورى ئىچرە چىقماسۇن دۇد،
بۇ قىلغان ھىيلەسىدىن نې دۇرۇر سۇد.
كىچىكلەردىن كىشى سىررىن ياشۇرماس،
ئۆزىنى تەجرىبە بىرلە پىشۇرماس.
قۇلغە پاش ئەيلەر سىررىن ئىنسان،
ئۇمىد ئەتسە تۇتار بۇ سۆزنى پىنھان.
ھەمول نەفئو زەرەرنى قىلمايىن فەرق،
كىرىپ دەرياغە ئايتۇر: ئەيلەمە غەرق.
قىلىپ دوستىغە سىررىن ئاشكارا،
تۇتار پۇشىدە ئايتۇر بىزگە يارا.
كېسەك ئالدى قولغە تاشلادى كۆل،
گۇمان ئېلتۇر بۇسادە: بولماسۇن ھۆل.
خۇسۇسەنكىم ۋەفا بولماس جەھاندا،
نې زەن، نې ئەقرەبا، ئەھلى زەماندا.
ۋەفا ئۇمىدىن ئەتكەن ئاقىل ئېرمەس،
ئېرۇر ئاگاھ ئولكىم، غافىل ئېرمەس.

## يەتتىنچى داستان، بىراۋكىم مۇمسىكلىك پەردەسىن ئەقل كۆزىگە ياپتى، ئاجىز ئەۋرەت بەزل ھەيسىيەتىدىن شاھلىق رۇبەسىغە يېتىپ ئىززەت رەخشىن چاپتى

خىرەد مەندى قىلۇر بۇ سۆزنى تەھرىر،
نې يەڭلىغ نۇكتەدۇركىم ئەيلە تەقرىر.
بار ئېردى بىر كىمەرسە تۇرفە نادان،
جەھاننىڭ ھىرسى بىرلە باغرى بىريان.
بېخىللىق بىرلە تاشدىن قاتتىغ ئېردى،
ۋۇجۇدى زەھر يەڭلىغ ئاچچىغ ئېردى.

تەھەررىسىدىن قىلىپ ئۆمرىنى زايىئ،
بېخىل دەپ ئەل ئىچىدە ئېردى شايىئ.
ئاتار ئېردى كىچىك ـ چوڭلار يامان دەپ،
گەدا ئىشىكىگە كەلمەس ئېردى نان دەپ.
مۇبادا ئىشىكىگە كەلسە سايىل،
بولۇر ئېردى ئانى قوغلارغە مايىل.
بىراۋدىن نان تىلەر بولسا گەدايى،
چېكەر ئېردىكى قاتتىغ يۈز سەدايى.
تىلەر بولسا بىراۋكىم ئارىيەت مال،
بېرۇر ئېردى ئاڭا دۈشنام فىلھال.
تۇتۇبان خەشمىدىن ئانداغ سەدائى،
ياتىپ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز.......[1]
تىلۇر ئېردى يېمەك ـ ئىچمەكلەرىن تەرك،
وق ئېردى فىكرەتى كەلگەيمۇ دەپ مەرگ.
بار ئېردى بىر قىزى، يوق ئېردى فەرزەند،
ئاڭا ھەم نان دەرىغ ئەيلەر ئىدى چەند.
ئاڭا ئېردى ۋەزىفە كۈندە بىر نان،
يېرىم نانى ئىدى گويا ئاڭا جان.
كى بەرمەس ئېردى بىر توغرام زىيادە،
بېخىللار جەمئى ئالدىدا پىيادە.
ئاڭا بىر ناننى بەرمەك ئادەت ئېردى،
يەنە دون ھىرسىدىن بىتاقەت ئېردى.
ئۆزى بىر يەرگە كەتتى بەردى بىرنان،
قىزى ئالدى قولىغە قىلدى پىنھان.
بۇ سائەتدە ئىشىككە كەلدى دەرۋىش،
گەدانى كۆرگەچ ئەۋرەت بولدى غەمكىش.
بېرەي دېسە بۇ نانىنى يوقي ئۆزىگە،
سارىغ ئولدى خىجالەتدىن يۈزىگە.
دېدى دەرۋىش: بېرىڭ تەڭرىم ئۈچۈن نان،
خۇدا مۇشكىل ئىشىڭنى قىلسۇن ئاسان.
غەزايى تاپمايىن ئېردىم تولا ئاچ،
بۈكۈن باشىمغە ئىھسان قەترەسىن ساچ.
بۇ ئەۋرەت ئاڭلادى تەڭرىم ئاتىنى،
كۈشادە قىلدى گۈل يەڭلىغ بەتىنى.
فىدا قىلدى بۇ ناننى ھەق يولىدا،
يېرىم ناننى ئالىپ قالماي قولىدا.
كەرەسىنە ئېردى دەرۋىش بىر نېچە كۈن،
يېدى ناننى ئىشىكدە چەكمەيىن ئۈن.
بېخىل كەلدى يېتىپ ناگەھ ئۆيىگە،
بېخىللىقدىن باقىپ ئول ھەر سويىگە.
بۇ سايىلغە كۆزى تۈشتى بەناگاھ،
قولىدا كۆردى ناندىن بولدى ئاگاھ.
يۈزى ئۆڭدى بولۇپ ئانداغ غەزەبناك،
كى تىترەپ بولدى جىسمى لالەدەك چاك.
دېدى: بۇ ناننى كىم بەردى بەيان قىل،
ئاتىنى زىكر قىل تۇرما ئەيان قىل.؟!
دېدى دەرۋىش: بۇ ناننى بەردى بىر قىز،
بېخىل ئاڭلاپ ئۆيىگە ئوغرادى تېز.
دېدى: ناننى بەردىڭمۇ گەداغە،
مېنىڭ ئېلكىمدە قالدىڭمۇ بەلاغە.
قىزى ئايدى: بېرىپ ئېردىڭكى بىرنان،
يېمەي بەردىم ئانى دەرۋىشكە ئىھسان.
بېخىل ئايدى: مېنى سەن بىلمەدىڭمۇ؟
ئاتاڭ، ئەمرىنى كۆزگە ئىلمادىڭمۇ؟
مەزاجىمنى كۆرۈپ بىلدىڭ كىچىكدىن،
خەبەر ئالماسمۇسەن نەرمۇ يىرىكدىن.
كى خەشمى ئۆرلەدى، تۇتتى قولىدىن،
ئانىكىم شەيتان ئازدۇردى يولىدىن.
غەزەبدىن سۆدرەبان چىقتى شەھەردىن،
دېمەي سۆز كىمسەگە نەفئۇ زەرەردىن.
بار ئېردى ئىككى كۈنلۈك بىر بەيابان،
ھەمول ۋادىغە يەتتىكىم بۇ نادان.

[1] بۇ مىسرانىڭ ئاخىرى قولىيازمىدا يېزىلمىغان.

قىزىغە ئايدى: قىلغىل سۆزلەرىڭنى،
ۋەگەرنە مەن ئويارمەن كۆزلەرىڭنى.
تۇتۇپسەن باشقا ئىش، يۇرمەي يولۇڭدا،
قىلىپدۇرسەن سەخا قايسى قولۇڭدا؟
دېدى: بەردىمكى ئۆك قول بىرلە ناننى،
نە قىلساڭ مەن فىدا قىلدىم بۇ جاننى.
پىچاقىن ئالدى دەستىغە ئاتاسى،
كى يىغلاپ شۇكر دەر ئېردى بالاسى.
كېسىپ ئۆك قولىنى قاتتىغ غەزەبدىن،
زەمىنغە تاشلادى بىر نان سەبەبدىن.
بەيابانىدا قويۇپ ئول دۇختەرىنى،
بېخىل ئۇردى ۋەتەن سارى پەرىنى.
كېسۇك قول بىرلە ئەۋرەت قالدى تەنھا،
بەلا بىرلە سىتەمنى ئالدى تەنھا.
قالىپ بىچارە ۋادى ئىچرە يىغلاپ،
قىزىل تەن كەھرەبا يەڭلىغ سارىغلاپ.
بولۇپ گۈل چەھرەسى پەژمۇردە ئەھۋال،
كېسۇك قول دەردىدىن ئەقلى بولۇپ لال.
غەرىبلىقدىن يىقىلدى باشىغە تاغ،
كۆيۈپ جىسمى فەتىلە ئىچرە چۇن ياغ.
يارۇغ ئالەم كۆزىگە تىيرە بولدى،
نىھادى زەھرى غۇربەت بىرلە تولدى.
بېخىل كەلدى ئۆيىگە چۇستۇ چابۇك،
بۇ مەجرۇھ بىشەدە مىسلى چەكاۋۇك.
ياغىپ باشىغە كۆكدىن تۇرفە غەملەر،
غەم ئۆزرە غەم، ئەلەم ئۆزرە ئەلەملەر.
كى يىغلاپ ئايتۇر ئېردى: كىردىگارا،
ياراتتىڭ بارچەنى، پەرۋەردىگارا.
نېتەيكىم چەرخىنىڭ بىدادى يەتتى،
كى دەۋران مېھنەتى بۇنيادى يەتتى.
ئانام كەتتى يېتىم قالدىم جەھاندا،
ئاتام بار دەپ تىلەپ شەفقەتنى جاندا.
ئاتام بىرەھم ئولۇپ كەستى قولۇمنى،
يىراققە تاشلادى جان بۇلبۇلۇمنى.
ئىسىر ئولدۇمكى جەڭگال مېھنەتىگە،
كەرەسىنە، تەشنەلىكىنىڭ زەخمەتىگە.
بۇ يەردە نان بېرۇرگە ھېچكىمىم يوق،
كى ياۋەر بولغاي ئېردى ھەمدەمىم يوق.
ئاتامنىڭ بەد مەزاجىنى بىلىپمەن،
سېنىڭ خۇشنۇدلۇغۇڭ بىرلە قىلىپمەن.
يولۇڭدا نەزر قىلدىم بىر پۈتۈن نان،
رىزادۇرمەن ئەگەر كەتسە ئەزىز جان.
ئۇلۇغ ئىسمىڭنى بىلدىمكى «رەھىم» دۇر،
غىياسەل - مۇستەغىسىنۇ كەرىمدۇر.
گەدانى شەھ قىلۇرسەن، شەھنى قەللاش،
بىلۇرسەن بارچەنىڭ سىررى ئېرۇر فاش.
مېنىڭ ھالىم ساڭا مەئلۇمدۇرۇر بەس،
ساڭا گەر يىغلاسا ھەر بىنەۋاكەس.
بېرۇرسەن ھاجەتىنى ئەجرە ئالماي،
مۇرادىنى تاپار ئارمانى قالماي.
ياش ئۆلدۇم، چۆلدە قالدىم باشى تۇفراق،
قۇرۇدۇم بولمايىن قىش مىسلى ياپراق.
كى ئەي بىچارەلەرىنىڭ دەستىگىرى،
خەلاس ئەتكىل بولۇپتۇرمەن ئەسىرى.
نە يەردە بولسام ئەر، سەن ئانداھازىر،
ھەمە ئەۋۋارەلەر ھالىغە نازىر.»
دىلى جانى بىلە يىغلاپ خۇداغە،
سالىپ قۇشلار قۇلاغىن بۇ سەداغە.
كى بىتاقەت بولۇپ چەررەندەلەر ھەم،
قاراپ يىغلار ئىدى دەررەندەلەر ھەم.
كېچە بولسا ئۇيۇماي ئېردى بىدار،
مۇناجاتلار قىلىپ چۆل ئىچرە بىسيار.
بار ئېردى ئول شەھەردە پادىشاھى،
ئۇلۇغلۇق مەسنەدى ئۆزرە كەماھى.
بەناگەھ ئاتلانىپ چىقتى شىكارغە،
خەيالى سەيد ئۇچۇن ھەريان باقارغە.

چىقىپ كەلدى ئانىڭ ئالىغە بىر سەيد،
تۇتارغە چاپتى ئاتىن ئەيلەگەي قەيد.
جۇدا بولدى ھەمە لەشكەرلەردىن،
جەمىئى پەھلىۋان سەفدەرلەردىن.
بارۇر ئېردى چاپىپ ئاتىنى يالغۇز،
ياتىپدۇر بىشە ئىچرە بىر غەم ئەندۇز.
ئەجابەت بولدى ئەۋرەتنىڭ دۇئاسى،
يېتىشتى شەھغە ئاجىزنىڭ سەداسى.
يېقىن كەلدى، سۇئال ئەتتى: نە جان سەن؟
نە بائىسدىن بۇ يەڭلىغ غەرق قان سەن؟
كۆرۈپ شەھنى بۇ ئەۋرەت ئەشكرىزان،
دېدى: مەن بەندەدۇرمەن ئەقلى ھەيران.
يەنە سوردىكى: مۇندا نە قىلۇرسەن؟
قولۇڭنى كەستى كىم كۆب ئىڭرانۇرسەن؟
دېدى يىغلاپ: خۇدايىمنىڭ قەزاسى،
بۇ يەڭلىغ يەتتى دەۋراننىڭ جەفاسى.
جەمىئى شاھلارنىڭ شاھى ئولدۇر،
كى زىجان ھالىدىن ئاگاھى ئولدۇر.
ئەگەر ئول ھەر نېچۇك قىلسا رىزامەن،
مۇنىڭدىن كۆب بەلاغە مۇبتەلامەن.
بۇ سۆزنى ئاڭلادى شەھ قىلدى فەرياد،
دېدى: ئەيلەي سېنى بۇ غەمدىن ئازاد.
ئىچى ئاغرىپ بەسى بۇ ناتەۋانغە،
ھەزىن بىچارەئى ئازۇردە جانغە.
خۇداۋەندىم ئاڭا مېھرىنى سالدى،
ھەمانا رەخشىنىڭ پۇشتىغە ئالدى.
ئىكەۋلەن بولدىلار ئاتغە سەۋارە،
كى تا قىلغاي مۇنىڭ دەردىگە چارە.
شەھەرگە يەتمەيىن كەلتۇردى گەردان،
كى تۇشتى مەھفە ئىچرە كۆڭلى ۋەيران.
خەيالى ئەيلەگەي ئوغلىغە مەھرەم،
نىكاھى شەرئى بىرلە بولغاي ھەمدەم.
يەنە تۇشتىكى كۆڭلى ئىچرە ئەندىش،

مەگەر ئوغلۇم قەبۇل ئەتمەي ئۇرار نىش!
بۇ ئىشغە ئەيلەسەم بىر لەھزە تەئخىر،
تاپار كۆڭلۇمدە پۇككەن فىكر تەدبىر.
مۇبادا كۆرسە ئوغلۇم قوللارىنى،
بىراق قاچماقدا باغلار يوللارىنى.
ئەگەر ئەيىبىنى كۆرسە باۋەر ئەتمەس،
مېنىڭ فىكرىمغە ئوغلۇم فىكرى يەتمەس.
كېچەشتى توختاتىپ كۆڭلىدە سۇلتان،
ئوغۇلنى چىرلاماقدا قىلدى فەرمان.
ئالىپ چىقتى ياساۋۇل ئول يىگىتنى،
ئاتا فەھم ئەيلەگەن مەقبۇل يىگىتنى.
ئاتاسى ئايدى: «ئەي فەرزانە فەرزەند،
پەرىشان خاتىرىم سىزبىرلە خۇرسەند.
تۇزۇپ ئېردىم بۇكۇن ئانداغكى غەۋغا،
بارىپ ئېردىم فەلان يەرلەرگە ئاۋغا.
بەناگەھ ئۇچرادى ساھىپ جەمالى،
يۇزى كۇن قاشى گوياكى ھىلالى.
لەبى غۇنچە، بويىدۇر سەرۋى ئازاد،
ئەمەستۇر سەرۋ يەڭلىغ بەلكى شەمشاد.
كۆزى جادۇ كەبى ھەم ساچى سۇنبۇل،
تىكەندۇركىرفىكى رۇخسارىدۇرگۇل.
ئانى كۆردۇم خۇدا مېھرىنى سالدى،
خەيالۇ فىكرەتىم سىز بىرلە قالدى.
نىكاھىڭغە ئالىپ غەمخارى بولغىل،
نە ئىش باشىغە كەلسە يارى بولغىل.
ئوغۇل يەر جانىبى تىكتى كۆزىنى،
قەبۇل ئەتتى ئاتاسىنىڭ سۆزىنى.
دېدىكى: نې دېسەڭ باۋەر قىلۇرمەن،
سېنىڭ خۇشنۇدلۇغۇڭغە ئاسلۇرمەن.
رىزامەن كىمسەنى قىلساڭ ماڭا جۇفت،
نە يەڭلىغ ئەمر قىلساڭ كەتمەسۇن مۇفت.
كى سۇلتان ئوغلىدىن خۇشنۇد رازى
بولۇپ، چىرلاتتى شۇل سائەتدە قازى.

بۇ قىزنى ئەيلەدى شەھزادەگە ئەقد،
بۇ مەجرۇھ ئالدى دەۋلەت سايەسىن نەقد.
نىكاھدىن سوڭرە مۇنداغ قىلدى فەرمان:
كى چىرلاتغاي خەلايىقلارنى يەكسان.
تۈزەتكەي توي ئىشىنىڭ كار بارىن،
مۇنارە ئۈزرە چالدۇرغاي[1] نەقارىن.
تۈزۈبان بەزملەر دىۋانى ئىچرە،
كى مېھمان ئەيلەگەي كەيۋانى ئىچرە.
خەبەر قىلدى ۋەزىرى بارچە ئالەم[2]،
يىغىلسۇن ئوردىغە دەپ بارچە ئادەم.
دېدى خازەنغە: ئاچغىل غەزنە ئىشكىن،
قىلۇرمىز توينى شەھلەر رەسمى ئايىن.
دېدى كەنناز شەھغە: بارەكەللاھ،
نە ئىش فەرمان قىلۇرسەن بولغۇم ئاگاھ.
بار ئېردى شاھغە نەچچە خەزايىن،
ئەدەددىن ھەم بۇرۇن تۈرلۈك دەفايىن.
قوماشۇ سىيمۇ زەر، لەئلۇ زەبەرجەد،
ئالىپ چىقتىڭكى فىلھال قىلمايىن رەد.
دېدى: سەرف ئەيلەگىل توىغە تەمامى،
قىلىپ بۇ ئىشدا سەئيى ئىھتىمامى.
نە شەيخۇ ئالىم ئولسۇن، خاھى جاھىل،
غەنىۋۇ خاھ فەقىرۇ خاھى سايىل.
قىلىڭ ھەددىن فۇزۇن بۇ ئەلنى مېھمان،
ئىچمىدە قالماغايكى دەردۇ ئارمان.
كېلىنغە كىيدۇرۇپ تۈرفە ئىگىنلەر،
ئېلىككە سالدى ئالتۇندىن نەگىنلەر.
قۇلاغىغە سالىپ پىرايە گەۋھەر،
تىزىغلىق رىشتەسىغە تۈرفە جەۋھەر.
نەزەر ئەيلەپ كېلىننىڭ قەددىغە شاھ،
دېدى: مەھبۇب ئىكەن چەرخ ئۈزرە چۇن ماھ.
دېدىكى: كاشكى بولسا قولى راست،
يوق ئېركەن خوبلۇقدا زەررە كەم ـ كاست.
دېدى: ئەي قىز، قولۇڭدىن كەلگەننى،
قىلىپدۇرمەنكى ئەقلىم بىلگەننى.
نە كەلسە مەخلۇق ئېلىكىدىن، قىلۇرمەن،
ۋەلي ئېلكىڭ ئاغرىپ سانچىلۇرمەن.
بۇ ئىش ھەقنىڭ ئىشدۇر، بەندەدە يوق،
مېنىڭدەك ناتەۋان شەرمەندەدە يوق.
ئېبەردى قىزنى ئوغلى قاشىغە تېز،
بەساغەم ياغدى سۇلتان باشىغە تىز.
ئۈزى ھەم ئارقاسىدىن بىرلە باردى،
كى غەمنىڭ تىغى خۇد كوكسىنى ياردى.
ئىشكىنىڭ ئالدا ئولتۇردى پىنھان،
شۇبۇ يۈزدىن بارۇر بولدىكى سۇلتان:
ئەگەر ئوغلۇم بۇ قىزغە بولسا دەرخاست،
كۆزى تۈشسە قولغە، بولماسا راست.
بولۇپ شەھزادەنىڭ كۆڭلى شىكەستە،
ساۋۇغلۇق كۆڭلى ئىچرە بولسا بەستە.
دېگەي فەرزەندىغە: ئەي نۇرى دېدەم،
ھەمە فەرزەندىم ئىچرە بەرگەزىدەم.
ئارىغ تەگرىمغە ئېرمەس ئەيب مەنسۇب،
ئانىڭدىن باشقا مەخلۇقدۇركى مەئيۇب.
قاراسا ھۇجرەدە بار ھەر ئىكەۋسى،
دېدى مەھرەمغە ئول ھالەت كۆيەۋسى:
كى ئەي ھەمخانە، خۇشقەد، ساچى سۇنبۇل،
كى تاقىڭدىن ئالىپ تۇتغىل ماڭا گۇل.
بۇ ئەۋرەت گۈلنى ئالدى سول قولىدا،
تۇتۇپ بەردى كۆيەۋغە گۈل سولىدا.
كۆرۈپ شەھزادە بۇ قىزنىڭ ئىشىنى،
ئەدەبدىن باشقا كۆردى قىلمىشىنى.
دېدى: قىلدى ئاتام بۇ قىزنى تەئرىف،

[1] بۇ سۆز قولىيازمىدا «چالدۇردى» دەپ يېزىلغان. مەزمۇننىڭ ماس بولىشىنى كۆزدە تۇتۇپ «چالدۇرغاي» دەپ ئېلىندى.
[2] بۇ سۆز قولىيازمىدا «ئادەم» دەپ يېزىلغان. بۇ بېيىتتە قاپىيە بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس دېگەن قاراش بىلەن «ئالەم» دەپ ئېلىندى.

ئەدەددىن ھەم فۇزۇن زىكىر ئەتتى تەۋسىف.
كى بىلمەس رەسمىنى، خۇب ئەقلى كوتاھ،
ئەمەس ئېركەن ئەدەب زەيلىدىن ئاگاھ.
ھەنۇز چەپ قول بىلە ئوڭ قولنى بىلمەس،
مۇنىڭدىن ياخشى ئىشلار ئەسلا كەلمەس.
ئېشتتى زەۋجەسى ئەرنىڭ سۆزىنى،
ھەمانا ياشقە تولدۇردى كۆزىنى.
يۈزىنى قىلدى ئولدەم ئاسمانغە،
كى يالبەرگەي خۇدايى لامەكانغە.
دېدى: ئەي پادشاھا، بىرۇ بارا،
شكەستە بەندەلەرغە ياخشى يارا.
قىلۇر[سەن] بارنى يوق، يوقنى ھەم بار،
ساڭا ئەئيان ئېرۇر پۇشىدە ئەسرار.
كى بەندەڭ بولسا خۇد ھەر نېچە مەئيۇب،
دۇرۇست ئەيلەپ قىلۇرسەن تازە مەھبۇب.
سېنىڭ خۇشنۇدلۇغۇڭدىن نانىنى بەردىم،
ساڭا يەتسە بۇ سائەت ئاھى سەردىم.
كېسۇك دەستىمنى قىلغىل راست تازە،
بولاي ئىلگىركى يەڭلىغ سەرۋى نازە.
كى جۇفتۇم ئالىدا شەرمەندە قىلما،
دىلىم مىئمارىنى ئەفكەندە قىلما.
بەناگاھ گوشەئىدىن كەلدى ئاۋاز،
ئېشتتى ئۇنى ئول بىچارە ھەمراز:
چىقارغىل ئاستىندىن ئوڭ قولۇڭنى،
نەزارە ئەيلە ئاندىن ئوڭ - سولۇڭنى.
تەماشا ئەيلە تەڭرى قۇدرەتىنى،
ھەمىن سائەتدە ياخشى سەنئەتىنى.
چىقاردى يەڭدىن ئېلكىنى فىلھال،
بولۇپتۇر تازەۋۇ تەر تۇرفە مىنۋال.
ئىشكىدىن كۆردى سۇلتان قىزنىڭ ئېلكىن،
تەمامى بولدى يوق ئەندۇھى غەمكىن.
بۇ ۋەجھىدىن ئىدى شەھ كۆڭلى غەمناك،
سۆيۈندى، ئۆيگە كىردى چۇستۇ چالاك.

دېدى: ئەي قىز ماڭا كۆرسەت قولۇڭنى،
كۇشادە قىلدى ھەق بەستە يولۇڭنى.
قولۇڭنى كىم كېسىپ ئېردى بەيان قىل،
ياشۇرما، بىر - بىرىن ئەمدى ئەيان قىل.
تەمامى ۋاقىئەنى قىلدى تەقرىر،
پۈتۈلگەن سابىقەن مەكتۇبى تەھرىر.
كىشكىم ياخشىلىقدا بولسا شايىئ،
ئول ئىشنى قىلماس ئېركەن تەڭرى زايىئ.
دېمىش بۇ بارەدە سۆز ئەھلى تەھقىق،
قىلۇر ھەركىم مۇسۇلمان بولسا تەسدىق.
مۇرۇۋۋەت ئەيلەسە ھەر بىنەۋاغە،
فەقىرۇ ئاجىزۇ مىسكىن گەداغە.
جەزاسىنى كۆرەر دۇنياۋۇ دىندە،
بىلۇر ھەركىمكى بولسا دىن غەمىدە.
قىلىپ بىر ياخشىلىق دەرياغە سالغاي،
بەياباندا بۇ ئىشنىڭ ئەجرىن ئالغاي.
بۇ مەئنىدىن ئېرۇر ئانداغكى تەئۋىل،
ئېشتكىل جانۇ دىل بىرلە ئەمەل قىل.
كى قىلغان ياخشىلىق دەرياغە ئاقماس،
ئەگەر ئوت ئىچرە تۇشسە ئوتمۇ ياقماس.
زىيائى بولساڭ ئەر ئەھلى تەمىزدىن،
ئۆيانغىل، ئىبرەتى ئالغىل بۇ قىزدىن.
ئىلاھا، ناتەۋان بەندەڭ دىلىغە،
سەخا زىكرىنى تەسبىھ ئەت تىلىغە.
سەئادەت ئەھلىكىم بولغاي كەرەملىغ،
پۇشەيمان ئەشكىدىن مىژگانى نەملىغ.
غەرىبلەر' ھالىدىن بولغاي خەبەردار،
مۇرۇۋۋەتلىك، مۇلايىم ھەم كەم ئازار.
ئەگەر كۆپ بولماسا ھەم سىيمۇ زەرلەر،
سەخا تەرك ئەتمەگەي ئەھلى خەبەرلەر.
قىلۇر تەڭرىم يولىدا خەيرۇ ئېھسان،
ئالۇر كەۋنەين ئارا مۇزدىنى چەندان.
بەھەمدىللاھ تۈگەشتى ھەفت داستان،

تەراۋەت تاپتى گوياكم گۇلستان.
گۇلستانىمغە باقسا ھەر نىكوراي،
نەمايان بولغۇسىّ تۇرفە سۇمەنساي.
تەۋەججۇھ بىرلە گەر قىلسا نەزارە،
گۇلىكم رەكبەرەڭدۇر بىشۇمارە.
بىرى خەندان بىرىسى نىم خەندە،
سەبا كاجىنى كۆرمەي بۇ چەمەندە.
ئۇمىد ئولكى ئىنايەتنىڭ نەسىمى،
رىسا ئەيلەر گۇلىن يەتكەچ شەمىمى.
مەنى بىچارە مىسلى باغبانمەن،
تۇزەتتىم سەفھە ئۆزرە مۇنچە گۇلشەن.
ئۇمىدىم ئولكى كۆرسە ئەھلى دانا،
تۇزەتسە گۇلشەنىم نۇقسىن ھەمانا.
ئەجەب ئېرمەسكى بەرگەي ئەجرىنى ھەق،
كەرەم ئېلكگە ئول ئالسا قەلەم شەق.
ياساپ ئول جۇيبارىن قىلسا سىراب،
ئاچىلسا گۇللارى چۇن دۇررى ناياب.
كۆڭۈل بۇلبۇللارى گۇللارغە شەيدا،
كى تۇرلۇك ئەترلەر بولسا ھۇۋەيدا.
مۇئەتتەر ئەيلەسە ئاندىن دىماغىن،
ئەمەس تاڭ جارى ئەيلەر دىل بۇلاغىن.
نەكىم ئىنسانغە ۋاقىئ بولسا بىر دەرد،
بۇ دەرد ئىلە بولۇر چۇن چەھرەسى زەرد.
ئاڭا ھاجەت ئېرۇر بىر ياخشى ئاقىل،
ھەزاقەتدە رىسا ھەر نەۋئ ناقىل.
كۆرۈپ ئول دەردمەندىن ئول دەۋاكىش،
دېگەي: لازىم ئېرۇر مۇنداغ ئاڭا ئىش.
تاپىپ بەرسە ئاڭا ئايغان دەۋاسىن،
كۆرەر ئول مەرھەمىنىڭ كۆپ ۋەفاسىن.
ئانىڭدەككىم جەھاندا نەچچە ئىنسان،
بولۇر بىر ئارزۇدا كۆڭلى بىريان.

بۇلارنىڭ بەئزىسىدۇر سۆزگە ئاشىق،
ئېشىتسە ياخشى سۆز تەبئىگە لايىق.
كى مەجرۇھ كۆڭلىغە گوياكى مەرھەم،
ئېشىتمەك بىرلە بولغاي كۆڭلى بىغەم.
كى شىرىن سۆز ھەزىن دىلغە دەۋادۇر،
دەۋايىكىم جەھان ئىچرە رىسادۇر.
ئېشىتۇر ياخشى سۆزنى ياخشى ئىنسان،
كىشىنىڭ دەردى يوقتۇر بىلگىل ھەيۋان.
ئەگەر بولسا كىشىنىڭ سىنەسى داغ،
ئوشۇل ئىنسان جەھالەت خەمرىدىن ساغ.
جەھالەت ئەھلىدە بولماس تەرەھھۇم،
ئۆزىنىڭ جانىغە ئەيلەر تەزەللۇم.
جەفا ئەيلەر ئۆزىنىڭ جانىغە كۆب،
بىلۇر فانى جەھاننى باغى مەھبۇب.
كىشىكىم بولسا دەۋرانى خىرەدمەند،
كۆڭۈل فانى جەھانغە ئەيلەمەس بەند.
زىيائى ئىزدەبان دەرد ئەھلىنى كۆر،
كۆزۈڭگە كۆھل يەڭلىغ گەردىنى سۈر.
تاپىپ ئەر ياخشى، سەن ئىشكىدە ياستان،
شەرەف دەرگاھىنى بىت يەڭلىغ ئايلان.
ھەزەر ئەيلە كىشىكىم بولسا نامەرد،
تەجەھھۇل ئەھلىدىن ئەيلە كۆڭۈل سەرد.
ئۇلارنىڭ سۇھبەتىدىن دۇر بولغىل،
مۇھەببەت جامىدىن مەخمۇر بولغىل.
قاچان بولماس مۇھەببەت ئەھلى مەۋجۇد،
ئۆزۈڭنى ئۇزلەت ئىچرە ئەيلە مەفقۇد.
بۇ نەزمى تەئرىخىن كىم سورسا ئەلئان،
دېگىل مىڭ ئىككى يۈز ئاتمىشدۇر، ئەي جان.
بىھەمدىللاھ قىلىپ تەڭرىم ئىنايەت،
تۈگەشتى نەزم ئىلە چۇنكىم ھىكايەت.

# ئابدۇراخمان شائىر ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىمىنجان ئەخمىدى

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** 1919 - يىلى بېيجىڭدىن قوزغالغان يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى ئەينى مەزگىلدىكى شىنجاڭنىڭ فېئودال - مۇستەبىت ھۆكۈمرانى ياڭ زېڭشىنىڭ قاتتىق قامال قىلىش، چەكلەش تەدبىرلىرى نەتىجىسىدە، شىنجاڭدا كۆرۈنەرلىك دولقۇن قوزغىيالمىدى. مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن 1885 - يىلى ئاتۇش ئىكساقتا، 1900 - يىللارنىڭ باشلىرىدا غۇلجا، ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەردە بەزى يېڭىچە مەكتەپلەر ئېچىلغان. ئابدۇقادىر داموللا، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى، نەسۇھا ئىمىن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق مەرىپەت چولپانلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ بەزى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغىنىش، يېڭى مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان بۇ خىل مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى ئەكسىيەتچى، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقى، بېسىمىغا دۇچ كېلىپ، ئاساسىي ئېقىمغا ئايلىنالمىدى.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شۇ مەزگىلدە يازغان «غەزەپ ۋە زار» ناملىق شېئىرىدا بۇ خىل ئىجتىمائىي مۇھىتنى مۇنداق تەسۋىرلىگەنىدى:

«پەنگە ماڭساق كۆز ئېچىپ، كاپىر، جەدىد دەپ قارغىشۇر،
بۇ ھامامەت دەۋردە ئاتەش بولۇپ يانارمەن.
ئويغىنىپ كەتتى جاھان، مەغرىبۇ - مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۈت ئۇيقۇدا، چۈش كۆرۈپ ياتارمەن.
ئىلىم - پەندىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت، خەۋپ - خەتەر،
ھالىمىز قۇلدىن بەتتەر، قانداق چىداپ تۇرارمەن.»①

1933 - يىلى شېڭ شىسەي «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىگە تايىنىپ تەختكە چىققاندىن كېيىن ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ، خەلقنى ئۆزىگە مايىل قىلىش، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، دەۋر ئېقىمىغا مۇناسىپ بەزى تەدبىرلەرنى قوللاندى. «ئۇ 1934 - يىلى تۈزۈپ چىققان 〈ئالتە بۈيۈك سىياسەت〉 نىڭ ئىجرا قىلىنىشى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىجتىمائىي ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىجابىي رول ئوينىدى».②

1934 - يىلدىن باشلاپ پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا كۈچلۈك ئاممىۋى تۈس ئالغان يېڭى مەدەنىيەت

---

① «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986) 33 - بەت.
② «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989)، 544 -، 545 - بەتلەر.

ھەرىكىتى بارلىققا كەلدى ۋە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ «مەدەنىيەت - ئاقارتىش ئۇيۇشما» لىرى قۇرۇلۇپ، يېڭى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدى. شۇ يىلى قۇرۇلغان «ئۇيغۇر مەدەنىيەت - ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت - ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئىچىدە ھەممىدىن بالدۇر قۇرۇلغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەدەنىيەت - مائارىپ تەشكىلاتى بولۇپ، بۇ ئۇيۇشما، شۇنداقلا ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇيۇشما ئەتراپىغا ئۇيۇشقان زور بىر تۈركۈم مەرىپەتپەرۋەر زاتلار، زىيالىيلار ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان بۇ ھەرىكەتنىڭ شانلىق مۇساپىسىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ كەتتى. شائىر ۋە مائارىپچى ئابدۇراخمان چوڭاخۇن ئوغلى ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئىدى.

ئابدۇراخمان 1912 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئىنتارچى يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى چوڭاخۇن قوشۇمچە سودىگەرلىك قىلىش داۋامىدا يۇرت كېزىپ كۆزى ئېچىلغان مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولغاچقا، ئۆزىنىڭ تۆت ئوغلىنى ئوقۇتۇپ بىلىم ئەھلىگە ئايلاندۇرۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. چوڭاخۇن 1928 - يىلى ئائىلىسىنى قاراشەھەرگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ چىققاندا ئوغلى ئابدۇراخماننى يەنە شۇ يەردىكى ئابدۇكېرىم داموللا دېگەن كىشىگە دىنىي ئىلىم ئۆگىنىشكە بەرگەن.

1931- يىلى قومۇلدىن كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭغا كۆرسەتكەن تەسىرى زور بولدى. ئۇ خەلققە ئويغىنىش، ئۆز تەقدىرى، ئىستىقبالى ھەققىدە ئويلىنىش سىگنالىنى چالدى. ئابدۇراخمان 1933 - يىلى مۇھەممەت ئېلى توختاجى (تەۋپىق) ئەپەندىنىڭ ئاتۇشتا يېڭىچە مەكتەپلەرنى قۇرۇش دولقۇنى قوزغىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇھەممەت ئېلى توختاجى ئەپەندىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۆزىنى يېڭى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا ئاتاشتەك ئۇلۇغۋار ئىستەك بىلەن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ ئاتۇشقا — ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە 1934 - يىلى مۇھەممەت ئېلى ئەپەندى ئاستىن ئاتۇشنىڭ ئوڭئېرىق يېزىسىدا ئاچقان دارىلمۇئەللىمىن كۇرسىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئوقۇش داۋامىدا ئوت يۈرەك ئۇستاز بىلەن ئىقتىدارلىق، جىگەرلىك شاگىرت ئابدۇراخمان ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت ئورنايدۇ. ئۇستازى شائىر مۇھەممەت ئېلى ئەپەندى ئىجاد قىلىپ كۇرسانتلارغا ئوقۇپ بەرگەن، ئاھاڭغا سېلىپ ناخشا قىلىپ ئۆگەتكەن جەڭگىۋار شېئىرلارنىڭ ئىلھامى بىلەن ئابدۇراخمانمۇ شېئىر يېزىشقا كىرىشىدۇ، ئۇ يازغان ھەربىر شېئىرنى ئۇستازىغا كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ياردىمىنى ئېلىپ ماڭىدۇ.

ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئابدۇراخمان ناھىيىلىك مائارىپ ھەيئىتىنىڭ تەقسىماتى بويىچە مىيى يېزىدا قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇدىر ۋە باش مۇئەللىم قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. ئۇ يېزا - كەنت ئاتىلار ھەيئىتى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويغاندىن سىرت، كەچكۇرسلار ئېچىپ، ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدا ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتىنى تەشكىللەپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ.

1935 - يىلى مەجدىدىن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى قەشقەر ئىزچىلىرى ئاستىن ئاتۇشقا زىيارەتكە كېلىپ مىيى يېزىسىغا چۈشكەندە، ئابدۇراخمان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى ۋە دېھقان ياشلىرى بىلەن ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. قارشى ئېلىش زىياپىتىدە شائىر ئۆزىنىڭ «مەرھابا» ناملىق شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇيدۇ:

ئابدۇراخماننىڭ بۇ شېئىرىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن قەشقەر شەھىرى ئىزچىلىرى ئۇنىڭغا

قايتا ـ قايتا مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

1935 ـ، 1936 ـ يىللىرى مۇھەممەت ئېلى (تەۋپىق) ئەپەندى باشلىغان ئاتۇش ئىزچىلىرى قەشقەر شەھىرى ۋە ئەتراپىدىكى يېزا ـ ناھىيىلەرگە بېرىپ، يېڭى مەدەنىيەت ـ مائارىپنى تەشۋىق قىلىدى. ئاتۇش ئىزچىلىرى 2 ـ قېتىملىق پائالىيىتى مەزگىلىدە قەشقەردىكى مىللەت باغچىسى قۇرۇلۇشىغا ھۇل سېلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ. ئابدۇراخمان ئۇستازىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مۇراسىم مەيدانىنىڭ سۇپىسىغا چىقىپ، قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى خوجىنىياز ھاجى ۋە يېڭى مائارىپنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللىغان ئەينى مەزگىلدىكى قەشقەر گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى مەھمۇت مۇھىتى مەدھىيىلەنگەن شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇپ بېرىدۇ.

ياش تالانت ئىگىسىنىڭ جاراڭلىق ئاۋاز، چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئوقۇغان شېئىر مىسرالىرى يىغىن قاتناشچىلىرىنى تەسىرلەندۈردى. مەھمۇت مۇھىتى ئورنىدىن تۇرۇپ ياش شائىرغا ئالاھىدە ئېھتىرام بىلدۈردى، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، پىشانىسىغا سۆيۈپ تۇرۇپ: «بارىكاللا، شائىر ئوغلۇم» دېدى ۋە ھەمدە ئۇنى تەربىيىلىگەن ئۇستازى مۇھەممەت ئېلى (تەۋپىق) ئەپەندىگە رەھمەت ئېيتتى، ئۆزىنىڭ يېڭى مائارىپنى قوللاش ئىرادىسىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەيدۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ «شائىر» دېگەن بۇ مۇبارەك نام ئابدۇراخماننىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ نام ـ شەرىپى بولۇپ قالدى.

1937 ـ يىلدىن باشلاپ شېڭ شىسەي ئۆز ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، يېڭى مەدەنىيەت ـ ئاقارتىش ھەرىكىتىدە مەيدانغا چىقىپ تونۇلغان زىيالىيلار، ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى تەقىپ ـ ئىسكەنجىگە ئالدى، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلايدۇ. شۇ يىلىنىڭ باھارىدا تەۋپىق ئەپەندى ئاتۇش مەشھەدىنىڭ قۇمباغ مەھەللىسىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلار يىغىلىشى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يېڭى مەدەنىيەت ـ مائارىپ يولىدا ئېغىشماي كۈرەش قىلىشىغا مەدەت ۋە ئىلھام بېرىدۇ. ئابدۇراخمان شائىر شۇ يىغىلىشتا «ۋەدە» ناملىق بىر غەزەل يازىدۇ ۋە ئۇنى شۇ مەيداندىلا دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جاسارەت ۋە ئىرادىسىنى نامايەن قىلىدۇ.

مەزمۇنلۇق ئۆتكەن بۇ يىغىلىشنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا بەرگەن تەسىرى زور بولىدۇ، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاپرېلنىڭ بىر كۈنى تونۇلغان مائارىپچى، ئوت يۈرەك شائىر مۇھەممەت ئېلى توختاجى (تەۋپىق) ئەپەندى قولغا ئېلىنىپ، قەشقەر شەھىرى يار باغدىكى تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. ناھىيىلىك مائارىپ ھەيئىتى ئەزالىرى ئابدۇراخمان شائىرنى ئاتۇش مائارىپىنىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇللىقىغا بەلگىلەيدۇ. ئابدۇراخمان شائىر تەقىپ، بېسىم ئاستىدا قىلچىمۇ بوشاشماي، ئۆز قەسىمىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

1937 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئابدۇراخمان شائىر ۋە ئۇنىڭ يېقىن ـ ھەمنەپەسلىرىدىن بولغان ئوقۇتقۇچى لىۋاھىددىن قارىي (سەييىددىن ئەزىزىنىڭ ئىنىسى)، نىزامىدىن توختاجى (تەۋپىق ئەپەندىنىڭ ئاكىسى)، ئەھمەد مەخسۇم، ئابدۇغوپۇر قوناجى ۋە ئوقۇغۇچى، ئىزچىلار باشلىقى يارمۇھەممەت قاتارلىق ئالتە كىشى بىراقلا قولغا ئېلىنىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۈرمىدە ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ.

ئابدۇراخمان شائىرنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇلار 1938 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالىغان بولسىمۇ، كېيىن ئامالسىز قالغان. مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ شۇ مەزگىلدە (ئۆرۈك چېچەكلىگەن چاغدا) قەتل قىلىنغانىكەن.

ئابدۇراخمان شائىر هازىر جاۋاب شائىر بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرى جەڭگىۋارلىقى، روشەن دەۋر روھىغا ئىگە شېئىرلىرى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىلا خەلققە تونۇلغان، شېئىرلىرى خەلق ئىچىگە تارقالغان. شائىر قولىغا ئېلىنىش ئالدىدا ئۆزىنىڭ بىرقىسىم شېئىرلىرىنى ئوقۇغۇچىسى مىرئەھمەد سەئىدنىڭ ساقلىشىغا بەرگەن. مىرئەھمەد سەئىد بۇ شېئىرلارنى يادلىۋالغان ۋە 1980 - يىللاردا بۇ شېئىرلارنى ھەمدە ئابلىز قارىي مۇھەممەت، ئابدۇكېرىم ھاجى قاتارلىق يولداشلار خاتىرىسىدە ساقلىنىپ قالغان شېئىرلارنى قايتىدىن رەتلەپ چىققان. ھالبۇكى، مىرئەھمەد سەئىدنىڭ ھاياتى قىسقا كېلىپ، بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىرىنى خەلق بىلەن تولۇق يۈز كۆرۈشتۈرەلمىدى.①

1988 - يىلى مەن ئاتۇشتا مىرئەھمەد سەئىد بىلەن كۆرۈشكىنىمدە، ئۇ مېنىڭ ئابدۇراخمان شائىر ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمنى قوللاپ، مېنى بىرقىسىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەنىدى. مەن ئۆز ئىزدىنىشلىرىم، مىرئەھمەد سەئىد ۋە ئابدۇراخمان شائىرنىڭ قىزى مەريەم تەمىنلىگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا بۇ ماقالىنى يېزىپ چىقتىم تۆۋەندە شائىرنىڭ بىرقانچە پارچە شېئىرىنى كۆپچىلىككە سۇنماقچىمەن. بۇ شېئىرلار ئابدۇراخمان شائىرنىڭ ئىجادىي مىراسلىرىنىڭ ئاز بىرقىسمىدىن ئىبارەت. مەن ئابدۇراخمان شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ ئۇنىڭ ئىجادىي مىراسلىرىنى خەلققە بىرقەدەر تولۇق تونۇشتۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

* * *

مەرھابا، مېھمانى ئىزچى ئارقاداشلار مەرھابا،
خۇش كېلىپسىز يۇرتىمىزغا قەدىردانلار مەرھابا.
نەچچە ئون چاقىرىم پىيادە يول يۈرۈپ تاغلار ئېشىپ،
كەلدىڭىزلەر خۇش مۇبارەك شاد قەسەملەر مەرھابا.
بەختىيارۇ شوخ ئېچىلغان يېڭى مەكتەپ گۈللىرى،
سىزگە ھەممەت يار بولسۇن قەلبداشلار مەرھابا.
ئەۋۋەلا ئاخىرغىچە بىر تەن بولۇپ كەلگەن ئىدۇق،
كەلدى ئەمدى يېڭى پۇرسەت مېھرىبانلار مەرھابا.
بىر نىيەتتە قول تۇتۇشۇپ، ئېيلەشكە گۈلزار ئۆلكىنى،
قوزغىلىپ بىز دىس تۇرايلى، جانجانلار مەرھابا.
ئابدۇرەھمان يازدى نەزمە ئىزچى دوستلار شەنىگە،
بىلدۇرۇپ ئىززەتۇ - ھۆرمەت، ئېھتىراملار مەرھابا.

* * *

بەھەمدىللاھ، بۇ مەكتەب ئاچىلىبان گۈلئۈزار ئولدى،
زۇھۇر ئەيلەپ قۇياشتەك نۇرى مىللەت ئاشكار ئولدى.
بۇ مىللەت باشىغا چۈشكەن ئىدى شىددەت قارا كۈنلەر،
تۈپەيلىگىدىن سېنىڭكى، ئەي، زىھى خۇش روزگار ئولدى.
بۇگۈن سەن ئۆلكە باغدا ئېچىلغان لالە - گۈل مەھمۇد،

① مىرئەھمەد سەئىدنىڭ «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاتاقلىق تەرغىباتچىسى - «ئابدۇراخمان شائىر» ناملىق ماقالىسى «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىل 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ئۇلۇغ نام شۆھرىتىڭ بىرلە كۆكۈللەر شادىبار ئولدى.
بۇ نىئمەت قولغا كەلدى نەچچە مىڭ جانلار بېرىپ قۇربان،
كېتىپ زۇلمەت زىمىستانى بۇ ھۆررىيەت بەھار ئولدى.
ھەمە جايدا قۇرۇلدى بۇ مەئارىپ مەكتىپى رۇشەن،
قاراڭغۇ كېچىدە قالغان ئىدۇق ئەمدى نەھار ئولدى.
ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن ھىممەت كەمەرىنى بېلىن باغلاپ،
تۇلۇڭ ئەيلەپ قۇمۇلدىن بىزگە بىر ئاپتاب نىسار ئولدى.
ئېتى خوجانىياز ھاجى مۇجاھىد قەھرىمان غازى،
چىقىپ ئەردى بۇ زات دۈشمەن يۈرەكى پارە - پار ئولدى.
ئاسارەت زەنجىرىلەر قول - ئاياغىمىزغا باغلاقلىق،
بۇ زاتنىڭ غەيرىتىدىن ئۈشبۇ زەنجىر تارمار ئولدى.
سېنىڭ ۋەسفىڭنى يازدى ئابدۇرەھمان ئاتۇش ئىنتارچى،
بولۇپ خادىم بۇ مىللەتنىڭ غېمىدە بىقەرار ئولدى.

## مۇخەممەس

سەنا خالىققە بولسۇنكى ئەدەمدىن[1] ئەيلىدى مەۋجۇد،
بەنى ئادەم يارىتىپ ھەم شەپى قىلدى ئۇنى مەھمۇد[2]،
تەكەببۇر ئەيلىدى شەيتان خۇدا دەرگاھىدىن مەردۇد[3]،
بىرىسى ئۆزىگە ئەردى مۇھەممەد مۇستەفا مەقسۇد،
مۇھەممەد ئۈممەتىدىن چىقتى تۆرپاندىن ئۇشۇل مەھمۇد.

نەچە يىلدىن بېرى زۇلمەتتە ئەردى ئەل بولۇپ ۋەيران،
بۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلماققا تۈمەنىڭ جان بېرىپ قۇربان،
يېتىپ خارلىق - جاھالەت زەنجىرىدە ھەم بولۇپ سەرسان،
تاپالماستىن شىپا دەردكە بۇ مىللەت بولدىلار ۋەيران،
چىقىپ ئەل بەختىگە شۇ دەم يانا بولدى بۈگۈن مەھمۇد.

ئايا ئەي شاھى ئادىل، جۈملىمىزگە ئەل ئەمان قىلدىڭ،
مائارىپ مەكتىپىنى تەربىيەت ئەيلەپ رەۋان قىلدىڭ،
بۇ مىللەت يولىدا دەريايى نىلدەك قان رەۋان قىلدىڭ،
نەتىجىسىگە بۇ قانىڭ ئىلىم - ھېكمەتنى ئەيان قىلدىڭ،

---

① ئەدەم — يوقلۇق.
② مەھمۇد — ياخشى كۆرۈلگەن، ماختالغان.
③ مەردۇد — رەت قىلىنىش، قوغلىنىش.

ئېچىپ قويدۇڭ بۈگۈن دارىلفۇنۇندىن بىزگە يول مەھمۇد.

سېنىڭ ۋەسفىڭنى يازدى بۇ كىشى بۇلبۇل سۇخەندانىدۇر،
ئاتاسىدۇر چوڭاخۇن، شائىر ئىسمى ئابدۇرەھماندۇر.
قەسەمكى بۇ مائارىپ يولىدا گويا كى پەرۋاندۇر،
سىفاتىڭنى قىلىپ تەئرىف ئۇشۇل نەزمنى يازغاندۇر،
ئۈمىددۇركى ھوزۇرۇڭدا قوبۇل بولغاي سۆزۈم مەھمۇد.

* * *

كۆيۈمچان ئوت يۈرەك باغۋەن چۈۋەر ئۇستازىمىز بىزنىڭ،
دىلىمدا مەڭگۈ پارلايدۇ، ئەقىدە مېھرىڭىز سىزنىڭ.
كى قورقۇشنى رەۋا كۆرمەس ۋەتەن پەرزەندى بولغان ئەر،
ۋەتەن، مىللەت بەھارىغا سوقار پاك قەلبىمىز بىزنىڭ.
ئۈگەتكەن سىز ۋەتەن - ئەلنى سۆيۈش ھەركىمسىگە بۇرچدۇر،
شۇڭا سىزنى قىلىپ ئۈلگە داۋاملاش ئەھدىمىز بىزنىڭ.
قۇۋۋەت بولدى بۈگۈن بىزگە سۆزىڭىز ئۆزگىچە ئىلھام،
ئىلىم - ئىرپان يولىن بويلاپ مېڭىش چىن قەرزىمىز بىزنىڭ.
مەگەر خائىن مۇناپىقلار قىلىپ قەست زەھرىنى سالسا،
پىدا ئەيلەپ بۇ جانلارنى، يوقاتماق شەرتىمىز بىزنىڭ.
قەسەم بەر ئابدۇرەھمان سەن چۈۋەر ئۇستاز ھۇزۇرىدا،
ۋەتەن، مىللەت ئۈمىدىنى ئورۇنداش ۋەدىمىز بىزنىڭ.

* * *

بۈگۈن يۇرتقا يېتىپ خۇشلۇق يېڭىچە يول بىلەن ماڭدۇق،
كېلىپ ھۆرلۈك بۇ مىللەتكە گويا چولپان كەبى ياندۇق.
مۇبارەكلەپ بۇ خەلقىم ئاپىرىن ئېيتتى بۇ دەۋرانغا،
مەئارىپ ئەل ئاقارتىش يولىدا كۆلگەن شۇ ئارمانغا.
ساۋاتسىزلىق بالاسىدىن قۇتۇلماق بىزگە قەرز بولدى،
جىمىكى ئەر - ئايالغا ئۆگىنىش ھەر جايدا پەرز بولدى.
ئاجايىپ بىر ماھارەت ساھىبى تەۋپىق چىقىپ شۇدەم،
قىلىپ تەشۋىقى - تەرغىبات خەلققە بولدىلار ھەمدەم.
يىگىرمە تۆت ئورۇنغا سالدى يېڭى پەننىي مەكتەپلەر،
ئايا چاقماق كەبى تېز بولدى ھەركەت تاپتى بەركەتلەر.
«مۇئەللىم بىز» دېگەن مارشنى ئوقۇشتۇق ھەممىمىز ياڭراق،
بولۇپ خۇرسەن جېمى خەلق ئالدى قوينىغا بولۇپ ئامراق.
مۇئەللىم بوپ تارالدۇق بەلگىلەنگەن كەنتلىنى بويلاپ،
قىلىپ مەشئەل بېكىتتى ھەر ئورۇنغا ياخشىدىن تاللاپ.

كى مەنمۇ بەلگىلەندىم مېنى مەكتەپكە بولۇپ مەسئۇل،
سۆيۈندى ئابدۇرەھمانمۇ بۇ تەقسىمنى كۆرۈپ مەقبۇل.

1934 - يىل 12 - ئاي

* * *

زۇلۇم - كۈلپەت ئازابى خەلقىمىزنى خارۇ زار ئەتمىش،
دىياردىن جۇدا قىپ ھەر تەرەپكە لاماكان ئەتمىش.
تاپالماستىن شىپالار باغرى خۇن بوپ نالە - زار ئەيلەپ،
شېئىر - داستان، قوشاقتا ھالىنى بىر - بىر بايان ئەتمىش.
فۇجۇر① پىسقى - پاساتلار كۆپ ئورۇن ئالدى بۇ ئەل ئىچرە،
شۇ ئىللەتلەر تۈپەيلىدىن كىشى تەركى جاھان ئەتمىش.
زامانغا باق بۇرادەر باشقىلارغا كۆز يۈگۈرتكىن ھەم،
قېلىپ جەۋلان ھاۋادا بىر ئاجايىپ ئاشيان ئەتمىش.
نادانلىقنىڭ چۆلىدە بەھۇنەرلەر بولدىلەر سەرسان،
ئۇشۇل تارىخ گۇۋاھتۇر ھەم ئۇنىڭ يولىن يامان ئەتمىش.
بىلىم ئەھلى ئۇلۇغدۇر ھۆرمىتى چوڭ ئەل - ۋەتەن ئىچرە،
ئىلىم - ھېكمەت يولىدا ئەجرى قىلغانغا ئاسان ئەتمىش.
ئۈمىد بىلەن ياشايدۇ ئاقىلانلار يەتسە ھەم كۈلپەت،
كى ھىممەتسىز كىشىلەر سۇبھى تاڭغا دەرگۇمان ئەتمىش.
ئامال ئىزلە، قۇتۇلغىل بۇ نادانلىق چۆلىدە يۈرمە،
يېڭى پەنگە قەدەم قوي ئابدۇرەھمان دەپ تامام ئەتمىش.

1935 - يىل 2 - ئاي

* * *

خۇداغا ھەمدۇلەر بولسۇن ئەجەب قۇتلۇق زامان كەلدى،
زەبانسىز بىنەۋالەرگە بولۇپ يار خۇش زەبان كەلدى.
پىغان چەككەن بۇ مىللەتنىڭ بىمارىغا شىپا ئىزلەپ،
قومۇل، تۇرپان دىياردىن چىقىپ يالقۇن نىشان كەلدى.
زۇلۇمغا قارشى ئوت ئاچتى، دېھقانلار قوزغىلىپ ھەرياق،
قولىدا نەيزە، كالتەكلەر ئۇرۇپ دۈشمەننى شان كەلدى.
نە غەپلەت بۆشۈكىدە ئۇخلاپ، زىمىستان قەھرىدە مۇزلاپ،
مادارىدىن جۇدا بولغان بۇ مىللەتكە دەرمان كەلدى.
جاھالەتكە بىرىپ خاتىمە ئېچىلدى لالە - رەيھانلار،
ئىلىم - ئىرپان سىرى بولۇپ ماگارغا يول راۋان كەلدى.

① فۇجۇر — بۇزۇقلۇق، ياۋۇزلۇق، پاسىقلىق.

ئېلنگگە مەدھىيەلەر سۇنغىن يېزىپ ئەشئار شۇ دەۋراندا،
شۇ تاپتا ئابدۇرەھمانغا بولۇپ يار شادىمان كەلدى.

1935 ـ يىل 2 ـ ئاي

* * * *

مەرىپەتنىڭ ئاشىقى ئۇل پاسىبان كەتتى قايان.
شان ـ شەرەپنىڭ ساھىبى ئۇل جانىجان كەتتى قايان[1].
بىلمىدىم ئەھۋال نىچۈك ھالىڭ ـ تاڭدا قالدىم بىخەۋەر،
يوق ئۇچۇر ئۇندىن يەنە ئۇل مېھرىبان كەتتى قايان.
زاھىرى ھەم باتىنى[2]گۆھەر سۆيەت شۇڭقار ئىدى،
خىسلىتى ئالەمشۇمۇل ئۇل قەدىرىدان كەتتى قايان.
قەھرىتان سوغ، جۇت بورانلار كار قىلالماستى ئاڭا،
تەگدىشى يوق گاڭ ئىرادە قەھرىمان كەتتى قايان.
ناتىقى ئۆتكۈر زىبانى ئەھلى ئەيىۇر نامى پاك،
مەرىپەتنىڭ كۈيچىسى ئۇل باغىبان كەتتى قايان.
مىللىتىمنىڭ دەردىگە دىلكەش بولۇپ ئىزلەپ شىپا،
سۆپىتى خەيرۇلبەشەر[3]ئۇل نەۋقىران كەتتى قايان.
بەستىدۇر قارىغاي سۆپەت سۆلماس ئەبەتكە ياشىرىپ،
نامى ئۆچمەس شانى ئۇلۇغ پەھلىۋان كەتتى قايان.
تەربىيەتچىم، سىردىشىم، قابىل تالانتلىق ماھىرىم،
مىسلى يوق ئىرپان خۇمارى ئاقىلان كەتتى قايان.
مىللىتىمگە سىڭدۇرۇپ ئەجرىمنى ئۆلسەم رازىمەن،
دەپ قەسەمياد ئەيلىگەن ئۇل شانى شان كەتتى قايان.
ئابدۇرەھمان چۆكمە غەمگە ھىممىتىڭنى يارى قىل،
ھەم داۋاملا ئەل ئىشىنى، غالىبان كەتتى قايان.

1937 ـ يىل 5 ـ ئاي

* * *

ۋەھمە سالما، ئەي پەلەك، ئۆلمەك ماڭا بار بىركۈنى،
مەن ئەمەس شاھلارمۇ قالماس ئاڭا ھەم بار بىركۈنى.
جەۋرى سالما ئەي پەلەك تىز پۈكمىگەي شائىر ساڭا،
بەربىر قورقسامۇ ئۆلمەك يەنە باردۇر بىركۈنى.
ئارى ئۇستاز ئېيتقىنىدەك ماڭ ئۆلۈر قورققان كىشى،
تىك تۇرۇپ قورقماي ھامان ئۆلسەكمۇ ھەم بار بىركۈنى.

---

(1) شائىر بۇ شېئىرنى ئۇستازى تەۋپىق ئەپەندى قولغا ئېلىنغاندا يازغان.
(2) ئىچى ھەم تېشى؛
(3) كىشىلەرنىڭ ياخشىسى.

ئۆزگىچە سىرلىق قاراپ كۆزنى قىسادۇر غەيرىلەر،
قويغۇسى قاپقان ـ توزاق ئاخىر ماڭا بار بىركۈنى.
تۇرمىنىڭ قانلىق پۇرىقى كەلدى شىددەتلىك پۇراپ،
ئالغۇسىدۇر ھەرقاچان قولغا مېنى بار[1]بىركۈنى.
ئىسمى زاتىڭدۇر ئۇلۇغ رەھمان رەھىم يا زۇلجەلال،
قىل تەرەھھۇم[2]نەۋقىرانغا سەن ئۆزۈڭ يار بىركۈنى.
لەنىتى مىڭ لەنىتى بولسۇن ساڭا مەلئۇن رەقىب،
ئۆز گۆرىنى ئۆزى قازغاي قان ـ قىساس بار بىركۈنى.
ئابدۇرەھمان قورقمىغىل ساتقىن خائىنلار ۋەھمىدىن،
ئەل ـ ۋەتەن قۇربانى بولساڭ ئول خۇدا يار بىركۈنى.
1937 ـ يىل 6 ـ ئاي

* * *

نېمە بولدى بۇ دەۋران كەتتى قۇتراپ غەيرىلەر شۇ دەم،
كۆڭۈلگە بىئاراملىق نالە ئەفغان يەتتىلەر شۇ دەم.
قىلىپ مىكرى شەياتىن ئەھلى مىللەتكە قىلىبان قەست،
تۇمان قاپلاپ دىيارنى ھەرنە دىشۋار كەلدىلەر شۇ دەم.
قىلىبان بىز جىھادلەر قولغا كەلتۇرگەن ئىدۇق ھۆرلۈك،
كى بىر جاللاد بۇ ئەلنى خانۇ ـ ۋەيران ئەتتىلەر شۇ دەم.
قىسىلدى سۆزنى ئاشكارە قىلالماي ئابدۇرەھمانىمۇ،
خۇداغا ئىلتىجا ئەيلەپ ئۇمىدۋار بولدىلار شۇ دەم.
1937 ـ يىل 6 ـ ئاي

* * *

ياش ئىدىم، شائىر ئىدىم، چىققان تىلىم شۇ دەۋرىدە،
تاڭ بىلەن كۈلگەن ئىدىم ئاز بىر مەھەل نۇر تەپتىدە.
ھاۋانى باستى تۇمان كۈن نۇرىنى ياپتى مانا،
چىقتى غالجىر ئىت ـ چايانلار ھۇۋلىشىپ قۇتراپ يانا.
نېمە بولدى بۇ زامان ئۆرگۈلدى دەۋران باشقىچە،
غەمگە چۆمدى قايتىدىن يىغلاپ قىرى ھەم ياشقىچە.
1937 ـ يىل 8 ـ ئاي

---

① بار — نۆۋەت.
② تەرەھھۇم — رەھىم قىلىش، مەرھەمەت قىلىش.

# بەھرۇل - ھۇدا

(قەسىدە)

سۇلتان مۇھەممەد شۇيبانىخان

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھاجى نۇرھاجى

ھىجرىيە 914 - يىلى (ئۇي يىلى) مۇھەررەم ئېيىدا بەستام ۋە دامغان قاتارلىق جايلاردا يېزىلغان.

تەڭرىگە تىل بىرلە ئايغىل، ئەي كۆڭۈل، ھەمدۇ سەنا،
كىم سىپاسۇ شۇكرى لايىقدۇر ئاڭا بىمۇنتەھا.
بارچە ئالەمنى ياراتغۇچى قەدىمى لەميەزەل،
يوقدىن ئول بار قىلدى بىزلەرنى ھەم ئولدۇر ئىبتەدا.
ھەرنەكىم مەۋجۇد ئېرۇر ئالەمدە ئول بەردى ۋۇجۇد،
مەن ھەفىزەل - ئەرز ئىلا ئەۋجىس - سەماۋاتىل - ئۇلا.
ئەۋۋەلۇ ئاخىر ھەم ئولدۇر، زاھىرۇ باتىن ھەم ئول،
ئاندىن ئۆزگە فانىيۇ باقى ئوشۇلدۇر ئىنتەھا.
نې ئۇچۇن بار قىلدى ئالەم، نې ئۇچۇن يوق قىلدى ئول،
ئۆزى بىلۇر ھېكمەتىنى، بىلمەدىلەر ئەنبىيا.
ھەم مۇشاھىد ھەم مۇكاشىف بىلمەدى زاتى سىفات،
كىم ئانىڭ زاتۇ سىفاتىن ھېچ بىلمەس ئەنبىيا.
ھەرنېچە يىللار تىرىلسەلەر بۇ خەلقى كائىنات،
ئۆزىدۇر پىر كۆپ سىفاتى كۆرسەتۇر قۇدرەت-خۇدا.
قەھرىدە بار لۇتفىيۇ ھەم لۇتفىدا قەھرى ئانىڭ،
مۇئمىن ئولدۇر ھەم مۇھىمىن ھەم ئەزىمۇكىبرىيا.
مىن ھەفىزەل - ئەرزۇ رەززاقۇ ئىلا ئەۋجۇل - فەلەك،
مىن سەنامەل - ئەرشۇ خەللاقى ئىلا تەھتەس - سەرا.
قاھىرۇ قەھھار ئولدۇر ھەم غەفۇرۇ ھەم رەھىم،
يەرۇ كۆك خالى ئەمەستۇر قۇدرەتىدىندۇر تولا.
دېدىلەر ئۇھسا سەنا تەۋھىدىدە خەيرۇل - بەشەر،
ھەمدىنى مىسكىن شۇبانى نې قىلا بىلگەي ئەدا.

جان بىلەن كۆڭلۈمنى، يا رەب، مەھرەمى ئەسرار قىل،
ئۇل ئىككىسىن لۇتىق قىلغىل، دەردىمە سەنسەن دەۋا.
ئىككى ئالەمدە سېنىڭ دەرگاھىڭە كەلدى بۇ قۇل،
لۇتىق قىل، سۇرمە ئىشىكدىن بىم كۆرسەتمە گەدا.
يازۇغۇمنى ئەفۇ قىلغىل، ئەي كەرىمى لەمىيەزەل،
ئۆمر بارىنچە چۇ قىلدىم ئەسرۇ كۆپ جۇرمۇ خەتا.
چۈن مېنىڭ ئىشمىتۇرۇر ئازماق، ياڭىلماق، ئەي كەرىم،
ساڭا لايىق نېدۇرۇر ئەفۇ ئەيلەمەك لۇتفۇ ئەتا.
يالبارۇرمەن تۈنۇ كۈن، ئەي كارسازى بىنىياز،
ھەم ئەلايىق ھەم خەلايىق دۇنيا سېۋمەكدىن جۇدا.
كىم قىلىپتۇر بۇ فەلەكنى نە تەبەق باشدىن ئاياق،
كىم قىلىپتۇر بۇ مەلائىك توپ ـ تولا كۆكلەر ئارا.
كىم قىلىپتۇر، فىكرقىل، كۆكنىڭ يۈزىنى لاجۇۋەرد،
كىم قىلىپتۇر چەرخ يۈزىنى زەرفىشانۇ توپ ـ تولا.
كىم قىلىپتۇر ئايۇ كۈننىڭ چېھرەسىن ئالەم فىرۇز،
كىم قىلىپتۇر يۇلدۇزۇڭ ئايىنەسىن گىتى نەما.
كىم قىلىپتۇر ئەرشۇ كۈرسى يەرۇ كۆك لەۋھۇ قەلەم،
ئەقل ھەيراندۇر بۇ قۇدرەتلەردە، بىلگىل، ئاقىلا.
كىم مۇتەررا قىلدى تۈننىڭ زۇلفىنى لەيلۇ نەھار،
كىم بېرىپتۇر ئۇشبۇ كۈننىڭ كۆزىگە نۇرۇ زىيا.
كىم قىلىپتۇر ئۇشبۇ ئاينى گاھى بەدرۇ گەھ ھىلال،
كىم قىلىپتۇر تۈنۇ كۈننى بىرى ئاق بىرى قارا.
كىم تۇشۇردى تەۋقى لەئنەتنى ئەزازىل بوينىغە،
كىم ئاتا ئادەم باشىغە قويدى تاجى ئىستەفا.
ئاينى تەدۋىردەكىم زايىدۇل ـ ئەنۋەر ئەيلەدى،
گاھى زاجىبۇ قىلدى ئانى گاھى بەردى ئىبتىلا.
ياكى ئاينى كىم قىلۇر ئاي باشدا سەيقەل كەبى،
بەدر كۆزگۈسىنى كىم سەيقەل بىلەن بىرۇر جىلا.
كىم ئىنايەت قىلدى گۈلگە بۇ لىباسى لالە رەڭ،
ھەم يىغاچ قەددىغە كىم كىيدۇردى بۇ ياشىل قەبا.
نەرگىسى سەرمەستنىڭ كۆزىنى كىم كوھلى قىلۇر،
يەر يۈزىنى كىم قىلۇر ئاقۇ قىزىل، كۆرگىل ئاڭا.
كىم قىلۇر بۇ لالەۋۇ گۈل ياسەمىن ھەر نەۋبەھار،
ئەرغەۋان ياقۇتۇ ئەھمەردەك سارىغ گۈل كەھرەبا.
تاش ئىچىندە سۇرخ رو لەئلى بەدەخشان كىم قىلۇر،

بەھر ئىچىندە قەترەنى كىم قىلدى دۇررى بابەھا.
كېچەنىڭ زۇلفىنى زۇلمەت بىرلە قىلدى تىيرە رەڭ،
كۈندۈزۈڭ رۇخسارىنى كۈن بىرلە قىلدى باسەفا.
ئابۇ گىلنى كىم مۇۋەببەد ئەيلەدى، سەن فىكر قىل،
كىم قوشۇپتۇر ئۇشبۇ خاكۇ ئاتەشۇ ئابۇ ھەۋا.
ئۇتۇ يەل تۇپراقۇ سۇ بىربەردە قىلدى ئىمتىزاج،
تۇرلۇ سەنئەتلەرنى قىلدى خالىقى ئەررزۇ سەما.
تۆرت ئۇنسۇر بىر - بىرىنىڭ ئەسلى - ئەسلىغە كېتەر،
ئۇتۇ يەل، تۇپراقۇ سۇدىن ھېچ كىشى تاپماس ۋەفا.
بىۋەفالاردىن ئۇمىد تۇتقان كىشى نا ئەھلى ئېرۇر،
ئۇتۇ يەل، تۇپراقۇ سۇ تەركىبىدە بولماس ھەۋا.
تۆرت ئۇنسۇردۇركى باردۇر بىر - بىرىگە ئۆزگە مەيل،
قىلمادى ئەزداد ھەرگىز بىرگە بولماق ئىقتەزا.
ئىمتىزاجىكىم بولۇپتۇر ئارەزىدۇر ئەسلى يوق،
ھەرنە باردۇر ئارەزى بىركۈندە باردۇر ئىنقەزا.
ھەر بىرى ئۆز مەركەزىگە مەيل ئېتىبان ئايرىلۇر،
نەچچە كۈن گەر بىزگە بولسە، بىزگە بولماس دائىما.
ئەۋۋەلى تۇپراق ئىدى ھەم ئاخىرى تۇپراق ئۇلۇر،
رۇھى پاكىڭنى ئارى قىلغىلۇ تۇپراقدىن جۇدا.
ئۇشبۇلارنى فىكر قىلغىل مۇنتەھا قايدا بولۇر،
بارچەدىن ئېردى بۇرۇنراق رۇھى پاكى مۇستەفا.
بارچەدىن ئۇلۇغ قىلمىش ئېردى مۇستەفانىڭ رۇھىنى،
بارچەنى ئاندىن ياراتتى ھەزرەتى رەببىل - ئۇلا.
ھەق تەئالا بارچە ئەشيانى ياراتماسدىن بۇرۇن،
بار ئىدى ئەۋۋەلغى رۇھى مۇستەفائى مۇجتەبا.
ھەزرەتى پەيغامبەرى مۇرسەل دېدى كۈنتۇ نەبى،
كانە بەينەل - مائۇۋەتتىن ئادەمى فەررۇخ لەقا.
ئالەمى سۇرەتدە گەر ئادەمنىڭ ئوغلى ئېردى ئول،
ئالەمى مەئىندە ئول ئېردى بۇ ئادەمغە ئاتا.
مەئنى گەر لەۋلاكنى گەر بىلگەسەن رەۋشەن بولۇر،
كىم بۇ پەيغامبەر ئۈچۈن بولدى سەمەكتىن تا سەما.
ئەبرۇ بارانى ھەۋانى لۇتف قىلدى ھەق بىزە،
دېدى: فەنزەر كەيفە يۇھيىل - ئەرزى بەئدە مەۋتەھا.
ھېكمەت ئىلەن يەرگە كىم بەردى سۇكۇن تاغلار بىلە،
قۇدرەت ئىلەن چەرخنى كىم سەرنىگۇن قىلدى بەنا.
ئۇشبۇ ئادەم تىينەتىندە كەنج ياشۇرغان تۇرۇر،

كىم نەفەھەت فىھى مىن رۇھى دەلىلىدۇر ئاڭا.
ئۇشبۇ يەڭلىغ تۇربەتى ئالەمدە، ئايغىل، كىم قىلۇر،
مۇنچە ھېكمەتكىم قويۇپتۇر تىينەتى ئادەم ئارا.
باغنىڭ ئەمۋايەتى ئىيسا كەبى تىرگۈزدى يەل،
قۇدرەتىننىڭ بىرلىكىنە خۇش دەلىلىدۇر سەبا.
گەرمدىن ئەتلەس چىقاردىيۇ قامۇشدىن قەند - شەكەر،
خۇرمە چىقاردى يىغاچدىن، گۇل تىكەندىن باغ ئارا.
يەرۇ كۆكنىڭ خالىقىدۇر، ئايۇ كۈننىڭ سانىئى،
ۋەھشۇ تەيرۇ ئىنسۇ جىن رىزقىنى بىرۇر دائىما.
كۆكۇ يەرگە بەخشىش ئەتتى رەفئەت ئىلە مەسكەنەت،
دىدى: ۋەلئەرزى فەرەشناھا ۋەزەييەننەس - سەما.
بۇ شۇبانى تۇنۇ كۈندە سەندە ئەمرىزمش تىلەر،
رەببەنا، يا رەببەنا، يا رەببەنا، يا رەببەنا!

ھاكىمى بەرھەق سەن - ئۇق سەن يەھكەمۇللاھ مايۇرىد،
فائىلى مۇتلەق سەن - ئۇق سەن يەفئەلۇللاھ مايەشا.
كىم باغىشلارسەن مىنى فەزلىڭ بىلە نەئمۇس - سەۋاب،
گەر سورارسەن بازۇغۇمنى ئەدل ئىلە، ۋاھەسرەتا.
خەلق ئانىڭدۇر، ھۆكم ئانىڭدۇر، ئەمر ئانىڭدۇر، نەھيي ئانىڭ،
فەزل ئانىڭدۇر مۈلك ئانىڭدۇر ھەركىمە قىلسە ئەتا.
پادىشاھلارنى گەدا قىلۇر، گەدانى شاھ ئېتەر،
تەنزەئى ھەممەن تەشائۇل - مۈلكى تەئتى من تەشا.
فەزلىڭ ئولسە قۇتۇلۇرمەن، ئەي كەرىمۇ ئەي رەھىم،
ئەدلىڭ ئولسە نە قىلۇرمەن ئەسرۇ كۆپ جۇرمۇ خەتا.
ئەنتە سەتتارۇل - خەتايا، ئەنتە غەففارۇز - زۇنۇب،
فەئفە، يا غەففار، ئەن زەللاتەنا، ۋەغفىرلەنا.
سەندىن ئۆزگە يوقتۇرۇر ئالەمدە رەھمانىر - رەھىم،
يا ئىلاھا، مىن لەدەيكە رەھمەتەن ھىيە لەنا.
پايىمالى مەئسىيەت قويما، مىنىڭ ئىلكىمنى تۇت،
كىم مەنى سەرگەشتە ئەسرۇ قالمىشەم بىدەستۇپا.
تويىمادى شۇيىيان نىچەكىم ئىچتى بۇ ئابى ھەيات.
خۇشتۇرۇر ھەرنىچە ئىدلاسە كىشى مۇشكى خىتا.

يۈز سەلاتۇ يۈز سەلام ئاياساق نىسارى مۇستەفا،
سۇبھۇ شام قىلساق دۇرۇد ئىلە دۇئائى مۇرتەزا.
شەمئى جەمئى ئەنبىياغە يۈز سەلاتۇ يۈز سەلام،

سۇبهۇ شام ئايغىل ئاڭا جاندىن دۇرۇد ئىله دۇئا.
شەرئ ئىلە تۇزدى خەلايىقنى تەرىقەت يولىدا،
كىم ھەقىقەتنى قىلىپ ئەينۇل - يەقىن ئول مۇقتەدا.
ئىلمى بەھرىندە نىھايەتسىز ئاڭا فەزلۇ كەمال،
مەزھەرى لۇتفۇ كەرەمدۇر، مەئدەنى سىدقۇ سەفا.
«ئايىنى ئىككى يار» دېدىلەر كوفر ئەھلى: «نە ئۈچۈن
كىم سېنىڭ شەرئىڭدە مۇنكىرگە بولۇر ئىككى گۇۋا.»
خاتىرىدۇر توپ - تولا ئەسرارى ھەقنىڭ مەخزەنى،
مەتلەئول - ئەنۋار كۆكسىدۇر، يۈزى شەمسۇز - زۇھا.
فەخر ئۈچۈن ھەق ئىككى ئالەمدە ئانى قىلدى ھەبىب،
ئاسىلارنىڭ دەردىگە مەھشەر كۈنى ئولدۇر شىفا.
تەرفەتۇل - ئەينى ئىچىندە يەرۇ كۆكنى سەير ئېتەر،
ئۆز يەرىدىن تەبرەمەگەندەك كۆرەر ئول ئەنبىيا.
ھېچ پەيەمبەر يۈرمەدى ئول قابى قەۋسەين مەنزىلىن،
قۇربى ئەۋئەدنا مۇيەسسەر بولدى تەڭرىدىن ئاڭا.
«كەلدى سۇبھانەللەزى ئەسرا بىئەبدى» شەئنىندە،
كىم ئانىڭ قۇربىنى بىلگەي ئەنبىياۋۇ ئەۋلىيا.
سەدرى «سۇبھانەللەزى» يۇ بەدرى «مازاغول - بەسەر،»
مەھتەرى ھەر دو جەھانۇ خاجەئى ھەردو سەرا.
سۇرمە قىلدىلار توقۇز ئەفلاك ئاياقى توزىنى؛
ھەم مەلەك ھەم ئىنسۇ جىننىڭ كۆزىگەدۇر تۇتىيا.
سۇرەئى «تاھا» ۋۇ «ياسىن» ئىندى ئانىڭ ۋەسفىدە،
ھەم «ئەلەم نەشرەھ» داغى ۋەسفىتۇرۇر ھەم «ۋەززۇھا».
ھەق دېدى ۋەسفىنى «قۇرئان» دا: «ئەلا خەلقىن ئەزىم»،
دېمەدى ھەق كىمگە بۇ «خەلقىن ئەزىم» ئىلەن سەنا.
مۇستەفا كەلدىكى بولغاي رەھمەتەن لىلئالەمىن،
سەللەمۇ، سەللۇ ئەلا، فەخرۇل - بەشەر، خەيرۇل - ۋەرا.
ئول تەبىبى ئىللەتى ئىسيانگە سىھھەت بابىدا،
ئاندىن ئالۇر بۇ ئەلى[1]گەر بولسە قانۇنى شىفا.
ئول شەفىئۇ ئول نەدىرۇ ئول سىراجۇ ئول بەشەر،
ئىككى ئالەم سەدرۇ بەدرۇ مۇستەفاۋۇ مۇجتەبا.
ئول نەبىكىم يەتتى كۆك ئۈستىدە چۈن قويدى قەدەم،
دېدىلەر كەررۇبىلەر: ئەھلا ۋە سەھلا مەرھەبا.
كۆز يۇمۇپ ئاچغۇنچە رەھبەر ئىككى ئالەم سەير ئېتەر،
بولمادى ھەرگىز ھىجابى بۇ سەمەكدىن تا سەما.

---

(1) ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا — ق. ئە

يەتتى ئۇل يەرگەكى دېدى لۇدى نۇبى جىبرەئىل،
گەر بىلۇرسەن مەنزىلىن ئۇقۇ ئۇشۇل سۇممۇ دەنا.
ئەرشىنىڭ تۇبىندە مېئراج كېچەسى كۆردى رەسۇل،
مەۋج ئۇرغان پۇر ئۇلۇغ دەريايى ئەئزەم باسەفا.
توپ - تولا كۆردى مەلائىك مەۋجى ئۆزرە فەۋج - فەۋج،
دېدى مۇئمىنلارغە شەھ ئەبرارۇ تاجى ئەسفىيا.
«ئەمدى سىز قايدىن كېلىپ، قايدا بارۇرسىز ئايتىڭىز؟»
بىر مەلەك دېدىكى: «ئەي سۇلتانى خەيلى ئەنبىيا.
ئەگرى قۇدرەت بىرلە بىر كەۋكەب يازاركۆك ئۆززەكىم،
تۆرت يۈزمىڭ يىلدا بىر زاھىر بولۇر كەردۇن ئارا.
تۆرت يۈزمىڭ قەتلە ئۇل كەۋكەبنى كۆردۇم، يا رەسۇل،
ئۇل زەماندىن سەير ئېتىپ ئەمدى يېتىشتىم بۇ رىدا.
بىلمەدىممەن سەير ئېتبان قايدا بار [غوڭ]، يا ھەبىب،
ئەقل ھەيران دەۋر ئىدى كۇھىندا. بىل. ئەي پادىشاھ؟»
«قۇدرەتى سانئېدە، بىلگىل، ھېچ غايەت يوقتۇرۇر،
ھېچكىم مىقدارىنى بىلمەس نىھايەت - ئىبتەدا.
نەچچەگە تەگرۇ سورارسەن مەندىن ئەمدى بۇ خەبەر،
مەئنى كۆزلەكىم قامۇغ دەردىگگە مەئنىدۇر دەۋا.
ئەقلۇ ھۇش ئىلە يېتىشمەس زاتى پاكىگە كىشى،
فەزل بولسەكىم سېنى ئەينۇل - يەقىن قىلغاي خۇدا.
گەر كىشىگە بولسە دەۋلەت، مەئرىفەت. ئىلمۇل - يەقىن.
ئۇل كىشىنىڭ كۆڭلى تۇرۇر گەنجى دەۋلەت دائىما.
ھەم كەرامەت، ھەم سەئادەت، ھەم ۋەلايەت بارچە ئۇل.
كۇفرۇ زۇلمەتنى يورۇتغۇچى ھەم ئۇلدۇر رەھنەما.
ھەر ئاۋۇچ تۇفراغنى كۆرگىل قىلدى لەشكەر بىھساب،
ئاينىڭ قۇرسىنى سىندۇردۇڭ فەلەكنىڭ خانىدا،
يەئنى بۇ دەئۋەتغە باردۇر ئەھلى ئالەمغە سەلا.
زاتى پاكى رەھمەتەن لىلئالەمىن ئېردى ئاتىڭ،
ئاتىڭ ئۇچۇن بارچە مۇرسەللەرگە بولدى پىشەۋا.
«كۇن فەيەكۇن» مۇستەفانىڭ نۇرى ئىدى بىل يەقىن،
بۇ ھەمە جۇملە مەزاھىر ئەۋۋەلى ئۇل زاھىرا.
ھەرنىمە كىم بەخش ئېتبان ئىسمى مەزھەر قويدىلار،
«جامئۇل - ئەسما» باشى ئەۋۋەل ئۇل ئۇلدى ئىبتەدا.
ئاتىڭ ئۇچۇن بارچەغە مېھرۇۋەفا ئاندىن يېتەر،
شەرئىنىڭ نۇر تۇرۇر جۇملەگە بۇ سىدقۇ سەفا.
قابىلىيەت تاپتىلار ئىجرايى ئالەم بارچەسى،

پەتەۋى نۇرى شەرئەتدە قىلىپ ئېھسان ۋەفا.
مىمى «ئەھمەد» نى كېتەرسەڭ نې قالۇر فىكر ئەيلەگىل،
ھەق ئانى ئاداش دەيۇر، ئىشت مۇئەززىندىن سەدا.
مىمى «ئەھمەد» چۇن ئاچىلدى ئۆزگەلەر بولدى ئەدەم،
قالدى بىر يالغۇز «ئەھەد» مەئدۇم بولدى ماسىۋا.
ئىت ھۇرەر كارۋان كۆچەر مەلبھدا ئېشەكدۇردىن ئارا،
يا رەسۇلەللاھ، ماڭا ئەھباب ئىلەن قىلغىل مەدەد،
مۇستەھقەمەنمەن بۇ بارچە مۇستەھقلەردىن ئارا.
ھەددىن ئاشتى، يا نەبى، جۇرمۇ گۇناھىم دەفتەرى،
تۆگەتۇر دەريايى قۇلزەم يازسە دەفتەرلەر ئارا.
نەفسى كافىر ئاتىنى مىنىپ يۇرۇرمەن ھەر تەرەف،
ئاجىزۇ مىسكىن تۇرۇرمەن نەفسۇ شەيتان ئەقرەبا.
قارىلىقدا ئاجىز ئۇلدۇم، تۇت قولۇمنى، يا رەسۇل،
يوق پەناھىم سەندىن ئۆزگە، ساڭا قىلدىم ئىلتەجا.
قويماغىل نەۋمىد شۇبانىنى، يا شەفئەل مۇزنەبىن،
پادىشەھلەرنىڭ ئاراسىدا مەن - ئۇقتىرۇرمەن گەدا.

ئىلمۇ ھېكمەتدۇر كىشىگە ئىككى دۇنيا مالۇ گەنج،
دۇنياۋۇ ئۇقبادا ئۇلدۇر كىشىگە ساھىب لىۋا.
نې سەبەبتۇر ئوتدىن قىلماق ئادەم تەركىبىنى،
ئىشق ئوتىدىندۇر كۆڭۈلگە دائىما زەۋقۇ سەفا.
ئىشق ئوتىنى بىلگۇسدۇر بۇ كۆڭۈل جوشىدەسى،
ئىشق ئوتىدىن بولدى ھاسىل بەلكى ئىلمى كىميا.
ئىشق ئۇچۇن ئادەم ئاتا پۇرجو بەھانە قىلدى بىل،
ئىشقىنىڭ ھۇرمەتى چۇن قىلدى مەلائىك پىشەۋا.
ئىشق ئانىڭ چۇن قىلدى رىغبەت ئاندىن ئۇلدى مۇرسەلىن،
ئىشقىنىڭ ھەققى ئۇچۇن بولدى ھەبىبى مۇستەفا.
ئىشق غالىب ئېردى ئېرسە ھەق دېدى ئەھمەد ھەبىب،
ئىشقى ئۇچۇن ھەم مەلائىك قىلدى مۇرسەل ئىقتەدا.
ئىشقى قىلدى كىشىنى بىرى بىردىن بەرگۇزىن،
ئىشق ئۇچۇن ھەق بەندەسىن ئاتىن قويۇپتۇر ئەۋلىيا.
ئىشق ئۇچۇن تۈنۈ كۈن ياتماي ۋيرۇر چەرخى فەلەك،
ئىشق يولىنغە كىم قەدەم قويسە مۇنىگتەك مۇبتەلا.
بۇنې سۇنئۇ بۇ نې قۇدرەت، ئاڭلاماس مىسكىن شۇبان،
غەم يېمە دەردىڭگە دەرمان قاۋلى سەن، قىلغاي دەۋا.

ئىشقى گۇل ئاشۇفتە قىلدى بۇلبۇلى بىچارەنى،
ئىشق ئانىڭ چۈن بولدى مەشھۇر ھەر سەھەردە نالەھا.
ئىشق ئەھلىدىن ئەسەر يوقتۇر نەدەيىن بۇ زەمان،
ئەي شۇبانى نەي كەبىن ھەر سۇبھىدەم قىلغىل نەۋا.

بۇ بەدەندە ئۇشبۇ يەل تۇرماقغە نې دەي بىل سەبەب،
ئىشق ئوتى يانماس ئىدى بولماسە بۇ بادى ھەۋا.
بۇ نەفەس كىرەر چىقار ھەر بىرىسى بۇدۇر ھەيات،
ھەر بىرى ئىيسا نەفەسدۇر رۇھۇڭا قۇۋۋەت سەفا.
ئوتۇ يەل بىرلە مۇساھىب بولماغى بولدى ئەجەب،
ئىشق ئوتىنىڭ ئۇچقۇنىنى يەتكۇرۇر ئەرزۇ سەما.
يەل ئاتىن مىنىپ يۇرۇر ئېردىيۇ بىلمەن لەشكەرى
ھەق ئانى ھەريان تىلسە، يەتكۇرۇر ئېردى قەزا.
سەن ئانى يەل دېمەگىل نۇسرەت يەلى بولدى مەدەد،
قىلدى دۇشمەن كۆزىنى ئول يەل تۇفراق ئىلە مۇبتەلا.
ئەبرۇ باد ئۇشبۇ جەھانىنىڭ ئەسرۇ خۇش ئەرراشىدۇر،
كىم بۇ يەلەە تەكيە قىلسە ئول كىشىدۇر نا سەزا.
ھەر كىشىنىڭ ئۇمرى ئالەمدە بۇ يەل بىكىن ئۆتەر،
ھەق نە قىلسە ئەركى باردۇر، بوينۇ سۇن، بەرگىل رىزا.
ئانىڭ ئىلە يوق قىلۇرۇ ئانىڭ ئىلە بار قىلۇر،
ئول مەقامىدۇر بىلۇرسەن ئولدۇرۇر خەۋفۇ رىجا.
تۆرت ئۇنسۇر بىرلە توققۇز كۆك تۇغار ھەر نەكى بار،
ئول توقۇز ئابايى ئۇلۋىدۇر، بۇ تۆرت ئېرۇر ئانا.
تۆرت ئۇنسۇردىن بەنا بولدى مەۋالىدى سەلاس،
كىم جۇمادىيۇ بەناتى بولدى ھەيۋاندۇر يانا.
بارچە ھەيۋاناتدىن خاھى ئۇلۇغ خاھى كىچىك،
نۇتق بىرلە ئەقلۇ ئىدراك ئىلە ئىنساندۇر سەزا
ھەرنەكىم ئالەمدە باردۇر ئوتو يەل تۇپراقۇ سۇ،
ھەرنە بار يۇقارى - قويۇ بەھرۇ بەر، ئەرزۇ سەما.
بارچە مۇھدەسلەر تۇرۇر مۇھدىس بەقاسى يوقتۇرۇر،
ئول قەدىم ئېرۇركى باقىدۇر، ئاڭا بولماس فەنا.
تەڭرىدۇر باقىيۇ باقى، فانى ئېرۇر ھەرنە بار.
«كۇللۇ شەيئىن ھالىكۇن لا ۋەجھەھى» باردۇر گۇۋاھ.
چۈن جەھان فىتنۇرۇر ياخشىلىق ئەتسەڭ ياخشىراق،
خاھ دۇشمەن بولسە خاھى دوستۇڭ، ئەي بۇلئەلا.
دوست بىرلەن ياخشىلىق خۇش دۇشمەن ئىلەن ياخشىراق؟

گەر سىنىڭ بىرلەن يامانلىق قىلسە ئانىڭ بويىندا.
گەر يامانلار بىرلە قىلساڭ ياخشىلىق بۇ دۇنيادا.
تەڭرى ياخشىلىق جەزا بەرگەي ساڭا يەۋمۇل - جەزا.
چۇن كىشىدىن ھىچ نىمە قالماس ھەمىن ئاتى قالۇر،
ياخشى ئاتغە جەھد قىلگىل، قالسە سەندىن ئەل ئارا.
قوي كۇدۇرەت رەسمىنى كەچمە سەفا ئايىنىدىن،
ئەھلى دىللار سۆزىدۇر: دەڠ ماكەدىر خەزما سەفا.
ياخشىلىق ياخشى تۇرۇر ئەسرۇ يانمانلىقتۇر يامان،
بارچەغە زاھىر تۇرۇر بۇ سۆزدە ھىچ يوقتۇر خەفا.
ياخشىلىق بىرلەن يامان دۇشمەن ساڭا ياخشى بولۇر،
بولماغاي ياخشى سىنىڭ بىرلەن يامان قالۇر ئاڭا.
ئەفۋ قىلغىل، ئەفۋكىم، بولغاي سەۋابىڭ بىھساب،
تەڭرى قۇرئاندا «ئەلەللاھ» دىدى: «ئەجرى مىن ئەفا».
ئەفۋ قىل: «ۋەلكازىمىنەل - غەيتە ۋەلئافىن ئوقۇ.
مۇھسىن ئولغىلكىم: «بۇھىببۇل مۇھسىنىن» كەلگەي نىدا.
گەر ئۆلۈملۈك خەسمنى قويساڭ «ۋەمەن ئەھيا» ئوقۇ،
«كانە ئەھيەنناسە كۇللەن» خۇش بىشارەتدۇر ساڭا.
ئول يۇرەكلىك لەشكەرى ئىسلامنىڭ ماڭلايىدۇر،
كىم غەزەب ئۇستىدە قىلغاي ئەفۋ ئاچغاي مەڭقەلا.
بەردى ياخشىلارغە ھەق ئىككى جەھانىنىڭ دەۋلەتى،
ئىككى ئالەم دەۋلەتىدۇر ياخشى ئەللەرگە سەزا.
ياخشىلىق قىل ياخشىلىقكىم، ھەرياماندىن دۇنيادا،
تەڭرى سىنى ساقلاغاي «فەللاھۇ خەيرۇن ھافىزا».
ئەي شۇبانى، بولسە خەسمۇڭ گەر فەرىدۇنى زەمان،
ياخشىلىق بىرلە كۇدۇرەتلەر بارى بولۇر سەفا.

سەن تۆمۇر ئوغلانلارى بىرلە يامانلىق قىلمادىڭ
شەك ئەمەسكىم ياخشى ئەللەرگە يامان بەرمەس خۇدا.
نەسلى يۇنۇسخان بىلە ياخشىلىقىڭ ياخشى ئىدى،
چۇن ئالار قىلدى يامانلىق تاپتىلار ئاخىر جەزا.
قاچ يامانلاردىن تىلەگىل ياخشىلارنىڭ سۇھبەتى،
شەك ئەمەسكىم كىميا بىرلەن باقىر بولۇر تىلا.
تەڭ ئەمەس داناۋۇ نادان گەرچە ھۇسنى بىرتۇرۇر.
كىم زۇمۇرەددەك ئەمەس ھەرنىچە سەبز ئولغاي گىيا.
راستلىقدىن چىقماكىم، بۇدۇر جەھاندا ئىئتىدال،
ئەئدەلۇل - خەلق مەزاھەن ئەھلى خەتتۇل - ئىستەۋا.

ياخشى قىل خۇلقۇڭنىكىم، ئەسرۇ ياماندىندۇر يامان،
بۇ يامان ئەخلاق بىرلە ھەركى بولدى مۇبتەلا.
بۇ كېچەر دۇنيايى فانىغە كۆڭۈل باغلاماكىم،
كۆز يۇمۇپ ئاچغۇنچە كېچەر ئۇيلەكىم بادى سەبا.
بۇ جەھاننىڭ دەۋلەتى ھېچكىمگە باقى قالمادى،
غەررۇ بولمە دەۋلەتىڭگەكىم بولۇر ئاخىر فەنا.
باقى ئولماق دەھر باغىدا تەمەننا قىلماكىم،
بىرنەچە كۈندۇر گۈلى رەئناسىغە نەشۇۋ نەما.
ھەر بەھارىكىم كېلۇر باردۇر خەزانى كەيىندا.
باردۇرۇر كۈندۈز بىلەن كېچە سەباھ ئىلەن مەسا.
رايۇ تەدبىرىڭ بىلەن زىنھار قىلما ئېئتىماد،
كىم ئېرۇر ئۇممۇل - بەسىر شەكسىز ئىزا جائەل - قەزا.
فىكر قىلمە ئەقلىگە ھەرنېچە بولساڭ ھۇشمەند،
كىم قەزا يەتكەندە ناداندەك بولۇرلار ئەزكىيا.
بىر ھەقىقەتدۇر جەھاندا، ئاندىن ئۆزەە ھەرنە بار،
بىھەقىقەتدۇر، بىرى ئانداقكى كۆزدە سىمىيا.
پادىشاھلىغدا شۇبانى فەقردىن ئايرىلماغىل،
فەقر شاھى ئىككى ئالەم ئىچرە بولۇر پادىشا.

تەڭرى گەر بەردى ساڭا ئىرانۇ تۇران شاھلىغىن،
بەندەلىق تەۋرىن شۇبانى بەرمەگىل ئەلدىن رەھا.
بارچە ئالەمدىن چۇ ئىيسا فەقر قىلدى ئىختىيار،
چار بالىشدۇر ئاڭا كۆك مېھرى تابان مۇتتەكا.
ئەمدىكىم دەۋلەتدەسەن، ئەفتادەلەرنىڭ ئىلكىنى
تۇتكى، ھەق ئەفتادەلىقدە دەستىگىر ئولغاي ساڭا.
ھەرنە كەلسە باشىگە ھۆكمۇ قەزادىن رازى بول،
كىم رىزادىن چىقماغىلكىم، خۇش مەقامدۇر رىزا.
كېچەلەر بىدار بول ئەنجۇم كەبى، ئېقۇنى قوي،
كۆزۈڭ ئاچكىم لەيلى ھەبلىدۇر بەلاسىدۇر بەلا.
ھەرنېچە قەدرىڭ بەلەند ئولسە ئۆزۈڭنى پەست قىل،
زەررەئى دەۋلەتغە گەر كۆڭلۈڭ تىلەيدۇر ئېئتىلا.
تەڭرىگە قىلساڭ تەۋەككۇل ھەق بېرۇر نۇسرەت ساڭا،
ئايت ھەر ئىشدا: «تەۋەككەلنا ئەلا رەببىس - سەما».
كۆڭلۈم ئەۋنى ياروت تائەت بىلەكىم ئاقىبەت،
مەرگى يەلىدىن چىراغى ئۆمر تاپار ئىنتىفا.
ھەر بەلادا ھەقنى ياد ئەتكىم خەلاس ئەيلەر سېنى،

ئۇل كەرىمكىم تۇتتۇلغا ئايىنى بىرۇر ئەنجىلا.
نەفسكىم ئىسياندىن ئاغرىق بولدى ئاگا نەفئ ئېتەر،
تەۋبە قىلماق ئىلەكىم بىمارلارغە ئېھتىما.
قويماغىلكىم نەفس خو قىلغاي مەئاسى بىرلەكىم،
خەستەلىق چۈن ئەسكى بولدى ئاگا نەفئ ئەتمەس دەۋا.
گۇشە تۇتكىم بولدى كۆز ئىنسانى يەگلىغ ئەينى نۇر،
ئۇلكى كۆرمەس بولدى ئۆزىنىكى تۇتتى ئىنزىۋا.
نەفسى شەيتانغە مۇشىپ ئولماق زىيانىگدۇر زىيان.
تارتقىل شەيتان يۈزىندە تىغى لاھەۋلى ۋەلا.
نەفسى شەيتانغە مۇۋافىق قىلماغىل. يا رەب، مېنى،
ئۇل بىرى ۋەسۋاسۇ خەنناس. ئۇل بىرىدۇر ئەژدەھا.
بىھەياييۇ غۇرۇرى، كىبر شەيتان ئىشىدۇر،
بىھەيا قىلمە قۇلۇگنى سەن بارى ئىنسان ئارا.
بىھەيالىق بىرلە ئۇل لەئنەتنى قىلدى ئىختىيار،
كىم ئەلەيكە لەئنەتى ھەق ئاگا قىلدى دائىما.
ئەژەھانىڭ فېئلى كۇدژدۇر نە ئۇمىد تۇتسۇن كىشى،
دائىمۇل - ئەۋقات ئانىڭ كۆگلىدەدۇرۇر ئاسەفا.
بىقەنائەت نەفسى شۇمدۇر يەپ - ئىچىپ تويماس نېتەي،
بىر - بىرىگە كىبرۇ تەزۋىر يانە باغلار ھاسىدا.
نەفسى شەيتان شۇملۇغىنى ئايدى ئۇش مىسكىن شۇبان،
ئۇل ئاتاگدىن بىرى مۇنلار دۇشمەنى ئولدى ئۇجا.

ئۇشبۇنۇگدەك ئىكى دۇشمەن ئاتانغان مېھرۇبان،
بۇ ساگا مىراس قالىپتۇر قالماغىل سەن ئەجەبا.
يارەب. ئەمدى ئۇشبۇ دۇشمەنغە ئۇرۇشچى قىل مېنى،
ئىلمۇ ھىكمەت بىرلە سەن رەھمەتنى بەرگىل نەسەبا.
كۆگلۇمە سالغىل مېنى، يا رەب، قەنائەت راھەتى،
مۇنقەتەئ قىلغىل خەلايىقدىن مېنى سەن كىبرىيا.
بىتەھەمۇل قىلماغىل ھەرنېچە بولسام بىھۇنەر،
بىتەۋازۇئ قىلماغىل مېنى بۇ ئىنسانلار ئارا.
ئىلمۇ ھىكمەت نۇرىدىن كۆگلۇمنى پۇر قىل لەمىيەزەل،
لۇتف قىل ئېھسانۇ تەۋفىق بۇ فەقىر بىچارەرا.
قىلمادىم مەن ھېچ ئىش شايىستە دەرگاھىگدا مەن،
ئەي كەرىما لۇتف قىل سەرگەشتەئى ئەۋۋارەرا.
نەفسى شەيتان جەۋرىدىن بىچارەۋۇ دەرماندەمەن،
ئاجىزۇ مىسكىن قارى قۇلۇگنى تۇت تەۋفىق ئارا.

ھېكمەت ئەسرارىمەدۇر ھەم سىراتى مۇستەقىم
ھەم تەرىقەت مەقسەدىدۇر ھەم شەرىئەت رەھنەما.
بۇ قەسىدە سانىئۇڭ سۇنئىن ئەجايىب كۆرسەتۇر،
سۇبھى ئالەمدەك مۇنەۋۋەر ھەم كۈنەسدەك باسەفا
گاھى ھالاتى سەنايىئىنى بىلۇرسەن بىگۇمان،
گاھى ئەتۋارى بەدايىئىنى بەيان قىلۇر ساڭا.
تا ئەسەرلەرنىڭ بارىن ئەينۇل - يەقىندەك بىلگەسەن،
بىر مۇئەسسەر يار ئېتىپتۇر بىلگىل ئۇشبۇ تەۋھىدا.
دانىش ئەھلى ئىستىلاھ ئەتكىل سۆزۈم باشتىن ئاياق،
ھېچ خەلەلسىز سۆزنى ئايماق دانىشىم يوقتۇر ساڭا.
زاتى پاكىڭ نە سورارسەن بىلگىل، ئەي ئەھلى يەقىن،
جاھىل ئەھلىغە دەيۇرمەن: بىردۇرۇر، بىلگىل، خۇدا.
ئىشق ئوتىدىن پۇختە بولدى ئۇشبۇ تەركىبى بەدەن،
ئانىڭ ئۈچۈن ئۇشبۇ تەركىب بولدى ئىشقە ئاشنا.
يەلكى دەرسەن، بىلسىڭىز سۇبھى ئەزەلنىڭ يەلىدۇر،
ئانىڭ ئۈچۈن خۇش ياقار جانغە سەھەرۋەقتى سەبا.
بادەئى ئىشقىنىڭ سۇيى بىرلە يۇغۇرۇپ تىيرە خاك،
كىم بىلۇر سۇنئى كەرىم ئاشىق كۆزى ياشتىن تولا.
خاك چۇن كۆرسەتتى ئاجىزلىق بىلە ئەفتادەلىق،
سەجدە قىلدۇردى خەلايىقلارنى لۇتفى كىبرىيا.
ئىلمى تەئلىمى لۇدۇنى بارچە تەڭرىدىن ئىدى.
ئەللەمەل - ئەسمائى ھەق ئادەمغە دېدى كۇللۇھا.
ئىلم سۇيى بىرلە ھەر سۇبھ ئەيلەدى قۇدرەت ئېلى،
ئىلم ئۈچۈن ئادەمغە قىلدىلار مەلائىك سەجدەھا.
ئىلمتۇرۇر دۇنيادا بىلگىل ئانى ئابى ھەيات.
ئىلم بىرلە يەتكۇرۇر ھەر كىشىگە دارۇلفەنا.
ئىلم بىرلە ئاچىلۇر ھەر يەردە بولسە مۇشكىلات،
ئىلمتۇرۇر بىلگىل ئانى دۇنيادا ئاخىر بەقا.
يا رەب، ئەھلى دانىش ئىلە بىرگە قىلغىل بۇ شۇبان،
بولماسۇن ھەرگىز ئالارسىز ئۇشبۇدۇنيا دائىما.

ئىلىم ئېرۇر كۈندۈزۈ جاھىلدۇر قارانغۇ كېچەدەك،
بارچە ئىشدىن بىخەبەردۇر ھەرنە قىلسە ماجەرا.
ئىلمى يوق جاھىل نە بولغاي دۇنيادا بىلگىل ئانى،
كىم ئىشەك ياخشىدۇر ئاندىن ئول ھەر ئىشدا نا سەزا
جاھىل ئەھلى زۇلمەت ئولدى ئىلمدۇر ئەنۋارى ھەق،

كىم يارۇقلۇق تىلەر ئىرسە بولماسۇن ئاندىن جۇدا.
كىم ياراتتى مەشرىقۇ مەغرىب، شىمالۇ ھەم جەنۇب،
مەغرىبى ئالەم فىرۇزۇ مەشرىقى گىتى نەما.
تۆرت فەسل ئىلە تۇزۇپتۇر ئۇشبۇ دۇنيا.تۇربەتىن،
قۇدرەتىدە ئەقل ھەيراندۇر، دەيۇربىز: «رەببەنا».
چار ئۇنسۇردا ئۆزىنىڭ فېئلىن ئىزھار ئەيلەدى،
پادىشەھ قىلدى بۇلارغە نۇرى پاكىدىن ئەتا.
بۇ مەلائىكدىنكى باردۇر تۆرتنى قىلدى گۇزىن،
ھەربىرى بىر ئىشگە قويدىكىم ئۆزىدۇر پادىشا.
نۇرى زاتىدىن ئەرەبدىنقىلدى پەيدا بىر ھەبىب،
ئاڭا ھەم قىلدى ئىنايەت [چار يارى] باسەفا.
ھەرنېچە زاتى سىفاتىدا خىرەد فىكر ئەيلەسە،
ھەيرەتى ئارتاركىم، ئۆزىدىن ئۆزىدۇر ئىبتىدا.
ئەرشتەك كۆڭلۈڭنى كەڭ ئەتكىم، قىلۇر رەھمان نۇزۇل،
مۇندا شەك يوقتۇركى ئەر - رەھمان ئەلەل - ئەرش ئىستەۋا.
ياد قىل ئۇل ئەھدىنكىم باغلادىڭ روزى ئەلەست،
بىۋەفالىق قىلماغىل ئۇل ئەھدىگە قىلغىل ۋەفا.
سەن كۆتەردىڭ ئۇل ئەمانەتنى زۇلۇم ئىلسە جوھۇل،
كىم ئانىڭ كۆتەرمەكىدىن يەرۇ كۆك قىلدى ئىبا.
دەم بۇ دەمدۇر كۇندۇزۇڭ ئىشنى قويما كېچەگە،
ھېچكىم بىلمەسكى، «ھازا تەكسىبۇ نەفسۇن غەدا».
يوقتۇرۇر خەلقىڭ ئەبەس ئەۋقات زايىئ قىلماغىل،
مۇنچە ھېكمەت سەندە نې بائىس ئەمەستۇر، ئەي فەنا.
«كۇنتۇ كەنزەن» نى ئوقۇپ، «ئەھبەبتۇ ئەن ئەئرەف» نى بىل،
تاكى بىلگەيسەنكى باردۇر مەئرەفەت ئىشىڭ ساڭا.
مەئرەفەتدە ئادەمى بولدى مەلائىكدىن شەرىف،
مەئرەفەتسىز ئادەمىدۇر گاۋۇ خەردىن ئەشقىيا.
مەئرەفەت ئولدۇركى، بىلگەيسەن خۇدانى ئەن دەلىل،
جەزمۇ ئەقل ئىلەنكى ئاندىن بولماغاي چۇنۇ چەرا.
جەزم بىلگەيسەنكى تەڭرى يەرۇ كۆكدە بىر تۇرۇر،
ئىككى بولسە يەرۇ كۆك يۇز قاتلە بولغايدى فەنا.
چۇن ھىدايەت يولىنى كۆرسەتمىشەم بۇ شېئرىدە
بۇ قەسىدە ئاتى بولدى غەيبىدىن «بەھرۇل - ھۇدا»..
ئىككى يۇزدۇر بەيتى داغى ئاتمىش ئانى كىبىسى،
ئىككى يۇز ئاتمىشتۇرۇر، «بەھرۇل - ھۇدا» نى ھەم سانا.
كۆرمەگىل ئاسانكى، باردۇر جۇملە سەھلى مۇمتەنەئ،
قابىلى ياز ئافەرىندۇر، لايىقى يۇزمىڭ سەنا.
يىلى - ئۇي يىل ئىدىيۇ ئايى - مۇھەررەم ئايىكىم،
ئىبتىداسى ئەسرەدە، پىشىندە بولدى ئىنتىھا.
ئېردى توققۇز يۇز تەقى ئون تۆرت ھىجرەت ۋەقتىدىن،
كىم بۇ گۇلشەن ئىچرە تاپتى بۇلبۇلى تەبئىم نەۋا.

مەنزىلىم ئۇل ۋەقت ئىدى بەستام بىلە دامغاندا،
كىم ماڭا قىلدى مەدەد ئەرۋاھى پاكى ئەنبىيا.
پىرى خىرقانى تەرىقەتنىڭ ئىمامى بۇلھەسەن،
بارچە ئارىفلارغە سۇلتان بايەزىد ئۇل مۇقتەدا.
يا ئەزىمەل - ئەفۇ، يا غەففارە ئەنۋائەز - زۇنۇب،
يا ئىلاھەل - خەلق، يا خەللاقۇ ئەسنافەل - ۋەرا.
يازۇغۇمدىن شەرمسارەم، ئەنتە زۇلئەزلۇل - كەبىر،
ئىشكىندە خارۇ زارەم، ئەنتە زۇلمەجدۇل - ئەلا.
گەر يامان قىلدىم، دېدىم ئەستەغفىرۇللاھەل - ئەزىم،
فەزلىڭ ئىلەن يازۇغۇمدىن كەچ، زەلەمنا، رەببەنا.
.ئەد ئىلەن سورماگۇناھىمنى ئۇياتلىغ قىلماغىل،
يازۇغۇمدىن فەزل بىرلەن كەچۇ .رەھمەت قىل ماڭا.
ھەركى ياد ئەتكەي مېنى ھەركۈن دۇئايى خەير ئىلە،
ئاڭا رەھمەت قىل، ئىلاھا، مۇستەجاب، ئەتكىل دۇئا.
بۇ قەسىدەنى ئوقۇپ ھەركىمكى ياد ئەتسە مېنى،
ئىككى دۇنيادا مۇرادۇ مەقسۇدىن بەرگەي خۇدا.

* * *

مۇئەللىپ مۇھەممەد شەيبانى (شۇيبانخان) — ئوتتۇرا ئاسيا تارىخىدا مۇھىم مەۋقىسى بار مەشھۇر شەخس، دۆلەت ئەربابى بۇ 16 - ئەسىردىكى شەيبانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاساسىي قۇرغۇچىسى (بۇ خانلىق 1510 — 1445 دەۋر سۈرگەن.) شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيادا زور ئىستىبتىك ئۆزگىرىشلەرنى، ھازىرقى ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، نۇرغۇن قەبىلە ئىللەتلەرنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى، بىر خىل مىللىي مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرۈشكە سەۋەبچى بولغان سىياسىي رەھبەر. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ ئەدىب - شائىر ئىكەنلىكى ھەققىدە دەلىل يوق ئىدى، «بەھرۇل - ھودا» قولىيازمىسىنىڭ تېپىلىشى مېنىڭچە، شەرق ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا بىر يېڭىلىق بولسا كېرەك، شەيبانى ھەققىدە خەلق ئىچىدە داستان - چۆچەكلەر بار (مەسىلەن: ئۆزبېك خەلق داستانى) «شەيبانخان»، «خۇرشىدە ئاي» قاتارلىقلار. يازما ئەدەبىياتتا مۇھەممەد سالىھ (17 - ئەسىر) «شەيبانىنامە» دېگەن چوڭ داستانمۇ يازغان. شۇنىڭغا قارىغاندا شەيبانى مۇھەممەد — مۇھىم تارىخى شەخس، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسىرى ئۆز نۆۋىتىدە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. «بەھرۇل ھودا» — ئىلمى جەھەتتىن ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان قەسىدە ھېسابلىنىدۇ. ① ئۇنىڭ تىلى 16 - ئەسىردىكى مەۋجۇد ئەدەبىي تىل — تۈركىي - چاغاتاي تىلىنىڭ ناۋايىغىچە بولغان ۋارىيانتىنى تەتقىق قىلىشقا مەنبە بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ② شەيبانى ھاكىمىيىتىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى، شەيبانىنىڭ شەخسى خىسلىتى ۋە مەدەنىي سەۋىيەسىنى ئۆگىنىشكە دەلىل بولىدۇ ③ بەزى تارىخى ۋەقەلەرگە شەيبانىنىڭ پوزىتسىيەسى قانداقلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ، قەسىدەنىڭ مەزمۇنى دىنى بولغىنى بىلەن دىنىنى تەشۋىق قىلىش ئەمەس، بەلكى ئەدەب - ئەخلاق مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دىن ئىبارە ۋە ئىپادىلەر بولغىنى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ تارىخى ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلساق، مىراسلىرىمىزغا چوڭ ئۇۋال قىلغان بولىمىز! 16 - ئەسىرنىڭ ئەدەبىي بايلىقىدا دىن مەناسى بولماسلىقىنى تەلەپ قىلىش — ئەسەرنى تارىخى دەۋرىنى ئايرىپ قاراشقا ئېلىپ كېلىدۇ. ھەرقانداق تارىخى يادىكارلىق ئۆز دەۋرىدىن ئايرىۋېتىلسە يادىكارلىق قىممىتىدىن ئايرىلغان بولىدۇ. ئەمما، بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە ئۇنىڭدىكى دىنىي مەزمۇنلارغا نىسبەتەن تەنقىدىي پوزىتسىيەدە بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ قەسىدە بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان Ad7914 - نومۇرلۇق قولىيازمىدىن ئېلىنغان مىكرو فىلىمگە ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى.

# مىرزا ھەيدەر كوراگان ۋە ئۇنىڭ «جا- ھاننامە» داستانى توغرىسىدا

ئايگۇل ئىمىن

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى ھەم شائىرى مىرزا مۇھەممەد كوراگانىنىڭ «جاھاننامە» داستانى ئۆزىنىڭ تارىخىي، بەدىئىي ۋە ماتېرىياللىق قىممىتى بىلەن تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ پەخىرلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. شېئىرىي شەكىل ئارقىلىق چوڭقۇر پەلسەپۋىي مۇلاھىزە يۈرگۈزگەنلىكى بىلەنمۇ ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتە مۇئەييەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىش كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ ماقالىدا مەن ئاساسلىقى مىرزا ھەيدەرنىڭ ھاياتى، «جاھاننامە» نىڭ يېزىلغان ۋاقتى ۋە ئۇنىڭدىكى پەلسەپۋىي قاراشلار توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 1. مىرزا ھەيدەر كوراگانىنىڭ ھاياتى ھەققىدە

مىرزا ھەيدەر سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن دۆلەت ئەربابى، ھەربىي ئالىم، سىياسىئون، شائىر ۋە تارىخشۇناستۇر.

ئۇ ھىجرىيىنىڭ 905 - يىلى (مىلادى 1499 - يىلى) تاشكەنتتە تۇغۇلۇپ، مىلادى 1551 - يىلى 52 يېشىدا كەشمىردە بولغان بىر قېتىملىق قوزغىلاڭدا ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ زات چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ داۋامى بولغان دۇغلات خاندانىنىڭ كېيىنكى ئەمىرزادىلىرىدىن بىرى. ئانا تەرەپتىن چاغاتاي خانلىرىدىن يۇنۇسخان- نىڭ نەۋرىسى ۋە بابۇر شاھنىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى. «مىرزا» دېگەن نام بابۇر شاھ تەرىپىدىن قويۇلغان. ئاتا تەرەپ بولسا موڭغۇل قەبىلىسىدىن بولغان دۇغلاتلارغا مەنسۇپ بولغاچقا، ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «دۇغلات» دېگەن ئىسىم قوشۇپ ئېيتىلغان.

مىرزا ھەيدەر ئۆزىنىڭ «تارىخى رەشىدى» ناملىق كىتابىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا ئۆزى توغرۇلۇق «مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگانىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ھەيدەركى، ئادەملەر ئارىسىدا «مىرزا ھەيدەر» دەپ تونۇلغان» دەيدۇ. بىز بۇ پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ مىرزا ھەيدەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى تاشكەنت ۋە ئورا تۆپە ھاكىمى مۇھەممەت ھۈسەيىن كوراگانىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

مىرزا ھەيدەرنىڭ دادىسى 1509 - يىلى شايبانىخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن مىرزا ھەيدەر كابۇلغا قېچىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇنى بابۇر شاھ ئۆزىنىڭ ئوغلى قاتارىدا قوبۇل قىلغان. ئۇ بابۇر شاھنىڭ بۇخارا، سەمەرقەندلەرنى ئېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 1512 - يىلى بابۇر شاھنى تاشلاپ پەرغانىگە، موڭغۇل ھۆكۈمدارى سەئىدخانىنىڭ يېنىغا بارغان. ئاپتورنىڭ تولۇق ئىسمى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگان بولۇپ، تەخەللۇسى «ئاياز»، «ئاياز شىكەستە» دەپ قارالماقتا. «مىرزا» ئەمىر بالىسى، شاھزادە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كوراگان — شاھنىڭ كۈيئوغلى دېگەن مەنىنى، مۇھەممەد

ھەيدەر توغرا يول كۆرسەتكۈچى، ھايات دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

مىرزا ھەيدەر ياشىغان دەۋر ئەمىر تۆمۈر ۋە تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادلىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن دەشتى قىپچاقلارنىڭ بىر تۈركۈمى بولغان ئۆزبېك قەبىلىلىرى مۇھەممەت شايبانىخان باشچىلىقىدا قوراللىق يۈرۈش باشلىغان، تۆمۈرىلەر سۇلالىسىنىڭ پايتەختى سەمەرقەند دەشتى قىپچاقلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان ھەممە جايىنى جەڭ تۈتەكلىرى ۋە سوقۇش ۋەھىمىسى قاپلىغان پاراكەندىچىلىك يىللار ئىدى. مىرزا ھەيدەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە بابۇرنىڭ تەسىرى كۆرۈنەرلىك بولغان. بابۇر ئۆزىنىڭ «بابۇرنامە» ناملىق كىتابىدا مىرزا ھەيدەرنىڭ شۇ چاغدىلا يېزىش، سىزىشتىكى ئۈتكۈرلىكى، ساداق ياساپ بېرەلەيدىغانلىقى، ئەگەر جابدۇقلارنى تەقلەشتىكى چېۋەرلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. مىرزا ھەيدەر 1512 - يىلى سەئىدخاننىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگەن. مىرزا ھەيدەرنىڭ سۇلتان سەئىدخان ھوزۇرىغا كېلىشى ئۇنىڭ ھاياتىدا يېڭى باسقۇچنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنىڭ بىشارىتى بولدى. مىرزاھەيدەر سەئىدخان ئېلىپ بارغان يۈرۈشلەرگە قاتنىشىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قەشقەر، ياركەنتكە كېلىدۇ ۋە سەئىدخانغا ھەمكارلىشىپ مۇستەبىت، زالىم شاھ ئابابەكرى مىرزا ھاكىمىيىتىنى غۇلىتىش، قىرغىز قەبىلىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش، بەدەخشانغا ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلىش ۋە مەنسۇرخان بىلەن سۇلتان سەئىدخان ھاكىمىيەتلىرىنى يېقىنلاشتۇرۇش، تىبەتكە يۈرۈش قىلىش قاتارلىقلارغا قاتنىشىدۇ.

يۇقىرىقى مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ مىرزاھەيدەرنى، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى يېقىنلىرىدىن بىرى بولۇپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن سۇلتان سەئىدخان بىلەن كۆپلىگەن ھەربىي يۈرۈشلەردە بىللە بولغان داڭدار ھەربىي سەركەردە ۋە قابىلىيەتلىك جامائەت ئەربابى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

مىرزا ھەيدەر، سۇلتان سەئىدخان ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئابدۇرەشىتخان چىققاندىن كېيىن يۇرتىنى تاشلاپ تېمۇرىلەر يېنىغا كەتكەن. 1541 - يىلى كەشمىرنى ئېلىپ ئۇ يەردە ئۆز ئالدىغا بىر ھۆكۈمەت قۇرغان. 1551 - يىلغىچە 10 يىل كەشمىرنىڭ ئەمەلدارى بولغان. 1551 - يىلى رامازان ئېيىنىڭ ئاخىرىدا جۇلام دەرياسى بويىدىكى بارامولا دېگەن جايدا! ئۆز قوشۇنلىرى ئىچىگە يوشۇرۇنغان تاغلىق ئىسيانچىلارنىڭ بىرى ئاتقان ئوقيا بىلەن تۈن قاراڭغۇسىدا 52 يېشىدا جان ئۈزگەن.

## 2. «جاھاننامە» داستانىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى

بىزدە ھازىرچە ئېلان قىلىنغان «جاھاننامە» ناملىق داستاندىن ئىككىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ ئومۇمىي 9 - سانى (1983 - يىلى) دا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، توختى ئابىخان، ئابلىمىت ھاجى قاتارلىقلار تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ۋە ئاپتورى «ئايازبېك قوشچى» دېيىلگەن شۇنداقلا دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن نۇسخىدىن ئىبارەت. يەنە بىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985 - يىلى كىتابچە قىلىپ نەشر قىلىنغان بولۇپ، يولداش ئابدۇشۈكۈر تۇردى نەشرگە تەييارلىغان ۋە ئاپتورىنى «ئايازشكەستە» دەپ ئاتىغان نۇسخا. بۇ ئىككى نۇسخىنى سېلىشتۇرۇپ چىقساق «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلىنغان «جاھاننامە» داستانى 2650 مىسرا (1325 بېيىت)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن كىتاب قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان «جاھاننامە» داستانى 2658 مىسرا (1329 بېيىت) بولۇپ، ئوتتۇرىدا پەقەت سەككىز مىسرا (تۆت بېيىت) پەرق بار. داستاننىڭ يېزىلغان ۋاقتى ۋە بۇ ئەسەرگە نېمە ئۈچۈن «جاھاننامە» دەپ ئات قويۇلغانلىقىغا كەلسەك، داستاننىڭ ئۆزىدە:

يىل ئات ئېردى ماچىن تەۋارىخدا،
رەجەب ئاي فەرخۇندە تارىخدا.

تۇگەتتىم جەھان مېھنەتۇ غۇسسەسىن،
قىلىپ نەزم بىر داستان قىسسەسىن.
«جەھاننامە» قويدۇم ئانىڭ ئاتىنى،
دېدىم چۇن ئانىڭ ھالۇ ھالاتىنى.

دېگەن مەلۇمات بار. بۇ ھەقتە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن كىتاب قىلىنىپ نەشر قىلىنغان «جاھاننامە» داستانىنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ ئۇرۇندىكى ‹فرخند — فەرخۇند› سۆزى ئەبجەد ھېسابىدا ھىجرىيە 939 - يىلى (مىلادى 1532 - يىلى) غا توغرا كېلىدۇ. ئاپتورنىڭ ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىگە ئالاقىدار بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ ئەينى زاماندىكى تارىخى پاكىتلارغا ئۇيغۇنلۇقىمۇ ئەسەرنىڭ دەل ئەشۇ يىللاردا يېزىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.»

بۇنىڭدىن باشقا بۇ ھەقتە ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسىدە مۇنداق مەلۇمات بار: «ھەيدەر مىرزىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا چاغاتاي تۈركچىسى بىلەن نەزمە شەكلىدە يازغان ‹جاھاننامە› ناملىق ئەسىرى بولۇپ، بىر ھىند ھېكايىسىنىڭ پۇتۇنلەي ئۇيغۇرلار مۇھىتىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئىشلەنگەن راۋان ئاداپتاسيون (غەيرىي بىر تىلدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرنى يەرلىك ئۇسلۇبقا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىش) دىن ئىبارەت 125 بەتلىك بۇ ئەسەرنىڭ بىر قولىيازما نۇسخىسى پىروسىيە دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. مۇئەللىپنىڭ ناھايىتى قابىلىيەتلىك بىر شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بۇ ئەسەرنىڭ خاتىمىسى 1533 - يىلى 11 - ئايدا يېزىلغان بولسىمۇ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قەشقەر ھۆكۈمدارى سەئىدخان بىلەن بىرلىكتە، 1528 - يىلى قىشتا ناھايىتى ناچار شارائىتتا تىبەت ۋە بەدەخشان سەپەرلىرىدە بولۇۋاتقان چاغدا، قارلار ئارىسىدا بەدەخشاننىڭ قەلئەئى زەپەر قەلئەسىدە قامىلىپ قالغان ۋاقىتتا يېزىلغاندى.» دېمەك بۇ مەلۇماتلاردىن «جاھاننامە» داستانىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى ئېنىقلىۋېلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى.

يولداش ئابدۇشۇكۇر تۇردى يازغان كىرىش سۆزىدە مۇنداق بىر تارىخىي ۋەقەلىكنى بايان قىلىدۇ: «ئاپتور ئۆز يىگىتلىك ۋاقتىلىرىنى بىر ۋىلايەتتە ئۆتكۈزگەنلىكى، ئۇ يەر ئاپتور ئۇچۇن بىر ۋەتەندەك بولۇپ قالغانلىقى (دېمەك ئۇ يەر ئاپتورنىڭ ۋەتىنى ئەمەس)، مەزكۇر جايدىكى مەلۇم ۋەيرانچىلىقلاردىن كېيىن، ئاندىن - ئاتىغا خان بولۇپ كەلگەن بىر ھۆكۈمدارنىڭ خىزمىتىگە كىرگەنلىكى، بەلكى ئۇنىڭ ‹قەدىمى قۇلى› ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەيدۇ. كەيىندىنلا ئۇ خاننىڭ ئەنجاننى ئالغانلىقى ۋە ئابابەكرى قولىدىن قەشقەرنىمۇ...ئالغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.» بۇ مەلۇماتلار شىنجاڭ تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر يەنى 1510 - يىلى سەئىدخاننىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى بابۇرنىڭ قېشىغا كابۇلغا كەتكەنلىكى، 1514 - يىلى قەشقەرنى ئابابەكرىدىن تارتىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنىڭ ئەينى ئۆزىدۇر.

يۇقىرىقى سېلىشتۇرمىدىن ئاياز شىكەستىنىڭ 1510 - يىللار ئەتراپىدا ئەنجاندا مۇساپىر بولۇپ تۇرغانلىقى، 1512 - يىلدىن كېيىن سەئىدخاننىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، 1514 - يىلى قەشقەرگە كەلگەنلىكىنى ھەمدە «بىر ئۆكسۈك 19 - 20 يىل» ئۆتۈپ، سەئىدخان تاپشۇرغان ۋەزىپە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا يەنى بەدەخشانغا بارغانلىقى، ئەنە شۇ يەردە «جاھاننامە» داستانىنى يازغانلىقىنى ئېنىقلاشقا بولىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ھەر ئىككى داستاننىڭ كىرىش سۆزىدىن ئېلىنغان مەزمۇنلارغا دىققەت بىلەن قارايدىغان بولساق؛ گەرچە بۇ ئىككى نۇسخىدا مەزمۇنلارنىڭ بايان قىلىنىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككىلا كىرىش سۆز شىنجاڭ تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن

ئۇتتۇرغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

**3. «جاھاننامە» داستانى ۋە ئۇنىڭدىكى پەلسەپىۋى قاراشلار توغرىسىدا**

«جاھاننامە» داستانى 2658 مىسرادىن تەشكىل تاپقان مەسنىۋى شەكلىدە يېزىلغان ھەجىم جەھەتتە خېلى چوڭ ئەسەر بولۇپ، ئالدى بىلەن ئاللاغا، پەيغەمبەرلەرگە، چاھارىيارلارغا مەدھىيە ئوقۇشتىن باشلىنىدۇ. 160 مىسرادا ئەسەرنىڭ يېزىلىشىدىكى سەۋەب ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاخىرقى خاتىمە 32 مىسرادىن تۈزۈلگەن. سەئىدخان ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەستىن مەيدانغا كەلگەن بۇ چوڭ ھەجىملىك گۈزەل داستان، سەئىدىيە دەۋرىنىڭ شېئىرىيەت مۇنبىرىدە يۇلتۇزدەك چاقناپ، ئۆز دەۋرىنىڭ زور ھۆرمىتى ۋە بەدىئىي زوقىنى قوزغىغان.

شائىر بۇ داستاندا گۇمانىزملىق مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدە شىنجاڭدا ئەۋج ئالغان سۇفىزم — تەسەۋۋۇپچىلىقتا، تەركى دۇنيالىقتا قارشى تۇرۇپ، خەلق ئۆز قولى بىلەن ياراتقان بەخت سائادىتىنى قوغدىشى كېرەك دېگەن مەقسەتنى ئاساس قىلىپ، بۇ داستانىنى يېزىپ چىققان. داستاندىكى پەلسەپىۋى قاراشلار تۆۋەندىكىدەك:

ئابابەكرى ئىدى كاشغەر ھاكىمى،
كى يوق ئېردى رۇستەمدىن ئانىڭ كەمى
ئانىڭ مۈلكىدەكى ئېل - ئۇلۇس تامام،
تاپىپ ئېردى بەندۇ بەلادا مەقام.
ئۆلۈپ بەندۇ زىنداندا ئۆلگەنلەرى،
قازىق بىرلە دەرماندە قالغانلارى.

تۇتۇپ بەئزىلەرنىڭ قۇلاغىن كېسىپ.
قۇلاغۇ ئىلىكۇ ئاياغىن كېسىپ.
يېتىپ خان ئالەم ئالىپ قەلئەسىن،
تىبەتكە قاچىپ ئول سالىپ قەلئەسىن.
سوگىنە توشۇپ چىرىك ئاخىر يېتىپ،
باشىنى ئالىپ كەلدىلەر قول ئېتىپ.

بۇ مىسرالاردا قەشقەر ھاكىمى ئابابەكرى مىرزىنىڭ سىرتىغا قارىتا كېكەيمىچىلىك قىلىپ، ئىچكى قىسمىدا تولمۇ مۇستەبىت سىياسەت يۈرگۈزۈپ خەلق ئۈستىگە مىسلىسىز زۇلۇم ۋە بالايى ئاپەتلەرنى يۈكلىگەنلىكىنى كۈچلۈك پاش قىلغان. ھۆكۈمرانلارنى ئادىل بولۇشقا، خەلق ئۈچۈن بەخت - سائادەت يارىتىشقا ئۈندىگەن.

مىرزاھەيدەر بۇ داستاندا چوڭقۇر بىر پەلسەپىۋىي پىكىرنى يەنى كائىناتنىڭ ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتتە ۋە ئۆزگىرىشتە بولىدىغانلىقىنى ھېكايەت شەكلىدە ئوبرازلاشتۇرۇپ، توغۇلماقتا — ئۆلمەكلىك، خۇشاللىقتا — قايغۇ - ھەسرەت، گۈللىنىشتە — خارابلىق ئامىللىرى ساقلىنىدىغانلىقىنى، جاھان ئۆز ماھىيىتى بويىچە بۇ قانۇنىيەتكە زادى خىلاپلىق قىلمايدىغانلىقىنى، ئالەمنى، ھاياتلىقنى، خۇشاللىق ۋە گۈللىنىشنى مەڭگۇ ئۆزگەرمەس تۇرغۇن ھالەتتە دەپ قاراش غەپلەت بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

«ئاياز، ئەجەب غەپلەت ئەمەسمۇ بۇ،
كى سەن خاھى بىدار، خاھى ئۇيىۇ.
نە ۋەقتى نە سائەتكى سەندىن بۇ كۈن،
ئۆتەر ئۇمر ئېرۇر ئول ئەمەستۇر ئۇ كۈن.

يوق نەرسە ئۇشال ۋەقت سائەت تۇرۇر،
كىم ئايۇ يىلۇ ھەر كۈنۇ تۈن يۈرۈر.
ئۆتەردەك كۆرۈنەر ساڭا ئول ۋەلي،
يۈرۈرلەر جەھاندىن سېنى سۈرغەلي.»

دەپ يېزىپ، ئۆتۈۋاتقان نەرسە ۋاقىت، سائەت، ئاي، يىل ئەمەس بەلكى ئۆمۈر، ۋاقىت سېنىڭ

كويىگدا، ئۇ سىنى جاھاندىن ئىلىپ كەتمەك كويىدا يۈرىدۇ دەپ خىتاب قىلىدۇ. بۇ پەلسەپىۋى پىكىرلىرنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ ئەسەر ۋەقەلىكىنى كۆچلۈك فانتازىيىلىككە ۋە مۇكەممەللىككە ئىگە قىلغان. مەسىلەن: شەھرىيار پادىشاھلىقىنىڭ شاھزادىسى فىروز شاھ باغتا يەتكەندىن كېيىن مەي ئىچىدۇ. مەيدىن كېيىن ئۇخلاپ چۈش كۆرىدۇ. چۈشىدە رەنا ئىسىملىك پەرىزاتنى كۆرۈپ ئاشىق - بىقارار بولىدۇ. فىروز شاھ ئويغىنىپ بۇنىڭ چۈش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئاشىقلىق دەردىدىن كېسەل بولىدۇ. كېيىن ئوۋغا چىقىپ چۈشىدە كۆرگەن چاھارباغقا كېپىكنىڭ يول باشلىشى بىلەن كىرىپ رەنا بىلەن كۆرۈشىدۇ. رەنا شاھزادىنىڭ ئىشقى ئارزۇسىغا ئۈچ تۈرلۈك شەرت قويىدۇ. بۇ ئۈچ شەرت: پەرىزات ئۇيقۇغا كەتكەندە ئۇنى چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئويغىتىش ئىدى. پەرىزات بىرىنچى قېتىم ئۇيقۇغا كەتكەندە فىروز شاھزادە ياتقان پايە بىلەن سۆزلىشىدۇ. ئۇنىڭغا مۇنداق سوئال قويىدۇ:

«نەكىم سەرگۇزەشت ئەيلەگەن ئىردى تەخت،

فەلەك جەۋر ئىلە زۇلمىدىن نەزمى سەخت.»

تەختى پايە ئۆزىنىڭ ئەسلى نىل ۋادىسىدىكى بۇك - باراقسان دەرەخ ئىكەنلىكىنى، تۈرغۇن كىشىلەرنى ھۇزۇرلاندۇرۇپ، كۆپ قۇشلارنى بەھرىمەن قىلغانلىقىنى، كېيىن ۋەيرانچىلىق قىسمىتىگە ئۇچراپ ۋەيران بولۇپ كېسىلىپ تەختى پايە ياسالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

ئاپتور بۇ ھېكايە ئارقىلىق گۈللىنىشنىڭ كەينىدە خارابلىشىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى، شەيئىلەر تەرەققىيا- تىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش ھالىتىدە، ھەرىكەتتە بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پەلسەپىۋى پىكىرنى جانلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

قىسقىسى، مىرزا ھەيدەر كوراگان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى ھەم شائىرى. ئۇنىڭ «جاھاننامە» ئەسىرى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرگە ۋە يۈكسەك بەدىئىلىككە ئىگە يىرىك داستاندۇر.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئۆچېرىكلار»

2. غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»

3. «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ ئومۇمىي 9 - سان (1983 - يىل)

# چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلارنىڭ چەت ئەللەردە تەتقىق قىلىنىشى

ئۆمەر داۋۇت

(1)

چاغاتاي تىلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇھىم بىر تەرەققىيات باسقۇچى. ئادەتتە چاغاتاي تىلى بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەر چاغاتايچە يازما يادىكارلىق دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنى چاغاتاي تىلىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى بويىچە دەسلەپكى چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار، كلاسسىك چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار ۋە كېيىنكى چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار، دەپ ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن. چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار دۆلەت ۋە دەۋر ھالقىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، 600 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقالغان زور مىقداردىكى يازما يادىكارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ سىياسىي، ئىقتىساد، ئەدەبىيات، سەنئەت، تارىخ، پەلسەپە، دىن، قانۇن، مىللەت، تىل، تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرگە ئائىت ئەسەرلەرنى مەزمۇن قىلغان. ھازىر فرانسىيە دۆلەت كۇتۇپخانىسى، فرانسىيە ئىنستىتوتى كۇتۇپخانىسى، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى، شۋېتسىيە لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى، بۈيۈك بېرىتانىيە مۇزېيى، ئەنگلىيە خانلىق جەمئىيىتى كۇتۇپخانىسى، تۈركىيە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار ساقلانماقتا.

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە چاررۇسىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيە، شۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ نۇرغۇن ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كۆپ مىقداردىكى چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈرۈپ ئۆز دۆلەتلىرىگە ئېلىپ كېتىشكەن. بۇ يازما يادىكارلىقلار دەسلەپ ئايرىم ئەللەردە رەتلىنىپ نەشر قىلىنىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى بىلەن بىرمۇنچە ئەللەردىكى ئالىملاردا ئۇنىڭغا بولغان قىزغىنلىق ئەۋج ئالغان. شۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك نۇقتىئىنەزەر ۋە مۇددىئانى چىقىش قىلغان بىر تۈركۈم غەرب ۋە چاررۇسىيە ئالىملىرى چاغاتاي تىلىدىكى ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يىغىش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار ئۈستىدە كەڭ كۆلەملىك تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۆتكەن ئەسىردىن تا ھازىرغىچە چەت ئەللەردە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. ئېلىمىزنىڭ چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، چەت ئەللەردىكى ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتە ئىشلىگەن

ئىلمىي ئەمگەكدىن خەۋەردار بولۇش تولىمۇ زۆرۈر. مۇشۇنداق بىر مەقسەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، ئىگىلىگەن بىر قىسىم ماتېرىياللارغا ئاساسەن چەت ئەللەردىكى چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلارنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئومۇمىي ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلدىم.

تۆۋەندە چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان چەت ئەللەردىكى ئاساسلىق دۆلەتلەر، ئۇلاردىكى مەشھۇر ئالىملار ھەم ئۇلار شۇغۇللىنىۋاتقان تەتقىقاتنىڭ تېمىسى ۋە مەزمۇنى، ياراتقان نەتىجىلىرى ئىخچام شەرھلىنىدۇ.

(2)

ياۋروپادا چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتىغا تۇنجى بولۇپ كىرىشكەن ئالىم ۋېنگرىيىلىك ئارمىن ۋامبېرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 1862 - يىلى پېشت شەھىرىدە «ئابۇشقا — چاغاتاي تۈركچىسى لۇغىتى» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. 1867 - يىلى لېيپزىگ شەھىرىدە «چاغاتاي تىلى تەتقىقاتى» دېگەن ئەسىرىنى نەشر قىلدۇردى. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىدە چاغاتاي ئەدەبىياتىغا ئازغىنە سەھىپە ئاجرىتىلغان بولۇپ، بەزى چاغاتايچە تېكىست ۋە سۆزلۈك بېرىلگەن. بۇلاردىن باشقا ۋامبېرى 1885 - يىلى مۇھەممەد سالىھنىڭ «شايبانىنامە» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئەسلى تېكىستى ۋە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلغان. ۋامبېرىدىن سەل كېيىن ئىگناس كونۇس دېگەن ئالىم شەيخ سۇلايمان ئەپەندى بۇخارى تەرىپىدىن 1882 - يىلى تۈزۈلگەن «لۇغەتى چاغاتايى ۋە تۈركى ئوسمانى» ناملىق لۇغەتنىڭ نېمىسچىسىنى بوداپېشت شەھىرىدە نەشر قىلدۇردى. ج.زورى (J. Thury) دېگەن ئالىم 1903 - يىلى بۇداپېشتتا «بەھسەتۇل - لۇغەت» دېگەن چاغاتاي تىلىدىكى لۇغەت توغرۇلۇق تەتقىقات ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. ئۇ 1904 - يىلى يەنە بۇداپېشتتا چاغاتاي تىلىدىكى لۇغەت «ئابۇشقا» ھەققىدىكى تەتقىقات ئەسىرىنى ئېلان قىلدى.

فرانسىيەدە ۋامبېرى بىلەن زامانداش كېلىدىغان ئالىملاردىن م.كاترمېر (M. Quatremere) ۋە پاۋېدى كۇرتېي (A. Pavedde Courteille) دېگەن ئالىملار چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ بىرقىسىم مۇھىم چاغاتايچە ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇرغان. م.كاترمېر 1841 - يىلى نەۋائى ئەسەرلىرى ئاساسىدا «چاغاتايچە كلاسسىك ئەدەبىياتتىن تاللانمىلار» دېگەن ئەسىرىنى نەشر قىلدۇردى. چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى ساھەسىدە ئا.پاۋېدى كۇرتېينىڭ تەتقىقاتى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇ نۇرغۇن چاغاتايچە ئەسلى تېكىست ۋە ئۇلارنىڭ تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدى. جۈملىدىن، «بابۇرنامە»، «مىراجنامە»، ۋە بەزى زور ھەجىملىك لۇغەتلەر ئۇنىڭ 1870 - يىلدىن 1889 - يىلغىچە جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈشى ئارقىسىدا كەسپداشلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ل.خەمبىس (Louis. Hambis) ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان تۈركولوگ. ئۇ ئۇستازى پېللىئوتنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندىن باشقا، يەنە «ئوتتۇرا ئاسىيا يازما يادىكارلىقلىرى» (1955 - يىل)،

«رەشىد ۋە تۇنجى موگغۇل ئىمپېرىيىسىگە ئائىت بىلىملەر» (1969 ـ يىل) دېگەن ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى. ھازىر فرانسىيىدە باكى گراممونت (Bacque Grammont) مەخسۇس چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا. ئۇنىڭ 3 ـ دەرىجىدىكى دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى «بابۇرنامە» ھەققىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «بابۇرنامە» نىڭ فرانسۇزچە تەرجىمىسى ۋە بىرمۇنچە مۇھىم ئىزاھات بېرىلگەن.

چارروسىيىدە چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى بىلەن تۇنجى بولۇپ ئى.ن.بېرېزىن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ 1857 ـ يىلى قازان شەھىرىدە «تۈركچە ئەدەبىي تاللانمىلار» ناملىق چاغاتايچە يازما يادىكارلىققا دائىر ئەسىرىنى نەشر قىلدۇردى. بۇ ئەسەرنىڭ 1 ـ تومى چاغاتاي تىلىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلاردىن ئېلىنغان نۇرغۇن ئۈزۈندىلەر بېرىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا بېرېزىن ئەينى چاغلاردا سانپېتېربۇرگ شەھىرىدە ساقلىنىۋاتقان بىرمۇنچە چاغاتايچە قولىيازمىلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ن.ئى.ئىلمىنسكىي چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ 1857 ـ يىلى قازان شەھىرىدە «بابۇرنامە» نىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى نەشرگە تەييارلايدۇ. ئۇ يەنە 1865 ـ يىلى «بابۇرنامە» دىكى چاغاتايچە پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشىگە ئائىت ماتېرىياللارنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدىن سەل كېيىن، ۋ.ۋېلىيامىنوف ـ زېرنوف چاغاتايچە لۇغەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، 1868 ـ يىلى سانپېتېر ـ بۇرگتا چاغاتايچە ـ ئوسمانلىچە لۇغەت — «ئابۇشقا» نى نەشر قىلدۇردى. شۇنداقلا تۈرك ۋە پارس ئاپتورلار تۈزگەن بىرقىسىم لۇغەتلەر ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزدى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چارروسىيە تۈركولوگلىرىدىن ئا.ن. سامايلوۋىچ چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرىدىن بولغان ئاتايى، لۇتفى ۋە نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ نۇسخىسى ۋە تىلى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلغان ۋە بىرقاتار ئەسلى تېكىستلەرنى نەشر قىلدۇرغان. جۈملىدىن ئۇ 1908 ـ يىلى سانپېتېربۇرگتا «شايبانىنامە» دېگەن ئەسەرنى نەشرگە تەييارلايدۇ. 1917 ـ يىلى ئۇ يەنە «بابۇرخان شېئىرلىرى توپلىمى» (1 ـ قىسىم) نى پېتېرگراتتا نەشر قىلدۇردى ھەمدە 1917 ـ يىلدىن 1928 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا «تەشەككۇرنامە»، «مىر ئەلىشىر» ناملىق ئەسەرلىرىنى پېتېربۇرگ، لېنىنگرات ۋە باكو قاتارلىق جايلاردا ئېلان قىلدى. 1928 ـ يىلى فىترەت ئەپەندى تاشكەنت شەھىرىدە «ئۆزبېك ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى» دېگەن ئەسىرىنى نەشر قىلدۇردى. شۇ يىلى ئا.ئا.روماسكېۋىچ چاغاتايچە ـ پارسچە لۇغەتلەر ئۈستىدىكى ئىلمىي ماقالىسىنى «ئەلىشىر نەۋائى» ناملىق توپلامدا ئېلان قىلدى. سامايلوۋىچتىن كېيىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىق قىلغان ئالىم ئا.ن.بوروۋكوف ھېسابلىنىدۇ. ئۇ چاغاتاي تىلىدىكى ئەڭ قەدىمىي يازما يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتەك زور ۋە جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. جۈملىدىن ئۇ تالى ھىرەۋىنىڭ «بەدايىئەل ـ لۇغەت» دېگەن ئەسىرى، فاتىھ ئەلى خان كاجار

لۇغىتى قاتارلىق چاغاتايچە ـ پارسچە لۇغەتلەرنى نەشرگە تەييارلىغان. بورووكوفنىڭ بەزى ماقالىلىرى چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى بىرقىسىم شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىگە بېغىشلانغان. ئۇنىڭ «ئەلىشىر نەۋائىنىڭ هاياتى ۋە ئىجادىيىتى توغرىسىدا تەتقىقات»، «ئەلىشىر نەۋائى» قاتارلىق ئەسىرى 1940 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان. 1962 ـ يىلى ئۇ يەنە «مۇقەددىماتۇل ـ ئەدەب» كە دائىر ئەسىرىنى ئېلان قىلغان. بۇلاردىن باشقا بورووكوفنىڭ چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلارغا دائىر ئەسەرلىرى 1940 ـ يىلدىن 1963 ـ يىلغىچە تاشكەنت، لېنىنگرات ۋە موسكۋالاردا ئېلان قىلىنغان.

مەشهۇر ئالتايشۇناس ۋە تۈركولوگ ن.ن پوپپې سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ۋە ئىشلىگەن 30 ـ، 40 ـ يىللاردا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ چاغاتايچە يازما يادىكارلىق «مۇقەددىماتۇل ـ ئەدەب» دېگەن لۇغەتنىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ قىسىملىرىنى نەشرگە تەييارلىغان. 1951 ـ يىلى ئۇ يەنە چاغاتايچە «تۆت تىللىق زەمەخشەرى قولىيازمىسى» نى ئېلان قىلىدۇ. 1949 ـ يىلى ئىززەت سۇلتانوف تاشكەنتتە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «مىزانۇل ئەۋزان» دېگەن ئەسىرىنى نەشر قىلدۇردى. 1957 ـ يىلى سۇيۇمە غەنىيوۋا ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» ناملىق ئەسىرىنى تاشكەنتتە نەشر قىلدۇردى. خەمىت سۇلايمان 1959 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە تاشكەنتتە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەزائىنۇل مەئانىي» دېگەن ئەسىرىنى نەشرگە تەييارلايدۇ. شۇ يىلى پارسا شەمسىيېۋ تاشكەنتتە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە» سىنى نەشر قىلدۇردۇ. چاغاتاي تىلى مۇتەخەسسىلىرىدىن بىرى بولغان ئا.م.شېرباك چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلارنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان ئالىملارنىڭ بىرى. ئۇ كۆپلىگەن چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلارنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئاساسىدا يازغان «كونا ئۆزبېك تىلى گرامماتىكىسى» 1962 ـ يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلارغا دائىر تەتقىقات ئا.ن.كونونوف، ئا.م.شېرباك، ئا.ن.باسكاكوف، ۋ.ۋ.رەشتوف، ئە.روستەموف، ش.شۇكۇروف، ئا.ئوسمانوف قاتارلىق ئالىملارنىڭ ئالاقىدار ئەسەرلىرىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

گېرمانىيىدە ج.زېنكېر دېگەن ئالىم ئۆتكەن ئەسىردىلا چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغا. ئۇ 1866 ـ يىلدىن 1876 ـ يىلغىچە لېيىبزىگ شەهرىدە «تۈركچە ـ ئەرەبچە ـ پارسچە قوللانما» دېگەن چاغاتايچە يازما يادىكارلىققا دائىر ئەسىرىنى نەشر قىلدۇردۇ. گېرمانىيىدە مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ هەقتىكى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان ئالىملاردىن مارتىن هارتمان، ك.خ.مېنگىس، س. بروكېلمان قاتارلىق ئالىملارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش مۇمكىن. مارتىن هارتمان مەهمەد سادىق تەرىپىدىن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىستامبالدا تۈزۈلگەن «ئوسمانى لىسانى تۈركى» ناملىق چاغاتايچە لۇغەتنى نېمىسچىگە تەرجىمە قىلىپ لېيدىلبېرگتا 1902 ـ يىلى نەشر قىلدۇردۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا داڭلىق تۈركولوگ مېنگىس گېرمانىيىدە تۈركىي تىللارنى تارىخىي جەهەتتىن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغاندىن باشقا

يەنە 17 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئالىم مىرزا مەھدىخاننىڭ «سەڭلاخ» ناملىق لۇغىتىنى تەتقىق قىلىپ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئەسىرىنى 1956 ـ يىلى ۋىيىسبادېن شەھرىدە ئېلان قىلدى. گېرمانىيىدە چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلارنى بىرقەدەر سىستېمىلىق تەتقىق قىلغان ئالىم س.بروكېلمان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 1954 ـ يىلى «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ شەرقىي تۈركچە گرامماتىكىسى » دېگەن ئەسەرىنى نەشر قىلدۇرىدۇ. بۇ ئەسەر 11 ـ ئەسىرگىچە بولغان يازما يادىكارلىقلاردىن «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «قىسەسۇل ئەنبىيا»، ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىك شائىر، يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەممە كىيىنكى دەۋردىكى سوپىزم ئەدەبىياتىغا تەۋە ئەسەرلەرنى يادىكارلىق مەنبەسى قىلغان ھالدا يېزىلغان. بروكېلمان بۇ ئەسىردە چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنى «شەرقىي تۈركچە» دەپ ئاتاپ، ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي ئەدەبىي تىل — خاقانىيە ئەدەبىي تىلىغا تەۋە يازما يادىكارلىقلاردىن «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىگ»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاتارلىق ئەسەرلەرنى چاغاتاي تىلىغا تەۋە يازما يادىكارلىقلار دائىرىسىدىن سۆزلىشى تۈركىي تىلشۇناسلىق نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قارىغاندا قوبۇل قىلىنمايدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى نېمىلا بولمىسۇن مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان چاغاتاي تىلىغا مۇناسىۋەتلىك بىرقەدەر سىستېمىلىق گراممатىكا ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور بۇ ئەسىرىنىڭ 1 ـ قىسمى «ماتېرىيال مەنبەسى قىلىنغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ قىسقىچە بايانى» دا نۇرغۇن چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار ئۈستىدە توختىلىدۇ. ھازىر گېرمانىيىدە ۋ.شارلىپ (Wolfgngscharlpp) ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىش تارىخىنى تەتقىق قىلدى. ئۇنىڭ بىرقىسىم تەتقىقاتى چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ «20 ـ ئەسىردە شىنجاڭدىكى تۈركىي تىللار يېزىقلىرى» (1988 ـ يىل)، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دەسلەپكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە كىرىشمە» (1992 ـ يىل) دېگەن ئەسىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

ئەنگلىيىدە ئى.دېنىسۇن روس بىلەن كلاۋسون دېگەن ئالىمنىڭ چاغاتايچە ئەسەرلەر تەتقىقاتىدا قىلغان ئەمگىكى بىرقەدەر كۆرۈنەرلىك. ئى.دېسون روس 17 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مىرزا مەھدىخاننىڭ «مەبانىل ـ لۇغەت» ناملىق پارسچە يېزىلغان چاغاتاي تىلى لۇغىتىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان ۋە 1910 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ كالكۇتتا شەھرىدە نەشر قىلدۇرغان. ئەنگلىيىدە ھازىر بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيى بىلەن ئەنگلىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى رەتلىنىپ تەتقىق قىلىنغان.

فىنلاندىيىدە داڭلىق ئالىم خ.خالېن (H. Halen) چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار ئۈستىدە خېلى كۆپ ئىلمىي ئەمگەكلەرنى قىلغان. ئۇنىڭ «فىنلاندىيىدىكى شەرق ساقلانما بۇيۇملىرى قوللانمىسى» دېگەن ئەسىرى 1977 ـ يىلى نەشر قىلىنىدۇ. بۇ قوللانمىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى 70 پارچە بۇيۇملاردىن باشقا يەنە چاغاتاي تىلىدىكى بىرمۇنچە قولىيازمىلارمۇ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا خ.خالېن «يەتتە

ئۇيغۇچان قىز» ناملىق چاغاتايچە ھېكايىنى نەشرگە تەييارلايدۇ.

شۋېتسىيىدە چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلارنى توپلاپ نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئىلمىي ئەمگەكلەرنى قىلغان گۇستاق راكۇئېت (G. Raquette) ۋە گۇنار ياررىڭ (G. Jarring) دېگەن ئالىملار-نى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىش مۇمكىن. ئۇيغۇر تىلى مۇتەخەسسىسى گۇستاق راكۇئېت مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر ۋە يەركەندە دوختۇر ۋە دىن تارقاتقۇچى بولۇپ يۈرگەن مەزگىلدە زور بىر تۈركۈم قولىيازما يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈرىدۇ ۋە ئۇنى دۆلىتىگە ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، كۆپىنچىسى چاغاتايچە بولغان بۇ قولىيازمىلارنى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىغا تەقدىم قىلىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا تارقىلىپ يۈرگەن «تاھىر ۋە زۆھرە» ھېكايىسى ۋە چاغاتاي تىلىدىكى بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلايدۇ. گوستاق راكوئېتنىڭ ئوقۇغۇچىسى گۇنار ياررىڭ 1929 - يىلدىن 1930 - يىلغىچە قەشقەردە تۇرغان مەزگىلدە ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرىدۇ ۋە قولىيازمىلارنى ئىزدىنىپ يىغىپ لوند ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇ يىغقان قولىيازمىلارنىڭ كۆپىنچىسى چاغاتاي تىلىنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات باسقۇچىغا تەۋە يازما يادىكارلىق بولۇپ 1931 - يىلى ئۇلارنى لوند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى سېتىۋالىدۇ. كېيىن مەزكۇر كۇتۇپخانا تەرىپىدىن ياررىڭنىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن مەخسۇس ئورۇن — «ياررىڭ يىغقان بۇيۇملار مەركىزى» تەسىس قىلىنىدۇ. ھازىر بۇ يەردە ساقلىنىۋاتقان يازما يادىكارلىقلار. 900 خىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. بۇلاردىن باشقا شۋېتسىيىنىڭ ۋۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدىمۇ بىرقىسىم چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار ساقلانماقتا. بۇلارنى ئەينى ۋاقىتتا ياررىڭ شىنجاڭدىن ئېلىپ كەتكەن. ھازىرچە بۇ چاغاتايچە ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي سانى تېخى ئېنىق ئەمەس.

ياررىڭ چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلارنى توپلاشتا چاپالىق ئەمگەكلەرنى قىلىپلا قالماستىن، ئۇلارنى رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتتىمۇ زور ئىلمىي نەتىجە ياراتقان. ئۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن 90 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا «ئۇيغۇر تىلى ماتېرىياللىرى توپلىمى» (تۆت قىسىم، 1946 - يىلدىن 1951 - يىلغىچە نەشر قىلىنغان، ئۇنىڭغا قەشقەر، يەركەن، گۇما، خوتەن، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى يېقىنقى دەۋر ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى ۋە مىللەت ئېتنوگرافىيىسىگە دائىر ماتېرىياللار كىرگۈزۈلگەن)، «ئوتتۇرا ئاسىيا ئەپسانىلىرى»، (1973 - 1972)، «تۈركىي يادىكارلىقلارغا مۇقەددىمە» (1976 - يىل)، «قەشقەر يازما يادىكارلىقلىرى» (1982 — 1980)، «ئۇيغۇر غەزەللىرىدىكى ماقال - تەمسىللەر مەجمۇئەسى» (1985 - يىل)، «چاپاكەش شەيخ ۋە تىلەمچى» (1987 - يىل)، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر بىرقانچە يازما يادىكارلىق توغرىسىدا» (1989 - يىل)، «كىيىم - كېچەككە ئائىت ئۇيغۇرچە قولىيازمىلار» (1992 - يىل) قاتارلىق ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇرغان.

تۈركىيىدە چاغاتايچە يازما يادىكارلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ئالىملار بىرقەدەر كۆپ. ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە ياراتقان نەتىجىسمۇ ناھايىتى زور. ۋەكىل سۈپىتىدە بىرقانچە ئالىم ۋە ئۇلارنىڭ مۇھىم تەتقىقات ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. 1926 ـ يىلى تەۋفىق ھەفزى قاتارلىقلار تۈزگەن «تۈرك ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى» ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان. (ئۇنىڭدا چاغاتايچە تېكىست 54 ـ بەتتىن 89 ـ بەتكىچە)، ئۇنىڭدىن سەل كېيىن كۆپرۈلزادە مەھمەد فۇئاد دېگەن ئالىم «〈رىسالەئى ۋەلىدىيە〉 تەرجىمىسى» ، «بابۇر شاھ شېئىرلىرى» نى نەشرگە تەييارلاپ «مىللىي تەتەببۇلار مەجمۇئەسى 1 ـ، 2 ـ قىسىملىرىدا ئېلان قىلغان. ئۇ يەنە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى 3 ـ جىلتىدا «چاغاتاي ئەدەبىياتى» قىسمىنى ئېلان قىلغان. (ئىستانبۇل، 1945 ـ يىل) . ئىسمايىل ھىكمەت ئېلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «رىسالەئى سولتان ھۇسەيىن بايقارا» (ئىستانبۇل، 1945 ـ يىل) ، «دىۋانى سولتان ھۇسەيىن مىرزا بايقارا 〈ھۇسەينى〉» (ئىستانبۇل، 1946 ـ يىل) ، «لۇتفى دىۋانى» (ئىستانبۇل، 1960 ـ يىل) قاتارلىق ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇردى. 1948 ـ يىلى ئا.جافەر ئوغلۇ «تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى ژۇرنىلى» نىڭ 2 ـ سانىدا «چاغاتاي تۈركچىسى ۋە نەۋائى» دېگەن ئېمىدىكى ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ھاسان ئەرەن «چاغاتايچە لۇغەتلەر ھەققىدە بايان» دېگەن ئەسىرىنى 1950 ـ يىلى «ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى تىل، تارىخ ۋە جۇغراپىيە فاكۇلتېتى ژۇرنىلى» نىڭ 8 ـ سانىدا ئېلان قىلدى. شۇ يىلى تۈركىيىدە مىرزا مەھدى مۇھەممەدخاننىڭ چاغاتايچە لۇغىتى — «سەڭلاخ» نەشر قىلىندى.

يانوس ئېكمان چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار ۋە چاغاتاي تىلى بويىچە ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان ئالىم. ئۇ بىرنەچچە چەت تىلدا ئەسەر ئېلان قىلىپ چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلارنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. ئۇ 1942 ـ يىلدىن 1947 ـ يىلغىچە بولغان ئارلىقتا بوداپېشت شەھىرىدە «مىرزا مەھدىخاننىڭ لۇغىتىدە چاغاتاي تىلىنىڭ بايانى» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. ئۇ 1957 ـ يىلى گېرمانىيىنىڭ ۋىيىبادىن شەھىرىدە چىقىدىغان «شەرقشۇناسلىق» ژۇرنىلىدا «ئىسلام ئەللىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇ 1959 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا «چاغاتاي تىلى ئۆرنەكلىرى» دېگەن تۆت تومluq ئەسىرىنى نەشر قىلدۇردى. مەزكۇر «ئۆرنەكلەر» نىڭ 1 ـ قىسمىدا نەۋائى دىۋانىدىن پارچىلار، 2 ـ قىسمىدا گەدائى دىۋانلىرىدىن پارچىلار، 3 ـ قىسمىدا سەككاكى دىۋانلىرىدىن پارچىلار، 4 ـ قىسمىدا ئۇبەيدۇللاخاننىڭ ئەسەرلىرىدىن پارچىلار بېرىلگەن. ئۇنىڭ يەنە «چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى دەۋر» (1800 — 1920)، «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دېگەن ئەسەرلىرى 1964 ـ يىلى تۈركىيە ۋە گېرمانىيىدە ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ يەنە ھەرقايسى ئەللەردىكى كۆپلىگەن چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلاردىن ماتېرىيال توپلاپ، ئۇلارنىڭ تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئاساسىدا يېزىلغان چاغاتاي تىلى گرامماتىكا ئەسىرى — «چاغاتاي تىلى قوللانمىسى»

1966 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىنگلىزچە نەشر قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ بېشىدىكى «قىسقارتىلما سۆزلەر» دېگەن قىسمىدا نۇرغۇن چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار ۋە ئۇلارغا دائىر تەتقىقات ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكى كۆرسىتىلگەن. يانوس ئېكماندىن باشقا يەنە سەئادەت چاغاتاي خانىم 1963 ـ يىلى «تۈركى تىللار ئۆرنەكلىرى» دېگەن ئەسىرىنى ئەنقەرەدە نەشر قىلدۇردى. بۇ ئەسەردە 186 ـ بەتتىن 245 ـ ، تكىچە بەزى مۇھىم چاغاتايچە تېكىست بېرىلگەن.

ياپونىيىدە چاغاتايچە يادىكارلىقلار تەتقىقاتى گەرچە مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا باشلانغان بولسىمۇ، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى بىرقەدەر گەۋدىلىك. بۇ يەردە چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان بىرقانچە ئاساسلىق ئالىملار ۋە ئۇلارنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. مىنوروگوھ ( 江实 ) ئاساسەن «مانجۇچە بەش تىللىق لۇغەت» نى تەتقىق قىلغان. ئۇ «ئالتاي تىلشۇناسلىقى ۋە ‹مانجۇچە بەش تىللىق لۇغەت› ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات» (1967 ـ يىل)، «كۆپ تىللىق لۇغەت ‹مانجۇچە بەش تىللىق لۇغەت› تىكى مانجۇچە، موڭغۇلچە، چاغاتايچە سۆزلەر ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات» (1969 ـ يىل) دېگەن ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان. خورى سۇۋ ( 堀直 ) ئاساسەن شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىم بولۇپ، چاغاتاي تىلى ۋە چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلارغا ناھايىتى پىششىق. ئۇ «تارىخى ھەمىدى» دېگەن ئەسەرنى مەخسۇس تەتقىق قىلغان.

بۇلاردىن باشقا ياپونىيىدىكى چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى جەھەتتە ئىككى ئالىمنى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ بىرى كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات بۆلۈمىنىڭ پروفېسسو- رى مانۇ ئېيجى ( 间野英二 )، يەنە بىرى كوبى ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات بۆلۈمىنىڭ دوتسېنتى خامادا ماسامى ( 浜田正美 ) مانۇ ئېيجى ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا تۆمۈرىلەر سۇلالىسى، «تارىخى رەشىدى» ۋە «بابۇرنامە» نى تەتقىق قىلغان. 1977 ـ يىلى ئۇنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» دېگەن ئەسىرى نەشردىن چىققان. ئۇ بۇ كىتابىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتىدا چاغاتاي تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتتى. ئۇ 1983 ـ يىلدىن 1984-يىلغى- چە «بابۇرنامە» نىڭ ياپونچە تەرجىمىسىنى ئىشلەپ ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «مانجۇچە بەش تىللىق لۇغەت» نىمۇ ياپونچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى. بۇلاردىن باشقا ئۇنىڭ چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتىغا ئائىت ئاساسلىق ئەسەرلىرى قاتارىدا «بابۇر ۋە ھىرات» (1979 ـ يىل)، «مىرزا ھەيدەر ۋە ‹تارىخى رەشىدى› دە قوللىنىلغان تارىخىي ماتېرىياللار» (1985 ـ يىل)، «بابۇر شاھ ۋە مىرزا ھەيدەر» (1986 ـ يىل)، «‹بابۇرنامە› بىلەن ‹تارىخىي رەشىدى› نىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى —

تۆمۈرىلەر دەۋردىكى مەدەنىيەت ۋە سەنئەت» (1992 ـ يىل)، «‹بابورنامە› نىڭ ئەڭ دەسلەپكى نامى» (1993 ـ يىل) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

خامادا ماسامى مانۇ ئېيجىدىن سەل كېيىن يېتىشىپ چىققان چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار بويىچە ئىقتىدارلىق تەتقىقاتچى. ئۇ ئاساسەن يەركەن خانلىقى تارىخىنى تەتقىق قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىرقىسىم چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلارنىمۇ تەتقىق قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتى كېيىنكى چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلارنى تىپما قىلغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق تەتقىقات ئەسەرلىرى قاتارىدا «موللا بىلالنىڭ ‹كىتابى غازات دەر مۇلكى چىن› ئەسىرى توغرىسىدا» (1973 ـ يىل)، «خوتەن تارىخى» (1974 ـ، 1980 ـ 1982 ـ يىللار)، «مۇھەممەد ئەلەمنىڭ ‹خوتەن تارىخى› ئۈستىدە تەتقىقات» (1980-يىل)، «19 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر تارىخى يازما يادىكارلىقلىرى ھەققىدە بايان» (1983 ـ يىل، ئاپتور بۇ ماقالىسىدە 19 ـ ئەسىردىكى چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلارنىڭ تۈرى، تارىخى قىممىتى، مەزمۇنى قاتارلىقلار ئۈستىدە چۈشەنچە بەرگەن.) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. خامادا ماسامى يەنە چاغاتايچە يازما يادىكارلىق «زەپەرنامە»، «تارىخىي ئەمنىيە»، «زەللىلى دىۋانى» ھەققىدىمۇ تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە ياقۇپ بەگ، سىدىق بەگ قاتارلىق تارىخىي شەخسلەرگە ئائىت بىرقىسىم ھېكايىلەرنى نەشرگە تەييارلايدۇ.

80 ـ يىللاردىن بۇيان ياپونىيىدە كاۋاموتو ( 川本正知 )، كاۋاگۇچى ( 川口琢司 )، كۇبو كازۇيۇكى ( 久保一之 )، سىنمىن ياسۇشى ( 新免康 )، سوگاۋارا جۇن ( 菅原纯 ) قاتارلىق بىر تۈركۈم ياش تەتقىقاتچىلار يېتىشىپ چىقىپ، ياپونىيىدىكى چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا تۆھپە قوشماقتا.

(3)

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى چەت ئەللەردە ئۇزۇن ئەنئەنىگە ئىگە. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپلا بىرمۇنچە دۆلەتلەردىكى نۇرغۇن ئالىملار چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار ئۈستىدە ئوخشىمىغان دائىرە ۋە تېمىلار بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇلار ئۆز ئەللىرىدە ساقلىنىۋاتقان مىقداردىكى چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلارنىڭ كۆپىنچىسىنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى شەرقشۇناسلىق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى، جۈملىدىن تۈركى تىللىق مىللەتلەرنىڭ تىلى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن زىچ باغلىغان ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلدۇرغان.

نۆۋەتتە ئېلىمىزدە ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ تەلپىگە تېخىمۇ ياخشى ماسلىشىش ئۈچۈن چاغاتايچە يازما

يادىكارلىقلاردىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ۋە توغرا پايدىلىنىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭ ئۈچۈن چەت ئەللەردىكى چاغاتايچە يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى ئۇچۇرلىرىنى ئەتراپلىق ئىگىلەشكە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. بۇ خىل ئەمگەك بىزنىڭ ھەرقايسى ئەل ئالىملىرى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماي، يەنە چاغاتاي تىلى تەتقىقاتى ۋە ئالاقىدار پەنلەر تەتقىقاتىغا مۇھىم بەزى بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، قىسقىغىنە سەھىپىلىك بۇنداق بىر ماقالىدىلا بۇنچىلىك ئەھمىيەتلىك ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش مۇمكىن ئەمەس. يەنە كېلىپ بىۋاسىتە تەكشۈرۈش ئىمكانىيىتى يوق، ماتېرىيال كەمچىل بولغان شارائىتتا ۋاستىلىق ماتېرىياللاردىن ئېلىنغان ئۇچۇرلار پۈتۈنلەي توغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئىزدىنىش كېرەك.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. ئا.م.شېرباك: «كونا ئۆزبېك تىلى گراماتىكىسى» موسكۋا، 1962 ـ يىل، رۇسچە نەشرى. (مەزكۇر كىتابنىڭ مۇقەددىمە قىسمى.)

2. يانوس ئېكمان: «چاغاتاي تىلى قوللانمىسى»، ئامېرىكا ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1966-يىل، ئىنگلىزچە نەشرى. (مەزكۇر كىتابنىڭ مۇقەددىمە، بىبلوگرافىيە ۋە قىسقارتىلما سۆزلەر قىسمى)

3. «تۈرلۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 11 ـ جىلد، «چاغاتاي تىلى» ماددىسى، 323 ـ بەت، مىللىي مائارىپ نەشرىياتى، 1963 ـ يىل، ئەنقەرە، (تۈركچە)

4. نيورۇجى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىق ۋە يازما يادىكارلىقلىرىغا مۇقەددىمە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىل.

5. ئۆمەر داۋۇت: «چاغاتاي تىلىنىڭ تەتقىقات تارىخىدىن قىسقىچە بايان»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1997 ـ يىل، 3 ـ سان.

6. نيو رۇجى: «چەت ئەللەردە ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلارنىڭ ساقلىنىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى»، «غەربىي دىيار تەتقىقاتى» (خەنزۇچە) 1997 ـ يىل 2 ـ سان.

7. بارىجان زەپەر: «چاغاتاي تىلى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ياپونىيىدە تەتقىق قىلىنىشى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 4 ـ سان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

# شائىر قۇلئەلىمنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى توغرىسىدا

ئىمىنجان ئەخمىدى

شائىر قۇلئەلىمنىڭ ئىسمى ئوقۇرمەنلەرگە 1987 ـ يىلدىن ئېتىبارەن مەلۇم بولدى. شۇ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىۋاتقان «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 21 ـ سانىدا شائىر قۇلئەلىمنىڭ «تۆت نامە» ناملىق شېئىرىي ئەسىرى مۇھەممەد سالىھ ھاجىنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن بېسىلىپ چىقتى.

ئەسەرنىڭ بېشىدا بېرىلگەن نەشرگە تەييارلىغۇچى سۆزىدە شائىر قۇلئەلىمنىڭ ھاياتى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيىتى توغرىسىدا ھازىرچە ئېنىق مەلۇمات يوق ئىكەنلىكى ئېيتىپ ئۆتۈلۈپ، «داستانىنىڭ XIX ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا يېزىلغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ» دېگەن پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەمدە شائىرنىڭ بۇ داستاندىن باشقا يەنە قوليازما پېتى ساقلانغان «دىۋان تەجرىد» ناملىق بىر غەزەللەر توپلىمىنىڭمۇ بار ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىلدى.

«دىۋان تەجرىد» ناملىق قوليازما شېئىرلار توپلىمىدىكى 54 غەزەل، 10 رۇبائىي مۇھەممەد سالىھ ھاجىمنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى. «شېئىرلار» ماۋزۇسى ئاستىدا ئېلان قىلىنغان بۇ غەزەل، رۇبائىيلارنىڭ بېشىدا بېرىلگەن تەھرىر سۆزىدە: «قوليازمىدىكى بەزى مەنبەلەردىن قارىغاندا، شائىرنىڭ XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، تاكى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە قاغىلىقتا ياشىغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ» دېيىلدى ھەمدە بۇ دىۋاننىڭ ھىجرىيە 1362 ـ (مىلادىيە 1948 ـ 1949) يىلى تۈزۈلگەنلىكى[1]، قوليازمىنىڭ فورماتى 22×14 سانتىمېتىر بولۇپ، جەمئىي 107 بەتتىن تەشكىل تاپقانلىقى، ئۇنىڭ ئىچىدە 88 غەزەل، 29 رۇبائىي، 87 مۇخەممەس ۋە بىر مەسنەۋىنىڭ بارلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلدى. ئارىدىن 5 يىل ئۆتۈپ، شائىر قۇلئەلىمنىڭ «دىۋان تەجرىد» ناملىق قوليازما ئەسىرى تەركىبىگە كىرگەن مۇخەممەسلەردىن 68 ى يەنە مۇھەممەد سالىھ ھاجىنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 4 سانى ۋە 1997 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا بېسىلىپ چىقتى.

1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ ماتېرىيال بۆلۈمىدە شائىر قۇلئەلىمنىڭ «055104» نومۇر بىلەن ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر قوليازما ئەسىرىنى ئۇچراتتىم. قاتۇرۇلغان قەغەز بىلەن مۇقاۋىلانغان، فورماتى 14.5×22.5 سانتىمېتىر، 115 بەتلىك مەزكۇر قوليازما ئەسەرنىڭ مۇقاۋىسىغا ئەسەر نامى: «زۇبدەتۇ ئەلمەناھى» («مەنئى ئېتىلگەنلەردىن تاللانمىلار») دەپ يېزىلغان. ئىچ مۇقاۋىسىنىڭ يۇقىرىسىغا ئاپتورنىڭ ئىسمى ۋە تەخەللۇسى: «قۇلئەلىم ئاسىي نەھىق، تەخەللۇسى ئامىي زەئىق» دەپ، ئوتتۇرىسىغا ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى 8 مىسرا شېئىر بىلەن رامكا ئىچىگە ئېلىنىپ يېزىپ قويۇلغان. ئىچ مۇقاۋىنىڭ ئاخىرىغا يەنە

---

[1] ژۇرنال سەھىيىسىدە «ھىجرىيە 1262» دەپ خاتا بېسىلىپ قالغان. ھىجرىيە يىل ھېسابىغا ئايلاندۇرۇپ بېرىشتىمۇ خاتالىق بولۇپ، ھىجرىيە 1362 ـ يىلى مىلادىيە يىل ھېسابى بويىچە 1943 ـ يىلغا توغرا كېلىدۇ.

ئوخشاشلا رامكا ئىچىگە ئېلىنىپ: «بۇ كىتابنى تەسنىف قىلغۇچى قاغىلىق شەھرىدە بەشئېرىق كەنتىنىڭ تۆۋەن ئەۋرەك يۇرتىدا مۇھەممەد ئەلىم مۇھەممەد ئىمىن ئوغلىدۇر. سەنە 1359 - يىلى...» (ئىچ مۇقاۋىنىڭ چېتى يىرتىلىپ كەتكەن) دېگەن سۆزلەر يېزىلغان.

قولىيازما ئەسەرنى كۆرۈپ چىقىش داۋامىدا 13 بەتتىكى:

«تارىخ مىڭ ئۈچ يۈزگە ئوشۇق ئېردى ئوتتۇزى،
زۇلھەججە ئايىغا ئېردى سەيشەنبە كۈن توققۇزى.
..........
خۇدايىمنىڭ فەزلىدىن ئېردى ئوتتۇز تۆت ياشىم،
فەزلىڭ بىلەن خۇدايا قىلغىل ئىمان يولداشىم.»

دېگەن مىسرالاردىن مەن مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئەسلى ھىجرىيە 1330 - يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 - كۈنى (مىلادىيە 1912 - يىلى 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى يېزىلغانلىقىنى، ئەينى ۋاقىتتا شائىرنىڭ 34 ياشتا ئىكەنلىكىنى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولدۇم.

«زۇبدەتۇ ئەلمەناھى» ناملىق قولىيازما ئەسەردىن مەلۇم بولغان شائىر قۇلئەلىمگە دائىر بىرقاتار پاكىتلىق ماتېرىياللار مېنى ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئىزدىنىشكە ئىلھاملاندۇردى. شۇ مەقسەتتە مەن 1996 - يىلى 6 - سېنتەبىردىن 12 - سېنتەبىرگىچە قاغىلىق ناھىيىسىدە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم.①

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈش داۋامىدا مەلۇم بولۇشىچە، شائىر مۇھەممەد ئەلىم مۇھەممەد ئىمىن ئوغلى ھىجرىيە 1296 - (مىلادىيە 1876) يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بەشئېرىق يېزا تۆۋەن ئەۋرەك كەنتىنىڭ ياپلاق چاقا مەھەللىسىدە ئىمىن ئاخۇن موللام ئائىلىسىدە (ئانىسىنىڭ ئىسمى: بۇسارىخان) دۇنياغا كەلگەن. 5 يېشىدىن باشلاپ ئائىلىسىدە ۋە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋادىنى چىقارغان ۋە ھۆسنخەت يېزىشنى ئۆگەنگەن. 10 يېشىدىن تارتىپلا كىشىلەرنىڭ سالام خەت، ئەرزلىرىنى يېزىپ بېرىشكە باشلىغان. بەشئېرىق يېزىسىدىكى مەدرىس ۋە قاغىلىق مەدرىسىنى ئوقۇپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بۇخاراغا بېرىپ ئالىي دىنىي بىلىم ئالغان، بولۇپمۇ شەرىئەت ۋە فىقھىگە دائىر بىلىملەرنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ياپلاق چاقا بىلەن قوشنا مەھەللە بولغان لاپيادا (ئەسلى ئىسمى: «لايياڭ») ماكان تۇتۇپ دېھقانچىلىق، ئەدەبىي ئىجادىيەت، كىشىلەرنىڭ ئەرز - شىكايەت، ھەق - دەۋا ئىشلىرىغا شەرىئەت يولى بىلەن پەتىۋا يېزىپ بېرىپ كۈن ئۆتكۈزگەن. ئۇ يېزىپ بەرگەن پەتىۋالار يوللۇق ۋە كۈچلۈك بولغاچقا، مۇناسىۋەتلىك دائىرىلەر (مەھكىمە شەرئى، قازىخانا قاتارلىق) تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ كەلگەن. بەزى چوڭ ھەق - دەۋا ئىشلىرىدا ئۇ ئۆزى بېرىپ پەتىۋا بەرگەن. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ قاغىلىق تەۋەسىدە يۇقىرى ئابرۇي قازىنىپ، «پەتىۋاچى موللام»، «ئەلىم ئاخۇنۇم» نامى بىلەن تونۇلغان. ئۇ كىچىك پېئىل، ئاددىي - سادىدا، خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ئۆتكەن، ھەرقانداق ئالاھىدە ئىمتىياز، ئورۇن، مۇئامىلىلەرنى رەت قىلغان. 1951 - يىلى 5 - ئايدا ۋاپات بولغان.

شائىر قۇلئەلىمنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 10 - يىللىرىدا ئەدەبىيات سەھنىسىگە قەدەم قويۇپ،

---

① تەكشۈرۈش خىزمىتىگە دائىر تەپسىلاتلار «شائىر قۇلئەلىم توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىدە («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1997 - يىللىق 3 - سان) بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، مەزكۇر ماقالىدا قىسقارتىلدى.

1940 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 40 نەچچە يىل داۋامىدا كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغانلىقى مەلۇم. 1940 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇ ئەسەرلىرىنى رەتلەپ چىققان. شائىر ساقلىغان كىتاب ـ ماتېرىياللار ۋە رەتلەپ چىققان ئەسەرلىرىنىڭ بىرقىسمى چوڭ خوتۇنى توختىخاندىن تۇغۇلغان ئوغلى ئەبەيدۇللادا ساقلانغان بولۇپ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. بىرقىسمى كىچىك خوتۇنى تىللاخاننىڭ قىزى مەسۇدە ئىلىمدە (بۇ قىز 7 ئايلىق مەزگىلىدە شائىرنىڭ ئالدىغا كەلگەن) ساقلانغان بولۇپ، شائىرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ يېقىن دوستى «سادىر ئاخۇن كۇچا» دېگەن كىشى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن. «سادىر ئاخۇن كۇچا» ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، بالىلىرى ئۇ ھەقتە ھېچنېمە بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئەسەرلەرنىڭ تەقدىرىنى بىلىش مۇمكىن بولمىدى. شائىرنىڭ ھازىر مەلۇم بولغان ئەسەرلىرى ھاياتىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىدا دوستلىرى ۋە يېقىنلىرىنىڭ قولىدا ساقلىنىپ قالغان ئەسەرلەر بولۇپ، 1980 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە شەخسلەر تەرىپىدىن ئېنىقلىنىپ، قولغا كەلتۈرۈلگەن.

شائىر قۇلئەلىم ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىم مەتبۇئات يۈزىدە ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن «تۆت نامە» ناملىق ئەسىرىنىڭ باش قىسمىدا ئەسەرنى يازغان ۋاقتى ۋە ھال ـ ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ:

«بەلكى يەتمىشغە بۇ دەم يەتمىش ياشىم،
تاتمادى جەبرۇ جەفا مۇڭلۇغ باشىم.
كىشىغە بىئۇزرە مۇھتاج ئەتمەدى،
بارچە مۇھتاجلار قاشىمدىن كەتمەدى.
سالمادى باشىمغە دۇنيا خارلىقىن،
يۈكۈرۈپ ئوقەت تاپارنىڭ زارلىقىن.
سەرنەۋشت قەلەمدە بۇ دۆۋەت ـ قەلەم،
قىسمەت ئولمىش ماڭا تارتماسقە ئەلەم..
ئون ياشىمدىن ئۇشبۇ چاغقە خەت پۈتۈپ،
ياخشىلارنىڭ نەزەرىدىن ھەم ئۆتۈپ.
ئاز ـ تولا ئىلىم بىرىپ قىلمادى خار،
قىلدى كۈندىن كۈن خېتىمنى ئېئتىبار.»[1]

يۇقىرىقى مىسرالاردىن شائىر قۇلئەلىمنىڭ مەزكۇر ئەسىرىنى يەتمىش يېشىدا، يەنى ھىجرىيە 1366 ـ (مىلادىيە 1947) يىلى يازغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

شائىر قۇلئەلىم مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلىپ، 232 بېيت (464 مىسرا) تىن تەشكىل تاپقان «تۆت نامە» ناملىق ئېپىك شېئىرىي ئەسىرىدە ئەينى ۋاقىتتا ئۆز يېزىسىدا زور ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلانغان سۇ مەسىلىسىنى تېما قىلىپ، يۇرت باشلىرىنى بۇ مەسىلىدە بۇرۇنقى يۇرت باشلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، توغرا، ئادىل ئىش قىلىشقا ئۈندەيدۇ، كېيىنكى يىللاردا سۇ مەسىلىسى تۈپەيلى كېلىپ چىققان نىزاھ ـ ئاداۋەت، تەڭسىزلىك ۋە يولسىزلىقلار ئۈستىدە توختىلىپ، يۇرت باشلىرىنى غەزەب بىلەن ئېيىپلايدۇ، خەلقنىڭ بۇ تۈپەيلى تارتىۋاتقان زۇلۇم ـ كۈلپەتلىرىگە ھېسداشلىق قىلىدۇ.

شائىر بۇرۇنقى يۇرت باشلىرى ئۈستىدە توختىلىپ:

---

① «بۇلاق» مەجمۇئەسى، ئومۇمىي 21 ـ سان، 109 ـ بەت.

«ئۇشبۇ يۇرتدا بار ئىدى يۇرتنىڭ باشى،
كېرىم ھاجىم بىرلە تالىپ مىڭ باشى.
يۇرتنى باشلاپ قىلغۇلۇق ئىشنى قىلىپ،
چوڭ - كىچىك بارچەنى دەستىگە ئېلىپ.
يۇسۇف ھاجىم، سايىم ھاجىم يۇرت باشى،
شانەسىرباي، مۇھەممەد ئاخۇند يۇز باشى.
قادىر ھاجىم، ھۇسەيىن ھاجىم يۇرت باشى،
ئالماس ھاجىم، مىرئەئزەم يۇز باشى.
ئۇشبۇلار ئىش قىلسا توسماس ھېچ كىشى،
ئامۇ خاسغە مەقبۇل ئېردى ھەر ئىشى.»[1]

دېگەنلەرنى يازدۇ ھەمدە چوڭ - كىچىككە بىردەك مۇئامىلە قىلىپ، بەشئېرىقنى ئادىل سوراپ كەلگەن تالىپ مىڭبېشىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلدۇ.

ئارقىدىن ئۇ يەنە يۇقىرىقى يۇرت باشلىرىدىن كېيىن ئۆتكەن يۇز بېشى بارات خوجا، سايىد پاششاپ، دابىت مىراپ، ئەلى بەگ ھاجىم، ئىمىن ھاجىم، يۇنۇس ئاخۇن، ئىسلام ئاخۇن، مەمەد ئايۇپ، ئەيساخان پاششاپ قاتارلىق چوڭ - كىچىك يۇرت باشلىرىنىمۇ تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ سۇ مەسىلىسىدە يۇرتنى ئادىل سوراپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلدۇ.

ئەسەرنىڭ كېيىنكى قىسمىدا شائىر ئۆزى ياشىغان مەزگىلدە سۇ مەسىلىسى تۈپەيلى كېلىپ چىققان نىزاھ - ئاداۋەت، تەڭسىزلىكلەر ئۇستىدە ئالاھىدە توختىلىپ. شۇ يىللاردا كېلىپ چىققان يېڭى ئۆستەڭ ماجىراسى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازدۇ:

«بىركۈنى توما باشغە ئىككى يۇرت،
چىقتى ئىشلەيلى دەبان گوياكى قۇرت.
ئىككى يۇرت گەپ تالاشىپ بولدى جەدەل،
ئېرىق ئەھلى ياندى بايۇ كەمبەغەل.
دېدى: بەرمەيمىز ئېرىقنى ئۆلگۈچە،
ھەممەمىز ئۆلۈپ - تۆگەپ كۆمۈلگۈچە.»[2]

شائىر ئەسىرىدە بۇ ئىككى يۇرت ئارىسىدىكى دەۋانىڭ ئىككى يىل داۋام قىلغانلىقىنى، دەۋاگەرلەرنىڭ قاغىلىق، يەكەن، قەشقەرغىچە بارغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئەرز خەتلىرىنى تولا يېزىپ ھالى قالمىغانلىقىنى، ھەتتا ئەرز يېزىپ بەرگىنى ئۇچۇن ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاھانەتكە ئۇچرىغانلىقىنى بايان قىلدۇ.

خەلقپەرۋەر شائىر شۇ مەزگىلدە خەلق بېشىغا كەلگەن زۇلۇم - كۈلپەت، ئالۋاڭ - ياساقلار ئۇستىدە تەپسىلى توختىلىپ، يۇرت باشلىرىنى غەزەپ بىلەن ئېيىپلايدۇ:

---

① يۇقىرىقى مەجمۇئە، 109 - بەت.
② يۇقىرىقى مەجمۇئە، 111 - بەت.

«بۇ زەماندا پەيدا بولدى يۈز باشى،
يۈتقالى بىر يولى يۈرتنى ھەر باشى.
توقسان ئۈچ باش بولدى ئارتۇق يۈتغالى،
يارۇ دەم ئون باشى قولاپ تۈتغالى.
جەمئ يۈز ئون باش بولۇپ يۈرتنى تالاپ،
ھەر باشدا يەلمۈگگۈز ئاغزىن يالاپ.
يۈز باشى بار يېگەلى يۈز ئاغزى بار،
ھەر ئاغزىنىڭ چوڭلۇقى گوياكى غار.
ھەر باشدا يېگەلى يۈز ئاغزى بار،
ھەر ئاغىز دەم تارتغالى ئەژدەرچە بار.
ئون باشى، ئىت يۈز باشلار ئىت قوشى،
يۈرت بۇلارنىڭ ئاغزىدا ئىشەك گۆشى.»[1]

خەلق دەردىگە ئېچىنىپ يۈرىكى خۇن بولغان شائىر خەلق تىلىدىن تۆۋەندىكى سادانى ياڭرىتىدۇ:

«كەمبەغەللەر ئاھىنىڭ ئوتى تۇشۇپ،
ئەھلى فىرئەۋنلەرنى بىربىر كۆيدۈرۈپ.
خارۇزارلىق ئوتىدا قىلسە ھەلاك،
ئۆزى قۇدرەتلىك ئىگەم يەزدانى[2]پاك.»[3]

شائىر قۇلئەلىمنىڭ «دىۋان تەجرىد» ناملىق توپلىمىغا كىرگەن ۋە «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان غەزەل، مۇخەممەسلىرىدە تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولغان «ئىشق» نىڭ مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى كۆرىمىز. ھالبۇكى، خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ئۆتكەن شائىر قۇلئەلىم ئىجادىيىتىدىكى «ئىشق تېمىسى مىستىك تەسەۋۋۇپ ئېقىمىغا مەنسۇپ شائىرلار ئىجادىيىتىدىكى «ئىشق» تېمىسىدىن پەرىقلىنىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى «ئىشق» تېمىسى ھەقىقىي ئىنسانىي سۆيگۈ، ھاياتقا بولغان مۇھەببەت، پاك، ئېتىقاد بىلەن بىردەكلىك ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنساننىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئىنتىلىشلىرى، خۇشاللىق - قايغۇلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شائىر ئۆزىنىڭ ئارامى كۆكۈل خوشلۇقىنى پاك، مەڭگۈلۈك مۇھەببەتتىن ئىبارەت گۈزەللىكتىن ئىزدىگەن. شائىر غەزەللىرىدە: «ۋىسال شەۋقىدە مەنسۇر يەڭلىغ ئەيلەدىم جەۋلان»[4]دېگەندەك قۇرلارنى تىزىش ئارقىلىق ئۆزىنى تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى ئېقىمىنىڭ تونۇلغان ۋەكىلى مەنسۇر ھەللاجغا ئوخشاتسا، خىلى كۆپ غەزەل، مۇخەممەسلىرىدە رىياكار سوپا - ئىشانلارنى سۆكۈپ، ئۇلارنى: «قەۋمى شەيتان يەڭلىغ»[5]دەپ سۈرەتلەيدۇ.

شائىر قۇلئەلىمنىڭ بەدىئىي تەسۋىرى ۋاستىلەرنى ئىشلىتىشتىكى يۇقىرى ماھارىتى تۆۋەندىكى مىسرالاردىن نامايەن بولىدۇ:

---

① يۇقىرىقى مەجمۇئە، 114 - بەت.
② يەزدان — خۇدا
③ يۇقىرىقى مەجمۇئە، 115 - بەت.
④ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1997 - يىللىق 1 - سان، 83 - بەت.
⑤ يۇقىرىقى ژۇرنال، 70 -بەت.

«ناگەھان مەيخانە ئىچرە كىرسە ئىشقى جوش ئېتىپ،
يارنىڭ ئەكسىنى مەيدە كۆرسە كۆڭلىن خوش ئېتىپ،
رەقس ئۇرۇپ قىلسە سەمائىنى ئۆزىنى مەدھوش ئېتىپ،
ھەركىشى قەترە سۈمۈرسە ئۇشبۇ مەيدىن نوش ئېتىپ،
جامى جەمشىددەك بولۇر، ئالدىدا ئالەم بىر قەدەھ.»①

«ئېرىقىڭ ئىچرە ئۇششاق تاشى ئېرۇر كىم ئۈنچەدەك،
بەئىزمىسى دۇردانە يەڭلىغ بەئىزمىسى گۆرۈنچەدەك،
كاكۇلۇڭ تارىدۇرۇر كۆڭلۇم ئارا تۈگۈنچىدەك،
بۇ سېنىڭ لەئلى لەبىڭ ئەيلەپ تەبەسسۇم غۇنچىدەك،
مېنى بىھوش ئەيلەبان بۇ خەستە كۆڭلۇم ئالدىدە.»②

شائىر قۇلئەلىمنىڭ «زۇبدەتۇ ئەلمەناھى» ناملىق قولىيازما ئەسىرى ئەسلى ھىجرىيە 1330 ـ (مىلادىيە 1912) يىلى يېزىلىپ، ھىجرىيە 1359 ـ (مىلادىيە 1940) ـ يىلى شائىرنىڭ ئۆزى تەرەپىدىن باشقا ئەسەرلىرى بىـ ـ ەن قوشۇلۇپ توپلام قىلىنغان. قولىيازما توپلام ئاساسىي ئەسەردىن باشقا يەنە «ھىكايات ئاجايىبات غارايىبات» نامىدىكى بىر شېئىرىي ھېكايەت ۋە ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى 28 ھەرپنىڭ ھەربىرى بىر مىسرا بېشى قىلىپ يېزىلغان مەسنەۋى شەكلىدىكى بىر شېئىردىن تەشكىل تاپقان.

قولىيازما توپلامدىكى ئاساسىي ئەسەر بولغان «زۇبدەتۇ ئەلمەناھى» — 104 بەت (1150 مىسراغا يېقىن) ھەجىمدىكى ئەخلاقىي — دىداكتىك شېئىرىي ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىكى 4 فەسلدە ھەمدۇسانا، تەئىت، كىتاب تەسنىف قىلىش سەۋەبى ۋە مۇناجات ئېيتىلىدۇ. 5 ـ فەسلدە ئاپتور ئەسەر مەزمۇنى ئۈستىدە توختىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

«تۇنجى بايان قىلغۇم دۇر بى دىيانەت مالچىنى،
ئالتە نانغە قۇل بولۇپ شىيرە③تارتقان غالچىنى.
ئاندىن بەيان قىلۇرمەن كەبۇتەرباز سازلارنى،
كەبۇتەرباز ناملىق فاسىق قىمار بازلارنى.
ئاندىن سۇگرە ئەيتۇرمەن ھوشۇق ئاتقان رىسۋانى،
قىماربازلىق يولىدا يۈرۈپ ئازغان گۇمراھنى.

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلى 1996 ـ يىللىق 4 ـ سان، 80 ـ 81 ـ بەتلەر.
② «بۇلاق» ژۇرنىلى 1997 ـ يىللىق 1 ـ سان، 92 ـ بەت.
③ شىيرە — شىيرە چورۇق، بىر خىل ئاياغ كىيىم.

توخى چىتنىڭ ئۇغرىسى تۇغيان قىلدى بۇ زەمان،
نەسايىھدىن[1] سۆز قىلدىم تاپقاي ھىدايەت دېبان.»[2]

6 ـ فەسلدە شائىر 17 بەتتىن كۆپرەك سەھىپە ئاجرىتىپ توخۇ، چىت (قاشا)، ئوتۇن ئوغرىلىرىنى غەزەب بىلەن سۆكىدۇ، ئوغرىلىقنىڭ ئەڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى، ئوغرىلانغان نەرسىنىڭ، ئوغرىلىمىغان نەرسىنى سېتىپ تاپقان پۇلنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، كىشلەرنى پاك، ديانەتلىك بولۇشقا چاقىرىدۇ. 7 ـ فەسلدە كىشلەرنىڭ ئوت ـ چۆپ، شاخ ـ شۇمبىلىرىنى ئوغرىلاپ مال بېقىشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ. 8 ـ فەسلدە كەپتەرۋازلىق ۋە قىمارۋازلىقنى ئۆزگە كەسىپ قىلىۋېلىپ يولدىن چىققانلارنى ئېيىپلاپ، ئۇلارنى توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا، پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇپ، توغرا يولغا باشلاشقا چاقىرىدۇ. 9 ـ فەسلدە ئاپتور يەنە 30 بەتتىن كۆپرەك سەھىپە ئاجرىتىپ، «شەيتاننىڭ مۇرىدلىرى»[3] بولغان قىمارۋازلارنى غەزەپ بىلەن ئېيىپلايدۇ.

10 ـ فەسلدە شائىر ئاللاھغا:

«يا رەب، ئۆزەڭ ساقلاغىل بۇ قىمارنىڭ يولدىن،
بەندەلىرىڭ ئاجىزدۇر ھېچ ئىش كەلمەس قولدىن.
ئۆزەڭ ساقلاپ ھوشۇقنى تۇتتۇرماغىل قولغە،
ھېچ بەندەنى خۇدايا سالمە شەيتان يولغە.
ئۆزەڭ قىلغىل خۇدايا ھەر بەندەگە ئىنايەت،
گۇمراھ يولدىن ياندۇرۇپ بەرگىل ئاڭا ھىدايەت.
ھېچ بەندەنى خۇدايا ھېچ ھارامخور قىلماغىل،
خاھ ئەر ئېرور مەزلۇمە ھەم شارابخور قىلماغىل.
ئۆزەڭ ساقلاپ ئىلاھا كەبۇتەرباز قىلماغىل،
ياخشى يولنى نەسىب قىل ھەم قىمارباز قىلماغىل.»[1]

دەپ مۇناجات قىلىدۇ.

ئەسەرنىڭ ئاخىرى 4 پارچە ھىكمەت شرىف بولۇپ، ئاپتور بۇ ھىكمەت شرىفلىرىدا تېما ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن قول خوجا ئەھمەد يەسسەۋىگە يېقىندىن ياندىشقان.

شائىر قولئەلىمنىڭ «زۇبدەتۇ ئەلمەناھى» ناملىق ئەسىرى تەركىبىگە كىرگەن «ھىكايات ئاجايىبات غارايىبات» ناملىق مەسنەۋى شەكلىدىكى 186 مىسرادىن تەشكىل تاپقان ھىكايەتتە مۇنۇلار بايان قىلىنىدۇ:

---

① نەسايىھ — نەسىھەت، ئۈگۈت.
② قولىيازما، 12 ـ بەت.
③ قولىيازما، 62 ـ بەت.
① قولىيازما، 92 ـ بەت.

بىر مۇسۇلمان سودىگەر ھەممىگە تونۇش بىر شەھەرگە كېلىپ، جامائەت بىلەن بىللە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن بىر مەسچىتكە بارىدۇ. ئۇ مەزىننىڭ ئەزاننى بىھۇدە سۆزلەرنى قوشۇپ خاتا ئېيتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىدۇ ۋە ئىمامنى تېپىپ، مەزىننىڭ خاتاسىنى ئۇنىڭغا ئېيتماقچى بولىدۇ. ئۇ مەسچىتكە كىرىشكە ناماز باشلىنىپ قالىدۇ. ناماز ۋاقتىدا ئىمام بىر پۇتىنى كۆتۈرۈپ، يەكپاي تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ. بۇنى كۆرۈپ ئىمامدىن ئىخلاسى قايتقان سودىگەر مۇھتەسىبنى تاپماقچى بولىدۇ. باشقىلارنىڭ كۆرسىتىپ قويۇشى بىلەن ئۇ بىر ھېيتگاھ ئالدىدىن مۇھتەسىبنى تاپىدۇ. بىر قولىدا خەمىر (ھاراق - شاراب)، بىر قولىدا تەڭرىنىڭ كالامىنى تۇتۇۋېلىپ، بىر تەرەپتىن خەمىر ئىچكەچ يەنەبىر تەرەپتىن ئۆز خەمرىنى ھالال دەپ سېتىپ ئولتۇرغان مۇھتەسىبنى كۆرگەن سودىگەر قاتتىق ھەيرانلىق ۋە غەزەپكە چۆكىدۇ. ئۇ بۇ شەھەرنىڭ قازىسىنى تاپماقچى بولىدۇ. قازىنى ئىزدەپ يۈرگىنىدە كىشىلەر «قازى مۇشۇ» دەپ بىر كىشىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. قارىسا، مەست - ئەلەست، ئۈستۈۋېشى بۇلغىنىپ كەتكەن قازىنى ئىككى يىگىت يۆلەپ كېلىۋاتقانىكەن. شەھەر خەلقى قازىنىڭ بەڭ چېكىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. سودىگەر ئەئلەمنى تېپىپ، بۇ ئىشلارنىڭ تېگىنى بىلمەكچى بولىدۇ. ئۇ بىر ئالىي جايدىن، تام - تۈرۈسى نەقىشلەنگەن بىر ئېسىل ئايۋان - سارايدىن ئەئلەمنى تاپىدۇ. ساراي ھويلىسىدىكى گۈللەر ئېچىلغان، بۇلبۇللار سايراپ تۇرغان باغچىدا ئەيشى - ئىشرەت، بۇزۇقچىلىق قىلىپ ئولتۇرغان ئەئلەم سودىگەرنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، شەھەردىكى بۇ گۇناھ ئىشلارنى پۈتۈنلەي توغرىسىغا جورۇپ، باشقىچە پەتىۋار بېرىپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەئلەمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان سودىگەرنىڭ غەزەپتىن باغرى خۇن بولىدۇ. بۇ شەھەرگە قايتا قەدەم باسماسلىققا قەسەم قىلىپ، كۈن پاتقۇچە شەھەردىن ئايرىلىدۇ.

ئۇمۇمەن، شائىر قۇلئەلىم بۇ ھېكايىتىدە ئىسلام شەرىئىتىگە مۇخالىپ ئىشلارنى، دىن ۋە شەرىئەت ھامىيلىرىدىكى يولدىن چىقىش ۋە بۇزۇلۇشلارنى قاتتىق ھەجۋى قىلىپ سۆكىدۇ.

شائىر قۇلئەلىم ئەسەرلىرىنىڭ تېپىلىشى ۋە ئېلان قىلىنىشى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى سەھىپىسىگە يېڭى بىر بەت قوشۇلدى. شائىر قۇلئەلىمنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى XX ئەسىرنىڭ 10 - يىللىرىدىن 40 - يىللىرىغىچە بولغان ئۇزۇن بىر تارىخىي جەريانغا سوزۇلغان بولۇپ، ئىجادىيەت ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى تېما ۋە ئۇسلۇب، كىشىلىك ۋە دۇنيا قاراش (بۇ ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ قاراشلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، تىل قاتارلىق جەھەتلەردە مەلۇم ئورگىناللىققا ئىگە شائىرلاردىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ. شائىر قۇلئەلىمنىڭ ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىش — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىي دەۋرى بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىي دەۋرى ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى ۋارىسلىق بىلەن ئىجادچانلىق ۋە يېڭىلاشنى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكىنى، شۇنداقلا، بۇ تارىخىي دەۋرنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا مەيدانغا چىققان ئوخشىمىغان ئەدەبىي ئېقىم ۋە يۆنىلىشكە مەنسۇپ بولغان ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

# گۈلپەرەھ

## (داستان)

ئەمما راۋىيانى ئەخبار ۋە ناقىلانى ئاسار ۋە مۇھەددىسانى داستان ئانداغ رىۋايەت قىلۇركىم، زامانى ئەۋۋەلدە بىر پادىشاھ بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئېتى جەئپەر شاھ ئىكەن. مېلى خەزىنىسى ۋە ئەسكەرلىرى بىھېساب ئىكەن. شاھنىڭ شانۇ شەۋكىتى شۇنچە بولسىمۇ ئۇنىڭ بۇ دۇنيالىقتا بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن ھۆرۋاقىت كۆڭلى غەم ـ تەشۋىشتىن خالىي ئەمەس ئىكەن. قايسى ۋىلايەتتە ۋە قايسى شەھەردە ھاكىمى ھازىق ۋە تەبىبى كامىل بولسا ئۇنىڭغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ ھەددىدىن فۇزۇن ۋە ئەدەددىن بۇرۇن ئالتۇن ـ تىللا، كۈمۈشلەرنى ئايىماي خەجلەپ چاقىرىپ كېلىپ داۋالاپتۇ. ھەر خىل مەجۇنلار ئارقىلىق ئۆزىگە پەرۋىش قىلىپتۇ. لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولماپتۇ. شاھ تېۋىپلاردىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، «ئاللا تائالا ئۆزى بەرمىسە، مەخلۇقنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى» دەپ، بىر مەزگىل مۇشۇ ئوي بىلەن تۇرۇپ قاپتۇ.

پادىشاھقا پەرزەنت سەۋداسى چۈشۈپ، ئولتۇرسا ـ قوپسا شۇ خىيال بىلەن تاقەتسىزلىنىدىكەن. پادىشاھ پەرزەنت تەلەپ قىلىپ، بىر دەرۋىشكە مىڭ تىللا سەدىقە بېرىپ، دۇئاسىنى ئاپتۇ. كېيىن ئۆز بېغىغا كېلىپ، يەنە بىر دەرۋىشنى ئۇچرىتىپتۇ، بۇ دەرۋىش ئۆزىنى رەمماللارنىڭ پىرى دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ. ئۇ شاھنىڭ كۆڭلىدە پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسى بارلىقىنى پەملەپ، قوينىدىن بىر ئالمىنى چىقىرىپ، شاھقا سۇنۇپتۇ. شاھ بۇ ئالمىنى خوتۇنى بىلەن بۆلۈپ يېسە، بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدىغانلىقىنى ۋە بالىنىڭ ئېتىنى ئابدۇلمۇلۇك قويۇش لازىملىقىنى ئېيتىپ دەرۋىش كۆزدىن غايىب بوپتۇ. كۆپ ئۆتمەيلا پادىشاھ، ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ. لېكىن بالا ئون بەش ياشقا كىرگەندە قاتتىق ئاغرىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

بۇ پادىشاھنىڭ بىر ۋەزىرى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئېتى خوجا سەئىد بىكەن. ئۇ ناھايىتى دانا ۋە ئەقىللىق ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ كۆپ پەندى ـ نەسىھەت قىپتۇ. ئۇ: «ھېچكىم بۇ ئۆلۈمنىڭ دەستىدىن نىجات تاپالمايدۇ... قويۇڭ، تىرىكلىك غەنىمەت...» دەپ تەسەللى ئېيتىپ، پادىشاھنى شىكارغا ئېلىپ چىقىپتۇ. سەير ـ ساياھەت قىلىپ كېلىۋېتىپ يولدا بىر ئادەمنىڭ باش سۆڭىكىنى تېپىۋاپتۇ. ئۇ باشقا ئۈچ قۇر خەت يېزىلغانىكەن. خەتتە مۇنداق دېيىلىپتۇ:

قاتتىقتىن قاتتىق نېمە قاتتىق؟

ئاچچىقتىن ئاچچىق نېمە ئاچچىق؟

تاتلىقتىن تاتلىق نېمە تاتلىق؟

جەئپەر شاھ باشنى قولىغا ئېلىپ، ھەيران بولۇپ قاراپتۇ. ئەمما خەتنىڭ مەنىسىنى چۈشۈنەلمەپتۇ. بۇ باشنى ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ، بارلىق ۋەزىرلەرنى چاقىرىپ: «بۇ باشتىكى خەتلەرنى ئوقۇپ، مەناسىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار!» دەپتۇ. لېكىن ۋەزىرلەر ھەرقانچە ئويلىنىپمۇ بىرەر نەرسە دەپ بېرەلمەپتۇ. بىرىنىڭ سۆزى بىرىگە ماس كەلمەپتۇ.

ئەلقىسسە، پادىشاھ شۇنداق دەپ جاكارلاپتۇ: «كىمكى شۇ باشتىكى خەتنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ مەناسىنى ئېيتىپ بېرەلىسە، ئۇ كىشىنى ئۆز يېنىمغا ۋەزىرى ئەزەم قىلۇرمەن». بۇ خەۋەر ئالەمگە پۇر كېتىپتۇ.

تەرەپ - تەرەپتىن ئادەملەر كېلىپتۇ. ھەرقايسىسى ھەر تەرىقىدە مەنا بېرىپتۇ. بەزىلىرى: «تىلش قاتتىق، لىمون ئاچچىق، ھەسەل تاتلىق» دېسە، بەزىلىرى: «تۆمۈر قاتتىق، تاياق ئاچچىق ۋە شېكەر تاتلىق» دېيىشىپتۇ. ئەمما سۆزلىرى بىر - بىرىگە ماس كەلمەپتۇ. ۋە لېكىن شۇ شەھەرگە يېقىن بىر ۋىلايەت بار ئىكەن، بۇ شەھەرمۇ پادىشاھ جەئپەرگە تەۋە ئىكەن. ئۇ شەھەردە بىر ئاق كۆڭۈل نامرات ئادىمى بار ئىكەن. ئۇ ناھايىتى كەمبەغەل ئىكەن. ئۇنىڭ ئون بەش ياشلىق بىر قىزى بولۇپ، ئىسمى شەرىپى گۈلپەرەھ ئىكەن. ھۆسىن بابىدا تاجدار ۋە نازاكەت كىشىۋەرىدە شاھسۇۋار، لەتاپەت ۋە پاساھەت بابىدا تۇتىئى شەكەر گۇفتار ئىكەن، پاراسەتلىك، دانىشمەن ئىكەن.... ئۇ ھېچكىمنىڭ باش سۆڭەكتىكى خەتنىڭ مەناسىنى ئېيتىپ بېرەلمىگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپتۇ. ئەلقىسسە، گۈلپەرەھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ تەئەججۈبتا قېلىپ، ئاتىسىغا: «ھەي مېھرىبان ئاتا، پادىشاھ جەئپەر شاھ شىكارغا چىققان ئىكەن، يولدا بىر بىلش سۆڭىكى تېپىۋاپتۇ، باشتا ئۈچ قۇر خەت بار ئىكەن، پادىشاھنىڭ ئەھلى دانىشلىرى ئۇل خەتنىڭ مەناسىنى ئېيتىپ بېرەلمەپتۇ. سىز پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ئېيتىڭ: ‹قاتتىقتۇر قاتتىق — ئاتنىڭ تۇيىقى قاتتىق. ئاچچىقتىن ئاچچىق — ئۆلۈم ئاچچىق. تاتلىقتىن تاتلىق — ئۆيلەنمىگەن ئادەمگە ئۆيلەنمەك تاتلىق› دەپ ئېيتىڭ. ئەمما مېنىڭ دېگىنىمنى ئېيتماڭ» دەپتۇ.

گۈلپەرەھنىڭ ئاتىسى خۇرسەند بولۇپ، يولنىڭ رەنجۇ مېھنەتلىرىنى تارتىپ، جەئپەر شاھنىڭ ۋىلايىتىگە بېرىپتۇ. ئۇ شەھەردە ئۈچ - تۆت كۈن ئۇبدان دەم ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپتۇ. خادىملار ۋە غولاملىرىغا تەۋەززۇئ بىلەن سالام بېرىپتۇ. ئۇلارمۇ جاۋابەن سالام بېرىپتۇ. بۇ نامرات كىشى ئېيتىپتۇ: «ئىجازەت ئېلىپ بەرسىڭىزلەر، جانابى ھەزرەت پادىشاھىمىنىڭ ئالى ھۇزۇرىغا كىرىپ،... ئەرزىمنى ئېيتسام» . غولاملار خوجا سەئىد ۋەزىرىگە خەۋەر قىپتۇلەركى، «بىر مۇساپىر كېلىپ پادىشاھقا ئەرزىم بار دەيدۇ» دەپ، شۇئان ۋەزىر پادىشاھقا كىرىپ بايان قىپتۇ. پادىشاھ: «سوراڭلار، نېمە ئەرزى بار ئىكەن» دەپتۇ.

دەرھال ھېلىقى نامراتتىن سوراپتۇ... ئۇ: «باش سۆڭەكتىكى خەتنىڭ مەنىسىنى يېشىش ئۈچۈن كەلگەنىدىم» دەپتۇ.

بۇ خەۋەر شۇئان پادىشاھقا يەتكۈزۈلۈپتۇ. پادىشاھ: «ئېلىپ كىرىڭلار» دەپتۇ. ياساۋۇللار ئۇنى ئېلىپ كىرىشىپتۇ... نامرات كىيىشى قىزى ئۆگىتىپ قويغان سۆزنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ھەيران بولۇپ دەپتۇ: «سەن بۇ جاۋابنى كىمدىن ئۆگەندىڭ، راستىڭنى ئېيتقىن، ئەگەردە راست ئېيتمىساڭ، ئۆلتۈرىمەن!»

بىچارە نامرات نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ، ناۋادا راستلىق بىلەن جاۋاب بەرمىسە، ئۆلۈشى مۇقەررەر ئىكەن، شۇڭا نائىلاج دەپتۇ: «ئۆيۈمدە بىر قىزىم بار... شۇ ئۆگەتتى» نامرات كىشىنىڭ سۆزى نىھايەت دەرىجىدە مەنزۇر بولۇپ، ئۇنىڭ قىزىغا غايىبانە ئاشىق بولۇپتۇ... پادىشاھ ۋەزىرى خوجاسەئىدنى بىر چەتكە چاقىرىپ: «بۇ گادايىنىڭ قىزى تەرىپلىگۈسىز دانا ۋە زېرەك ئىكەن، شۇ قىزنى قايسى تەرىقىدە كۆرگىلى بولار؟» دەپ مەسلىھەت ساپتۇ. ئاخىرى شۇنداق قارارنى كېلىشىپتۇ: «بىر غېرىچ يىپەك بېرىپ ئېۋەتەيلى، بىر ئادەم قوشۇپ بېرەيلى، شۇ يىپەكتىن بىر كىيىم تىكىپ ئەۋەتسۇن، دەيلى ئىلاج قىلالمىسا بىر گەپ قىلار، ياكى ئۆزى كېلەر، شۇ ئالاقە بىلەن ئۇنى كۆرەيلى» . بۇ مەسلىھەت پادىشاھقا ماقۇل بولۇپ، گۈلپەرەھنىڭ ئاتىسىغا: «قىزىڭ مۇشۇ يىپەكتىن ماڭا بىر كىيىم تىكىپ ئەۋەتسۇن، ئەگەردە قوبۇل قىلمىساڭلار، قىزىڭنىمۇ، ئۆزۈڭنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، مېلىڭنى تالان - تاراج قىلىمەن» دەپ، ئۇنىڭغا ۋەزىرنى قوشۇپ ئەۋەتىپتۇ.

گۈلپەرەھنىڭ ئاتىسى يىغلا - يىغلا ئۆز شەھىرىگە راۋان بوپتۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن قىزىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ... ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ كۆزىدىن ياش ئورنىغا قان ئاققۇزۇپتۇ. گۈلپەرەھ: «ئىش ئۆتكەندىن كېيىن يىغلاشنىڭ پايدىسى يوق، پادىشاھقا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن» دەپتۇ.

ئەلقىسسە، بىر دانە دەندانكوۋ چۆپىدىن پادىشاھنىڭ يىپىكىنىڭكىچىلىك بىر غېرىچ سۇندۇرۇپ ۋەزىرگە بېرىپ: «پادىشاھ ماڭا شۇ چۆپتىن بويىغا ئۆلچەپ قېلىپ ياساپ ئەۋەتىپ بەرسۇن. مەن شۇ قېلىپقا قاراپ كىيىم تىكىپ بېرىمەن، باشقا قېلىپتا تىكەلمەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ۋەزىر بۇ سۆزنى ئىشتىپ پادىشاھنىڭ يېنىغا راۋان بوپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا كېلىپ، گۈلپەرەھنىڭ سۆزلىرىنى بايان قىپتۇ. پادىشاھ ۋە ئەھلى مەجلىسلەر ھەيران بولۇشۇپ بارماقلىرىنى چىشلەپ ئويلىنىپ قىلىشىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرگە: «يەنە بارغىن، ئۇ قىز ناھايىتى دانا ۋە زېرەك ئىكەن، يەنە بىر دانە ئۆكۈز ئېلىپ بارغىن، ئۇنىڭغا ئېيتقىن، گۈلپەرەھ مۇشۇ ئۆكۈزنى يەتتە ئاي بولغاندا تۇغدۇرسۇن» دەپتۇ.

ۋەزىر: «پەرمان بويىچە قىلىمەن» دەپ گۈلپەرەھنىڭ ئالدىغا كېلىپ، پادىشاھنىڭ سۆزىنى بىرمۇبىر بايان قىپتۇ. گۈلپەرەھنىڭ ئاتىسى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، زار يىغلاپتۇ. گۈلپەرەھ ئاتىسىغا: «كۆپ يىغلىماڭ، پادىشاھنىڭ بىزگە ئەۋەتكەن ئۆكۈزى يەتتە ئايغىچە تۇرمۇشىمىزغا يېتەر» دەپ، ۋەزىرگە: «سىز يەتتە ئاي تولغاندا كېلىڭ، ئۆكۈزنى ئىككى بالا تۇغدۇرۇپ قويىمەن» دەپتۇ.

ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ گۈلپەرەھنىڭ سۆزىنى بايان قىپتۇ. پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەر شاد - خۇرام بولۇشۇپتۇ. ئەلقىسسە، يەتتە ئاي تولۇپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرگە ئېيتىپتۇ: «ۋەدىلەشكەن ۋاقىت توشتى، گۈلپەرەھنىڭ قېشىغا بېرىڭ».

ۋەزىر دەرھال يولغا چىقىپتۇ. ئۇ گۈلپەرەھنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئىشىكنى قېقىپتۇ؟ گۈلپەرەھ چىقىپ قارىسا ۋەزىر ئىكەن: «ئاتام ئۆيدە يوق...ھامامىغا تۇغۇشقا كەتتى» دەپتۇ ئۇ.

ۋەزىر قىزدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، يەنە پادىشاھ ھوزۇرىغا كېلىپ، گۈلپەرەھتىن ئاڭلىغان سۆزنى بىربىرلەپ بايان قىپتۇ. پادىشاھ چەكسىز غەزەپكە تولۇپ، ۋەزىرنى يەنە ئەۋەتىپتۇ ۋە: «قاچان ئەركەك ئادەم تۇغۇپ باققان؟!» مەن گۈلپەرەھنى ئاقىل ۋە دانا دەپ ئويلاپتىمەن، ئەمما گۈلپەرەھ نادان ۋە ئەخمەق ئىكەن، بېرىپ مېنىڭ سۆزلىرىمنى تولۇق يەتكۈزگىن» دەپتۇ.

ۋەزىر كېلىپ پادىشاھنىڭ سۆزلىرىنى گۈلپەرەھكە يەتكۈزۈپتۇ: گۈلپەرەھ ۋەزىرگە: «مەن دۇنيادا سىلەردەك ئەخمەق ۋە نادان ئادەمنى كۆرمىدىم، چۈنكى، ئەدىمۇ ئۆكۈز تۇغۇدىغان ئىش بولسۇن! بۇ سۆزۈمنى پادىشاھقا يەتكۈزۈڭ» دەپتۇ.

ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئەي پادىشاھىم، گۈلپەرەھ ‹سالام - پەيام› دېدى ھەم تەپتارتماي: «پۈتۈن دۇنيادا سىلەردەك ئەخمەقنى كۆرمىدىم. ھۆكۈزمۇ تۇغامدۇ، دېدى» دەپتۇ.

ئەلقىسسە، پادىشاھ گۈلپەرەھنىڭ ئاتىسىغا «بۇ شەھەرگە كەلسۇن» دەپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. بىچارە نامرات بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ۋەھىمە ئىچىدە قاپتۇ ۋە «مېنىڭ نېمە گۇناھىم، نېمە قىلمىشىم باردۇ» دەپ ئويلاپ، قىزى بىلەن يىغلاپ ۋىدالىشىپ، ئەلچى بىلەن بىللە پادىشاھنىڭ شەھىرىگە قاراپ راۋان بوپتۇ. بىرمۇنچە يول بېسىپ شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ياساۋۇللار گۈلپەرەھنىڭ ئاتىسى كەلدى، دەپ پادىشاھ جەئىپەرگە خەۋەر بېرىشىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئىجازىتى بىلەن گۈلپەرەھنىڭ ئاتىسىنى ئوردىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. گۈلپەرەھنىڭ ئاتىسى تەزىم بىلەن سالام قىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ: «ئەي پادىشاھىم، كەمىنىلىرىنى خىزمەتلىرىگە چاقىرتقان ئىكەنلا، نېمە پەرمايىشلىرى ۋە نېمە ھۆكۈملىرى بار ئىكىن؟»

جەئپەرشاھ ئۇنىڭغا: «ئەي نامرات كىشى! سىزنىڭ قىزىڭىز ئىنتايىن ئۆتكۈر، زېرەك ۋە دانا، ئاقىل ئىكەن، مەن شۇنچە شاھلىقلارغا پادىشاھ بولۇپ، سىزنىڭ قىزىڭىزدەك قىزنى كۆرمەپتىمەن، ئەمدىلىكتە مەرھەمەت قىلىپ، شۇ قىزنى نىكاھ - شەرئى قىلىپ بەرسىڭىز» دەپتۇ.

گۈلپەرەھنىڭ ئاتىسى: «ئەي پادىشاھىم، بىز بولساق ناھايىتى نامرات ۋە مىسكىن ئادەملەر» دەپتۇ.

پادىشاھ: «مەن سىلەردىن ھېچنەرسە تەلەپ قىلمايمەن، قانچىلىك مال دېسەڭلار بېرىمەن، ئەمما مېنىڭ بىر شەرتىم بار. گۈلپەرەھ بىلەن بىر ساماۋار چاي ئىچىمەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن قىلىشىدىغان بىر-ئىككى شەرتلىرىم بار. ئەگەر گۈلپەرەھ مېنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلسا، مەن سىزنى گاداي دېمەي پەس كۆرمەيمەن» دەپتۇ.

گۈلپەرەھنىڭ ئاتىسى پادىشاھتىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۆز شەھىرىگە قاراپ راۋان بوپتۇ ۋە شەھىرىگە كېلىپ قىزىغا بولغان ۋەقەلەرنى بايان قىپتۇ. گۈلپەرەھ: «بىز بولساق نامرات خەق، پادىشاھقا مۇناسىپ كەلمەيمىز، بىر ئاز سەۋر قىلىپ تۇرايلى، ئۆزىمىزنىڭ خىلى چىقىپ قالار» دەپتۇ.

ئاتىسى يەنە پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ قىزىنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ: «قىزىڭىنى ئالغىنىم ئالغان، لېكىن ماڭا قارشىلىق قىلمىسۇن، ھەق - ناھەق بولسىمۇ ئالىمەن» دەپتۇ.

ئاتىسى كېلىپ قىزىغا پادىشاھنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈپتۇ. گۈلپەرەھ: «ئەي ئاتا، سىز يەنە پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئېيتىڭ، پادىشاھ ماڭا كىيىپ بېرىش ئۈچۈن رەڭگارەڭ لىباسلاردىن بىر - ئىككى قۇر ئەۋەتىپ بەرسۇن، يەنە بەش ئاتلىق ھارۋا ئەۋەتسۇن ھەممىدە ماڭا ھەمراھ بولۇپ بېرىش ئۈچۈن ئىككى ساھىبجامال كېنىزەك ئەۋەتسۇن. مۇشۇنداق قىلسا مەن جەئپەر پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ، دەيدىغان شەرتلىرىنى ئاڭلايمەن» دەپتۇ.

ئەلقىسسە، گۈلپەرەھنىڭ ئاتىسى پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ، قىزىنىڭ ئېيتقانلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىپتۇ. پادىشاھ شاد - خۇرام بولۇپ، قىز سورىغان ھەممە نەرسىلەرنى تەق قىلىپ بېرىپتۇ.

گۈلپەرەھ سۇمبۇلدەك چاچلىرىنى تاراپ، ئايدەك نۇرلۇق يۈزىنى مۇشكى - ئەنبەر بىلەن مۇئەتتەر ئەيلەپ، بېشىغا جاۋاھىرات، دۇررى گۆھەرلەردىن تەييار بولغان تاج قويۇپ، ئالتۇن، كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنگەن لىباسلارنى كىيىپ ۋە دۇر، ياقۇت، مارجانلارنى بويىنىغا تاقاپ، شۇنداق ساھىبجامال بوپتۇكى، مىسالى بولۇت ئارىسىدىن چىققان ئايدەك يەر يۈزىنى يورۇتۇپتۇ. ئوڭ - سول تەرىپىدىن كېنىزەكلەر يۆلەپ ھارۋىغا ئېلىپ چىقىپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئەلقىسسە، گۈلپەرەھ ئۆزى بىللە ئۆسكەن قىزلار بىلەن ۋىدالىشىپ ۋە مېھرىبان ئاتىسى بىلەن خوشلىشىپتۇ، بارچە شەھەر خەلقى، خوتۇن - قىزلار گۈلپەرەھكە دۇئا قىلىپ «قەدىمىڭىزگە ھەسانات، يولىڭىزغا ۋە سەپىرىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن» دەپ، يىغلىشىپ قايتىپتۇ.

گۈلپەرەھ تەۋەككۈل قىلىپ جەئپەرشاھ تامان راۋان بوپتۇ... ئەتىسى جەئپەر شاھنىڭ ۋىلايىتىگە يېتىپ كەپتۇ. سارايغا كىرىپتۇ... شۇ كۈنى كەچ كىرىپتۇ. گۈلپەرەھ قىزلار بىلەن ئويناپ - كۈلۈپ، بېيىتلار ئېيتىشىپ، كېچىنى تامام قىپتۇ. ئاندىن...گۈلپەرەھ شاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ ئەدەپ - ئىكرام بىلەن شۇنداق دەپتۇ: «ئەي پادىشاھىم. ئاتامغا گۈلپەرەھ بىلەن قىلىشىدىغان شەرتىم بار دېگەن ئىكەنسىز، ئۇ شەرتىڭىز نېمىدۇر، ماڭا بايان قىلغايسىز».

پادىشاھ: «ئەي نىگارى مەشۇقۇم، مەن سىزنى نىكاھ شەرتى بىلەن ئالۇرمەن. بىر شەرتىم بار، بۇ شەرت شۇكى: مېنىڭ نىكاھىمغا كىرگىنىڭىزدىن كېيىن مەندىن ئىجازەتسىز ئەركەك ئادەمگە بىر كەلىمە سۆز قىلمايسىز، ئەگەر سۆز قىلسىڭىز، ئۆيدىن خالىغان نەرسىنى ئېلىپ كېتىڭ، ماڭا تالاق بولۇرسىز» دەپتۇ. گۈلپەرەھ: «شەرتىڭىز شۇمىدى؟ مەن قوبۇل قىلدىم» دەپتۇ...

گۇلپەرەھ جەئپەر شاھقا خوتۇن بولۇپ، ئۆمۈر سۈرۈشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەردىن بىركۈنى پادىشاھ شىكارغا كېتىپتۇ. ئىككى ئادەم بىر قوزۇقتا ئىككى دانە ئات باغلاپ قويغان ئىكەن. بىرىنىڭ ئېتى ئايغىر، بىرىنىڭ ئېتى بايتال ئىكەن. بايتال قۇلۇنلاپ (قۇلنى) ئايغىر ئاتنىڭ ئاستىغا كېلىپ ياتقان ئىكەن. ئاتلارنىڭ ئىگىلىرى كېلىپ جەدەل قىپتۇ. جاڭجاللىرى بىر تەرەپ بولماي، بىر ـ بىرسىنىڭ ياقىسىدىن ئېلىشىپ، جەئپەر شاھنىڭ بارگاھىغا كېلىشىپتۇ. پادىشاھ شىكاردىن كەلمىگەن ئىكەن. دەۋانى گۇلپەرەھ سوراپتۇ... بۇ ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن دەۋالىرىنى بايان قىلىشىپتۇ. گۇلپەرەھ خانىم ھۆكۈم چىقىرىپتۇ: «قۇلۇن بايتالنىڭكى؛ ئەركەك ئات قۇلۇنلىماس، بايتال قۇلۇنلار، قولۇن ئايغىر ئاتنىڭ ئاستىغا بېرىپ ياتقانىكەن» دەپتۇ. دەۋاگەرلەر بۇ ھۆكۈمگە رازى بولۇشۇپتۇ.

دەل شۇ چاغدا جەئپەر شاھ شىكاردىن كېلىپ قاپتۇ. ئۇ دەۋاگەرلەردىن: «نېمە ئىش بىلەن كەلگەن ئىدىڭلار؟» دەپ سوراپتۇ. دەۋاگەرلەر: «ئارىمىزدا بىرئاز دەۋامىز بار ئىدى. گۇلپەرەھ خانىم ھۆكۈم قىلىپ پۈتكۈزدى» دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ گۇلپەرەھنىڭ قېشىغا كىرىپ: «مەن ساڭا مەندىن ئىجازەتسىز ئەركەك زاتىغا گەپ قىلمايسەن دېگەنىدىم، ئۆز ئالدىڭغا ھۆكۈم چىقىرىپسەن. ئەمدى ماڭا تالاق بولدۇڭ، قانچىلىك مال بولسا ئېلىپ دەرھال ئۆيدىن يوقال!» دەپتۇ.

گۇلپەرەھ: «بۇ يۇرتتا مېنىڭ رىزقىم تۈگىگەن ئوخشايدۇ، بۇ كېچە بىر سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرايلى» دەپتۇ. پادىشاھ: «خوپ، مەقبۇل، ئەمما بۇ كېچە ئۆيۈمدىن كېتىسەن» دەپتۇ. گۇلپەرەھ رازى بوپتۇ. چاكارلارغا: «ھەر تۈرلۈك نېمەتلەر ۋە قىممەت باھالىق شارابلارنى ھازىرلاڭلار!» دەپ ئەمىر قىپتۇ.

شۇئان ھەممە نەرسە ھازىرلىنىپتۇ. پادىشاھبىلەن گۇلپەرەھ تائاملارنى يەپتۇ. ئاندىن جەئپەر شاھقا بىر چىنە شاراب قويۇپ بېرىپتۇ. ئارقىدىن يەنە بىر چىنە قويۇپ بېرىپتۇ. پادىشاھ مەس بولۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. شۇ چاغدا گۇلپەرەھ بىر چاكارغا ئەمىر قىپتۇ: «بىر ھارۋا ئېلىپ كەل» ھارۋا شۇئان تەييارلىنىپتۇ. گۇلپەرەھ يەنە بىر چاكارغا ئەمىر قىلىپ پادىشاھنى كۆتۈرۈپ ھارۋىغا ياتقۇزۇپتۇ. گۇلپەرەھ ئۆزىمۇ ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، پادىشاھنى ئايلاندۇرۇپتۇ. پادىشاھ ھوشىغا كېلىپ قارىسا، خانىشى گۇلپەرەھ بىلەن ھارۋىدا كوچا كېزىپ يۈرگۈدەك. ئۇ گۇلپەرەھدىن سوراپتۇ: «نېمە ئىش بولدى؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىمىز؟»

گۇلپەرەھ: «ئۆزىڭىز ھۆكۈم قىلىپ ئۆيدىن نېمىنى خالىساڭ، ئالغىن، ئەمما ئۆيۈمدىن چىق دېگەن ئىدىڭىز. ئۆيدە مەن سىزدىن باشقا ھېچنېمىنى خالىمىدىم، ئەمدى مەن سىزنى ئېلىپ ئۆز شەھرىمگە كېتىمەن» دەپتۇ. پادىشاھ گۇلپەرەھنىڭ سۆزىگە قايىل بوپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن يىللارغىچە تۇرمۇش كۆچۈرۈپ، نەچچە پەرزەنتلىك بوپتۇ. ئۆزلىرىدىن كېيىن ئەۋلادلىرى پادىشاھ بولۇپ دەۋران سۈرۈپتۇ.

1960 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئۆزبېك ئەدەبىياتى» ناملىق توپلامدىن ئېلىندى.

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

# چۆچەكلەر

## ئوۋچى، كۆكچى ۋە دانە

قەدىمكى زاماندا بىر ئوۋچى ئۆتكەنىكەن، ئۇ بىركۈنى ئوۋغا چىقىپ، بىر يەرگە تور قۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى دالدىغا بېرىپ مۆكۈپ تۇرۇپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن بىر توپ كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ تامغا قونۇپتۇ ۋە يەرگە چۈشۈپ دانلىماق بوپتۇ. كەپتەرلەر ئارىسىدا كۆكچى دەيدىغان قېرى بىر كەپتەر بار ئىكەن. ئۇ باشقا كەپتەرلەرگە: «يەرگە چۈشمەڭلەر، تورغا چۈشۈپ قالىسىلەر» دەپتۇ.

كەپتەرلەر كۆكچىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، بىر - بىرلەپ يەرگە چۈشۈپ دانلاشقا باشلاپتۇ. ئاخىر نەپسىنى يىغالماي ئارقا - ئارقىدىن تورنىڭ ئاستىغا كىرىپتۇ. كۆكچىمۇ ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا چىدىماي پەسكە چۈشۈپ تورنىڭ ئاستىغا كىرىپتۇ. ئوۋچى تۇيدۇرماستىن كېلىپ تورنىڭ يىپىنى بىر تارتقانىكەن، ھەممە كەپتەرلەر بىراقلا تورغا چۈشۈپ قاپتۇ.

كۆكچى ھەمراھلىرىغا:

— مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىم بار، ئاڭلىساڭلار دەيمەن — دەپتۇ.

— ئاڭلايمىز، ئېيتىڭ، دەسلەپتە سىزنىڭ گېپىڭىزگە كىرمەي، مۇشۇ بالاغا يولۇقتۇق. ئەمدى نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلىمىز، — دېيىشىپتۇ كەپتەرلەر

— ھەممىمىز تەڭلا ئۇچايلى — دەپتۇ كۆكچى. دەل شۇ چاغدا ئوۋچى يېقىنلاپ كېلىۋاتقانىكەن، كەپتەرلەر تورى بىلەن بىراقلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، كۆزدىن غايىب بولۇشۇپتۇ.

كۆكچى ئەمدى توردىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقاندا، دانە ئىسىملىك بىر چاشقان دوستى يادىغا كەپتۇ - دە، كەپتەرلەرنى چاشقاننىڭ ئۆيى تەرىپىگە باشلاپ ئۇچۇپتۇ. كەپتەرلەر چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ، تاغلاردىن ئېشىپ دانەنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. كۆكچى دانەنى چاقىرىپتۇ. دانە چىقىپ قارىسا، دوستى كۆكچى ئىكەن. دانە دوستىنىڭ ئىلتىماسى بىلەن دەسلەپ كۆكچىنىڭ ھەمراھلىرىنى، كېيىن كۆكچىنى توردىن قۇتۇلدۇرۇپتۇ. ئاندىن ھال - ئەھۋال سوراپتۇ. كۆكچى پۈتۈن ۋەقەنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

دانە بىلەن كەپتەرلەرنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. سالقىن ۋە ھاۋالىق جايدىن ئورۇن راسلاپ، دان ۋە ھەر خىل نازۇ - نېمەتلەر بىلەن كەپتەرلەرنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ.

ئېگىز چىنارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، دانە ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان بىر قاغا: «دانەنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەپتەرلەرگە بولغان دوستانىلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ ئۆز - ئۆزىگە: «دوستلۇك بولسا نىمىدېگەن ياخشى، مەنمۇ چاشقان بىلەن دوست بولايچۇ» دەپتۇ. ئاندىن دانەنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنى چاقىرىپتۇ. دانە چىقىپ قاغىغا:

— خوش، كېلىپسىز بۇرادەر، — دەپتۇ. قاغا:

— مەن جانىۋارلارنىڭ ھېچ بىرسىگە قوشۇلماي، يالغۇز ياشاپ كېلىۋاتىمەن، يار - بۇرادەرلىرىم، جان كۆيدۈرىدىغانلىرىم يوق؛ جانىۋارلار ھەممىشە مەندىن قاچىدۇ. يالغۇزچىلىق جېنىمدىن ئۆتتى، بەك قېينىلىپ كەتتىم، كۆپ ئويلاپ سىز بىلەن دوست بولۇشنى لايىق كۆردۈم. تەلىپىمنى قوبۇل قىلىسكەن دېگەن ئۈمىد بىلەن كەلدىم، — دەپتۇ.

چاشقان ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— دۇرۇس، لېكىن سىز مېنى قەيەردە كۆرسىڭىز، تۇتۇپ يەيسىز، شۇڭا گېپىڭىزگە ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ، قاغا:

— توغرا دەيسىز دوستۇم، راستىنى ئېيتسام، قەيەردە چاشقان كۆرسەم تۇتۇپ يەيتتىم. ئەمما ھەركىمنىڭ دوستى بولغىنى ياخشى ئىكەن، ئەمدى ھەرگىز چاشقانلارغا زىيانكەشلىك قىلمايمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ. دانە قاغىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، قاغا بىلەن قول ئېلىشىپ، دوست بولۇپتۇ ۋە ئۇنى مېھمان قىلىپتۇ.

بىركۈنى قاغا دوستى دانەنى ئۆزىنىڭ بېغىغا تەكلىپ قىلىپ كەپتۇ. بۇ باغ جاھاندىكى بارلىق مېۋىلەرنىڭ ماكانى بولۇپ، خىلمۇخىل گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ، ھەممە يەرنى چىمەن قاپلاپ، سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى. قاغا دانەگە كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. چاشقان كۆپ خۇرسەن بولۇپ، باغنى قاغا بىلەن بىللە سەيلە قىپتۇ. بۇنى شۇ باغدا تۇرىدىغان بىر تاش پاقا كۆرۈپ، بۇلارغا بەك ھەۋەسى كېلىپ سالام قىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئاندىن بۇلارنىڭ ھال - ئەھۋاللىرىنى ۋە چاشقان بىلەن قاغىنىڭ مۇنچىلىك ئىناق، دوست بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. قاغا تاش پاقىغا كەپتەرلەرنىڭ ۋەقەسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

تاشپاقا دوستلۇق ۋە بىرلىكنىڭ ھەممىدىن ئەلا ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئۇلار بىلەن قەدىردان دوست بولۇشقا ۋەدە بېرىپتۇ. قاغا تاشپاقىغىمۇ چوڭ ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن زىياپەت بېرىپتۇ.

باغقا يېقىن بىر تاغنىڭ باغرىدا بىر كىيىك ياشايدىكەن. ئۇ، قاغا، چاشقان ۋە تاشپاقىنىڭ ئىناق دوستلاردىن بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، قاغىنىڭ ماكانىغا قاراپ يول ئاپتۇ. كىيىك قاغىنىڭ بېغىغا كەلگەندە ھەممىسى ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئاپتۇ. قاغا داستىخان راسلاپ كىيىكنى مېھمان قىلغاندىن كېيىن، پاراڭغا چۈشۈپتۇ. كىيىك قاغىغا: — سىز، چاشقان ۋە تاشپاقا بىر - بىرىڭلار ئوخشىمساڭلار نېمە ئۈچۈن مۇنداق ئىناق ئۆتتۈۋاتقانلىقىڭلارنىڭ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدىم، — دەپتۇ.

قاغا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى كىيىككە بىر - بىرلەپ ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ. ئاندىن كىيىكمۇ ئۇلار بىلەن دوست بولماقچى بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى كىيىك بىلەن قول ئېلىشىپ، ۋاپادار دوستلاردىن بولۇشقا ۋەدە بېرىپتۇ. كىيىكنى تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا كاتتى ئىلتىپات كۆرسىتىپتۇ. شۇ پەيتتە دانە كەپتەرلەرنىمۇ ئەسلەپتۇ. قاغا دانەدىن كەپتەرلەرگە بىر پارچە خەت يېزىپ بېرىشنى دانەدىن ئۆتۈنۈپتۇ. دانە خۇشاللىق بىلەن خەت يېزىپ، ئۇنى قاغىنىڭ ئۇڭ پۇتىغا باغلاپ، ئاق يول تىلەپ، ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. قاغا كەپتەرلەرنىڭ ماكانىغا كېلىپ خەتنى تاپشۇرۇپتۇ. كەپتەرلەر خەتنى ئوقۇپ كۆرۈپ، قاغا بىلەن بىللە ئۇچۇپ باغقا كېلىپ، دوستلار كۆرۈشۈپ، ھال سورۇشۇپ، قىزغىن سۆھبەتكە چۈشۈپتۇ.

بىر چاغدا كىيىك سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ئۇزۇنغىچە قايتىپ كەلمەپتۇ. دوستلىرى كىيىكتىن ئەنسىرەشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدا كۆكچى قاغىغا:

— كىيىك بىرەر چاتاققا يولۇققان بولسا كېرەك، سىز بېرىپ ئىزدەپ بېقىڭ، — دەپتۇ. قاغا كىيىكنى كۆپ ئىزدەپ تاپالماپتۇ. ئاخىر نېمە قىلىشنى بىلمەي قايتىپ كېلىۋاتقاندا، بىر يەرگە كۆزى چۈشۈپتۇ. قارىسا، بىچارە كىيىك ئوۋچىنىڭ قىلتاقىغا پۇتىدىن ئېلىنىپ ياتقانىكەن. شۇنىڭ بىلەن قاغا تېزدىن ئۇچۇپ كېلىپ، دوستلىرىنى بۇ ۋەقەدىن خەۋەردار قىپتۇ.

كۆكچى مەسلىھەت بېرىپ:

— قاغا باي، سەن چاشقاننى چاڭگىلىڭغا قىسىپ ئېلىپ بار، چاشقان قىلتاقنى بۇزۇپ تاشلىسۇن — دەپتۇ.

بۇ گەپ ھەممىگە خۇشياقىپتۇ. قاغا چاشقاننى چاڭگىلىغا ئېلىپ ئۇچۇپتۇ، ئارقىسىدىن كۆكچىمۇ ئۇچۇپتۇ. بۇلارغا تاشپاقىمۇ ئەگىشىپ يولغا چىقىپتۇ. كۆكچى تاشپاقىغا «سەن بارما» دېسىمۇ ئۇنىماپتۇ. قاغا چاشقاننى كىيىك قىلتاققا چۈشكەن جايغا ئېلىپ بېرىپتۇ. چاشقان كىيىكنىڭ پۇتىدىكى قىلتاقنى قىرقىشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا كۆكچى:

— دوستۇم دانە، كىيىكنىڭ پۇتىدىكى قىلتاقنىڭ ھەممىسىنى قىرقىۋەتمە، بىرنەچچە تالانى قالدۇرۇپ قوي. چۈنكى بۇ ئىشتا ئوۋچى بىزدىن گۇمان قىلىپ، بىزگە زەرەر يەتكۈزمىسۇن. ئوۋچى كەلگەن ھامان كىيىك بىر زورىقىپ تارتسا ئۈزۈلۈپ كېتىدىغان بولسۇن، — دەپتۇ.

دانە كۆكچىنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ، ئۈچ تالانىلا قالدۇرۇپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاغا چاشقاننى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن كەپتەر ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار باغقا يېنىپ كېلىپ، قاغا چاشقاننى ئاستا يەرگە چۈشۈرۈپتۇ.

ئوۋچى قىلتاققا ئېلىنغان كىيىكنى كۆرۈپ، خوش بولۇپ يۈگۈرۈپ كەلگەنىكەن، كىيىك بىر چىڭقاپ تارتىشى بىلەن قىلتاقنى ئۈزۈپ قېچىپتۇ. ئوۋچى ئۈمىدسىزلىنىپ، قىلتاقنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، پايپاسلاپ كېلىۋاتقان تاشپاقىنى كۆرۈپ قېلىپ، تۇتۇۋېلىپ خۇرجۇنىغا سېلىۋاپتۇ. كىيىكمۇ قاغىنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپتۇ. دوستلار قارىسا، تاشپاقا يوق ئىمىش، شۇ چاغدا كۆكچى:

— مەن ئۇنىڭغا بارمىغىن دېسەم زادى ئۇنىمىغانىدى. ئەمدى قاغا سەن بېرىپ، تېپىپ كەل! — دەپتۇ.

قاغا كىيىك قىلتاققا چۈشكەن يەرگە بېرىپ قارىسا، ئوۋچى تاشپاقىنى خۇرجۇنىغا سېلىپ، ئاغزىنى مەھكەم بوغۇپ ئېلىپ كېتىۋاتقان ئىكەن. دەرھال كېلىپ دوستلىرىغا خەۋەر قىلىپتۇ. كۆكچى يەنە ئاجايىپ بىر مەسلىھەت بېرىپتۇ. دوستلار كۆكچىنىڭ مەسلىھەتىنى ماقۇل تېپىپتۇ. قاغا چاشقاننى ئېلىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. كىيىك يالغاندىن توكۇر بولۇپ ئوۋچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قېچىپتۇ. ئوۋچى كىيىكنى كۆرۈپ «قىلتاقنى ئۈزۈپ قاچقان چاغدا پۇتى سۇنۇپ، چولاق بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ئەمدى ئۇنى تۇتۇۋالىمەن» دەپ ئويلاپ كىيىكنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېتىپتۇ. كىيىكمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ئاقساقلاپ قېچىۋېرىپتۇ. ئوۋچى قوغلاۋېرىپ بەك ھېرىپ كېتىپ، مۈرىسىدىكى خۇرجۇننى يەرگە قويۇپ كىيىكنىڭ كەينىدىن راسا قوغلاپتۇ. شۇ چاغدا قاغا چاشقاننى خۇرجۇننىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. چاشقان خۇرجۇننى تېشىپ، تاشپاقىنى قۇتۇلدۇرۇپتۇ. تاشپاقا بىر يوغان تاشنىڭ تېگىگە كىرىپ يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. قاغا چاشقاننى باغقا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. ئاندىن كىيىكنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئىش پۈتتى، ئەمدى قاچ!» دەپتۇ. كىيىك قېچىپ كېتىپتۇ. ئوۋچى كىيىكنىڭ چاڭ توپىسىغىمۇ يېتىشەلمەي قاپتۇ. كىيىك بىلەن كەپتەر ئىككىسى قاغىنىڭ

بىغىغا يىتىپ بىرىپتۇ. دوستلار خۇشال ـ خورام بولۇشۇپ دوستلۇقنىڭ ھالاۋىتىدىن بەھرىمەن بولۇشۇپتۇ. شۇ باغدا خاتىرجەم ھايات كەچۇرۇپتۇ.

# مەلىكە بىر مىسقال

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ئەخمەت ئىسىملىك يالغۇز ئوغلى بولغانىكەن. ئەخمەت راھەت ـ پاراغەتتە ئۆسۈپ چوڭ بوپتۇ. كۈنلەردىن بىركۈنى ئۇ چۈشىدە گۈزەل بىر مەلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ، ئەخمەت ھىچكىمگە ئارىلاشمايدىغان، ھىچنىمە يىمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ:

«كىمكى ئوغلۇمنى سۆزلىتەلىسە، بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بىرىمەن» دەپ پەرمان چىقىرىپتۇ. بىركۈنى بىر قىرى كەمپىر كىلىپ، ئەخمەتكە بىرنىمىلەرنى دەپ، ئەخمەتنى سۆزلىتىپتۇ. ئاندىن سۆيۈنچى ئالغىلى پادىشاھنىڭ ئالدىغا بىرىپ:

— سۆيۈنچى بەرسىلە پادىشاھىم، ئوغۇللىرى گەپ قىلدى. ئۇ مەلىكە بىر مىسقال ئىسىملىك بىر قىزغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. «ئاتام مىنى ئوغلۇم دىسە، شۇ قىزغا ئۆيلەپ قويسۇن، بولمىسا باشقا ياققا كىتىمەن —، دەۋاتىدۇ دەپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— مەلىكە بىر مىسقالنىڭ ئاتىسى بەك پىخسىق. ئۇنداق ئادەم بىلەن قۇدىلاشمايمەن بىرىپ ئىيت، ئەگەر مەلىكە بىر مىسقالنى دىسە، ئۇنداق ئوغۇلدىن كىچىمەن، — دەپتۇ.

ئەخمەت بۇنى ئاڭلاپ، پەرىشان بولۇپ، شەھەردىن چىقىپ كىچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، بىر تاغنىڭ باغرىغا كەلگەندە، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان بىر كىشىگە ئۇچراپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دەپ سالام قىلىپتۇ ئەخمەت.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كەل ئىنىم، نىمە ۋەجىدىن بۇ يەرگە كەلدىڭ، قەيەردىن چىقىپ، قەيەرگە كىتىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي بوۋا، مىنىڭ ئىسىمىم ئەخمەت، پادىشاھنىڭ ئوغلىمەن. مەلىكە بىر مىسقال ئىسىملىك بىر نازىنىنغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ قالدىم. بۇ سىرنى قىرى كەمپىر ئارقىلىق ئاتامغا بىلدۈردۈم. ئاتام مەندىن نارازى بولۇپ، ئاتا ـ بالىلىقتىن تاندى. مەن داۋانلار ئىشىپ بۇ يەرگە كەلدىم. نەگە بىرىپ، نەدە تۇرۇشۇمنى ئۇقمايمەن، — دەپتۇ ئەخمەت.

— مىنىڭ ئىسىمىمۇ ئەخمەت لەقىمىم ئويچى، پال ئىچىپ بۇ دۇنيادىكى سىرلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىمەن، — ھىلقى كىشى شۇنداق دەپ پال ئاچقاندىن كىيىن:

— ئەخمەت، بىرئاز توختاپ تۇرايلى، ھازىر بىزگە يەنە بىر ئادەم كىلىپ قوشۇلىدۇ، — دەپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىرى كىلىپ ئۇلار بىلەن سالاملىشىپتۇ. سالام ـ سائەتتىن كىيىن ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ:

— مىنىڭ ئىسىمىمۇ ئەخمەت، لەقىمىم يەكپا[1]، دەپتۇ. ئۇمۇ ئەخمەتنىڭ ئەھۋالىغا ئىچىنىپ ياردەم بەرمەكچى بولۇپتۇ. ئەخمەت ئوۋچى يەنە پال ئىچىپ، يەنە بىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئىيتىپتۇ. دىگەندەك بىردەمدىن كىيىن يە بىرى كىلىپ ئۇلارغا قوشۇلۇپتۇ. سالام ـ سائەتتىن كىيىن،

---

① ھەرقەدەمدە بىر كىچە ـ كۈندۈزلۈك يولنى ماڭىدىغان كىشى (ت)

يېڭى مېھمان:

— ئەي بۇرادەرلەر، مېنىڭ ئىسمىمۇ ئەخمەت، لەقىمىم تاغ ئاتار سالمىچى. — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاكا ـ ئۇكا بولۇشۇپتۇ. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ مەلىكە بىر مىسقالنىڭ يۇرتىغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئەخمەت يەكپا ئۇلارنى يۇدۇپ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە مەلىكە بىر مىسقالنىڭ يۇرتىغا كەپتۇ.

.. ئۇلار شەھەرگە كىرىپ، مەلىكە بىر مىسقالغا ئۆيلەنمەكچى بولغان نۇرغۇن شاھ ـ شاھزادىلەرنىڭ جېنىدىن جۇدا بولغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. پادىشاھنىڭ پايلاقچىلىرى بۇلاردىن كىملىكىنى سوراپتۇ. ئەخمەت يەكپا مەلىكە بىر مىسقالغا توي تارتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. پادشاھ بۇنى ئاڭلاپ: «ئۇلار ئەقلىدىن ئازغان مۇساپىرلار ئوخشايدۇ، بۇلار بىلەن بىكار ۋاقتنى ئىسراپ قىلماي، قېنىغىمۇ زامىن بولماي، قايتىپ كەلمەيدىغان قىلىپ كەتكۈزۈۋېتەي» دەپ ئويلاپ، ئوردا خىزمەتچىسىگە:

— ئۇلارغا ئېيت شەھەرنىڭ چېتىدىكى تاغنىڭ غارىدا بىر ئەجدىھا ياشايدۇ. شۇ مەخلۇق ھەر يىلى يۇرتىمىزغا كۆپ زۇلۇم سالىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرەلىسە قىزىمنى بېرىشكە رازىمەن، — دەپتۇ. ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ ماقۇل بولۇپتۇ ۋە پادىشاھنى تاماشا كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىشىپتۇ. پادشاھ بىر مۇنچە ساراي ئەھلى بىلەن تاغ باغرىغا كەپتۇ. شۇ چاغدا ئەخمەت سالمىچى تاغنىڭ بىر تەرىپىنى سالمىسىغا جايلاپ ئېلىپ ئەجدىھانىڭ غارىغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. ئەجدىھا ياشاۋاتقان تاغ كۆكۈم تالقان بوپتۇ. پادشاھ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قاپتۇ. بۇلاردىن قۇتۇلالماسلىقىغا كۆزى يەتكەن شاھ مەلىكە بىر مىسقالنى ئەخمەتكە چوڭ توي ـ تاماشالار بىلەن نىكاھلاپ بېرىپتۇ ۋە نۇرغۇن مال ـ دۇنيا بىلەن يۇرتىغا يولغا ساپتۇ. ئەخمەت يەكپا ھەقەمسايىلىرىنى مەنزىلگە يەتكۈزۈپتۇ. ئەخمەتنىڭ چوڭ دەبدەبە بىلەن كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ئاتىسىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ خۇشال بولۇش ئورنىغا خاپا بولۇپ، ئۇنى يوق قىلىش نىيىتىگە كەپتۇ. زالىم پادىشاھ سارايدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئوتتۇرىغا ئادەم شۇ ھامان ئۆلىدىغان بىر زەھەرلىك مەيە ياسىتىپتۇ. كېيىن ئۆيىگىمۇ زەھەرلەنگەن پاياندار سالدۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا دەسسىگەن كىشى زەھەرلىنىدىكەن، ئەخمەتنى يوق قىلىش ئۈچۈن چايان تاشلىماق بولۇپ، ئۇنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئۆگزىسىدىنمۇ تۆشۈك ئاچتۇرۇپتۇ، بۇ سىرلارنى ئەخمەت ئويچى بىلىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەخمەتنى مەيىگە ئولتۇرغۇزماپتۇ، پاياندازنى دەسسەتمەپتۇ. ئۇلار ئۆيدە ئۇخلاپ ياتقاندا، ئەخمەت ئويچى قىلىچىنى يالىڭاچلاپ تۆشۈككە تۇتۇپتۇ. بىر چاغدا تۆشۈكتىن چۈشكەن چايان قىلىچنىڭ بىسىدا ئىككى پارچە بوپتۇ. شۇ چاغدا چاياننىڭ بىر تامچە زەھىرى ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان مەلىكىنىڭ پېشانىسىغا چۈشۈپتۇ. ئەخمەت ئويچى مەلىكىنىڭ پېشانىسىدىن زەھەرنى سۈرتۈۋاتقاندا ئەخمەت ئويغىنىپ:

— ئەي ئاكا، مەن سىزنى ھەقىقىي ئاكام دەپ يۈرسەم، سىزنىڭ نىيىتىڭىز باشقا ئىكەن، — دەپ رەنجىپتۇ. ئېلاجىسىز قالغان ئەخمەت ئويچى:

— ئەي ئۇكا، ساڭا ئۈچ سىرنى ئېيتىمەن، بىرىنچى سىرنى ئېيتقىنىمدا تىزىمغىچە، ئىككىنچى سىرنى ئېيتقىنىمدا بېلىمگىچە، ئۈچىنچى سىرنى ئېيتقىنىمدا بېشىمغىچە تاش بولۇپ قالىمەن. مېنى تىرىلدۈرمەكچى بولساڭ، كۈن چىقىش تەرەپتە بىر تاغ بار، بۇ يەردىن ئۈچ ئايلىق يول. شۇ تاغنىڭ تېگىدە بىر بۇلاق بار. ئەنە شۇ بۇلاق سۈيىدىن ئېلىپ كېلىپ بېشىمدىن قۇيساڭ، ئۆز ئەسلىمگە كېلىمەن، — دەپلا، ئۈچ سىرنى ئېيتىپ تاشقا ئايلىنىپتۇ. شۇ كېچىسى ئەخمەت يەكپا يولغا چىقىپ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە سۈنى ئېلىپ كەپتۇ ۋە ئەخمەت ئويچىنىڭ بېشىدىن قۇيۇپتۇ. ئەخمەت ئويچى يەنە ئۆز ئەسلىگە كېلىپتۇ. توت ئاكا ـ ئۇكا زالىم پادشاھ بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈپتۇ. ئورنىغا ئەخمەتنى پادشاھ قىلىپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن يىللار دەۋر سۈرۈپ، مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ.

رەتلىگۈچى: نادىرە رەھىمى

# رىۋايەتلەر

توپلاپ، رەتلىگۈچى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

## قۇلاقنىڭ غوڭۇلدىشى ھەققىدىكى رىۋايەت

قۇلاقنىڭ غوڭۇلدىشى ھەر خىل سەۋەبلەردىن بولىدۇ. ئالايلۇق قان بېسىمى يۇقىرىلاپ قالغاندا، قۇلاققا ھاۋا قاپلىشىپ قالغاندا، ئەمما يەنە بىر خىل غوڭۇلداش بولۇپ، ئادەمگە بىر نەرسىنىڭ يەنە بىر نەرسىگە ئۇرۇلغاندا چىققان ئاۋازىدەك سېزىم بولىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان: جەننەتنىڭ ئالدى تەرىپىدە بىر تۈپ يوغان چىنار دەرىخى بار ئىمىش. ئۇ چىنار دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى بۇ دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ سانى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش ئىمىش. يەنى بۇ دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ياش - قورامىغا مۇناسىپ ھالدا يوپۇرماق بولارمىش. مۇبادا بۇ دۇنيادىكى ئادەملەر ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆلۈپ كەتسە، شۇنىڭغا ماس ھالدا، شۇ ئادەمگە ۋەكىللىك قىلىدىغان يوپۇرماق چىنار دەرىخىدىن ئايرىلىپ، پەسكە چۈشەرمىش. يوپۇرماق پەسكە چۈشۈۋاتقان جەرياندا، قايسى يوپۇرماققا تەگسە، شۇ يوپۇرماق ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ قۇلىقى غوڭۇلدارمىش. بۇ، ئىنسانلارنى «ئۆلۈم» دېيىلگەن بىر ھادىسىنىڭ ھامان بارلىقىدىن بىشارەت بېرىپ تۇرغانلىقىمىش. شۇ چاغدا، قۇلىقى غوڭۇلدىغان ئادەم «ئۆلۈمدىن خەۋىرىم بار» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم دەپ قويسا بولارمىش.

## ئايالالارنىڭ چېچىنى تارىغاندا چۈشكەن چاچنى ئوتقا تاشلىماسلىق لازىملىقى ھەققىدىكى رىۋايەت

ياشانغان ئۇيغۇر ئايالالار ئىچىدە ھەر دائىم ساندۇق ياكى بوغجۇمىسىدا ئەتىۋارلاپ ساقلايدىغان بىر بوپچاقى بولىدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ چېچىنى تارىغاندا چۈشكەن چاچلىرىنى تاشلىۋەتمەي ساقلاش جەريانىدا ھاسىل بولغان تۇگۈنچەك ياكى بوپا. چۈشكەن چاچنى ساقلاش ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان ئىكەن: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كىمنىڭ چېچى ئوتقا چۈشسە، ئۇنىڭدىن چىققان ھىد شۇ ئايالنىڭ بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەن باللىرى ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ روھىغا يۇرارمىش، شۇنىڭ بىلەن ئۇ باللارنىڭ روھى ئاپىمىز كەلگەن ئوخشايدۇ. دەپ ئىزدىسە، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ روھى قېرىندىشىمىز كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئىزدەرمىش. شۇڭا ياشانغان ئۇيغۇر ئاياللىرىدا، چۈشكەن چېچىنى چىڭ ساقلاش شۇنىڭدىن قالغانمىش.

## يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ يامراپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت

ھەممىگە مەلۇم، ئىنسانلار ئارىسىدا بەزىدە، جىددىي خاراكتېرلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر پەيدا بولۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خېلى كۆپ ئادەملەر ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان: «ئىنسانلار ئارىسىدا دائىم دېگۈدەك ۋابا خاراكتېرىنى ئالغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر پەيدا بولۇپ، نۇرغۇن ئادەملەر ھاياتىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىكەن. بۇ ھالغا چىدىمىغان ئۇلۇغلاردىن بىرىسى، مۇشۇ سەۋەبلىك ئاللاتائالا بىلەن سۆزلىشىپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپتۇ. ئۇ زات، ئەي قۇدرىتىڭ ئۇلۇغ ئاللا، سەن ئۆزۈڭ ياراتقان بەندىلىرىڭگە ئۆزۈڭ كېسەللىك ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ھاياتىدىن ئايرىغىنىڭنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟ دەپ سوئال سورىغانمىش. ئاللاتائالا، ئۇنىڭغا: ئىنسانلار ئارىسىدا گۇناھ - كىبىر كۆپىيىپ كەتكەندە، ئۇلارغا كېسەللىك ئەۋەتىپ ھاياتىدىن ئايرىپ تۇرىمەن - دېگەنمىش. ھېلىقى ئۇلۇغ زات، ئۇنداق بولسا كىم گۇناھ - كىبىر ئۆتكۈزسە شۇنىلا كېسەلگە گىرىپتار قىلىپ، شۇنىلا ھاياتىدىن ئايرىماي، نېمە ئۈچۈن قارا قويۇق ھەممىسىگە كېسەللىك ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ھاياتىدىن ئايرىۋېتىدىغاندۇرسەن؟ دەپ يەنە سورىغانمىش. ئاللاتائالا بۇنىڭغا جاۋابەن ئۇنى مەلۇم بىر كۈنىنىڭ چۈش مەزگىلى مەھەللىنىڭ چېتىدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ تۇرۇشىنى ئېيتقانمىش. ئۇ زات بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا بېرىپ كۈتۈپتۇ. تۇساتتىن ئۇنى شۇنداق شىرىن ئۇيقۇ تۇتۇپتىكى، ئۇ زات بىر دەمدىلا ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر چاغدا بىر نەرسىنىڭ تەسىرىدىن- چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. قارىغىدەك بولسا، سانسىزلىغان چۈمۈلە ئۇنىڭ ئەتراپىدا مىغىلداپ كېتىپتۇ. ئۇ چۈمۈلىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا ياماشسا، بەزىلىرى ئۇنى چىشلىگىلى تۇرغانمىش. ئۇ زات بۇ ھالدىن ھودۇقۇپ كېتىپ، ئۆزىگە ياماشقانلىكى چۈمۈلىلەرنى قولى بىلە سىيرىپ، يىمرىپ ئۆلتۈرۈشكە باشلىغانمىش. شۇ ئەسنادا ئاللاتائالا: «ھەي بەندەم، نېمە ئۈچۈن چۈمۈلىلەرنى ئۆلتۈرىدىغانسەن؟» دەپ سورىغانمىش. ئۇ زات: «بۇ چۈمۈلىلەر مېنى چىشلەۋاتىدۇ ئەمەسمۇ، شۇڭا مەن ئۇلارنى ئۆلتۈردۈم» دەپ جاۋاب بەرگەنمىش. ئاللاتائالا: «قايسى چۈمۈلە سېنى چىشلىگەن بولسا شۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرمەي، نېمە ئۈچۈن قارا قويۇق ھەممىنى ئۆلتۈرىسەن؟» دەپ سورىغانمىش. ئۇ زات بۇنىڭغا ھېچنېمە دېيەلمىگەنمىش. ئاللاتائالا ئۇ زاتقا: «مېنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا گۇناھ - كىبىر ئېشىپ كەتسە، ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرماي، ھەممىسىگە كېسەللىك ئەۋەتىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىش» دېگەنمىش. «بىرىنىڭ بالاسى مىڭغا» دېگەن سۆز شۇنىڭدىن قالغانمىش.

## يېمەكلىكنى قەدىرلەش ھەققىدىكى رىۋايەت

ئىلگىرى بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇ يۇرتمۇ - يۇرت يۈرۈپ سودىگەرلىك قىلىدىغان بولغاچقا، ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمى تۆگە ئۈستىدە ئۆتىدىكەن، قورسىقى ئاچسا تۆگە بىلەن يول يۈرۈپ كېتىۋېتىپ نان يەپ ماڭىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا يەۋاتقان نېنىدىن ئۇۋاقلار يەرگە چۈشۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدىكەن. ئۇ سودىگەر تۆگىسىنى توختىتىپ، چۈشۈپ كەتكەن نان ئۇۋىقىنى ئىزدەيدىكەن. نان ئۇۋىقىنى تاپالىسا، ئۇنى ئېلىپ سۇغا تاشلايدىكەن، ياكى بولمىسا دەسسەلمەيدىغان جايغا قويۇپ قويىدىكەن. مۇبادا تاپالمىسا نان ئۇۋىقى چۈشۈپ كەتكەن جايغا گۈمبەز ياساپ قويىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇ سودىگەرنىڭ مال - بايلىقى ھېسابسىز كۆپىيىپ، ئۆزى سىغدۇرالمايدىغان دەرىجىگە بارغانمىش. بۇنىڭغا ھېچبىر ئامال قىلالمىغان سودىگەر ئاخىرى پالچىنىڭ ئالدىغا بارغانمىش. پالچى ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا ئۇچۇر كۆرگەندىن كېيىن، ئاخىرى سودىگەرگە: «سىز مال - بايلىقىڭىزنى ئازايتىمەن دەيدىكەنسىز، سىز ئۆزىڭىز سالغان

گۈمبەزلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇزۇۋېتىڭ» دېگەنمىش.

## كاككۇك بىلەن سېغىزخان ھەققىدىكى رىۋايەت

كاككۇك بىلەن سېغىزخان ھەممە ئادەمگە تونۇشلۇق بولغان قۇشلار. كاككۇك كۈزدە جەنۇبقا بېرىپ، قىشنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، باھاردا قايتىپ كېلىدىغان پەسىللىك قۇش. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پەسىللىك قۇشلار جەنۇبقا قىشنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ماڭغاندا تاغلار، باغلار، چۆللەر ۋە دېڭىز - ئوكيانلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن. ئۇلار تاغلار، باغلار ۋە چۆللەردىن ئۇچۇپ ئۆتۈش جەريانىدا، ھېرىپ قالسا مۇۋاپىق جاينى تاللاپ دەم ئېلىپ، قورسىقى ئاچسا ئوزۇقلۇق تېپىپ يەپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرىدىكەن. بىراق دېڭىز - ئوكيانلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە، دەم ئېلىشقا ۋە قوسىقىنى تويغۇزۇشقا ئىمكانىيەت بولمايدىكەن. سەللا بىخەستەلىك قىلسا دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىپ، ھالاك بولىدىكەن. شۇڭا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يىراق مەنزىلگە قاراپ، داۋاملىق ئۇچۇشقا توغرا كېلىدىكەن. باشقا قۇشلار بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلەيدىكەن، بىراق كاككۇك بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەسمىش. شۇڭا كاككۇك قانداق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئويلىنىپ، قاتتىق غەمگە پېتىپ تۇرغاندا سېغىزخان كېلىپ، كاككۇكنى دۈمبىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ، دېڭىز - ئوكيانلاردىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، مەنزىلگە يەتكۈزۈپ قويارمىش. بۇ ئەھۋال تا ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانمىش.

## سۆزە ھەققىدىكى رىۋايەت

سۆزە دائىم سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭ بويلىرىدا ئۆسىدۇ. ئۇ يېڭى ئۆسۈپ چىققاندا جۇۋاۋا ياكى چۆچۈرە تۈگۈپ يېسە شۇنچىلىك مەززىلىك ۋە سىڭىشلىك بولىدۇ ھەم مەيدە ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى بەلگىلىك ۋاقىتتا ئۈزۈپ ئېلىپ، پاكىزە تازىلاپ قۇرۇتۇپ قوم شېكەر ياكى ناۋات بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قىيام قىلىپ ئىستېمال قىلسا، مەيدە - ئاشقازانغا بەكمۇ پايدىلىق. ئۇنىڭ «يالپۇز» دېيىلىدىغان يەنە بىر نامىمۇ بار. شۇڭا شائىرلار «ئۆستەڭ بويىدا يالپۇز، يالپۇزنىڭ شېخى يالغۇز» دەپ قوشاقلارغا قېتىشقان.

سۆزە — يالپۇزنىڭ مەيدە ئاغرىقىغا شىپا بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان: بىر يۇرتتا بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ئادەمنىڭ مەيدىسى ئاغرىپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئاغرىق كۈچىيىشكە باشلاپتۇ. ئۇ ئادەم ئاغرىقنىڭ دەستىدىن كۆرۈنمىگەن تېۋىپ، يېمىگەن دورا قالماپتۇ. ئەمما ئاغرىق پەسەيمەپتۇ. ئۇ ئادەم، ئۆزىنىڭ شۇ ئاغرىق بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئوغلىنى چاقىرىپتۇ ۋە ئوغلىغا — ئوغلۇم مەن بۇ ئاغرىقنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتتىم. مۇبادا مەن ئۆلۈپ كەتسەم، مەيدەمنى ئېچىپ مېنى قاتتىق ئازابلىغان ۋە جېنىمغا زامىن بولغان نەرسىنى ئىزدەپ باق، — دەپ ۋەسىيەت قىلىپتۇ. ئۇ ئادەم ئاخىر ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئوغلى ۋەسىيەت بويىچە ئاتىسىنىڭ مەيدىسىنى يېرىپ كۆرسە، ئۇ يەردە مۇشتىنىڭ چوڭلۇقىدا قارا رەڭلىك قاتتىق بىر نەرسە تۇرغانمىش. ئۇ بالا ھېلىقى نەرسىنى ئېلىپ قويۇپ، ئالدى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ ئاندىن، ئاتىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ھېلىقى نەرسىنى تېۋىپقا كۆرسىتىپ بېقىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. ئۇ تېۋىپقا بارار يولدا بىر ئۆستەڭدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن. ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا،

ئۇ بالا ئۈستەڭ بويىدا بىر دەم ئارام ئېلىپ ماڭماقچى بولۇپ توختاپتۇ ھەم قولىدىكى ھېلىقى نەرسىنى ئۈستەڭ بويىدىكى چۆپلۈككە قويۇپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، سۇدىن قانغىچە ئىچىپ، ھاردۇقىنى چىقىرىپتۇ. يەنە يولىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ھېلىقى نەرسىنى ئېلىۋالماقچى بولۇپ قارىسا ھېلىقى نەرسە يوق تۇرغان. پەقەت ھېلىقى نەرسىنى قويغان ئورۇندا بىر نەرسىنىڭ ئېرىگەن ئىزى قېپقالغان. ئۇ ئوغۇل بۇنىڭغا قاتتىق ھەيران بوپتۇ ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئېرىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەپتۇ. ئەسلىدە ئۇ نەرسىنى سۈزە - يالپۇزنىڭ ئۈستىگە قويغان ئىكەن. ئۇ ئوغۇل ئاتىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان نەرسىنى سۈزە - يالپۇزنىڭ ئېرىتىۋەتكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ھەي ئىست! بۇنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، ئاتامنىڭ كېسىلىنى ساقايتىۋالغان بولاتتۇقكەن - دەپ ئۆكۈنگەنىمىش. سۈزە - يالپۇزنىڭ مەيدا ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغانلىقىمۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ بىلىنگەنىمىش.

## قوڭغۇزنى يىراققا كەتكۈزۈۋېتىش ھەققىدىكى رىۋايەت

قوڭغۇز قاسىراقلىق ھاشارەت. گەرچە ئۇنىڭ ئىنسانلارغا ھېچقانداق زەرىرى بولمىسىمۇ، ئۇ ئىنتايىن يىرىك بولغاچقا، ئۇ، ئادەم بەدىنىنى چىقىۋالسا ئادەملەر ئىنتايىن ئارامسىزلىق ھېس قىلىدۇ. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەي دېسە، ئادەملەرگە ھېچقانداق زىيان سالمىغان، شۇڭا يىراق كەتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ: «ئۈچ يىرىم كۈندە كەلگىن» دەپ تاشلىۋېتىش لازىمىمىش. شۇنداق دېيىلىپ تاشلانغان قوڭغۇز بىر يۇنۇلۇشكە قاراپ تولۇق ئۈچ كۈن ماڭارمىش. قالغان يېرىم كۈننىڭ ۋاقتىنى بىلەلمەي (يېرىم كۈننىڭ ئېنىق چېكىرىسىنى بىلەلمەي) چۆگىلەپ قالارمىش. بۇ خىل ئادەتنىڭ ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كېلىشى شۇ سەۋەبتىن ئىمىش.

## بوۋاق باللارنى ئات - ئۇلاقلارغا مىنگۈزۈشتىن ئىلگىرى قويغا مىنگۈزۈش لازىملىقى ھەققىدىكى رىۋايەت

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن چىراي گۈزەللىكىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە چىراي گۈزەللىكىدە چىش گۈزەللىكىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن. ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئات - ئۇلاقلارنى قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلگەن. ئۇلار ھاياتلىق پائالىيىتىدە دائىم ئات - ئۇلاقلارغا تايىنىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغاچقا، كىچىك باللارنىمۇ ئۇلىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى، ياكى بولمىسا باللىرىغا كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئات - ئۇلاقلارنى باشقۇرۇش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ماھارىتىنى ئۆگىتىشكە توغرا كېلەتتى. ئۇيغۇرلاردا ئادەم بالىسى تۇغۇلغاندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم قايسى خىل ھايۋان بىلەن ئۇچراشسا (مىنسە) ئۇ بالىنىڭ چىشى چىققاندا، ئۇنىڭ چىشى ئۇ تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان ھايۋاننىڭ چىشىغا تارتىدۇ - دەيدىغان قاراش بار. شۇڭا، ئۇيغۇرلار باللىرى تۇغۇلۇپ، تۇنجى قېتىم ئات - ئۇلاقلار بىلەن ئۇچرىشىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا، ئالدى بىلەن قوي ياكى پاقلانغا بىرنەچچە قېتىم مىنگۈزۈۋېتىپ ئاندىن ئات - ئۇلاغلار بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: دۇگامەت زوردۇن ئاكا، غېنى مەينەم، ئابلەت ئەخمەت، ئابلەت توختى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# بېيت - قوشاقلار

رەتلىگۈچى: ياسىن زىلال

ئون قولۇڭدا ئون ئۈزۈك،
ئۈنلىسى ياقۇت كۆز.
دۈشمەن قىلسا قۇرۇق سۆز،
ئايرىلمايلى خۇمار كۆز.

راۋابىمنىڭ تارىسىنى
چوقۇۋالدى تومۇچۇق.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
سىز چىرايلىق، مەن ئوچۇق.

راۋابىڭنى ئالساڭچۇ،
بىرىپ چۆللەردە چالساڭچۇ.
دەردىڭنى تولا تارتتىم،
مېنى قوينىڭغا ئالساڭچۇ.

ئۈنچىنى مارجانغا قوشتۇم،
تەسۋىيىم تولغايمۇ دەپ.
چىن كۆڭۈلنى ساڭا بەردىم،
ئاشنا بولغايمۇ دەپ.

ئاللا-ئاللا روزىلەم،
قوينىڭ بالىسى قوزىلەم.
ئاللا-ئاللا روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

روزىلەم دەيمۇ سېنى،
قوزىلەم دەيمۇ سېنى.
باغدا باققان پاقلىنىمدەك،
ئۆلتۈرۈپ يەيمۇ سېنى.

دۇتارنى ئېلىپ قويۇپ،
پەدىسى يوق چالمىدىم.
ئۆز ئانامنىڭ يوقىدىن،
روزىلەمنى ئالمىدىم.

روزىلەم ئوبدان بالا.
شاتاۋاردا كۆينىكى.
بىرگە سوققان ئەمەسمۇ،
ئىككىمىزنىڭ يۈرىكى.

روزىلەمنىڭ ھويلىسى،
چوقچىدىكى كەڭلىكتە.
روز لەمگە كۆيدۇم دەپ،
ئەمدى قالدىم تەڭلىكتە.

باغ ئىكەنۇ - باغ ئىكەن.
ئەنجان تاملىق باغ ئىكەن.
روزىلەمنى ماڭا بەرسە،
بويى بويۇمغا چاغ ئىكەن.

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى
تاپالمىدىم، ساپالمىدىم.
روزىلەمنىڭ دەردىدە،
تولغىنىپ ياتالمىدىم.

سۇغا چىقتىم كۆلچەككە،
كۆزۈم چۈشتى ئۆدەككە.
ئۆمرۈم بويى كۆيمەسمەن،
روزىلەمدىن بۆلەككە.

يوقىرىدىن كەلگەنسەن،
جىگدىگە يۆلەنگەنسەن.
مېنى قىيناپ روزىلەم،
نېمىشقا تۈرەلگەنسەن.

روزىلەمنىڭ ئۆيىگە،
كۈندە بارغۇم كېلىدۇ.
روزىلەمنى گۈل قىلىپ،
قىسۋالغىم كېلىدۇ.

ئايمۇ چىقىپ ئۆرلەيدۇ،
كۈنمۇ چىقىپ ئۆرلەيدۇ.
مېنىڭ تارتقان دەردىمنى
خەلقئالەم بىلمەيدۇ.

روزىلەمنىڭ مەلىسى
ئىگىز يارنىڭ بويىدا.
ھەيران قالار خالايىق،
ئىككىمىزنىڭ تويىغا.

ئانامدىن رازىلىق ئالدىم،
دادامدىن رازىلىق ئالدىم.
سېنىڭ ئىشقى پىراقىڭدا،
گويا گۈلخان بولۇپ ياندىم.

يۈزۈڭدىن ئاي خىجالەتتە،
لېۋىڭدىن غۇنچە ھەيرانە.
ھۆسنۈڭگە قوياش مەپتۇن،
مەن دەردىڭدە ۋايرانە.

شىمۇ ـ شەگە داك كەتكەن،
گۈلئايىم سەن چىرايلىق.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالسام،
بىلىۋاپتۇ خالايىق.

ھاۋامۇ، ھاۋامدۇ،
دەردكە غەم داۋامدۇ؟
قىز ئۆچۈن يىگىت ئۆلمەك،
شەرىئەتتە داۋامدۇ؟

يارىمنىڭ ئېتى ئايىم،
گەپ ـ سۆزلىرى مۇلايىم.
گۈل قىلىپ قىساي دەيمەن،
نىسىپ قىلسا خۇدايىم.

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
شاختا مەي بولۇپ پىشقان.
يارىم بىلەن ئىككىمىز،
باغ ئىچىدە تونۇشقان.

ئالما بەرمىدىڭ دېيسەن،
بەرسەم كىم بىلەن يېيسەن.
كۆيۈك ئوتى يامانكەن،
تاشلىۋەتسەم يىغلايسەن.

ئاتۇشنىڭ ھاۋاسىدا
ئەنجۈر، ئانار تەمى بار.
مەن كۆيگەن ئەشۇ قىزنىڭ
ھەممە ئىشتا پەمى بار.

ھارغاندا نېمە ياخشى،
خۇش نەغمە ـ ناۋا ياخشى.
ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ
دەردىگە داۋا ياخشى.

يارنىڭ ئېتى رەيھانمۇ،
چېچى سۇمبۇل بوستانمۇ؟
سۆزلىرى ئەجەب تاتلىق،
ھەسەل ـ ناۋات قوشقانمۇ؟

شېرىن ـ شېكەر ئالمىنى
چىنە تەخسىگە ئالدىڭىز.
ئىچىمدىكى بۇ ئوتنى
قانداق چاغدا سالدىڭىز؟

يارىمنى كەپتەر دېسە،
ئالدىرايمەن كۆرگۈچە.
يارىم مېنى يارىم دېسە،
تاشلىمايمەن ئۆلگۈچە.

ئاتۇشۇڭنىڭ يولىغا
جىرىم قويدۇم بويىغا.
خۇدايىم سېلىپ قويدى،
قەلەم قاشنىڭ كويىغا.

كېچىمۇ كېچە بولسا،
كۈندۈزمۇ كېچە بولسا.
ئىككى يار تېپىشقاندا،
تاڭ ئاتمىس كېچە بولسا.

كۆيۈپ قالدىم قوي كۆزگە،
قوي كۆزنىڭ گېپى ئۆزگە.
قانداق قىلىمىز ئەمدى،
ئوتتۇردىكى گەپ ـ سۆزگە.

ياخشى يارنىڭ يارىمەن،
كۆڭلىدىكى بالىمەن.
مېنى سۆيگەن شۇ يارنىڭ
مەڭزىدىكى خالىمەن.

ئۆزۈم پىشتى بېغىمدا،
ئەنجۈر پىشتى بېغىمدا!
ئايگۈل بىلەن كۆيۈشكەن،
قوشنا بولغان چېغىمدا.

يارنىڭ كۆڭلىكى ئەتلەس،
يارىشىپتۇ بويىغا.
خۇدايىم سېلىپ قويدى،
قارا قاشنىڭ كويىغا.

يۇقىرى بېرىشىم بار،
ناخشا ئېيتىپ يېنىشىم بار.
ئۆزگە يارنى كۆرگەندە،
مېنىڭ نېمە ئىشىم بار.

قىزىلگۈل بولۇپ كەلدىم،
چىكەڭگە تېگىۋالغىن.
باغدا بىللە ئوينايلى،
ئاززۇغا قېنىۋالغىن.

ئاللا خالىدىم،
بىلەمسەن ئۆزۈڭ.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن،
ناۋاتتەك سۆزۈڭ.

كېيىۋاپسەن خالىدىم،
مارجان بۆكۈڭنى.
يۈرىكىم سوقتى خالىدىم،
ئاڭلاپ كۈلكەڭنى.

يارىشىپتۇ خالىدىم،
سۇمبۇل چاچلىرىڭ.
تارتىۋالدى مەيلىمنى
قەلەم قاشلىرىڭ.

ھويلاڭغا ھەرخىل
گۈللەر تېرىۋاپسەن.
قوللىرىڭغا خالىدىم،
خېنە يېقىۋاپسەن.

ئالدىڭدىن قاراپ،
قېشىڭغا كۆيدۈم.
ئارقاڭدىن قاراپ،
چېچىڭغا كۆيدۈم.

ئويلاپ باققىن: بىز باشتا،
نېمە ـ نېمە دېيىشكەن؟
«ئالىمەن» ، «تېگىمەن» دەپ
ۋەدە بېرىشكەن.

خالىدىم ساڭا
كۆيگىنىم كۆيگەن.
باشتا سۆيگەن لەۋلىرىڭگە
سۆيگىنىم سۆيگەن.

پىشايۋاندا ئولتۇرسام،
كىم ئۆگزىدىن ئېڭىشكەن.
بۇ دۇنيادا ـ بارمىدۇ،
زىۋەدەمدەك كېلىشكەن.

تاغقا چىقتىم تاياقسىز،
باغقا كىردىم ئالمىسىز.
بىر گېپىم بار زىۋەدەم،
بىر قايرىلىپ قارامسىز.

يانتاق چىپىپ شورلۇقتا،
بىرىپ ئالدىم تاپانىنى.
ئارتىپ ئالدىم ئۆشنەمگە،
بەش يىل كەيگەن چاپانىنى.

ئىگىز تاغقا چىققۇچە،
لايغا پاتتىم تىزغىچە.
زىۋدەم دەپ ياشايمەن،
جان تېنىمدىن سىزغىچە.

ئاللا ئاتىنىڭ قاشقىسى،
قارا ئاتنىڭ قاشقىسى.
يۈرىكىمگە پاتمىدى،
زىۋدەمدىن باشقىسى.

ئۆرۈكلەر چېچەكلەپتۇ،
شاخ - شېخىدا ھۆپپىدە.
يىقىن بارسام زىۋدەم،
پۇراپ كەتتى گۈپپىدە.

كىچە - كۈندۈز زىۋدەم،
بولدۇم ساڭا دىلخۇمار.
كۆز تەگمىسۇن بويۇڭغا،
ئىپسۇالغىن تىل تۇمار.

يارىم بارۇ - يارىم بار،
يانچۇقۇمدا قەنتىم بار.
سەن يارىم قارا كۆزدىن،
ئايرىلماسقا شەرتىم بار.

دەريا بويى بىدىلىك،
تۆت ئەتراپى سىپدىلىك.
ھىچ كىشىگە ئوخشىمىس،
مېنىڭ يارىم مىزىلىك.

ئۆيان ئۆتتۇپ، بۇيان ئۆتتۇپ،
ئالاي كۆڭلۈكنى.
سىنىڭ ئۈچۈن ئاتاپ قويدۇم،
پۈتكۈل ئۆمرۈمنى.

ئۇ مەلىدىن بۇ
يولى بارمىكىن.
يار ئاغرىقى بولۇپ قالدىم،
دورا بارمىكىن.

ياخشى يارنىڭ ئۆتى قىلدى،
باغرىمنى كاۋاپ.
ئىشق ئوتىدا ئۆلۈپ كەتسەم،
بولامدۇ ساۋاب.

ياخشى يارغا يېتەلمىدىم،
ئەمدى نىمەيمەن.
بۇ دۇنيادىن يارى - يار دەپ،
ئۆتۈپ كىتەي مەن.

بىزنىڭ باغدا جىنەستە،
تۆكەپ كەتتى يىمەستە.
ئىچىمدە دەرد بەك تولا،
ئۆلاجىم يوق دىمەستە.

جىنەستەيۇ جىنەستە،
بىزنىڭ باغدا جىنەستە.
يارغا ئاتاپ بىغىمدىن،
تىزىپ قويدۇم گۈلدەستە.

جىنەستەيۇ. جىنەستە.
يار ئىگىزدە، مەن بىستە.
يارغا يار كىرەك بولسا،
كۈندە ئالدۇ ئەسكە.

جىنەستە دىگەن بىلەن،
ئىگىلمەيدىكەن پىسكە.
بوگۈن ئاتە كۈن بولدى...
يارنى كۆردۈم بىر پەستە.

يارنىڭ ئىپتى جىنەستە،
مىنى سالدى كۆرمەسكە.
يۈرەكتىكى سىرىمنى
ئۆلاجىم يوق دىمەسكە.

چۆرگۈلۈپمۇ ئويناپسىز،
ئۆرگۈلۈپمۇ ئويناپسىز.
شۇنچە خەقنىڭ ئالدىدا،
كىمگە قاراپ بويماپسىز.

دوتتارىما- دۇتتارىم،
سايرا مېنىڭ دۇتتارىم.
ئالتا كۈنلۈك ئالەم بۇ،
ئويناپ ئاللى يارىم.

ئاللا خالىدىم،
ھامامنىڭ قىزى.
مەن ئالاي دىسەم،
خوش دىگەن ئۆزى.

ئاللا خالىدىم،
بىلەمسەن ئۆزۈڭ.
يۈرىكىمنى كۆيدۈردى،
ناۋاتە سۆزۈڭ،

بېشىڭدىكى رومالدىن،
كىپسۇالاي تۇمارلىق.
كەلگىن يارىم ئويناپلى،
سۆيۈۋالاي خۇمارلىق.

ھاۋادىكى بىر قۇشمەن،
كەلگىن يارىم بىھۇشمەن.
يار قەدرىمنى بىلمەيسەن،
ئالتۇن بىلەن كۈمۈشمەن.

بىغىمدا ئەنجۈرۈم پىشتى،
چىللاپ كەلدىم سەيلىگە.
مىنى يەنە قاخشاتما،
كىرىپ دۈشمەن كەينىگە.

ئىپتىرلىقتا دانلايدۇ،
ئاق كەپتەر بىلەن پاختەك.
كۆڭلۈم سىنى خالايدۇ،
جاھاندا كىشى يوقتەك.

ئىشىك ئالدى ئاق تېرەك،
ھەجەپ قونمايدىكەن قاغا.
بىزگە سالغان بۇ ئۆتنى،
خۇدا سالمايدىكەن يارغا.

ئىشىكىدىن ئۆتكەندە،
پوك-پوك قىلسەن گەپنى.
كۆيۈشكەندە تەڭ كۆيگەن،
بىللە تارتقىلى دەردنى.

ئاق قۇ كەلسە ئىپتۇال،
بۇلبۇل كەلسە سىپتۇال.
سىغىنغاندا كۆرەرسەن،
سۆرىتىمنى ئىپلۇال.

نەقش ئۇيدۇم يۇرەككە،
قىزىلگۇلۇم سۆزۈگدىن.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى
كۆرگەنمىدىڭ كۆزۈمدىن.

ئاق ئەلەم، يېشىل ئەلەم،
يارىنىڭ قېشىدۇر قەلەم.
ھېچ كىشىگە كەلمىسۇن،
ماڭا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم.

يۇرۇڭ يارىم مەن بىلەن،
چىللاپ كەلدىم سەيلىگە.
مېنى ھەرگىز قاخشاتماڭ،
كىرىپ دۇشمەن كەينىگە.

بېلىمدە بار ئاغامچا،
سالدىم سالمىنى ئاتقا.
سەن مېنى يارىم دېسەڭ،
كۆڭۈل بەرمىگىن ياتقا.

ئېتىز بىلەن ماڭغىچە،
قىرى بىلەن ماڭساڭچۇ.
چاپسان كېلىپ ئامرىقىم،
كۆڭلۈمى بىر ئالساڭچۇ.

گۇل بېغىدىن ئاڭلىدىم،
بۇلبۇلنىڭ ناۋاسىنى.
نەدىنمۇ تاپاي ئەمدى،
كۆيۈكنىڭ داۋاسىنى.

ئەلچى قويسام ئاناڭغا،
كىچىك دېيتۇ يېشىڭنى.
كىچىك بولساڭ نېمىشقا
قارا قىلدىڭ قېشىڭنى؟

ئەمدى ئېيتقىن ئاناڭغا،
ئۇگلاپ قويسۇن بېشىڭنى.
يەر تېگىدىن قارايسەن،
چۇشەنمىدىم ئىشىڭنى.

قاشىڭ قارا بولمىسا،
كۆك ئوسمىدا قاشلىغىن.
باشقا خەقلەر خەت تۇتسا،
يىرتىپ ـ يىرتىپ تاشلىغىن.

يۇرىكىم چاكى ـ چاك بولدى،
لېۋىڭدە سۇ ئىچەي يارىم.
ئۆتەر بولۇڭغا بىلش قويۇپ،
ئەجەل يەتسە ئۆلەي يارىم.

دەريادىكى سۇلاقنى،
پالتا ئۇرۇپ تەشكۇم بار.
سەن يارىمنى ئويلىسام،
ئەزىز جاندىن كەچكۇم بار.

ئىشقىڭدا مەجنۇنمەن،
لەيلىدەك نەزەر سالغىن.
ئارام تاپمىدى كۆڭلۈم،
ھالىمدىن خەۋەر ئالغىن.

ئىشك ئالدى باغ يارىم،
باغنىڭ ئىچى گۇل يارىم.
چىدىمايدىكەن يۇرەك،
ئانچە ـ مۇنچە كەل يارىم.

تاغىقىڭىزنى بەرسىڭىز،
چاچلىرىمنى تاراشقا.
رىسىمىڭىزنى بەرسىڭىز،
سېغىنغاندا قاراشقا.

تارىمنىڭ يولى جاڭگال،
جاڭگالدىن ئۆتەي دەيمەن.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
يىراققا كېتەي دەيمەن.

يارىمنىڭ قولى ئۇزۇن،
ئالمىنى ئىگەلەيدۇ.
ئۇزاپ كەتسەم يىراققا،
ئارقامدىن يېتەلەيدۇ.

گۇل تېرىدىم كەلسىلە،
ئوسما تېرىدىم كەلسىلە.
بىر قويۇم ئوسما بېرەي،
بۇرۇتۇمنى قايرىپ سۆيسىلە.

ئۇ مەھەللەڭدىن بۇ مەھەللەڭگە،
كەلدىم سەيلىگە.
مەيلىڭ بولسا يار مېنى،
ياققىن مەيدەڭگە.

ئىشكىڭگە تلش ئاتتىم،
زىنجىر بولسا تەگسۇن دەپ.
نۇرغۇنلىغان بېيت يازدىم،
ئەقلى بولسا بىلسۇن دەپ.

يەكشەنبە بازارىغا .
باردىم يار بىلەن ئاتلىق.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
قىلىقلىرىڭ بەك تاتلىق.

خېتىڭىزنى ئەكېلىڭ،
ئوقۇپ بېرەي پەم بىلەن.
دىلىڭىزنى پاك راستلاپ،
ئەھۋاللىشىڭ مەن بىلەن.

ئېيتمىسامۇ بولمايدۇ،
ئېيتماي كۆڭۈل قويمايدۇ.
سىزگە كۆيگەن يۇرىكىم،
سۆيسەم ھەرگىز قانمايدۇ.

ئالما سۇنسام ئالمىدى،
پۇلنى بەرسەم ئالمىدى.
يۇرىكىمگە ئوت كەتتى،
چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.

ئاتلار ئورۇق، مەنزىل يىراق،
شول مېنىڭ بەختىم.
ئەنبەرخاننىڭ چار بېغىغا
سۇ بولۇپ ئاقتىم.

خۇمار كۆزلۈك شول يارىمنىڭ
ئامۇت بېغى بار.
يېرىپ كۆرۈڭ يۇرىكىمنى،
كۆيگەن دېغى بار.

سەن ئۇچۇن تولا كۆيدۇم،
يۇرەكنىڭ مادارى يوق.
كۆيۈپ ئۆلگەن كىشىنىڭ
ئايرىم بىر مازارى يوق.

چاپان كەيسەڭ ئۇزۇن كەي،
ئاشقىنىنى جۇيازا.
ئىشقىڭدا ئۆلۈپ كەتسەم،
تېپىلارمۇ جىنازا؟

ئاتام مېنى، ئانام مېنى
بىچارە بالام دەيدۇ،
ئاشىق بىلەن مەشۇقنى
شەرىئەت ھالال دەيدۇ.

ئەجەب كۆيىمەن ساڭا،
مېھرىڭ ئاتەش ۋولقانمۇ؟
ئاناڭ سېنى تۇغقاندا،
ئوتقا سېزىڭ بولغانمۇ؟

ئۆيۈڭنىڭ ئالدىدىن ئۆتسەم،
نەزەر كۆزۈڭنى سالمايسەن.
نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى،
كۆيگىنىمنى بىلمەيسەن.

ئۆيىنىڭ ئارقىسى ئورمان،
كۆچەت تىكىپ باغ بولغان.
يارغا تويىملىس يۈرەكلەر،
كىچىك چاغدا داغ بولغان.

قاراپ - قاراپ تويمايمەن،
يارىم سېنىڭ ھۆسنىڭگە.
بېشىمنى قويۇپ ئۆلسەم،
يارىم سېنىڭ كۆكسۈڭگە.

ئىچىڭ پۇشسا پۇشقاندۇ،
ھەسرەت چەكمىگىن يارىم.
سېنىڭدەك بىر لۆمن يارغا
يۈرىكىم كۆيىدۇ دائىم.

ئىشك ئالدىدا ئېرىق،
سۇ باشلاپ كېلەي دەيمەن.
رەنجىمىگىن سۆيگەنگە،
كۆڭلۈڭنى بىلەي دەيمەن.

كەتمەن چېپىپ ئېتىزدا،
ناخشا ئېيتىمەن تولا.
خىيالىم مېنىڭ سەندە،
سەنمۇ سۆيسەڭ نىم بولا؟

خەت كەلمىدى يارىمدىن،
سوراپ بېقىڭ ئامانمۇ؟
ئاشنالىقتا ئىككىمىز،
بىرنى سۆيسەڭ يامانمۇ؟

ئالما تۆۋىگە ئالما كۆمدۈم،
ئالما يارىم بولغايمۇ دەپ.
چىن كۆڭلۈمنى سىلىگە بەردىم،
مېھرىبان بولغايمۇ دەپ.

قاراقاش مېنىڭ يارىم،
باغقا سۇ ئاچاي دەملا؟
چوڭ قىلىپ بىرنى سۆيۈپ،
چوڭ يولغا قاچاي دەملا.

تىرەكتىكى قاغىنى
تۇماق بىلەن ئۇركىتەي.
ئىشەنمىسەڭ كۆيگەنگە،
يۈرەك يېرىپ كۆرسىتەي.

ھېچ بولمىسا ئامرىقىم،
تاشقىرىدىن كۆرۈپ كەت.
مەن چىققاندا ئالدىڭغا،
تارتماستىن سۆيۈپ كەت.

ھاۋالىقتا ھاۋالىق،
ئۆستەڭ بويى ھاۋالىق.
كەلگىن يارىم قىشمىغا،
سۆيۈۋالاي خۇمالىق.

ئاھۇ كۆزلۈك قاراقاش،
كۆيگىنىمنى بىلمەمسەن؟
ئاندا- ساندا كېپ قويۇپ،
بۇ جانىمنى ئالامسەن؟

سېنىڭ ئىشقىڭدا مەن غېرىپ،
كىمگە ئېيتىمەن بىرىپ.
يۈرەك باغرىم پارە - پارە،
كۆرگىن يۈرەكنى يېرىپ.

يارىم سىزگە ئەرزىم بار،
كۆيۈپ قالغان دەردىم بار.
كۆڭلۈمگە ئازار بەرمەڭ،
يۈرىكىمدە دەرزىم بار.

كىچىككىنە يېرىم بار،
كۆمە قوناق تېرىقلىق.
چىرايىمدىن كەتمەيدۇ،
پىراقىڭدا سېرىقلىق.

ساندۇقمۇ ئىتەلەيمەن،
قاسقانمۇ ئېتەلەيمەن.
يارىم تۇرغان ھويلىنى،
مەن ماراپ كېتەلەيمەن.

ئەقلىمدىن تولا ئازدىم،
يارغا ياخشى سۆز تاللاپ.
بىكنە بىلەن تاغ قازدىم،
ھەر جۇملىنى مىسقاللاپ.

ئالما ئاتتىم ھويلاڭغا،
تېرىۋالدىم ئېتەككە.
قاچانغىچە ساقلايدۇ،
سېنى ئاپاڭ كاتەكتە.

شوخلىق جىگدەڭگە چىقسام،
يىرتىلدى چاپانلىرىم.
سىزنى ئىزدەپ يول يۈرۈپ،
تېشىلدى تاپانلىرىم.

يۈرتىڭىزغا كەتكۈچە،
ئوتنى ئېلىڭ قاراكۆز.
ئوتنى ئالماي كەتكىچە،
جاننى ئېلىڭ قاراكۆز.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
ئالما ئاتقان قاراكۆز.
تال چۇنقىدەك ئېگىلىپ،
قاشنى ئاتقان قاراكۆز.

مەن مۇساپىر غېرىبقا
قاراپ قويۇڭ قاراكۆز.
بىرنى سۆيۈپ قويسىڭىز،
ساۋاب بولۇر قاراكۆز.

لەۋلىرى قىزىلگۈلدەك،
گۈلباھارىم يېنىمدا.
ھۆسنى گويا تولۇنئاي،
دىل خۇمارىم يېنىمدا.

باغقا بۇلبۇل كېلىپتۇ،
گۈل بىلەن ئويناشقىلى.
مەن سىزگە تولا كۆيدۈم،
سىردىشىپ مۇڭداشقىلى.

كۆزۈمنى دۈۋەت قىلدىم،
ياشىمنى سىياھ قىلدىم.
سىنىڭدەك مېھرىبان يارغا،
جىنىمنى پىدا قىلدىم.

قىشقەردىن راۋاب ئالدىم،
شوخ پەدىگە چالاي دەپ.
پۇل تېپىپ ئىمدە كەلدىم،
گۈلۈم سىنى ئالاي دەپ.

چوڭ ئۆستەڭگە سۇ كەلدى،
قاينام بولۇپ ئاقمايدۇ.
سەندىن باشقا يار تۇتسام،
مىجەزىمگە ياقمايدۇ.

مەن قۇملۇققا بارمايمەن،
قۇملۇقتا ئىزىم قالغان.
شۇنچە خەق ئارىسدا،
مەن سىزگە كۆيۈپ قالغان.

ناز بىلەن باقتىڭ ماڭا،
ئوتنى كۆپ ياقتىڭ ماڭا.
سۇپسۈزۈك يامغۇر بولۇپ،
شارقىراپ ئاقتىم ساڭا.

يارىم بىلەن چاي ئىچسەم،
جانان چىنەم توشمىدى.
يارىمنىڭ سالغان ئوتى،
ۋۇجۇدۇمدىن ئۆچمىدى.

چۈنەككە ئۇرۇق سالدىم،
ئۈچ تارتىپتۇ پىلەكلەر.
مەن يارىمنى بىر كۆرسەم،
ھەل بولىدۇ تىلەكلەر.

قول ياغلىقىم گۈلگە چۈشتى،
بۇلبۇل كۆتۈرۈپ ئۇچتى.
سەن كۆيەمسەن - كۆيمەمسەن؟
كۆڭلۈم ساڭىلا چۈشتى.

باغدا ئالما پىشىپتۇ،
تار كوچىغا چۈشۈپتۇ.
شۇنچە قىزلار ئىچىدە،
كۆڭلۈم سىزگە چۈشۈپتۇ.

ئاق شىپىدىن كۆڭلىكىڭگە،
توپا قونمىسۇن دەيمەن.
ماڭا كەلگەن دەرد - ئەلەم،
ساڭا كەلمىسۇن دەيمەن.

ئولتۇرۇپلا چىرايلىق،
ئۆي تۆرىدىن جاي ئېلىپ.
كۆڭلۈم تارتىپ كىپ قالدىم،
بىر پىيالە چاي ئېلىپ.

تاغ ئارىلاپ كەلگەن بىز.
گۈل ئارىلاپ ئۆتكەن بىز.
ئاتا - ئانىدىن ئايرىلىپ،
سىلىنى دەپ كەلگەن بىز.

ئالما ئاتتىم تاللىققا،
تالنى ئاچقاندا چىقار.
سەن يارىمنىڭ ئوتلىرى،
جان تالاشقاندا چىقار.

دوڭ ئېتىزنىڭ بېشىدا،
ئاخشام ئورغان ئۇنچە بار.
دوقمۇشتىكى ھويلىدا،
كۈلۈپ تۇرغان غونچە بار.

مىڭ پىچاق سالسا يۈرەككە،
بىر پىچاقچە دەخلى يوق.
جۇملە ئالەم ئىچىدە
ئۆزلىرىدەك ياخشى يوق.

ئوتمۇ سەن، ئاتەشمۇ سەن،
قايدىن تۇتاشتىڭ سەن ماڭا؟!
سالسىكەن پەرۋەردىگار،
مەندىكى ئوتنى ساڭا.

ئاي بىلەن كۈننى ئەۋەتتىم،
ئەلچىلىككە يار ساڭا.
ئايمۇ ياندى، كۈنمۇ ياندى،
ھېچ جاۋاب يوقتۇر ماڭا.

ياخشى كۈننىڭ سائىتىدە
بۇ سۆزۈم يەتسۇن ساڭا.
تاكى ئۆمرۈم ئۆتكۈچە مەن
يارى بولغايمەن ساڭا.

ئاقسىنا قوشقاچ بولۇپ،
قوندۇم دەرىخنىڭ شاخىگە.
ھەر كىشى مەندەك كۆيەرمۇ،
يېڭى تۇتقان يارىگە.

ھەر كىشى مەندەكلا كۆيسە،
يېڭى تۇتقان يارىگە.
كىرپىكى ئوقتەك بىرىپ،
مىقتەك قادالسۇن جانىگە.

دەريانىڭ ئۇ قاتىدا،
بىر بالىغا كۆيدۇممەن.
يەتكۈزۈڭلار ئۇنىڭغا،
ئەزىز جاندىن تويدۇممەن.

بېغىمىدىكى گۈللەردە،
كېپىنەكلەر ئەگىيدۇ.
سەن يارىمنى كۆرگەندە،
يۈرەكلىرىم سەگىيدۇ.

سېرىق گۈلنىڭ تۈۋىدە
ھەرىلەر گىژىلدايدۇ.
سەن يارىمنى كۆرگەندە،
يۈرىكىم جىغىلدايدۇ.

قارا چىراغ تۈۋىدە
ئۇچار پەرۋانە.
يارىم سىنىڭ ئىشقىڭدا،
بولدۇم دىۋانە.

دىۋانە بوپ زار يىغلاپ،
چالمەن راۋاپ.
يامغۇر بولدى كۆز ياشلىرىم،
يۈرىكىم كاۋاپ.

ناماز شامنىڭ ۋاقتىدا،
سۇغا چىقسىلا يارىم.
مەن سىلىگە كۆيۈپ قالدىم،
بۇنى ئۇقسىلا يارىم.

ئاق جوۋان ئاپئاق جوۋان،
چىلگە پۇرايدۇ قوينىڭىز.
بۇ خالايىق ئىچىدە،
چۈشتى سىلىگە كۆڭلىمىز.

ئوچاقتا ئوتنى قالاپ،
يۈزلىرىم قارا بولدى.
سەن يارنى تولا ئويلاپ،
يۈرىكىم يارا بولدى.

ئېشىك ئالدى زاراڭزا،
ئېچىلىپتۇ ھەر ياڭزا.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن
ئون بەش ياشلىق بالاڭزا.

ئېشىكنى قىيا ئېچىپ،
ئېچىپ كەينىگە قېچىپ.
سەن ئالامسەن بۇ جاننى،
يۈرىكىمگە ئوت يېقىپ.

يار قېشىنى ئويناتتى،
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
باغرىمنى كاۋاپ ئەتتى.

گۈلنى تېرىدىم تۈزگە،
ئېچىلدۇ كەچ كۈزدە.
سىزنىڭ كۆزىڭىز گۈلدە،
مېنىڭ كۆزلىرىم سىزدە.

ئەپكەش سېلىپ مۈرەمگە،
سۇغا چىقتىم كۆلۈڭگە.
ئەجەپمۇ كۆيۈپ قالدىم،
قېشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە.

دەريا سۈيى تارتىلدى،
يار كېتىپتۇ بېشىدىن.
كېتەلەيمەن يىراققا،
مەن يارىمنىڭ قېشىدىن.

مەيگە چۈشكەن بىلەن،
ئەتراپلار كۆرۈنمەيدۇ.
يارنىڭ كۆزىگە قاراپ
ئۆتكەن كۈن بىلىنمەيدۇ.

يارنىڭ يۈلكى ياردىن،
يارى بولمىسا قايدىن؟
غۇنچە بويىلىرىڭ زىبا،
شېرىن سۆزلىرىڭ ئاندىن.

سۆزۈك - سۆزۈك سۇلاردا،
دەريا بولۇپ ئاقىمەن.
سىز مېھرىبان يارىمنى
يۈرىكىمگە ياقىمەن.

بىزنىڭ يار كېلىپ قاپتۇ،
سۇ ئاقمىغان ساي بىلەن.
يۇتتۇۋالاي يارىمنى
قەنت چىلىغان چاي بىلەن.

جاھان كېزىپ كەلدىممەن،
نەدە قالدى راھىتىم.
سەن يارىمنى كۆرگىچە،
تۈگەپ قالدى تاقىتىم.

سۇ كېلۇر گۈلدۈر - گۈلدۈر،
سۆيگىنىم قىزىلگۈلدۈر.
يارىم كۆكگۈل بەرمىسە،
ئۆلگىنىم ئاشۇ كۈندۈر.

سۇنى ئۈستۈم بۇلاقتىن،
نوكاي بىلەن قاپاقتا.
مېنىڭ كۆڭلۈم چۈشۈپتۇ.
سىزگە ئوخشاش ئاپئاقتا.

ئۇرۇپ بەردىم ئوغلاقتا،
باغدىكى كۆك قىياقتىن.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ،
چىقىپ كەللە قاياقتىن؟

بېغىمدا قىزىل گۈل بار،
ئۈزۈپ بېرەي تاللىساڭ.
ئىككىمىز ئاشنا بولايلى،
چىن يۈرەكتىن خالىساڭ.

ئۈرۈمچىگە ماڭغاندا،
كەچتە ئۆتتۇم كۆمۈشتىن.
سەندىن ئۆزگە يار تۇتسام،
ئۆلمەيمەنمۇ نومۇستىن.

يارىم بەرگەن ئاق ئالما،
چۈشۈپ كەتتى ئۆستەڭگە.
يارىم كېتەي دېسىلە،
يۈدۈپ ماڭاي ئۆشنەمگە.

ئالما سەيلىسى بوپتۇ،
بىرگە باراي يار بىلەن.
مېنىڭ يارىم تۇلۇن ئاي،
چىقىپ سۆيەي شار بىلەن.

كېلىپ قوندى ئالمىغا،
بىر جۈپ كاككۇك لەپپىدە.
يارىم ياتقان كارىۋاتقا،
ئۆزۈمنى ئاتتىم كۆپپىدە.

باغلىقتا تۆگۈپ ماڭدىم،
ئالما، كىشمىش ئۈزۈكتىن.
قولۇمغا سېلىپ قويىدى،
يارىم ئالتۇن ئۈزۈكتىن.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
ئولتۇراتتىم ساز بىلەن.
يارىم ئۆتتى يىراقتىن،
ئويناپ كۈلۈپ ناز بىلەن.

ئالتە ئاي بولدى ياتقىلى،
ئۇقسام كېزىك بوپتىمەن.
كېزىك ئەمەس كېسىلىم،
يارغا سېزىك بوپتىمەن.

ئالما دېسەڭ مەندە بار،
بېھى دېسەڭ مەندە بار.
سېنى ھامان سۆيىمەن،
جېنىم تېخى تەندە بار.

ئالما بىلەن بېھىدە،
مۇرابباسى ئەتتىم مەن.
كۆڭۈلدىكى يار بىلەن،
مىرادىمغا يەتتىم مەن.

سېنىڭ كېيگەن دوپپاڭنى
كىيىپ باقسام نىم بوپتۇ؟
ئۆزۈم تۇتقان يارىمنى
سۆيۈپ باقسام نىم بوپتۇ؟

گۈل تېرىدىم تەشتەككە،
قويۇپ قويدۇم پەنجىرگە.
يارىم باغلىدى مېنى،
مۇھەببەتنىڭ زەنجىرگە.

قىزىلگۈلى سەن بولساڭ،
بۇلبۇلۇڭ مەن سايرىغان.
يىگىتنىڭ يىگىتدۇر،
ئىشىق ئوتىغا پايلىغان.

يارىم ئالما يەڭ دېسە،
ئەيمىنىپ يېمەپتىمەن.
يارىم كەلسە قېشىمغا،
بىر سۆيۈڭ دېمەپتىمەن.

يارىم بەرگەن ئالماڭنى
ئېتىۋەتتىم يىراققا.
يار ئۇتى يامان ئىكەن،
چىدالمىدىم پىراققا.

ئىشىك ئالدى ئۆزۈن ساي،
بىر يىل دېگەن ئون ئىككى ئاي.
مىنەي دېسەم ئېتىم تاي،
ساقلاپ تۇرۇڭ چوڭ بولاي.

بۇ ئېرىقنىڭ سۇلىرى،
چۆلگە ئاقامدۇ؟
سىنى قانچە سۆيسەممەن،
يۈرەڭ قانامدۇ؟

دەريانىڭ ئۇ قاتىدا
مۇنارىڭمەن.
مۇنارىڭدا ياندۇرغان
چىراغىڭمەن.

تەمبۇر چالغان قولۇڭغا
ئالتۇن ئۈزۈڭ سېپ قوياي.
مېنى سۆيگەن ئاغزىڭغا
سېرىق ناۋات سېپ قوياي.

رومال ئارتتىم توققۇز كۇن،
دۈشمەن ئېيتار يالغان سۆز.
دۈشمەننىڭ گېپى بىلەن،
ئايرىلمايلى قاراكۆز.

باغدا پىشقان ئۈزۈمنىڭ
نەچچە ياگزا تۈرى بار.
مەن غېرىبنىڭ بۇ يۈرتتا
سەندىن باشقا كىمى بار؟

بۇلبۇل كېلىپ سايرايدۇ،
باغدىكى قىزىلگۈلگە.
ياتسام ئۇيقۇم كەلمەيدۇ،
سىنى كۆرمىگەن كۈندە.

ياخشىنىڭ يامانى مەن،
سەھرانىڭ شاملى مەن.
قولۇمدا پەرەڭ ياغلىق،
يارىمنىڭ خۇمارىمەن.

ئايدەك گۈزەل جامالىڭنى
يۈرىكىمگە ئاڭار بولدۇم.
ئوتۇڭدا تولا كۆيۈپ،
ئەقلىمدىن ئازار بولدۇم.

ئىشىك ئالدى ئاناردۇر،
ئەگىسم شاخى سۇنادۇر.
سىز يارىمنى بىر سۆيسەم،
ئاندىن يۈرەك قانادۇر.

قارا بۇدرە ساچىمنى
تاردىم ئۆرەلمىدىم.
تام ئۇستىگە تام سېلىپ،
مەن سىنى كۆرەلمىدىم.

ئوت ئۇچاقتا ئوينايدۇ،
بىرىپ چۆگۈنگە باقساڭچۇ.
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى،
يار مەيدەڭنى ياقساڭچۇ.

ئالمان قارچۇغام بولسا،
قوندۇرسام بىلەكىمگە.
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
بىر تاڭسام يۈرەكىمگە.

چوڭ يولدا كېتىپ بارسام،
سەن ئاتلىق ئۆتۈپ كەتتىڭ.
بىر يىل بولدى كۆرمىدىم،
سەن نەگە يۈتۈپ كەتتىڭ.

ئاغرىتۇدىم تويۇقسىز،
يارىم كەلدى كۆرگىلى.
شۇ يارىمنى كۆرگىچە،
تلس - تلس قالدىم ئۆلگىلى.

چۈشۈمگە كىرىپ قاپسىز،
ئازنا بولغان ئاخشىمى.
ئىزلەپمۇ تاپالمىدىم،
سىزگە ئوخشاش ياخشىنى.

قولۇمدىكى ئۈزۈكنىڭ
مەرۋايىتتىن كۆزى بار.
بىزنىڭ قاراكۆز يارنىڭ
ساقلاپ قويغان سۆزى بار.

ئېرىقىڭغا سۇ كەلسە،
پاكار يەرنى قاشلىۋەت.
يېڭى يارىڭ مەن بولاي،
كونا يارنى تاشلىۋەت.

بۇ چۆلنىڭ داۋانىدا،
ئەجەپمۇ ئازاپ تارتتىم.
بەش يىل بولدى كۆرمىگەن،
قارا كۆزنى ئاران تاپتىم.

ئىشىك ئالدى جىگدىلىك،
يىلىم ئالغان ئۆزىڭىز.
بىر قاراپ، ئىككى قاراپ،
كۆيدۈرۈۋالغان ئۆزىڭىز.

سىرلىق ساندۇق سىرىمەن،
جوۋانلارنىڭ پىرىمەن.
ئىشىكىڭنى تاقىۋالساڭ،
تۆڭلۈكۈڭدىن كىرىمەن.

ئاق تامدا ئات يۈگۈتتۈم،
يىقىلدىم تۈزگە.
ئوتىڭىزدا ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۆۋالىم سىزگە.

ئۆزۈن سايدا ماڭغۇچە،
ناخشا ئېيتىپ يانغۇچە.
يار مەھەللىگە بارساڭچۇ،
كۆرىۋالاي قانغۇچە.

ئاينى ئايغا قاتايمۇ؟
كۈننى كۈنگە قاتايمۇ؟
سىنىڭ دەردىڭدە ئاھ ئۇرۇپ،
پەنجىرەڭدە ياتايمۇ؟

ئىگىز تاغقا مەن چىقىپ،
يول تېپىپ چۈشەلمىدىم.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
كۆزۈمگە ئىشەنمىدىم.

باغقا كىردىم گۈل ئۈزدۈم،
مەن يارىمغا تۇتاي دەپ.
يارنى سۆيدۈم كېچىدە،
يۈرىكىنى ئۇتاي دەپ.

كېپىنەك بولۇپ ئۇچارسىز،
گۈل شاخىغا قونارسىز.
غېرىپ بولغان كۆڭلەردە،
بىزنى ئەسلەپ قويارسىز.

ئالمىلىق باغقا كىردۇق،
ئالمىسىنى ئۈزمىدۇق.
سىز ئۈمىدنى ئۈزگەن بىلەن،
بىز ئۈمىدنى ئۈزمىدۇق.

ئوقنى ئاتتىم سۆگەتكە،
يېنىپ تەگدى تېرەككە.
سىز يارىمنىڭ ئوتلىرى
ئورناپ كەتتى يۈرەككە،

بۇلبۇل سايرىدى كەتتى،
كاككۇك سايرىدى كەتتى.
سىز يارىمنىڭ دەردىدە،
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ
تۆپىلىكى شايىكەن.
كېلىك يارىم ئوينايلى،
گۈلنىڭ تۈۋى سايىكەن.

لاچىنلار قانات قاقسا،
باغدا ئۈنلەيدۇ پاختەك.
كۆڭلۈم سېنى خالايدۇ،
جاھاندا كىشى يوقتەك.

باھار دەيدۇ،ياز دەيدۇ،
يېتىمدۇ پەسلى كۈزگە.
شۇنچە قىز ئاراسىدا،
يۈرەك كۆيىدۇ سىزگە.

ئاسماندىكى يۇلتۇزنى
سانىغىلى بولامدۇ؟
يار ئوتۇڭ يامان ئىكەن،
چىدىغىلى بولامدۇ؟

ئاق قوشقاچمۇ قوشقاچىكەن،
قارا قوشقاچمۇ قوشقاچىكەن.
ئىككىمىز ئاداش بولساق،
بويىمىزمۇ ئوخشاشىكەن.

باغقا كىردىم باغلىقتا،
گۈلنى ئۈزدۈم ياغلىقتا.
شۇنچىمۇ كۆيمەدىغان،
سىزدەك بىر چىرايلىقتا.

قوم چۆگۈنگە چاي سالسام،
قاينىمايدۇ تاشمايدۇ.
بىچارە نادان كۆڭلۈم،
سەن يارىمدىن ئاشمايدۇ.

ھاۋانى تۇمان ئالدى،
تۇماننى بوران ئالدى.
ئىچىمدىكى دەردىمنى
قارا كۆز جۇۋان ئالدى.

تۈگۈلۈكتىن پاسا چۈشتى.
تورۇستىن ۋاسا چۈشتى.
جىمى ئەلنىڭ ئىچىدە،
ساڭا كۆڭلۈم راسا چۈشتى.

مۆلچەر تاغنىڭ بېشىدا،
بىر گۈمبەز بار قېشىدا.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
سۆيگەن يارنىڭ يېنىدا.

ئىگىز تاغقا چىقتۇقچە،
ئاتقا مىنگۈدەك بولدۇم.
ئوتىڭىز يامان ئىكەن،
كۆيۈپ ئۆلگىدەك بولدۇم.

كىچىككىنە تومۇچۇق،
باغدا ئۈزۈن ئۇچۇپتۇ.
شۇنچە خەقنىڭ ئىچىدە،
كۆڭلۈم سىزگە چۈشۈپتۇ.

بىر باغقا ئانار سالدىم،
بىر باغقا يالاڭ توقاچ.
چۆرگىلەپ كېتەلمەيمەن،
كۆڭلۈم سىزدىلا بولغاچ.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا.
ئوت كۆيەر ئوچاقىڭدا.
ئۆلسەم ئارمىنىم يوقتۇر،
يار سېنىڭ قۇچاقىڭدا.

ماڭدايمۇ يېتەلمىدىم،
چامدايمۇ يېتەلمىدىم.
ئوتىڭىز يامان ئىكەن،
تاشلايمۇ كېتەلمىدىم.

يوپۇرماقلار چۈشكەندە،
باراڭلىقتا ئۈزۈم يوق.
سىزدىن باشقا خەقلەرگە،
قارايدىغان كۆزۈم يوق.

ئۆستەڭ بويى قىياقلىق،
يېشىل رەڭدە بوياقلىق.
شېرىن - شېكەر گەپلىرىڭ
يۈرىكىمدە ساقلاقلىق.

ئالما يېگۈم كېلىدۇ،
نەشپۈت يېگۈم كېلىدۇ.
سىز چىرايلىق يارىمنى
كۈندە سۆيگۈم كېلىدۇ.

ئۆي ئېتىزنىڭ چالمىسى،
دۆڭ ئېتىزنىڭ چالمىسى.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن،
سىز خېنىمنىڭ ئالمىسى.

سۇنىمۇ ئىچىپ قويدۇم،
ھويلامدىكى ئۈزۈمگە.
ئۇنداق قىلما چىرايلىق،
بىر قارىغىن كۆزۈمگە.

كەپتىرىم كۆرۈنمەيدۇ،
كەپتەرۋاز ئوتتۇۋالدى.
غۇنچە. بويلۇق قاراقاش،
كۆڭلۈمنى ئوتتۇۋالدى.

خىيال قىلىپ ئۆلتۈرسام،
ئالما چۈشتى قېشىمغا.
يارىم ئەجەب ئەسقاتتىڭ،
كۈن چۈشكەندە بېشىمغا.

بوستان سېكىلەك قەلەم قاش،
دېرىزەگەدىن ئاتاي تاش.
كۆلۈپ چىقساڭ ئالدىمغا،
خۇشلۇقۇمدىن ئېگەي باش.

كۆيمەنۇ كۆيمەن،
قاشى قاراغا كۆيمەن.
كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ،
جانىنى ئالارغا كۆيمەن.

بىللە ماڭدۇق سەپەرگە،
مەن پىيادە. يار ئاتلىق.
كۆڭلۇمنى ئويتۇۋالدى،
مېھرىبان كېپى تاتلىق.

ئاق كۆڭلەكنى كىيىمەن،
بويلاقچى بوياپ بەرسۇن.
ئۆزۈمنىڭ سۆيگىنى سۆيگەن،
مەيلىمگە قويۇپ بەرسۇن.

ئەتىر گۈلنىڭ غۇنچىسىنى
ئۈزۈپ بەرگەن مەن ساڭا.
ئاي بىلەن كۈننى قېتىپ،
ۋەدە بەرگەن مەن ساڭا.

باغ ئىچىگە قارسام،
ئەجەپ تولا قىزىلگۈل.
گۈل تۈۋىدە ئولتۇرغان،
مېنىڭ يارىم چىمەنگۈل.

قارا قاشىم بار مېنىڭ،
قوشۇما قاش لازىم ئەمەس.
بىر ئاداشىم بىر مېنىڭ،
ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس.

جانان چىنىسى رەڭلىك،
ئىچىدە ئۈپا - ئەڭلىك.
يار كۆڭلىنى ئالالماي،
تارتقۇاتىمەن تەڭلىك.

ئات مىنىپ، كىمخاپ كىيىپ،
يار مېنى كۆيدۈرگۈدەك.
يوقىرى - تۆۋەن مېكىپ،
قىيناپ يۈرۈپ ئۆلتۈرگۈدەك.

نەمەنگاننىڭ سازىمەن،
چۆلدە ئۇچقان غازىمەن.
سەن يارىمنى بىر كۆرۈپ،
ئۆلۈپ كەتسەم رازىمەن.

كۆلۈپ كەلدىڭ يېنىمغا،
ئوتنى سالدىڭ جېنىمغا.
جاندىن كەچسەم ئەرزىيدۇ،
سەن مېھرىبان خېنىمغا.

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ،
ئالا ئاتنىڭ قاشقىسى.
كۆڭلۈمدىن ئورۇن ئالمىس،
سىز يارىمدىن باشقىسى.

يېڭى ئۆۋاتتىن مەن كەلدىم،
ئالتە دەرياني كېچىپ.
يارىم بىلەن ئويناىمەن،
قانغىچە شاراپ ئىچىپ.

تۆگە باقسەن سايدا،
قوڭغۇراقى بويىندا.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
سەن يارىمنىڭ قويىندا.

كاككا سالدىم تېكمەت،
لىم تاختىغا جايناماز.
ئەقلى بولسا شۇ يارنىڭ،
مېنى بۇنچە قىينىمىس.

يۈرىكىمنى سەگسۈن دەپ،
سۈنى ئىچتىم بىر چىلەك.
سۇ ئىچكەنگە سەگمەيدۇ،
كۆيۈپ كەتكەن بۇ يۈرەك.

ئالما ئاتتىم ئۈيمىدىم،
سويىما تاپتىم سويىمىدىم.
سېنىڭ ئايدەك يۈزۈڭگە،
قاراپ - قاراپ تويمىدىم.

قوغۇن - تاۋۇز تېرىدىم،
قاتار - قاتار چۈنكى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
يېڭى يارنىڭ كۆيىكى.

تىلش دېگەن ئىنغىر نەرسە،
تالدۇردۇ بىلەكنى.
يار دېگەن يامان نېمە،
كۆيدۈردۇ يۈرەكنى.

ھەر كىمنىڭ نىگارى بار،
ھەر گۈلنىڭ خېرىدارى.
كۆڭلۈمدىكى يارىمنىڭ
مەن ئامراق ۋاپادارى.

يايلاقنىڭ گۈلى بولسام،
باغنىڭ بۇلبۇلى بولسام.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
كۆزنىڭ نۇرى بولسام.

بوستانلىقتا ئۆيۈڭ بار،
ماڭا لايىق بويۇڭ بار.
كىچەي دېسەم سىنىڭدىن،
بىر چىرايلىق خويۇڭ بار.

لاچىن بولۇپ ئەگىيمەن،
مەھەللەگەدە، پەلەككەدە.
بىلىق بولۇپ ئويناىمەن،
مەيدەگەدە - يۈرەككەدە.

ئۆيىنىڭ ئارقىسدا بېدە،
تۇماقنىڭ ئارقىسى بودرە.
سىنىڭ ئىشقى پىراقىدا
يۈرەكنىڭ ھەممىسى زېدە.

يارىم باغقا باشلايدۇ،
ئالما يەڭ دەپ تاشلايدۇ.
ئالما شېخىدىن چۈشمەي،
خۇمار كۆزنى ياشلايدۇ.

كېچۈزلىككە قارسام،
چۈشۈپ كەتتى كۆپ غوزەك.
يارىم بىلەن ئىككىمىز،
خۇدا قوشقان قوش كېزەك.

سەن يارىمنى بىر سۆيۈپ،
كۆرسەم مەيلى كۆرگۈلۈك.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
هامان بىر كۈن ئۆلگۈلۈك.

دىبرىزەڭنى ئېچىپ قويۇپ،
ئايغا قاراپ ئويلانما.
مەن سېنىڭ يارىڭ بولاي،
خىيال سۈرۈپ مۈڭلانما.

دۇتتار دېگەن بىر ياغاچ،
ئۈنلەيدىكەن تارىسى.
سىلىگە كۆيگەن يۈرەكنىڭ
مۇشتەك يەردە يارىسى.

ئات مىنىپ سەھراغا چىقساڭ،
قامچا دەستەڭ مەن بولاي.
بارچە ئەلنىڭ كۆزى سەندە،
تىل تۇمارىڭ مەن بولاي.

سايرامنىڭ سۇيى سۈزۈك،
يارىغا بېرەمەن ئۈزۈك.
ئوينايلى بىللە يارام،
ۋەدىنى قىلىپ تۈزۈك.

ئۆستەڭ بويى هاۋالىق،
مەجنۇنتال تاشلار سايە.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
ئۆمۈر كەتمىسۇن زايە.

هەشقىپچەك بويىلشىپتۇ،
باغدىكى جىنەستىگە.
ئۈچ كۈن بولدى كۆيۈپ قالدىم،
قاشى قارا بىخەستىگە.

باغقا كىردىم گۈل ئۈزەي دەپ،
تاپمىدىم بىر تال چېچەك.
بۇ سېنىڭ تالدەك بويۇڭغا،
مەن بولاي هەشقىپچەك.

چاي ئىچسەڭىز بىر چۆگۈن،
ماڭا قاپتۇ شامىسى.
مېنى ياردىن ئايرىغان،
ئالمىخاننىڭ ئالمىسى.

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى تاللىق،
قاچان كېلىدۇ يارلىق.
ئوتتۇڭدا تولا كۆيدۈم،
سېنىڭ كۆيگۈنۈڭ چاغلىق.

يارىم بىلەن ئوينايمەن دەپ،
سۇندى مېنىڭ نازۇك قولۇم.
يارىمنىڭ ياغلىقىدا،
تاڭسام ساقايمادۇ قولۇم.

قاراقاش ئېگىز بويۇڭ،
قاچان بولىدۇ تويۇڭ؟
بولغۇچە سېنىڭ تويۇڭ،
خالىدا سۆيۈپ قويۇڭ.

قىزىلگۈلمۇ گۈل بولسۇن،
ئەتىر گۈلمۇ گۈل بولسۇن.
ئىككىمىزنىڭ ۋەدىسى،
ئۆمۈرۋايەت بىر بولسۇن.

تاغ سۇيى ئېقىپ كەلدى،
شوخ ئويناپ بۇلاقلاردىن.
كەتمەيدۇ سېنىڭ كۆلكەڭ
ئاتابەت قولاقلاردىن.

ئۇ قاتتىمۇ يارىم بار،
بۇ قاتتىمۇ يارىم بار.
ئۇقاتتىكى يارىمدىن،
ئۆلگۈچە تامايىم بار.

يار ئۆتى يامان ئىكەن،
ئۆچۈرۈش لازىم ئەمەس.
بىر قاراپ قويغىن نىگارىم،
باشقىسى لازىم ئەمەس.

يوللىرى يامان ئىكەن،
ئاتقا مىنگۈدەك بولدۇم.
ئوتلىرى يامان ئىكەن،
كۆيۈپ ئۆلگۈدەك بولدۇم.

بىزنىڭ ئۆي شامالباغدا،
بارسىلا تاپالامىلا؟
بىز كۆيگەن شۇ ئوتلاردا،
سىلە كۆيۈپ چىدالامىلا؟!

ئوينايلى يار، ئوينايلى،
كۈندە مەشرەپ ئوينايلى.
كۆرەلمىگەن دۈشمەننىڭ
بېشىغا دەسسەپ ئوينايلى.

ئۆيىنىڭ ئارقىسى يامان،
لەپ - لەپ ئۆچىدۇ سامان.
بۇ يۈرەكنىڭ كۆيۈشى
تونۇر ئوتىدىن يامان.

ئوچاق بېشىدا چەينەك،
خېنىم چەينەككە ياقساڭچۇ.
سېنىڭ مەيدەڭدە قوش ئەمچەك،
مېنىڭ مەيدەمگە ياقساڭچۇ.

تاغلاردىن ئورۇن ئالدۇق،
باغلاردىن ئورۇن تەگمەي.
قانداق قىلىمىز يارىم،
تەقدىرگە بويۇن ئەگمەي.

سېنىڭ مەھەللەڭ يىقىن بولسا،
بېرىپ مەھەللەڭنى چۆرگىلىسەم.
خالايىق بولمىسا يارىم،
بېشىڭدا يۈزمىڭ ئۆرۈلسەم.

ساي بويىدا دېھقانلار،
خىللاپ ئۆرىدۇ ئوتنى.
قارا كۆز سەتەڭ يارلار،
جانغا سالىدۇ ئوتنى.

بولۇت ئەگىپ كېتەلمەيدۇ،
ئېگىز تاغدىكى قاردىن.
ئەمدى كەتسەم كەلمەيمەن،
كۆڭلۈم ئاغرىدى ياردىن.

يەلپۈنەر ئەجەپ بەلەن،
ئۆستەڭ بويىدا ئەمەن.
ۋاقتىدا بارالمىدىم،
مەن سىزگە نېمە دەرمەن.

هەي خېنىم رەھىم قىلىپ،
هالىمنى سورىساڭ نىم بولار؟
مېنى مۇنچە قىينىماي،
جېنىمنى ئالساڭ نىم بولار؟

سارىيېگىنىڭ ئالدىغا،
ئۆزۈم تىكتۇق خىلمۇخىل.
كۆيۈپ ساڭا سارغايدىم،
ئەقلىڭ بولسا ئۆزۈڭ بىل.

ئۈلۈغ - ئۈلۈغ سۇلار كەلدى،
يوللارغا قاراپ.
كۆزلىرىمدىن گۆھەر ئاقتى،
يارلارغا قاراپ.

مەن دەردىڭدە ئاۋارە،
بولدى يۈرىكىم پارە.
ئۆزەڭ بىلسەڭ يارىم،
بۇ دەردكە نىمە چارە؟

مېھرىڭ بىلەن قارايسەن،
زۇلفىڭ بىلەن باغلايسەن.
مەن ساڭا نىمە قىلغان،
ئۆلتۈرگىلى چاغلايسەن.

ئاسماننى ئالاڭ دەيدۇ،
يولتۇزنى شالاڭ دەيدۇ.
مەن سىزنى ئالاي دېسەم،
دۈشمەنلەر ساراڭ دەيدۇ.

چىمەن دوپپىام بار دېيسەن،
كەيمەي تۇرۇپ ياز قىلدىڭ.
كۆيۈپ قالدىم دېپ قويسام،
ياڭزا - ياڭزا ناز قىلدىڭ.

يارىم ھالقا سېلىپتۇ،
پەرىزاتتەك بولغىلى.
يا چىقمايدۇ تالاغا،
نەۋاق ساقلاپ تۇرغىلى.

ئىككى دۆگىنىڭ ئاراسى،
ئۆتكىلى بولمىس ئېقىن.
تىللىسىمۇ ئانىسى،
يار بىلەن بىز بەك يېقىن.

ھاۋادىن ئۇچۇپ ئۆتكەن،
قايسى كۆلنىڭ غازىدۇ؟
جاننى ئېلىپ يەردە قويغان،
بىزنىڭ يارنىڭ نازىدۇ.

ئۆستەڭ ياقلاپ بېرىپ،
مىراپ ساپتۇ كۆۋرۈكنى.
مەن ئۆزۈم كۆيمەس ئىدىم،
خۇدا ساپتۇ كۆيۈكنى.

يارىم بەرگەن بەلۋاغنى
پاختا بېپتا توقۇغان.
يارىم بىلەن ئىككىمىز،
بىر مەھەللىدە ئوقۇغان.

سامان قالاپ كۆل چۈشتى،
چوغ قالارمۇ بىلمەيمەن.
كۆڭلۈمدىكى شۇ بالا،
جۆر بولامدۇ بىلمەيمەن.

سايدا ئۈنگەن كۆك قومۇشتەك،
قېشىڭىزنىڭ قارىسى.
مۇنچىزا يىراق بولۇرمۇ
ئىككىمىزنىڭ ئارىسى.

ئالملىق باغقا كىرىپ،
خام ئالمنى يەمدۇ كىشى.
غۇنچىدەك يارى تۇرۇپ،
باشقىسىنى دىمدۇ كىشى.

دىلئارا تۆگكەن تۆگۈچنى.
قول بىلەن بولمىس يېشىپ.
ئەپلىشىپ قالغان كۆڭۈلنى
تىغ بىلەن بولمىس كېسىپ.

بوينۇڭدىكى تۇمارنىڭ
بېغى ئەۋرىشىم.
قاچانلاردا كۆرۈشەرمىز.
جېنىم ئادىشىم.
يالغۇزلۇقتا ھەمراھ بولساڭ.
سافيۇر بېشىم.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنى
كىيىپ باققۇم كېلىدۇ.
ئوتتا كۆيۈپ سەن ئۈچۈن،
سۇدا ئاققۇم كېلىدۇ.

چاچنى تولا تارايسىز،
بىز تەرەپكە قارايسىز.
بىزنى تولا خارلىماڭ،
سىزمۇ دەردتە قالمايسىز.

ئاللا - ئاللا يارىلار،
ئىچمىگە ئوتنى سالىلا.
دەردتە خويمۇ كۆيدۈرۈپ،
ئوتنى قانداق ئاللا؟

ئاستا - ئاستا ماڭدىلا،
يۈرەككە ئوتنى سالدىلا.
بىر قاراپ، ئىككى قاراپ،
شېرىن جاننى ئالدىلا.

بۇلبۇللار كېلىپ قوندى،
گۈل بىلەن مۇڭداشقىلى.
كۆيگەننى ئىزھار ئەتتىم،
يار بىلەن ئوڭلاشقىلى.

ئوقىغان باشتا بولۇر،
كىشىنىڭ يارى قاشتا بولۇر.
خوماللىق سۆيۈپ قويساڭ،
ئون كۆنلۈك ناشتا بولۇر.

ئادەم دېگەن ھۆل نەرسە،
ئوتمۇ كەتمەس يۈرەككە.
كۆيدۈرسەڭمۇ كۆيدۈرگىن،
قارىمايمەن بۆلەككە.

يارىم مىنگەن شۇ ئاتنىڭ
ئىگەرى كۈمۈش.
نە ئارماندۇر يار ئۈچۈن
يىگىتكە ئۆلۈش.

ئەمدى مەن قانداق قىلاي،
سىز خېنىمنىڭ بەختىنى؟
ساقلىغاي ئاللا كېرىم،
ئوت ئىچىدە پاختىنى.

ئەي خېنىم، جېنىم خېنىم،
ئۇسمىنى قويۇپ كېلىڭ.
سىزنى بىردەم كۆرمىسەم،
كۆيدۈ باغرىم مېنىڭ.

ئاۋات ئىكەن بېغىڭىز،
شېرىن ئىكەن مېۋىڭىز.
مېنى ئوتقا تاشلىغان،

سىزنىڭ ئۇتلۇق مېھرىڭىز.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ
تۆت تالاسى مودەنگۈل.
مەيلىڭ بولسا كەل يايرىم،
سىنشايلى تەۋەككۈل.

ئىشىك ئالدى تاختا كۆۋرۈك،
ئۆتمىكىم بىر قىلچە بار.
ئاي يۈزۈڭنى كۆرمىسەم،
بىر كۈن ماڭا بىر يىلچە بار.

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ،
ئەتلەس كۆڭلەك ئۇچاڭغا.
كۈندە نەچچە كېلىمەن،
قەلەندەردەك كوچاڭغا.

ئانار ئالدىم ئويۇققا،
قاراپ باققىن جۇپمۇ - تاق.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
ئون كۈن كېسەل بىر كۈن ساق.

ئاپتاپپەرەس ئېچىلىپتۇ،
كۈن تەرەپكە ئېگىلىپ.
مەن كەلدىم يىراق يەردىن،
مېھرىم سىزگە چېتىلىپ.

جىگدىدىن يىلىم ئالدىم،
يار چېچىغا سۈرگىلى.
ئايلارمۇ ئۆتۈپ كەتتى،
سىز يارنى دەپ يۈرگىلى.

دوپپا ئالدىم يارىمغا،
ئۈنچە - مارجان تىزىقلىق.
چىن - دىل بىلەن كۆيگىنىم،
يۈرىكىمگە يېزىقلىق.

ھوي خېنىم، جېنىم خېنىم،
ياز بولغاندا كېلەرسىز.
سىزگە بولغان ئىشقىمنى
كېيىنچىرەك بىلەمسىز.

كېتىۋاتسام كوچىدا،
يار تۇرۇپتۇ ھويلىدا.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،

تۇندە ياتسام قوينىدا.

يارىم ماڭا باقمىسا،
مەن يارىمغا باقىمەن.
مېھرى يالقۇن يارىمنىڭ،
تومۇرىدا ئاقىمەن.

لۈكچۈننىڭ بازارىغا،
سۇ كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ.
يارغا كۆيۈپ قالغاننى،
ئۆزى بىلەمدۇ، بىلمەمدۇ.

چىنە - چىنە چاينى ئىچتىم،
كۆيۈكنى باسقايمۇ دەپ.
ئۆزلىرىگە بىيىت ئېيتتىم،
رەھمىسى كەلگەيمۇ دەپ.

ئۇخلا - ئۇخلا چۈشنى كۆردۈم،
ئۆزلىرىنى قوينۇمدا دەپ.
ئويغىنارمەن سەسكىنەرمەن،
پاك يۈرىكىم كۆيدى دەپ.

يار بېقىپ قويۇڭ ماڭا،
سىرىق گۈلدەك چىرايىم.
زەھمە قىلىڭ ئامرىقىم،
قانچە بولسا گۇناھىم.

ئۆرۈك ئوتۇننى قالاپ،
سۇنى قويۇپ ئۆچۈرسىلە.
مەن يېتىمنىڭ گۇناھىنى
ئەپۇ قىلىپ كەچۈرسىلە.

گۈلنى بەرسەڭ يۇرايمەن،
يۇراپ - يۇراپ قانمايمەن.
بىر كۆرسەت جامالىڭنى،
نېمە دېسەڭ ئۇنايمەن.

ئاق بوز توشقان ئوت ئىزدەيدۇ،
تەكنى ئارىلاپ.
نەچچە ئۆتتۇم ئىشىكىڭدىن،
سېنى مارىلاپ.

سەنمۇ دەردمەن، مەنمۇ دەردمەن،
ھالىمنى خاراپ ئەتمە.
ئىچىمگە سىلىپ ئوتنى،

باغرىمنى كاۋاپ ئەتمە.

مەن يارىمنى ئېگىپ ئالاي،
كۆيۈپ تۇرغان باغرىمغا.
يارنى دەپ ئۆلۈپ كەتسەم،
ئاغرىنمايمەن جانىمغا.

دۇتتارىمنى ساز قىلغان،
پەدە بىلەن جۇپ تارى.
مەڭزى ئالمىدەك يارىم
جان - جېنىمنىڭ خۇشتارى.

مېنىڭ ئىككى يارىم بار،
بىرى ئالىم، بىرى زالىم.
بىرىگە ئانچە مەيلىم يوق،
بىرىگە كۆيىدۇ جانىم.

بېرى كەلگىن يارىمەي ،
سۆيۈپ قويغىن يارىمەي.
سېنىڭ ئىشقى ئوتۇڭدا،
ئازلا قالدى جانىمەي.

تۇرۇپ قاپسىز ئايتۆرۈك،
ئەگىم كوچا ئالدىدا.
مېنى سۆيۈپ قويامسىز،
باشلاپ بارسام دالدىدا.

بىزنىڭ باغنىڭ ئالمىسى،
قىلتىرىقتەك سانجىلۇر.
يېڭى يار تۇتقان كىشى،
مىرزا گۈلدەك ئاچىلۇر.

ئاي چىقاردا ئاينى كۆردۈم،
كۈن چىقاردا يارنى.
ئايلار ئىزدەپ، يىلدا تاپتىم،
بىر سېنىڭدەك يارنى.

قولدا ئالتۇن چوكام بار،
يېشىل ئۈزۈم پارلايمەن.
ئالمىدە كىشى يوقتەك،
يارىم سېنى خالايمەن.

خوتەنگە باراي دەيمەن،
بارالمايمەن خوتەنگە.
كۆيىمەن، دېيەلمەيمەن،

خۇلقى تاتلىق لىۋىنگە.

قومۇشلۇقنىڭ ئىچىدىن،
يۈگۈرۈپ چىقتى بوز توشقان.
قانداق ئايرىلاي سەندىن،
ئىسلىدە خۇدا قوشقان.

باغچاڭغا گۈل تېرىسام،
گۈلۈم ئۈستى شاخلىنىپ.
كۆڭلۈم بولدى ئازادە،
يار ئالدىدا ئاقلىنىپ.

پەنەر توتقان قولۇڭنىڭ
بەش پەنجىسى مەن بولاي.
مېھرىبى بەرگەن شۇ يارنىڭ
ئەڭ كەنجىسى مەن بولاي.

باغ ئارامنىڭ ئىچىدە
باغ ئالمىسى مەن بولسەم.
يارىم ئىچىسە هاراقنى،
سىركايىسى مەن بولسەم.

يارىم پايپاق تارتىپتۇ،
زەر بىلەن زەرباپ بىلەن.
ئۆگىتەرمەن يارىمنى،
يىغلاپ - كۈلۈپ ھەرباپ بىلەن.

كېچىلەردە مەن باردىم،
سەگلىرىڭگە يالۋۇردۇم.
سەگلىرىڭ قاۋاپ چىقسا،
زەپىرەگىدەك سارغايدىم.

دەردتە قويدۇڭغۇ مېنى،
يارىم دەپ يۈرسەم سېنى.
ئارمىنىمۇ يوق ئىدى،
ئۆلگۈچە سۆيسەم سېنى.

هاۋا شالاڭ بۇلۇتلۇق.
بىزنىڭ يارلار بۇرۇتلۇق.
باشقا يارغا ئەگەشمە،
مەندەك يارىڭ تۇروقلۇق.

يارىم بەرگەن ئۈزۈكنى،
ئۇيۇك قولۇمدا ساقلايمەن.
يارىم سېن ئۆلۈپ كەتسەڭ،
ئەرۋاھىڭنى يوقلايمەن.

ئاغزىڭنى تاتلىق قىلغان،
ناۋات بىلەن قەن ئەمەس.
سەن مېنىڭدىن ئايرىلما،
باغرى قاتتىق مەن ئەمەس.

چېچىڭ نېمە ئۆسمەيدۇ،
قارلىغاچ قاناتىدەك.
ئايرىلدۇق دەپ غەم قىلما،
ئوينايمىز ئاۋۋالقىدەك.

دەستە - دەستە گۈل كېلەدۇر،
قايسى يارىمنىڭ گۈلى؟
ھەممەدىن ئېغىر ئىكەن،
ئاشىقلا ماڭغاننىڭ يولى.

يارىمنىڭ كىيگەن تونى.
قىزىل تاۋادۇر.
ئاشىق - مەشۇق ئىشقىغا،
ئاللا گۇۋاھدۇر.

غۇنچىلار چىچەك يېرىپ،
گۈل ئېچىلدى رەڭمۇرەڭ.
سىز يارىمغا يەتكۈچە،
دۈشمەن بىلەن بولدى جەڭ.

مەن باققان تورۇق يورغام.
يارىمغا يېقىپ قالۇر.
يار باغچاڭغا سۇ توتتۇم.
توساقسىز ئېقىپ قالۇر.

يارىم تىككەن ئالمىنىڭ
شاخ - شېخىدا يوپۇرماق.
ئەزەلدىنلا يار ئىكەن،
يارغا كۆيۈپ چوقۇنماق.

چاي دېسە چاينى بېرەي،
چىنە - چەينەكى بىلەن.
جان دېسە جاننى بېرەي،
خەنجەر پىچاقى بىلەن.

قارا قۇش ئېغىر نېمە،
كۆتەرگىلى بىلەك كېرەك..
ئۆسمىسى چارەك جۇۋاننى
سۆيگىلى يۈرەك كېرەك.

ئۆرۈكلەر پىشىپ قاپتۇ،
يېسەم بولارمۇ؟
مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم،
دېسەم بولارمۇ؟

مېنىڭ يارىم تۈيۈقتىن،
ئۆزۈم چىقىم ئويۇقتىن.
هال سورىساڭ نە بولۇر،
مەندەك كۆڭلى سۇنۇقتىن.

يارىم سېنىڭ باغچاڭدا،
ئېچىلىپتۇ گۈل زەپەر.
سارغىيىپتۇ چىرايىڭ،
هالىڭنى ماڭا دەپ بەر.

ئىشىك ئالدى چىنادۇر،
قۇشلار كېلىپ قونادۇر.
يار ئۈستىگە يار تۇتماق،
كەچۈرگىسىز گۇناھدۇر.

ئۆرۈكلىك باغنىڭ ئىچى
سالقىن شاماللىق.
مەن يارىمغا تىلەيمەن،
دائىم ئامانلىق.

باغقا كىرمەك كىشى بار،
گۈلنى ئۈزمەك ئىشى بار.
ئىككىمىز ئاراسىدا
بىرلا دۈشمەن كىشى بار.

داۋانچىڭنىڭ غوللىرى،
قورام تاشتۇر يوللىرى.
داۋانچىڭدىن يار تۇتماڭ،
تۆگەپ كېتەر پۇللىرى.

ئاق كۆڭلەك يېشىل كۆينەك،
مەن قاۋۇل جۇۋان دەيدۇ.
ئۆيىڭىز قايان دېسەم،
ئامانشا سايان دەيدۇ.

داۋانچىڭنىڭ ئوتتۇرسى،
ئۇلۇغ سۇنىڭ ئېقىشى.
كۆڭلۈمگە بەك ياقىدۇ،

سەن يارىمنىڭ بېقىشى.

چىشى يوق دەمسەن مېنى،
چىشىم ئۇنچە سەدەپتەك.
بىز ئىككىمىز ئويناپلى،
كاككۈك بىلەن زەينەپتەك.

سەھەردىكى شامالدىن،
يارىم سېنى سورايمەن.
يېقىن كەلسەڭ قېشىمغا،
ئويىنغۇچتەك پۇرايمەن.

قارلىغاچ كەلدى تۈنۈككە،
قارا چاچ ئۇيقۇڭنى ئاچ.
ئۇيقۇدىن نېمە چىقۇر،
ئولتۇرۇپ كۆڭلۈڭنى ئاچ.

تاڭدىن بەلگە بولمىسا،
خورازلارمۇ چىللىمىس.
ئىزھار قىلسام كۆيگەننى،
يارىم ئۇقسا تىللىمىس.

داۋانچىڭنىڭ غولىدا،
قىرچىن بىلەن توغراق بار.
يارىم ئۇۋال قىلمىغىن،
قىيامەتتە سوراق بار.

بەڭگە يېقىن بارماڭلار،
ئول بەڭنىڭ خۇمارى بار.
مېنى كۆيدۈرگەن يارنىڭ،
بوينىدا تۇمارى بار.

قايىنىمغان قازاننى
كۈمۈر قالاپ قايناتتىم.
قارىمىغان يارىمنى
قاشنى ئاتتىم، قاراتتىم.

ھەر كىشى مەندەكلا كۆيسە،
زىلۋا بويلۇق يارىغا.
كىرپىكى ئوقتەك يېرىپ،
ئوقتەك قادالسۇن جانىغا.

تىككەن دوپپام تالالىق،
يارامىكىن يارىمغا.
يارنىڭ قىلغان گەپلىرى،
تەگدى يۈرەك تارىمغا.

شىلدىر - شىلدىر سۇ بىلەن،
ئۈزۈپ كەلدى ئاق ئۆردەك.
يار باققاندا ناز بىلەن،
تىترەپ كەتتى بۇ يۈرەك.

ئاق قۇشقاچ ئاراسدا،
قارا قۇشقاچقا كۆز تەگدى.
يايراپ كەتتى يۈرەك باغرىم،
يارىم بېشىنى ئەگدى.

ئاتنى مىندىم يۈگەنسىز،
پۇت - قوللىرى كىلەڭسىز.
يارىم سىزنى كەل دېسەم،
شۇنداقتىنا كېلەمسىز.

ئاق چەينەككە چاي قويسام،
كۆك چەينەككە دەم كەتتى.
يوقايىندىن يار تۇتسام،
تۆۋەينىگە داڭ كەتتى.

ئالما بەرسە ئالغانلا،
ئۆرۈك بەرسە سالغانلا؟
كۆيىمسىمۇ كۆيدۈرۈپ،
يۈرەككە ئوتنى ياققانلا.

ئايدىڭدا ئايغا باقسام،
مەندە خىيال پەيدا بولۇر.
ئاھ گۈزەل يارىم ساڭا،
كۆڭلۈم ھەر چاغ شەيدا بولۇر.

مەن يارىمغا ئەۋەتتىم،
ئالتۇن ھالقا بىلەيزۈك.
خەق نېمە دېسە مەيلى،
نىكاھلانغىنىم تۈزۈك.

كۈن چىقىشتىن كۈن چىقتى،
يەر - جاھانمۇ يورىدى.
ئەجەبلەنمە قارا كۆز،
سېنى ماڭا بۇيرىدى.

قىبلىدىن شامال چىقسا،
گۈل شاخىنى قايرىيدۇ.
خۇدا قوشقان يارىمنى
دۈشمەن قانداق ئايرىيدۇ.

ئىشقىمنى ساڭا بەردىم،
يار مېھرىڭگە چاتساڭچۇ.
سېنى بىر سۆيۈپ ئالاي،
خالىي يەرنى تاپساڭچۇ.

ئىشىك ئالدى تېرەكلىك،
ئىمارەتكە كېرەكلىك.
قورقماي كېلىۋەر يارىم،
بىزمۇ خېلى يۈرەكلىك.

كېچىلەردە ئاي تۇغدى،
تاڭ سەھەردە چولپان قىز.
سېنى دەپ بوزۇلغانمەن،
ئاچ قوينۇڭنى چوكان قىز.

مىرزىنگۈل دەپ تېرىسام،
سېرىق سەبدە ئۈنۈپتۇ.
كۆيدۈم ساڭا ئامرىقىم،
كىم مېنىڭدەك كۆيۈپتۇ.

ئىشىكىڭدىن ئۆتتۇمەن،
شوخ ياگرىتىپ راۋابنى.
قاچانغىچە ساقلايمەن،
تېزراق بەرگىن جاۋابنى.

خانىم سىزگە ئەرزىم بار،
كۆيۈپ قالغان قەرزىم بار.
كۆڭلۈمگە ئازار بەرمەڭ،
يۈرىكىمدە دەرزىم بار.

قىبلىدىن شامال چىقىپ،
ئۆرنۈۋەتتى باراگىنى.
باغلاپ قويسا تۇرامدۇ،
كۆڭۈل دېگەن ساراڭنى.

قاشلىق دېسەڭ ئۇسما بار،
تىكلەپ قويدۇم ئەينەكنى.
بۇ ئۆمۈردە سۆيمەسمەن
سەن يارىمدىن باشقىنى.

سېۋەتكە قويسا توختايدۇ،
كۆزدىن ئاققان يېشىمىز.
يارىم بىرگە بولايلى،

تەڭ ئاقارسۇن چىچىمىز.

گۇلنى ئاتتىم تەكلىككە،
تەكنى ئاچقاندا چىقۇر.
ئىككىمىزنىڭ كۆيىكى
جان تالاشقاندا چىقۇر.

تۆگۇش تۇككەندەككىنە،
تۆگۇش يەشكەندەككىنە.
بىز ئىككىمىز توي قىلساق،
گۇل ئېچىلغاندەككىنە.

يارىم ساڭا گۇل بېرەي،
ماڭا كەلدى بۇ تەلەي.
كۆڭلۇمدىكى سەن تۇرساڭ،
ئۆلەيمۇ كۆڭۇل بۆلمەي.

چىمەن دوپپا كىيىپسىز،
قارايمەن ياراشقانغا.
تاللاپ سۆيگەن يارىمسەن،
بەرمەيمەن تالاشقانغا.

قىزىلگۇل تۇگەپ قاپتۇ،
ئەتىر بەرسەم تىللايسىز.
كىچىك چاغدا ئوينىغان،
ئايرىلغىلى چىدامسىز.

گۇل تېرىدىم تۇزغىنا،
ئېچىلىپتۇ ئۇزغىنا.
سىزنىڭ كۆڭلىڭىز باشقا،
مېنىڭ كۆڭلۇم تۇزغىنا.

يارنىڭ قولىدا كەكە،
تام تۇۋىنى كولايدۇ.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ،
ئۆزى كىمنى ئويلايدۇ.

خېنىم ئەھۋالىڭىز شۇمۇ،
كىشى سۇ بەردىمۇ بىزگە.
كىشى سۇ بەرسە بەرگەندۇ،
يامانلىق ئەيلىمەڭ بىزگە.

غەم ئىچىدە دىل غوۋا،
ئۆزۈڭ چىراغ ياقمىساڭ.
جاندىن جۇدا بولۇرمەن،

ئۆزۈڭ دەۋا تاپمىساڭ.

دەپتەرگە يازسام دەردىمنى
سىياھ قەغەز يەتمەيدۇ.
جان چىقمىلى ناز قالدى.
يارىم بۇنى ئۇقمايدۇ.

دەرۋازىڭىزنىڭ ئالدىدا،
مەن ئۇزۇن تۇرۇپ قالدىم.
تەشنالىقىنىڭ ئىلكىدە،
سارغىيىپ تۇرۇپ قالدىم.

باغدا بادام پىشىپتۇ،
ئۆيگە مېھمان كىرىپتۇ.
مېھمان بىلەن كارىم يوق،
كۆڭلۇم سىزگە چۈشۈپتۇ.

ئىشىك ئالدى قوش ئېرىق،
لاي قويۇپ بېرەي يارىم.
ھېچقانچە ئاداۋەت يوق،
چاي قويۇپ بېرەي يارىم.

ئاختامنى ئاغدۇرۇپ،
بۇغداي تېرىدىم تۈزگە.
دەرد تارتىپ ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۇۋالىم بولار سىزگە.

ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن،
ئۆردەكمىكىن، غازمىكىن.
يۈرەكنى يېرىپ باققىن،
كۆيەك دەردىم ئازمىكىن.

ئىشىك ئالدى كۆك تېرەك،
پالتا چاپسام تېگى تاش.
بىر ياستۇقتا ئىككى باش،
جاننى ئالغان قارا قاش.

باغدا باغلىغان ياغلىق،
قولىدا تۈرگىنى ياغلىق.
يارىمنى كېسەل دەيدۇ،
يار دەردىدە مەن ئاغرىق.

گۇل بۇنداق ئەمەس ئىدى،
ھۇقۇشلار خازان قىلدى.
مەن بۇنداق ئەمەس ئىدىم،

ئۇتلىرىڭ ساراڭ قىلدى.

بەش ئاي بولدى كۆيگىلى،
يا بولمىدى سۆيگىلى.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
تاسلا قالدىم ئۆلگىلى.

ئۇ مەھەللىگە بارمەيمەن،
دۈشمەننىڭ گېپى يامان.
بارمايمۇ تۇرالمايمەن،
يارىمنىڭ ئوتى يامان.

يارىم سېنىڭ ئىشقىڭدا،
سەۋدايى بولۇپ قالدىم.
ئانار يۈزلۈك يۈزۈڭگە،
شەيدايى بولۇپ قالدىم.

جاراڭلايدۇ سۆزىڭىز،
ئالتۇن بىلەن كۆمۈشتەك.
ئوتىڭىزدا يۈرىكىم،
كۆيۈپ كەتتى قومۇشتەك.

ئاشىق بولدۇم بىر كۆرۈپ،
قانالمىدىم بىر سۆيۈپ.
كېچە بولسا ئويقۇ يوق،
يار ئىشقىدا چۈش كۆرۈپ.

توپا بولدۇم بوخونىاق،
ئارغامچىدا توخوناق.
يۈرىكىمنى كۆيدۈردى،
خۇمار كۆزلۈك يۇمىلاق.

شاپتۇلۇڭ باراڭ بولدى،
شاخلىرى غازاڭ بولدى.
سەن گۈزەلنىڭ دەردىدە،
ساق بېشىم ساراڭ بولدى.

دەردىڭ بىلەن ئىشقىڭدا،
ئۆلگۈدەك بولدۇم.
شۇ ھالەتتە بولساڭ يارىم،
شۆيگۈدەك بولدۇم.

سېنىڭ بىلەن ماڭا كەلگەن،
قىسمەت ئالامەت.
يارنىڭ ئوتى يامان ئىكەن،

بولدى قىيامەت.

ئايمۇ كۆكتە، كۈنمۇ كۆكتە،
چارقى پەلەكتە.
سەن يارىمنىڭ ئوت پىراقى
كۆيەر يۈرەكتە.

گۈلدەك ئېچىلدۇق،
ئايدەك يۈزۈككە.
ئاشنا بولدۇق،
چولپان كۆزۈككە.

ئۈستەڭ بويىدا تۇرغان،
قىزىل يۈزلۈكۈم يارىم.
قاش ئاتسام تەزىم قىلغان،
شېرىن سۆزلۈكۈم يارىم.

يارىم بىلەن ئىككىمىز،
ئويىنغانتۇق خاماندا.
بىزنىڭ ۋەدىمىز ۋەدە،
دۈشمەن قالسۇن ئارماندا.

ئىشىك ئالدى شال كۆۋرۈك،
ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمەس.
ئوتى يامان يارىمنى
تاشلاپ كەتكىلى بولمەس.

گۈل ئېچىلسا باغلاردا،
تىكەنلەر ئۈنەلمەيدۇ.
دوستلۇق رىشتىمىز مەھكەم،
دۈشمەنلەر ئۈزەلمەيدۇ.

پەرىزاتتەك مەشۇقۇم،
سۈرىتىڭنى سىزىپ بەر.
سېغىنغاندا كۆرۈمەن،
كەشتە قىلىپ تىكىپ بەر.

باغقا كىرسەم ئالدىمغا،
ئالما چۈشتى توككىدە.
قەدرىڭىزنى بىلمەيمەن،
سۆيۈپ قويۇك چوككىدە.

چەينىكىمگە چاي سالدىم،
بىر چىنە قايماق بىلەن.
بىلەش ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتتى،
ئويىنماي ئۇماق بىلەن.

تاغدا كىيىك ئوتلايدۇ،
بىر - بىرىگە ياندىشىپ.
يارىم بىلەن ئويىنايمىز،
قوچاقلىشىپ باغ - باغلىشىپ.

قولۇمدىكى ئەنگۈشتەر،
بېغىشدىن چىقمايدۇ.
كىرە سېلىپ سۆيگەن يار،
ئەس - يادىمدىن چىقمايدۇ.

يارنىڭ قېشى ئوخشايدۇ،
قولۇمدىكى ئورغاققا.
سۆيۈپ، سۆيۈپ قانمايمەن،
سىز چىرايلىق ئۇماققا.

ئۈستەڭ بويى سۆگەتلىك،
سەيلى قىلدىم ھاۋالىق.
دېھقان قىزنى يار تۇتتۇم،
بەك تارتىنچاق ھايالىق.

ئاقچى قوغۇننى يېمەي،
ناشپەرگە تويمىدىم.
كۆڭلۈمدىكى يار بىلەن،
قوچاقلىشىپ ئوينىدىم.

شامال كەلسە توختايدۇ،
قاش قارايغان چاغ بىلەن.
تا مەڭگۈگە ئوينايمەن،
مېھرىبانىم سەن بىلەن.
سەن گۈلۈمنى كۆرمىسەم،
تۇرالمايمەن غەم بىلەن.

ئايمۇ دېسەم ئاي ئەمەس،
كۈنمۇ دېسەم كۈن ئەمەس.
سىز يارىمدىن باشقىسى
دەردىمگە دەرمان ئەمەس.

قوشقىمنى باشلىدىم،
سۆيگەن يارىم تىڭشاپ تۇر.
تارتقان دەردۇ - ھەسرىتىنى،
قولىقىڭدا تىڭشاپ تۇر.
مېنىڭ كۆڭلۈم بەك نازۇك،
قارچۇغىدەك قوشلاپ تۇر.

سۆزلىرىڭ شېرىن - شېكەر،
قىيام سۆيىدەك.
قىلدى مېنىڭ يۈرىكىمنى
غەلۋىر كۆزىدەك.

ئالتۇنىمكىن، كۈمۈشىمكىن
سالدىم بىلەككە.
يېگى تۇتقان يارنىڭ ئوتى
تەگدى يۈرەككە.

ياز بولۇپتۇ، كۈز بولۇپتۇ،
سارغايدى ئۈزۈم.
يار كەتكەنگە ئىشەنمەيمەن،
كۆرمىدى كۆزۈم.

نەقىش ئويدۇم يۈرەككە،
يارىم سېنىڭ سۆزۈڭدىن.
ساڭا بەرگەن كۆڭۈلنى،
كۆرگەنمىدىڭ كۆزۈمدىن.
ئۆلۈپ كەتسەم ئوتۇڭدا،
رازى بولغىن تۆزۈڭدىن.

ئايدا باردۇر ئۆزلىرى،
شېرىندە باردۇر سۆزلىرى.
بىر قاراپ، ئىككى قاراپ،
جاننى ئالغان ئۆزلىرى.

ئاي بولۇپتۇ، يىل بولۇپتۇ،
ئوتلىرىدا كۆيگىلى.
بىز كىچىك نادان ئىدۇق،
يار قەدرىنى بىلگىلى.
ئوتلىرىدا چالا كۆيۈپ،
تاسلا قالدۇق ئۆلگىلى.

قىزىلگۈل بولۇپ كەلدىم،
قولىقىڭغا قىسۇۋال.
بويىنۇڭغا كىرە سېلىپ،
يار قانغۇچە سۆيۈۋال.

كاككۇكلار كېلىپ قوندى،
يېقىملىق ئۈنى بىلەن.
بىزنىڭ يار كېلەر ئەمدى،
دېيىشكەن كۈنى بىلەن.

ئۇستا كەلدى يىراقتىن،
گۇل قويدۇراي كىگىزگە.
ئۇدۇلۇمدا تۇرسىڭىز،
قاراپ ئولتۇراي سىزگە.

يارىم كەلدى سەپەردىن،
بېلىدە قىزىل ياغلىق.
يار ئىشقىدا يىغلايمەن،
يارنىڭ كۆيگىنى چاغلىق.

ئالما تۇتتۇم ئېپ قالغىن،
چىرايىمغا سەپسالغىن.
ناخشا ئېيتسام ئىشقىڭدا،
بۇلبۇل شۇكەن دەپ قالغىن.

كېسىۋەتتى پۇتۇمنى،
ياغاچچى باللىنىڭ چوتى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
يارىمنىڭ ئىشقى ئوتى.

ئۆينىڭ ئىچىدە ساندۇق،
ئىچىگە ئانار سالدۇق.
قانداق قىلىمىز يارىم،
ئوتنىڭ ئىچىدە قالدۇق.

ئۆينىڭ ئالدى يۇلغۇنلۇق،
ئەتراپى قىزىلگۈللۈك.
بىزنى سۆيىمگەن يارنىڭ
دوپپىسى بادام گۈللۈك.

ئوت تۇتاشتى كۆيدى جان،
يارغا مەلۇم بولمىدى.
گۈلچىمەندەك سارغىيىپ،
تەندە جانىم قالمىدى.

گۈل شېخىدا بۇلبۇللار،
خەندان ئۇرۇپ سايرايدۇ.
يارىم بىر كۈلۈپ قويسا،
مېنىڭ كۆڭلۈم يايرايدۇ.

بېغىڭىزنىڭ ئىچىدە،
قىزىلگۈلنى ئۈندۈرمەك.
جاننى ئالسىڭىز مەيلى،
مېنى بۇنداق كۆيدۈرمەك.

ئۆيىڭىز يىراق يارىم،
ئاتقا مىنگىدەك بولدۇم.
ئوتىڭىز يامان ئىكەن،
كۆيەككە ئۆلگۈدەك بولدۇم.

ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن،
ئاپئاقتىنا كېپىنەك.
بىزنى بۇنچە كۆيدۈرگەن،
ئون بەش ياشلىق سېكىلەك.

قاراقاش قاۋۇل خوتۇن،
سايغا سالدى باغىنى.
بىزنى سۆيمەي تۇرۇپلا،
يۈرەككە سالدى داغىنى.

ئاق چەينەككە چاي قويدۇم،
پات كەلگىنە تاشقۇچە.
ئارقاڭدىن قاراپ قالدىم،
سەن بۇ يەردىن يانغۇچە.

چىقىۋاللا تېرەككە،
ئوتنى ساللا يۈرەككە.
شېرىن جان ئۇنىمايدۇ،
ئۆزلىرىدىن بۆلەككە.

ئەي يارىم ۋاپادارىم،
دەريادەك ئاقار يىلشىم.
سىزنى ئويلىغان چاغدا،
قايدۇ مېنىڭ بىلشىم.

شامالدا چۆرىدىم غالتەك،
بوراندا چۆرىدىم غالتەك.
كۆڭلۈمنى ئېلىۋالدى،
ئۆزى چاققان، بويى كالتا.

ئالما ئاتتىم يىراققا،
ئېرىپ چۈشتى قاياققا.
مېنىڭ كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى،
ساھىپجامال قىزچاققا.

ماڭدايمۇ يېتەلمىيمەن،
چامدايمۇ يېتەلمىيمەن.
ئوتىڭىز يامان ئىكەن،
تاشلايمۇ كېتەلمىيمەن.

ئۆگزەڭگە توخۇ چىقتى،
تاغ دېسەم تۈپا چۈشتى.
خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن،
مېنىڭ كۆڭلۈم ساڭا چۈشتى.

ناننىڭ ياخشىسى گىردە،
ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى بېدە.
سەن يارىمنىڭ ئوتىدا
يۈرەكنىڭ ياتىسى زېدە.

تال چىۋىق تالغا يېپىشتى،
بەلگىسى چەندان يىراق.
مەيلىمىز سىزگە چۈشۈپتۇ،
نەقلاي ئۆچمەس پىراق.

مەن يارغا بەرگەن ئۈزۈك
سۇزۇك قىلشتىشى.
قولدىن قولغا ئالماشتۇرۇپ،
تۆكۈلسۇن يېشى.

كاككۇك قوندى تېرەككە،
ئۇچۇرسىلىم ئۇچارمىكىن.
يار ئوتى يۈرەكىمدىن
سۇ سەپسەم ئۆچەرمىكىن.

بىر پارچىلا يېرىم بار،
بۇغداي - قونلىق تېرىقلىق.
چىرايىمدىن كەتمەيدۇ،
يار ئىشقىدا سېرىقلىق.

جاڭگالدىن ئوتۇن توشۇسىلىم،
جاپايىمنىڭ چېكى يوق.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
يۈرىكىمنىڭ تېگى يوق.

يول ئۈستىدە تۇرىسىز،
بىر قارىسام كۈلىسىز.
مەن سىزگە تولا كۆيدۈم،
بىلمەس بولۇپ يۈرىسىز.

داۋان بېشىغا چىقسىلىم،
كۆرۈنمەيدۇ ئۆيىڭىز.
يۈرەككە ئوتنى سېلىپ،
ئاغرىمىدى ئىچىڭىز.

ئۆزۈن - ئۆزۈن ئارغامچى،
ئۆزۈلۈپ كەتسە مەيلىمۇ.
سىز يارىمنىڭ ئىشقىدا،
ئۆلۈپ كەتسەم مەيلىمۇ.

ئىتىم بار دېگەن بولساڭ،
مەن ئىتىمنى ساتمايتتىم.
يارىم يوق دېگەن بولساڭ،
مەن سېنىڭدىن قاچمايتتىم.

بىر بېغىمغا ئالما قويدۇم،
بىر باغقا ئانار.
گۈل شېخىدا بۇلبۇل، قۇشلار،
سايرىشىپ تۇرار.

گۈل شېخىدا بۇلبۇل، قۇشلار،
سايرىشىپ تۇرسۇن.
ساڭا قىلغان ۋەدىلىرىم،
يادىڭدا تۇرسۇن.

باغدا پىشقان ئالمىلارنىڭ
ياپرىقى بولسام.
كۆڭلۈمدىكى شۇ يارىمنىڭ
ئامرىقى بولسام.

ئىلىخو دېگەن قايسى،
ئىككى تاغنىڭ ئارىسى.
مېنىڭ مېھرىبان يارىم،
تۇمۇچۇقنىڭ بالىسى.

قوشاقچى دېمەڭ بىزنى،
قىتىۋالمەن سىزنى.
نادان چاغلىماڭ بىزنى،
ئوتقا سالمەن سىزنى.

باغقا كوندە كىرىمەن،
گۈلنى تاللاپ ئۈزىمەن.
خالىسىڭىز جان يارىم،
مەنمۇ سىزنى سۆيىمەن.

پىيالىدە چاي بەرسەم،
سۇندۇرماي ئىچەلمەسمەن؟
مەن بىلەن دوست بولۇشقا،
چىن ۋەدە بېرەلمەسمەن؟

ئالتۇن سائەت سوقتۇردۇم،
يارىم سالسۇن بىلەككە.
دەرد بىلەن ناخشا ئېيتتىم،
دەز كەتمىسۇن يۈرەككە.

قىينىساڭمۇ قىيناۋەر.
گۇنايىم باردۇر.
سەندىن باشقا يارىم بولسا،
خۇدايىم باردۇر.

قاراقاش قاۋۇل يارىم،
بولدى مېنىڭ ھالىم خاراب.
شۇ سېنىڭ مۇشكۇل ئوتوڭدا،
ئولتۇرۇپ چالسام راۋاب.

پىچاق - چاقماق ئاسمايسەن،
پىچاق - چاقمىقىم ياندا.
مەن يارنى سۆيىۋالدىم،
ئاق سارايدىكى خاڭدا.

يار بىلەن مەن ۋەسلى قىلدىم،
خالىي ئۆيدە سىر كېچە.
شۇ خوشاللىق خاتىرە،
چىقمىس ئېسىمدىن ئۆلگۈچە.

مەن ئولتۇرۇپ سانارمەن،
كىرپىكىڭنىڭ تالىنى.
ھىچ كىشى بىلمەس ئىكەن،
ئاشىق كىشىنىڭ ھالىنى.

كېلەرىڭگە چەلپەك ئەتتىم،
يانارىڭغا قاتلىما.
چىن ئاداش بولاي دېسەڭ،
كەڭ ئېرىقنى ئاتلىما،

يار دەردىدە ئاۋارە،
بولدى يۈرەكىم پارە.
ئۈزۈك بىلسەن يارىم،
بۇ دەردكە نېمە چارە؟

يۇقىرىغا باماريلا،
جانان يارنى كۆرمەيلا.
جانان يارنى كۆرگەندە،
پېرىم توقاچ يېمەيلا.

يارنى تۇتتۇم بەگلىككە،
پۇل بەرمەيدۇ ئەڭلىككە.
خۇشما مەيلىم بار ئىدى،
ئەمدى قالدىم تەڭلىككە.

بىر كۆرۈپ يارىم سېنى،
قالمىدى ھالىم مېنىڭ.
بىر باقساڭچۇ سەن ماڭا،
يامان بولدى ھالىم مېنىڭ.

ئېگىز تاغقا قار يېغىپتۇ،
بوستاندا تۇمان.
ئىچىمدە ئوت كۆيىدۇ،
كۆڭلۈمدە گۇمان.

ئالتۇن شەپكە خۇش يارشۇر،
سودىگەر بايغا.
مەن يارىمنى ئوخشىتارمەن،
كۆكتىكى ئايغا.

يېڭى باغنىڭ ئالمىسى
سېپى گۇلدەك سانجىلۇر.
يېڭى يار سۆيگەن كىشى،
مىرزى گۇلدەك ئاچىلۇر.

ئەۋرىشىمنى مەن توقۇرمەن،
چاقمىقىڭغا باغ بولۇر.
مەن يىراقتىن يار تۇتسام،
يۈرىكىڭگە داغ بولۇر.

ئاي خېنىم بىر باقسىنا،
كۆزۈڭنى چوك - چوك ئاچسىنا.
كىرپىكىڭنى ئوق قىلىپ،
باغرىمنى چەللەپ ئاتسىنا.

سېغىزخان سايرايدىغۇ،
سارغىيىپ ساي باشىدا.
يۈرگىنىم پاشالىقىم،
ئولتۇرغىنىم يار قاشىدا.

قارا قاش - قارامۇ قاش،
باغدا تېپىشقان بىر ئاداش.
ئالدىدا يالغان ئىدۇق،
ئەمدى بولايلى چىن ئاداش.

قۇربان ئاينىڭ بېشىدا،
سېنى ھۇجرامغا چىللىدىم.
ساڭا قىلغان ياخشىلىقنى،
ھېچ كىشىگە قىلمىدىم.

ئاستا - ئاستا ماڭسەن،
دەرياغا كۆۋرۈك سالسەن.
بىر قاراپ، ئىككى كۈلۈپ،
ئىچىمگە ئوتنى سالسەن،

ئايمۇ بولدى، يىلمۇ بولدى،
ئوتلىرىدا كۆيگىلى.
ئىنتىزار بولدۇم ئەجەب،
سىلىنى بېرىپ سۆيگىلى.

سېنىڭ ئىشقىڭدا ئەي دىلبەر،
ئەجەب دىۋانىلەر بولدۇم.
بۇ ئالەمدە خالايىققا
بەسى ئەپسانىلەر بولدۇ.

بارغۇچە باغ بىلەن باردىم،
يانغۇچە تاشلىق يىلەن.
خۇش تولا داڭلار كۆتەردۇق،
قايىقارا قاشلىق بىلەن.

سايدا بوستان سالمەن،
سايداپ يىتىك يارىم.
گۈل ھاراقى تۇتمەن،
مەست بولۇپ يىنىڭ يارىم.

ئىزلىدىم دائىم سېنى،
كۈنلەردە چەندان نازىنىن.
بىر سېغىنمىدىڭ مېنى،
شېرىن زۇۋانىم نازىنىن،

دەريا بويىدا يىلان،
كاشكاپ بويىدا چىلان،
يار ئوتۇڭغا سېپ قويۇپ،
مېنى قىلسەن ۋەيران.

يارىمنىڭ يارى بولسام،
يايلاقنىڭ گۈلى بولسام.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
كۆزىنىڭ نۇرى بولسام.

سۇنى سالدۇق توغانغا،
ئوتنى ياقتۇق سامانغا.
سامان كۆيۈپ كۈل بولدى،
باغرىم قالدى ئانارغا.

لەۋلىرىڭ بولاي،
شاخىڭغا قوناي.
سايراپ - سايراپ،
گۈل شاخىڭدا،
بۇلبۇلۇڭ بولاي.

بېغىڭدىكى گۈللەرگە.
بۇلبۇل قونسا سايرامدۇ؟
ساڭا كۆيگەن يۈرەككە.
چەينەك قويسا قاينامدۇ؟

يوللاردىن كېتىپ بارسام،
چىللاتتىلا - چىللاتتىلا.
مېھرىبان بۇ كۆڭۈلنى.
چىللاپ كېتىپ يىغلاتتىلا.

يار بېشىدا شال ياغلىق،
قىلش كۆزى كۆرۈنمەيدۇ.
يار ئالدىمدا ئولتۇرسا،
ئۆتكەن كۈن بىلىنمەيدۇ.

ئۆيىڭىز يول ياقىسى،
ئەگىپ ئۆتەلمەيدۇ كىشى.
ئۆزىڭىز خۇش خۇي جۇۋان،
ئۈمىد ئۈزەلمەيدۇ كىشى.

رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلدى،
ئەتىيازدىن كۈزگىچە.
ھەر كىشى يارىنى تاپسا،
شۇۋە قەدرى شۇ كېچىسى.

ئاينى ئايدىڭدا دېسەم،
ئاسماندا يۇلتۇز بار ئىكەن.
يارغىنەمنىڭ ئوتىدىن،
يۈرەككە سانجىلدى تىكەن.

خوپمۇ دەردىم تولدۇر،
ئىچىمگە پاتماي تۇرىدۇ.
شۇغىنە يارىم مېنىڭ،
ھالىمغا يەتمەي تۇرىدۇ.

بەختى دۆلەت خۇيلىرىنغا
ئوت ياقۇرنى بىلمىدىم.
بارچىسىنى ياندۇپ،
رەھمى قىلۇرنى بىلمىدىم.

بۇ يۈرەك كۆيگەن بىلەن،
مۇرادىغا يەتمەس ئىكەن.
سەن يارىمنىڭ ھەسرىتى
ئۆلگۈچە كەتمەس ئىكەن.

ئاي خېنىم، ئايلا خېنىم،
ئاي يۈزۈڭگە بوستان سالاي.
يولدا ياتقان چار يىلانغا
مەن نېچۈك زىنجىر سالاي.

ئالمىلىق باغلارىنىڭكى
بارغۇ ھەرخىل چېچەكى.
كەلسەڭ قېشىمغا ھەرزامان،
ئوچۇق ساڭا يار ئېتىكى.

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى،
باشىمغا قويدۇم تېگىنى.
ئارزۇلاپ تۇتقان يارىنىڭ
ئازلا قويدۇم جېنىنى.

قاشنى قاشقا ئۇلىسا،
بۇغدايغا باغلىق بولغۇدەك.
يېگى يار تۇتقان كىشى،
سەۋدايى - ئاغرىق بولغۇدەك.

دەردىڭدە ئادا بولدۇم،
كويۇڭدا جۇدا بولدۇم.
غەم دەستىدە مەجنۇندەك،
ئوتۇڭدا گادا بولدۇم.

زارى زار يىغلايدۇ دەپ،
ئېيتساڭچۇ يارىمغا مېنىڭ.
ئۆچكۈسىز ئوتلارنى سالدىڭ،
خەستە جانىمغا مېنىڭ.

خەستە جانىم ساقايمىلىس،
بۇغىنە دورا بىلەن،
ئىككى ياخشى بىر بولالمىس،
ئاخىرەت ئارمان بىلەن.

خەستە جانىم كۆيدۇ،
ئەمدى تاقەت قالمىدى.
بۇ جاھاننىڭ تارلىقىدىن،
بىزگە ئۇمەت قالمىدى.

ئالتۇن ئۈزۈك قوللىرىدا،
گۈل ئېچىلار بويلىرىدا.
يالغۇز ئۆلسەكمۇ ئۆلمىلى،
ئۆزلىرىنىڭ كويلىرىدا.

بىزنىڭ ئۆيلەر زىمىتلىك،
ئىچكەن سۇيى شەربەتلىك.
سىز مېنى كىچىك كۆرمەڭ،
بىزمۇ خېلى غەيرەتلىك.

مەن يارنى پۇراپ بېرىپ،
تاپتىم تۇكمەن بالىشىدا.
ساچىدىن تولغاپ تۇرۇپ،
سۆيدۇم دۈشمەن قېشىدا.

تاشلىۋېتەمگىلار گادايىنى،
بىر كۈن كېرەكلىك بولىمەن.
دۈشمەنىڭنىڭ ئالدىدا،
تىلىغ يۈرەكلىك بولىمەن.

ئۆينىڭ ئىچىدە خەقلەر،
ئۆينىڭ ئارقىسى تەكلەر.
ئىككىمىزلا بىلىشەيلى،
تويۇپ قالمىسۇن خەقلەر.

سېنىڭ ئىشقىڭدا ئەي دىلبەر،
يۈرەكىم قىپقىزىل قاندۇر.
مۇھەببەت-ئوتىدا كۆيگەن،
كۆڭۈل ھەردەم پەرىشاندۇر.

چاي قازاندا قاينىسۇن،
تار غەجەكتە سايرىسۇن.
غەجەك تارتقان قوللارىڭ
يار قوينىدا ئوينىسۇن.

گۈللەر ئېچىلىپ قاپتۇ،
يارىم سېنىڭ بېغىڭدا.
دىۋانە بولۇپ قالدۇق،
يارىم سېنىڭ كويىڭدا.

قاغىلار قاتار- قاتار،
ئايدىڭ بولسا، ئايدىڭ بولسا،
يۈرىكىم راھەت تاپۇر،
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا.

سۇ ئىچىپ قويدۇم،
ھويلىدىكى ئۆزۈمگە.
ماقۇل دېگىن چىرايلىق،
غىلجىڭلىماي سۆزۈمگە.

سارغىيىپ سامان بولۇپ،
تۇراي سېنىڭ ئالدىڭدا مەن.
خالىي جايلارنى تېپىپ،
ئېيتاي ساڭا ھالىمنى مەن.

شايى چاپىنىم بولسا،
شامال چىققاندا كەيسەممەن.
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
تاڭ سەھەردە سۆيسەممەن.

تام بېشىدا ئولتۇرغان،
بويىنى ئالا بوز لىچىن.
مەلىڭىزگە بىز كەلدۇق،
ئۆيىڭىزگە يول ئېچىڭ.

ئۆيگە كىرسەڭ زىلچاڭمەن،
باغقا كىرسەڭ غۇنچەڭمەن.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
ئېچىلمىغان غۇنچەڭمەن.

باغىڭدا گۈلۈڭ بولسام،
بۇلبۇلدەك تىلىڭ بولسام.
باغقا سۇغا كىرگەندە،
سوغاڭدا سۆيۈڭ بولسام.

سېنى يارىم بىر سۆيۈپ،
كۆرسەم مەيلى كۆرگۈلۈك.
ئۆلۈپ كەتسەم مەيلى ھەم،
ھامان بىر كۈن ئۆلگۈلۈك.

يارىمنىڭ قولاقىدا،
يىگنە بولاي دېيمەن.
ئەشۇ گۈزەل يارىمغا
دىۋانە بولاي دېيمەن.

رومال سىپەن بېشىڭغا،
پېشانەڭگە چۈشۈرمەي.
قاچانغىچە يۈرۈيسەن،
ئوتلىرىڭنى ئۆچۈرمەي.

ئاي خېنىم، ئالتۇن خېنىم،
تىللا بويۇڭدىن ئۆرگىلەي.
ئىشقى ئوتوڭدا مەن سېنى،
پەرۋانەدەك چۆرگىلەي.

قىش - كىرپىك ئارىسىدا،
كۆزلىرىڭگە كۆيدۇم مەن.
بويىنوڭغا كىرە سېلىپ،
لەۋلىرىڭگە سۆيدۇم مەن.

ياز بولسا ئېچىلامدۇ،
ئاق لەيلى - قىزىل لەيلى.
يار سۆيەمدۇ، سۆيمەمدۇ،
يارنىڭ ئۆزىنىڭ مەيلى.

يارنى تۇتتۇم دەپتىمەن،
ئىچىمگە ئوتنى ساپتىمەن،
يار ئوتىدا پايلىماي،
مەيدەم قىزىيدۇ دەپتىمەن.

يارنى تۇتتۇم دەپتىمەن،
ئىچىمگە ئوتنى ساپتىمەن.
ئوتنى سېلىپ قويۇپ،
قىينارىنى بىلمەپتىمەن.

تۇرغىلى يوقتۇر ماجالىم،
يار يۆلەپ ئالغان مېنى.
گۈل بولۇپ ئالدىڭدا تۇرسام،
بىر كۆرەلمىدىڭ مېنى.

كۆيىدۇ جانىم مېنىڭ،
خەۋرىڭ يوقتۇر سېنىڭ.
رەھىم قىلساڭ ئوتنى ئالغىن،
كۆيمىسۇن جانىم مېنىڭ.

ئوڭ يانىمدىن ئۆتسەڭچۇ،
سول يانىمدىن ئۆتسەڭچۇ.
قېشى قارا مۇلايىم،
گۇناھىمدىن ئۆتسەڭچۇ.

گۈلنى ئۈزسەڭ تامام ئۈز،
شېخىدا گۈللەر قالمىسۇن.
يارنى سۆيسەڭ تۈزۈك سۆي،
كۆڭلىدە ئارمان قالمىسۇن.

ئاسماندىن ئالاي ئاينى ،
قوينۇمغا سالاي يارنى.
مەن باغ - باغ ئېتەي يارنى،
ئېچىلسۇن ئىچى - قارنى.

ھاۋادىكى لىچىننى
قوندۇراي بىلەكىمگە.
يارنىڭ سۆزلىرى دورا،
سىڭدۈرەي يۈرەكىمگە.

ئامرىقىمنىڭ ئۆزىنى،
قايدىن تاپۇرمەن سۆزىنى.

ياغلىقىمغا تۈگۈۋالدىم،
سايدا باسقان ئىزىنى.

سەن تېرىق تېرىمىساڭ،
قۇشقاچ كېلىپ قونارمىدى.
سەن كۈلۈپ ئوت سالمىساڭ،
بۇ يۈرەك يانارمىدى.

كۆيمەنا - كۆيمەن،
قاشى قاراغا كۆيمەن.
قاشىنىڭ قاراسىدىن،
جانىنى ئالارغا كۆيمەن.

باغقا كىردىم گۈل ئۈزەي دەپ،
گۈل ياتۇر شېخى بىلەن.
گۈل ئېچىلغاندا كېلىڭ،
باغلاپ بېرەي بېغى بىلەن.

مەن كۆرۈپ سېنى يارىم،
غەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
ئوتنى ياقتىڭ يۈرەككە،
ئاشىق - بىقارار بولدۇم.

چوڭ دەرۋازا ئىچىدە،
قىزىل خوراز سولايمان.
مەن كۆيسەم ئوتىڭىزدا،
سىز يۈرۈيسىز خىرامان.

يارىم بولسا ئۆزلىرىدەك،
لەۋلىرى قىزىلگۈلدەك.
ئەجەب مېنى سارغايتتى،
باغدىكى سېرىق گۈلدەك.

كەل يارىم ئولتۇر قېشىمدا،
قالغانلار قالسۇن قاراپ.
كۆزلىرىگە قان يۈگۈرسۇن،
بىز ئىككەيلەنگە قاراپ.

كىيىك بالىسى تاغدا،
تاغلا ئارىلاپ قالدى.
ئون بەشكۈنلۈك ئالەمدە،
ئوينىۋالغىنىمىز قالدى.

باغدا كۆردۈم يارىمنى،
كۆك تاۋار بۆكى بىلەن.
يۈرىكىمگە ئوتنى سالدى،
گۈل يۇپۇرماقى بىلەن.

سەھەر ۋاقتىدا غاز ئۇچتى،
غېرىبىنىڭ شەھرىگە ئۇچتى.
خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن،
مېنىڭ مەيلىم ساڭا چۈشتى.

باغچىلارەي - باغچىلار،
گۈللەر ئېچىلغان باغچىلار.
سىز خېنىم قۇلاق سېلىڭ،
سىزلەرگە ئېيتقان ناخشىلار.

ئىتىكىمگە قان تۆكۈلدى،
قان ئەمەس ياشىم مېنىڭ.
ئاقىبەت يار كويىدا،
كەتكۈدەك باشىم مېنىڭ.

ئايرىلغىلى ئۈچكۈندۇر،
يارنىڭ دەردى مۈشكۈلدۇر.
بىلمەيمەن نىچۈك هالدۇر،
چىرايىم سېرىق گۈلدۇر.

سېنى دەپقۇ - سېنى دەپ،
باردىم قۇمۇللار سايان.
بىر سايان بولالمىدۇق،
كۆڭۈللەرگە چۈشۈپ گۇمان.

مەن ئاشىق ئىدىم سىزگە،
خۇش باقمىدىڭىز بىزگە.
كۆڭلۈمدە ئاداۋات يوق،
ئاشىق بولمەن سىزگە.

ئوچاقتىكى ئوتۇڭدىن
سالغان ئوتۇڭ زىيادە.
قانداق قىلىمىز يارىم،
بىزگە كەلگەندە ئىرادە.

يارىم چەلپەك سېلىپتۇ،
زىغىر يېغىدا داغلاپ.
يارنى سۆيسەڭ تۈزۈك سۆي،
ئۆزۈڭنىڭ هالىنى چاغلاپ.

مەن تېغىڭغا بارمايمەن،
بارساپ پۇتۇم ئاغرىيدۇ.
يارىم هالىنى كۆرسەم،
ئاڭا ئىچىم ئاغرىيدۇ.

كىچىككىنە يىمىشىم،
تاتلىققىنە يىمىشىم.
ئەمدى تاپتىم ياخشىنى،
يامان بىلەن نېمە ئىشىم.

غانجۇغامدا ئارغامچا،
سالدى سالمىنى ئاتقا.
سەن مېنى دېسەڭ يارىم،
كۆڭۈل بەرمىگىن ياتقا.

مېنىڭ جېنىم تۆمۈرمىدى،
كەتتى ئۆمرۈمنىڭ يامىسى.
راست گېپىڭنى ئېيت يارىم،
جېنىمغا دەرمان بولغۇسى.

ئېگىز يەرگە چىققاندا،
سارايىنىڭ نېمەسى بار.
سەندەك ياخشى يار بولسا،
ئۆزگىنىڭ نېمەسى بار.

كىچ بولۇپ، يۇلتۇز چىقىپتۇ،
مەن قاچان ئۆيگە يانايى.
بىرگىنە ئالما بېرىڭ،
هەمراھ قىلىپ ئۆيگە يانايى.

ئىزدىنىپ چىقسام ئىشىككە،
روشەن چىراغنىڭ شويلىسى.
شۇ ئىشقىڭ چۈشكۈنىدىن،
كۆيدى يۈرەكنىڭ چۆرىسى.

يارىم بەرگەن شۇ مارجان،
كېچە - كۈندۈز بويىنۇمدا.
مەن يارىمغا ساقلىدىم،
بىر جۈپ ئالما قوينۇمدا.

بىر گەپ قىلاي مەن سىزگە،
خۇش خەۋەر بېرىڭ بىزگە.
كۆڭلۈمدە ئاداۋەت يوق،
ئاشىق بولمەن سىزگە.

ئالما پىشتى، قوغۇن پىشتى،
ئەجەب تاتلىق پۇرايدۇ.
شوخ قاقاقلاپ كۈلگەنلىرى،
كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

يارىم ساڭا گۈل بېرەي،
ماڭا كەلدى بۇ تەلەي.
كۆڭلۈمدىكى سەن تۇرساڭ،
يۈرمىدىم كۆڭۈل بەرمەي.

تۈنۈگۈندىن يۈز قاراپ،
كۆرۈندى ئاينىڭ شولىسى.
دىلرىبانىڭ يوقىدىن،
كۆيدى يۈرەكنىڭ چۆرىسى.

قاشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە
ئاشىق بولدۇم ئۆزۈڭگە.
نەچچە يەردە ئۇچراشتۇق،
ئېيتالمىدىم ئۆزۈڭگە.

بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم ئەمەس،

كۆڭلۈم ئۈنىڭغا قۇل ئەمەس.
بۇ مېنىڭ بىچارە كۆڭلۈم،
ياردىن ئۈزگىنى دېمەس.

تامىقىم چاك- چاك قىلادۇ،
ئۈزۈپ يۈرسەم كۆلدە مەن.
يار بىلەن كەزسەم باياۋان،
ئۇسسىماسمەن چۆلدە مەن.

يۈرۈك يارىم مەن بىلەن،
چىللاپ كەلدىم سەيلىگە.
مېنى ھەرگىز خار قىلماڭ،
كىرىپ دۈشمەن كەينىگە.

بېغىمغا چىللاپ كېلىپ،
ھۇجرامدا مېھمان قىلىمەن.
سەن ئەزىز يارىم ئۈچۈن،
جېنىمنى قۇربان قىلىمەن.

يارنىڭ يولى يانتاقلىق،
باراي دېسەم جان تاتلىق.
قېشى قارا يارلاردىن،
شېرىن سۆزلۈك يار تاتلىق.

ئالتە ئاي يوللار مېڭىپ،
پۇتۇمدا دەرمان قالمىدى.
قارچۇغام قولۇمغا چۈشتى،
ئىچىمدە ئارمان قالمىدى.

ئادىشىم - قەلەم قېشىم،
دەريا بولۇپ ئاقسۇن يېشىم.
شەرت قىلىپ قۇرئان تۇتاي،
سەندىن بۆلەك يوق ئادىشىم.

يۈرگۈنۈك يۈرگەنچە بولسا،
يۈرگۈنۈگدىن غەم يېمە.
دوستلۇقۇڭ كۆڭلۈگدە بوسا،
دۈشمىنىڭدىن غەم يېمە.

بەختىم بارغۇ- بەختىم بار،
يانچۇقۇمدا قەنتىم باز.
يېگى يارچە يار تۇتسام،
ئايرىلماسقا شەرتىم بار.

سېنىڭ ئۈچۈن ياتسام ياتاي،
ئۈچ يىل زىنداندا.
ئۈچ يىل دېگەن ئۈچكۈنچە يوق،
باغۇ- بوستاندا.

قۇم قازان تارتقان بىلەن،
قولۇمدا يوقتۇر قارىسى.
يار ئۈچۈن يېگەن تاياقنىڭ
دۈلامدا يوقتۇر يارىسى.

ئۈلۈغ- ئۈلۈغ سۇ بويىدا،
سۇدىن نەپ ئالسام.
بىلىنمەيدۇ سەن ئۈچۈن،
شۇنچە دەرد تارتسام.

مەن ئۆزۈم يالغۇز بالا،
بېشىمغا كەلدى مىڭ بالا.
ئوتقا قاقلاپ سۇغا سالساڭ،
كۆيىمەن يەنە ساڭا.

ماڭار قىرساي يولىدا
ھارۋىلار دىغىر- دىغىر.
كىشىنىڭ يارى بۆلەك نېمە،
ئۆزىنىڭ يارى يۈرەك بېغىر.

ئېيتقىنىڭغا مەن قايىل،
يولۇڭغا ماڭىمەن مايىل.
ئەمدى ماڭا ئىشەنگىن،
بولماسمەن ھەرگىز جاھىل.

ساي بولاقنىڭ قېشىدا،
ئۈندۈرگىنىڭ بىر باش پىياز.
سەن خېنىمنىڭ ئىشقىدا،
پەرۋانە بولدۇم قىشمۇ - ياز.

ئالا ئاتنىڭ پۇتىنى
تارتىپ بىرەي تاقلاڭ.
كۆيگىنىڭىز راست بولسا،
يار ئۆيىنى ياقلاڭ.

سەككىز ئاي سەرسانە يۈردۈم،
ئوتلىرىڭدا مەن كۆيۈپ.
تاسلا قالدىم كەتكىلى
ھەسرىتىڭدە مەن ئۆلۈپ.

ماڭا قاراپ ئېگىلمەس.
باغدىكى قىزىل ئالما.
مەن غېرىب بىچارىنى
دوزاخ ئوتىغا سالما.

ئەتىيازنىڭ شاملى
قاچان ئۆتەر ئۆيۈگدىن.
قاچانغىچە قالمايسەن،
ئەركە، ناىناق خۇيۇگدىن.

سايدا ئاپتاپلار چىقىپ،
گۈل ئېچىلۈرنى بىلمىدىم.
غۇنچە بويلۇق يار تۇتۇپ،
يۈرەك كۆيەرنى بىلمىدىم.

چىرايلىرىڭ كېلىشكەن،
قامىتىڭمۇ جايىدا.
ۋاقىت يەتتى دېدىڭغۇ،
سەن قالما شۇ سايىدا.

بادام بارغۇ - بادام بار،
ئاستا كېلىڭ ئادەم بار.
خەقلەر بىلەن كارىم يوق،
بالدۇر قىلغان ۋەدەم بار.

ئەجەبمۇ يارىشىپتۇ،
ئەتلەس كۆڭلەك ئۇچاڭغا.
كۈندە نەچچە كېلىمەن،
قەلەندەردەك كوچاڭغا.

سەن ئۆزۈڭ ئەينۇلۇقىڭدىن،
بىز پېقىرغا باقمىدىڭ.
سەن ئۆزۈڭ شاشلىق قىلىپ،
ئامراق تۆشۈگكە ياقمىدىڭ.

ئۇ مەلەگدىن بۇ مەلەگگە،
ئىزدەرمەن سېنى.
خەلقئالەم جۇۋان دېسە،
قىز دەرمەن سېنى.

ئوتتا كۆيگەن بۇ يۈرەك،
چوغدا كۆيگەن بۇ يۈرەك.
يول يىراق، دەردىڭ يامان،
ياغدا كۆيگەن بۇ يۈرەك.

ئىشكىم تاختا ئىشىك،
قۇلوب - زەنجىر سالمىسۇن.
خۇدايىم بەندەم دېسە،
كۆيۈك ئوتىغا سالمىسۇن.

قانداق قىلاي، قانداق ئېتەي،
ئىشقىڭدا بۇلبۇل بولدىما.
بۇ سېنىڭ ياخشى خۇيۇڭغا
ئۆلگۈچە قۇل بولدىما.

ئاق مەسچىتكە بورا سالدۇق،
كۆك مەسچىتكە جايناماز.
بىزنى كۆيدۈرگەن خېنىمنىڭ
ئۆتۈشى بەش ۋاخ ناماز.

يارىم ياتار ھويلىدا،
سېرىق مارجان بويىندا.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
سەن يارىمنىڭ قويىندا.

قاشلىرىڭ ئەجەب قارا،
كۆزۈڭدە خۇمار بارمۇ.
مەن ساڭا تولا كۆيدۇم،
بويۇنۇڭدا تۇمار بارمۇ؟

بېشىدا شايى رومال،
ئەپقاچتى سەلكىن شامال.
مېنى مۇنچە كۆيدۈرگەن
ئاي يۈزلۈك ساھىبجامال.

قىزىل ئالما پىشىپتۇ،
تار كوچىغا چۈشۈپتۇ.
شۇنچە خەق ئاراسىدا،
سىزگە كۆڭلۈم چۈشۈپتۇ.

ھازىرمەنۇ - ھازىرمەن،
گۈللۈك باغقا ھازىرمەن.
باشتا تۇتقان يار بىلەن،
ئۆلۈپ كەتسەم رازىمەن،

ئېگىز تاغقا چىقتىممەن،
سىرىلىپ چۈشەلمەيمەن.
قىلىقىڭغا كۆيدۈممەن،
ۋەدەڭگە ئىشەنمەيمەن.

ئەجەبمۇ تولا ئىكەن،
تاغنىڭ بېشىدا ئۇلا.
سۆيۈپ قويغىن لېۋىمگە،
ساۋاب ئەجرىسى بولار.

ئاق مۇنارمۇ مۇنارمۇ؟
كۆك مۇنارمۇ مۇنارمۇ؟
مېنى مۇنچە قىينايسەن،
كۆيگەنلىرىم گۇناھمۇ؟

چاپاننى كەڭرى تىكتىم،
ئىككى ئادەم كىيەر دەپ.
قاراپ قويدۇم كۆزۈڭگە،
كۆيگىنىمنى بىلەر دەپ.

يارىم سىزگە ئەرزىم بار،
كۆيۈپ قالغان قەرزىم بار.
ئازار بەرمەڭ دىلىمغا،
يۈرىكىمدە دەرزىم بار.

يارىم باغقا باشلايدۇ،
ئالما يەڭ دەپ خۇشلايدۇ.
ئالما شېخىدىن چۈشمەي،
قاش - كۆزىنى تاشلايدۇ.

ئۆستەڭ بويى قېقىر قىلىش،
كەتمەن سالسام يالاڭ تىلىش.
سۆيەي دېسەم بويۇڭ پەس،
ئېگىلدىممەن قەلەمقاش.

ئوتتا كۆيگۈم بار ئىدى،
چوغدا كۆيگۈم بار ئىدى.
ياتقا بەرگەن كۆڭلۈمنى
سىزگە بەرگۈم بار ئىدى.

باغىمدىكى جانانە،
يەپ باقمامسەن بىر دانە.
ئالتە ئاي بولدى ئۇتتۇڭدا،
بولۇپ قالدىم دىۋانە.

ئاتنى توق، يۆگەننى سال.
چاچنى ئۆرە بويۇنۇڭغا سال.
كۆڭلۈڭدىكى يارىڭنى
ئالمدەك قوينۇڭغا سال.

سەن ئۆزۈڭ گۈللۈك دەرەخ،
مەن سېنىڭ بۇلبۇل قۇشۇڭ.
يۈرىكىم كۆيدى خېنىم،
يامان ئىكەن ئىشىق ئوتۇڭ.

باغ سالدۇق ئانار سالدۇق،
كۆرۈپ قويسىلا خانىم.
سىلىگە كۆيۈپ قالدۇق،
بىلىپ قويسىلا خانىم.

راۋابىمنى ساز قىلغان،
تارى بىلەن بۇلبۇلەك.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
لەڭگەردىكى سېپىلەك.

ئۆستەڭ ياقىلاپ بېرىپ،
بىر چوكانغا كۆيدۈممەن.
كۆۋرۈك بېشىغا چىقىپ،
لەۋلىرىگە سۆيدۈممەن.

قاشىڭ ئەسلى قارادۇر.
ماڭساڭ يۈرەك سالادۇر.
سېنىڭ ئوتۇڭ يامانكەن،
ئىچىم كۆيۈپ يانادۇر.

ئوڭ قولۇمدا ئوڭ قۇشۇق،
چەپ قولۇمدا چەپ قوشۇق.
قاملىشارمىز ئىككىمىز،
سەن چىرايلىق. مەن ئوچۇق.

ئاخشامقى بۇ چاغلاردا
ئوت كۆيگەن ئوچاقىدا.
ئۆلتۈرسەڭمۇ سەن ئۆلتۈر،
مەن يارىڭ قۇچاقىدا.

ئەي خېنىم ئوت كەتمىسۇن،
ئۆگزەڭگە شوتا يەتمىسۇن.
بىر ئۆزۈڭ ھازىر تۇرۇپ،
كۆيگەنلىرىم مۇت كەتمىسۇن.

ئويناپ چىمدىلاپ قويسام،
تېرىكىپ قالاي دېمىلا.
باشىمدىن تۇمار ئۆرۈپ،
كۆڭلۈمنى ئالاي دېمىلا.

كىچىككىنە چىلىكىم بار،
پىچىپ بەرسىم يەلىمۇ.
شۇنچە خەق ئاراسىدا،
بىزنى كىچىك دەلىمۇ.

بىز ئىككىمىز جۈپتەككىنە،
تۇگمەن تېشىدەككىنە.
بىز ئىككەيلەن دوست بولايلى،
گۈل ئاچىلغاندەككىنە.

گۈل ئاچىلسا نىم بولار،
غۇنچە ئېچىلسا نىم بولار.
بىر قېتىم قىلغان گۇناھنى
يار كەچۈرسە نىم بولار.

ئىشىك ئالدىڭدا قوش تېرەك،
زىلۋا ئەمەسمۇ مەشۇقۇم.
خازانلىرى ئالا - ئالا،
چىپار ئەمەسمۇ مەشۇقۇڭ.

كېچىسى بىللە بولايلى،
مەخمەل چۈشەكتە مەشۇقۇم.
كۈندۈزى بىلمەس بولايلى،
يات كىشىدەك مەشۇغۇم.

دەريانىڭ ئۇ يانىدا،
كۆردۈم سېنى.
قارا زۇلپىڭنى زەنجىر قىلىپ،
ئۆتكۈز مېنى.

بىر كۆرۈنۈپ، بىر يوقايسەن،
كۆل بويىغا كۈندە چىقىپ.
ئۆز يۈزۈڭگە يارىشىپتۇ،
ئوسما قويۇپ، خېنە يېقىپ.

كەپتىرىڭىز بولاي،
پەغەزگە قۇناي.
لاچىنلار كېلىپ،

سوقمىسۇن مېنى.

توخۇگىز بولاي،
قونداقتا قوناي.
مۇلۇنلار كېلىپ.
بوغمىسۇن مېنى.

قويىگىز بولاي،
ئېغىلدا تۇراي.
بۆرىلەر كېلىپ،
يېمىسۇن مېنى.

ئىتىگىز بولاي،
يايلاقتا تۇراي.
ئاتچىلار كېلىپ،
مىنمىسۇن مېنى.

كۆكمىكىگىز بولاي،
چاللىقتا ياتاي.
پەلۋانلار كېلىپ،
ئاتمىسۇن مېنى.

كالىگىز بولاي،
جاڭگالدا تۇراي.
پادىچىلاز كېلىپ،
ساغمىسۇن مېنى.

قۇچقىچىگىز بولاي،
دەرەختە تۇراي.
قۇرغۇيلار كېلىپ،
ئالمىسۇن مېنى.

تەلپىكىم سەككىز تالا،
تۆتى ئالا، تۆتى قارا.
تەلپىكىمنىڭ قېتىدا،
گۇل ساقلىدىم يارىم ساڭا.

باغ ئارا باغىڭنى ئاچ،
بەندىگارىڭنى كۆرەي.
روچىۋنىدەك سارغىيىپ،
ئايدەك جامالىڭنى كۆرەي.

مەن ئۆزۈم كىچىك بالا،
خىزمەت قىلالمىدىم ساڭا.
لەۋلىرىڭدىن سۇ ئىچىپ،
ئەسلى قانالمىدىم ساڭا.

شاھزادىگە ئوخشايمەن،
كىمخاپ تونلىنى كەيسەم.
مۇرادىمغا يېتەرىدىم،
يارنىڭ لېۋىگە سۆيسەم.

ئۆگزەڭگە چىقىۋاپسەن،
كەپتەرلەرگە كۆز تاشلاپ.
ئىشىك ئالدىڭدىن ئۆتتۇممەن،
بۇلبۇلۇڭ بولۇپ سايراپ.

ئالما يېگۈم كېلىدۇ،
غورا يېگۈم كېلىدۇ.
كۆڭلۇمدىكى شۇ يارنى
چىشلەپ سۆيگۈم كېلىدۇ.

چىغدىن ئۆركىگەن توشقان،
چىلاندىن ئۆركىگەن توشقان.
دۇشمەن ھەر نېمە دەيدۇ،
بىزنى خۇدا ھەق قوشقان.

دۇتتارىمغا پەي تارى،
راۋابىمغا سىم تارى.
بىز ئىككەيلەن ئوينايلى.
خەق ئالدىدا ئاشكارى.

ئاقمىدۇ بىلەكىڭىز،
كۆكمىدۇ خەمەكىڭىز.
شۇنچە قىلسام بىلمەيسەن،
تاشمىدۇ يۈرەكىڭىز!؟

تەلپىكىم سەككىز تالا،
تۇنىدىڭمۇ ئەي بالا.
كۆزلىرىم ئاقتى يولۇڭغا،
يىغلاتمىغىن مۇنچىلا.

كۇن دېسەم كۇدۇزدە يوق،
ئاي دېسەم ئاسماندا يوق.
ئوتقا سېلسان سەن ئۆزۈڭ،
بۇنچە ئوت گۇلخاندا بىق.

ئۆستەڭ بېشىدا بىر بالا،
مىنگەن ئېتى بوز ئالا.
بىزنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
ئۇن بەش ياشلىق قىز بالا.

شامال چىقسا پۇرايدۇ،
يارىمنى گۇل ئورايدۇ.
قەلەم قاشلىق باغرى تاش،
قاچان گەپكە ئۇنايدۇ.

كېپىنەك گۇلدە بولۇر،
غاز - ئۆردەك كۆلدە بولۇر.
مەشۇقى نادان بولسا،
ئاشىقى چۆلدە بولۇر.

ناخشا ئېيتىمەن يارىم،
تىڭشاپ يات سارايىڭدا.
نەچچە ئاخشام بارسامۇ،
چىقمىدىڭ قارايىڭغا.

دوستمۇسەن، دۇشمەنمۇسەن؟
نەدە يولۇقتۇڭ سەن ماڭا.
خالىي بىر جاينى تېپىپ،
ئەرزىمنى ئېيتاي مەن ساڭا.

ئاق ئايدىڭدا بارسۇن دېپ،
سالام يوللىغان يارىم.
مەن بارسام ئۆزى چىقماي،
كۇندە گۇلخان يارىم.

ئىشىك ئالدى ئېرىقمىدى،
تەرگىلى تېرىقمىدى.
ھېچبىر تۇتۇق بەرمەيسىز،
نەسلىڭىز بېلىقمىدى.

يارىمنىڭ قارا ساچى،
چۇشۇپتۇ زاڭاقىغا.
مەڭزىگە سۆيۈپ- سۆيۈپ،
تويمايمەن سىياقىغا.

تاغقا چىقتىم سۇ ئىچەي دېپ،
تاغ سۇيىنىڭ تەمى يوق.
بىر سۆيەر دېپ ۋەدە قىلسام.
بولدى ماڭا بولغۇلۇق.

ئاق قۇشقاچ، قارا قۇشقاچ،
چار بۇغدايغا تويدۇڭمو؟
شەرمەت قىلدىم رەستىدە،
لىۋەن يارىم تۇيدۇڭمۇ.؟

ئاسماندىكى يۇلتۇزلار،
ئايدىڭ بولمەن دەيدۇ.
ئون تۆت ياشاق قىز بالا،
كۆيدۇم، ئۆلمەن دەيدۇ.

كېچە كەلگەن مەن ئەمەس،
ئىشىك چەككەن مەن ئەمەس.
لېۋىڭدىكى شىرنىلىك
ناۋات ئەمەس، قەنت ئەمەس.

ئاچچان يولى تاشلىقكەن،
ماڭماي دېسەم ياشلىقكەن.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
ئەشۇ قەلەم قاشلىقكەن

باغ ئىچىدە رومال ئاچقىن،
گۇل يۈزۈڭنى بىر كۆرەي.

گۈل يۈزۈڭنى بىر كۆرۈپ،
ئايىغىڭدا جان ئۈزەي.

شامال كەلسە قىبلىدىن،
سەن يارىمنى سورايمەن.
يار ماڭا خەۋەر بەرگىن،
پاياندازىڭ بولاي مەن.

يارىم بەرگەن ئاق كۆڭلەك،
لىغىلدايدۇ يۇغاندەك.
قولۇم ئۇشقا بارمايدۇ،
يارىم قاراپ تۇرغاندەك.

بىزنىڭ باغدا ياڭاق بار،
ئۆيدە بىر كۆپ هاراق بار.
دادام تويۇپ قالمىسۇن،
كۆرۈپ قالسا تاياق بار.

هەر ئاخشىمى بۇ چاغدا،
ئوت كۆيگەن ئوچاقىڭدا.
ئۆلتۈرسەڭ ئۆزۈڭ ئۆلتۈر،
بوغۇزلاپ پىچاقىڭدا.

ئارقا تاغنىڭ يوللىرى،
ئالتۇن - كۈمۈش ئارىلاش.
تاپىنىمغا تىلىش پاتتى،
جۇپ كۆزۈمگە تولدى ياش.

ئەزىم دەريا يۇرۇڭقاش،
چىم قىياقتۇر ئۈككى قىلىش.
يار ئۆزۈڭدىن ئاگاھ بول،
بىزگە دۈشمەن ئارىلاش.

ياغلىقىمغا گۈل تىكتىم،
چوغ رەڭگىدە غۇنچىسى.
پەقەت سىزنى خالىدىم،
داغدا قالدى شۇنچىسى.

دۇتار چالسام ئۇنلەيسەن،
خەقتىن مېنى كۈنلەيسەن.
ئىنسابىمنى تىلىگىن،
يۆگەپ قويسا ئۇخلايسەن.

مەن بارغۇدەك ئەمەسمەن،
بارالغۇدەك ئەمەسمەن.
يارنىڭ سېسىق گېپىگە
چىدالىغۇدەك ئەمەسمەن.

قىلىشىڭ ئەسلى قارادۇر،
ماڭىساڭ يۈرەك سالادۇر.
خۇدا ئالمىغان جانىنى
بەندە قانداق ئالادۇر.

ئاق ناۋات دېگەن قوغۇن،
باراڭىنىڭ كەينىدە بارمۇ؟
غېرىبلىقتا سۆيگەن يار،
خېنىمنىڭ يادىدا بارمۇ؟

قارچۇغام قانات يايدى،
سايدىكى سۆگەتلەرگە.
مۇز ياققانغا سەكمەس،
ئوت كەتكەن يۈرەكلەرگە.

ئاق قوچقاچ بولۇپ سايراپ،
قارا قوچقاچ بولۇپ سايراپ.
جىسمىمدا جان قالمىدى،
يارىم قايدا دەپ يىغلاپ.

مىلتىقىمغا ئوق سالدىم،
ئاق قوچقاچنى ئاتقىلى.
نېمىشقىمۇ تۇغۇلدۇم؟
مۇنچە دەردنى تارتقىلى.

چاپسام ساندۇق ئېچىلۇر،
گۈل بېشىمغا ساچىلۇر.
يارىمدىن خەۋەر كەلسە،
خەستە كۆڭلۈم ئاچىلۇر.

سەمەرقەنت شەھىرىدىن كەلسەم،
مېنى يەركەنگە پالاپتۇ.
ئالمىدە كىشى يوقتەك،
كۆڭلۈم سېنى خالاپتۇ.

مەن بۇ يەرلىك ئەمەستىم،
باشلاپ كەلگەن هەمراهىم.
ئاشىق بىلەن مەشۇقنى
ئايرىۋەتتى خۇدايىم.

دەريا سۈيى تارتىلدى،
يار ئالدىمىكىن باشتىن؟
دۈشمەنىنىڭ سۆزى بىلەن،
ئايرىلدىم قارا قاشتىن.

يارنىڭ بېغى ئالمىلىق،
ئەتراپىدا باراڭلىق.
كۆيدۈم ساڭا دەپ قويسام،
ئەجەب قىلدى ساراڭلىق.

ئاتنى ساتمىسام بولمىس،
تايىنى ساتمىسام بولمىس.
ئىچىمدىكى دەردىمنى
ساڭا ئېيتمىسام بولمىس.

قىبلىدىن شامال چىقسا،
گۈل شېخىنى قايرىيدۇ.
ۋەدىمىزدە چىڭ تۇرساق،
قانداق دۈشمەن ئايرىيدۇ؟

كەندىر تۈۋىدە كەكلىك،
يارىم بەردى يەكتەكلىك.
خالىيدا تېپىشقاندا،
يۆگەپ سۆيگىلى ئەپلىك.

ئۇ يېنىم ئالما پۈرايدۇ،
بۇ يېنىم نەشپۈت - ئانار.
سۆيگىنىم تۇرسا قېشىمدا،
ئۆسسىلىم باغرىم قانار.

بىزنىڭ يار كېلىپ قاپتۇ،
سۇ ئاقمىغان ساي بىلەن.
كۈتتۇالاي يارىمنى
قەنت چىلىغان چاي بىلەن.

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
سول قولۇمدا تېشىم بار.
باشقا يارنى سۆيمەيمەن،
سەندەك ئۈز قاياشىم بار.

دەريا بويىغا كەلسەم،
تۇرنىلارنىڭ ئىزى بار.
يۈرىكىمنىڭ قېتىدا،
سەن يارىمنىڭ سۆزى بار.

ئىشىك ئالدىڭدىن ئۆتتۈممەن،
گەپ قىلمىدىم قېيداپ.
گەپ قىلىپ نېمە قىلاي،
هەسرىتىمنى يېڭىلاپ.

ئاي يۈزلۈك لۈمن يارىم،
چاينى قازاندىن تاشتۇرۇڭ.
سىزنى مەن سۆيۈپ ئالاي،
ئانىڭىزدىن يوشۇرۇڭ.

ئۈجمىلەر پىشىپ قاپتۇ،
شىلدىر شاپقا قاقساڭچۇ.
پەقەت - پەقەت هالىم يوق،
كېلىپ كۆرۈپ باقساڭچۇ.

كىچىككىنە قۇش بولدۇم،
گۈلنىڭ شېخىغا قوندۇم.
ساڭا بېرىپ كۆڭلۈمنى
غازاڭدەك سارغىيىپ سولدۇم.

قىبلىدىن شامال چىقسا،

ھەر ياكزا ھىد پۇرايدۇ.
يارنىڭ ئىتى پاشاخان،
كۆكچى قوغۇن پۇرايدۇ.

ئىگىز تاغقا چىقتىم مەن،
يول تىپىپ چۈشەلمىدىم.
چىرايىڭغا كۆيدۈممەن،
ۋىسلىڭگە يېتەلمىدىم.

بۈگۈن ئۇن يەتتە كۈن بولدى،
يارنى كۆرمەيدۇ كىشى.
كۆرسىمۇ كۆرمىسكە سالسا،
تىرىك ئۆلمەمدۇ كىشى!؟

كىچىككىنە قار كۆز،
كەتتى ئەنجان يولىغا.
ئەجەبمۇ بەك كۆيىمەن،
تال چىۋىقتەك بويىغا.

ئىرىقىڭنىڭ تېگىدىن.
سۇ ئۆتەمدۇ گۈلئايىم،
سېنى بىردىم كۆرمىسەم.
يامان بولار ئەھۋالىم.

ئاققىنا كەپتەر بولۇپ،
پەغزىڭدە سايرىسام.
تاڭ سەھەرنىڭ شامىلىدەك،
چاچلىرىڭنى تارىسام.

دەمدەلەر كۆرۈنمەيدۇ،
تۇتىۋالدىمۇ كەپتەرۋاز؟
بۇقۇلدىتىپ يىغلاتماڭ،
يارىم ماڭا قىلىپ ناز.

ئاسماندىكى تۇلۇنئاينىڭ
ھەمراھلىرى يۇلتۇزكەن.
يارنىڭ يارى قېشىدا،
جاھاندا مەن يالغۇزكەن.

يامغۇر ياغدى كۆل بولدى،
ئەتەكلىرىم ھۆل بولدى.
ۋىسالىڭنى تاپالماي،
ئۇنسىلاپ باغرىم چۆل بولدى.

ئىشىك ئالدى گۈللۈككە.
ئۈنۈپ چىققان لەيلىمۇ.
ئۇتۇڭدا كۆيۈپ- كۆيۈپ،
ئۆلۈپ كەتسەم مەيلىمۇ؟

ئۆزى كەلسۇن دېگەنسىز،
سۆزى كەلسۇن دېگەنسىز.
قالۇق ئۆستەڭ سۈيىدە،
ئېقىپ ئۆلسۇن دېگەنسىز.

يامغۇر ياغدۇ تاشقا،
دەردلەر كېلىدۇ باشقا.
باغرى قاتتىق قارا كۆز،
ئېرىمەيدۇ يىغلاشقا.

تاشنى ئۇرسەن تاشقا،
تۇغۇلدۇممۇ يىغلاشقا؟
قاچان سۆيۈپ قويسەن؟
تاقىتىم يوق كوللاشقا.

ھويلىمىزدا قىزىلگۈل،
ئۈزۈپ بېرەي پۇراملا.
يۇرىكىمگە ئوت كەتتى،
سۆيىمەي قاراپ تۇراملا.

گۈلنى بەرسەم ئالىسىز،
ئايدەك گۈزەل بالىسىز.
گۈلگە گۈل پۇراتمايسىز،
بىزنى ئوتقا سالىسىز.

بېشىڭدىكى رومالىڭ
گۈل كەشتىسى زىيادە.
ھېچبىر ھالىم قالمىدى،
رەھىم قىل ئىسىلزادە.

ئاتىڭ ئاتلىقى بولسا،
قالامدۇ ئاتىڭ كەينىدە.
مەڭغۇ يار دەپ يىغلايمەن.
كىم بار يارنىڭ مەيلىدە؟

ئۇيان باقسەن يارىم،
بۇيان باقسەن يارىم.
مېنىڭ خەستە دىلىمغا
ئوتنى ياقسەن يارىم.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى.
مېنى ئەجەب ئىزدەتتى.
ئېيتىڭلارچۇ تۇغقانلار،
ئامراق يارىم نە كەتتى؟

ئاسماندا مېنىڭ ئايىم.
مېنىڭ غېرىب گۇۋاھىم.
باشقىلارغا كۆز سالسام،
جاننى ئالسۇن خۇدايىم.

ئاسماندىكى يۇلتۇزۇم،
دەريادىكى قۇندۇزۇم.
تەتىللادىن ياستۇقۇم،
ئۆزۈم يالغۇز، يالغۇزۇم.

ئۇلۇغ قولۇمدا قەنتىم بار،
سول قولۇمدا ئاق ئاۋات.
بوسۇغاڭدىن كەتمەيمەن،
مەيلى مېنى چاينىۋەت.

ئىشىك ئالدى ھاۋالىق،
قۇش سايرايدۇ ناۋالىق.
ساقايمىغان جىنىمغا،
لېۋىڭ بولغاي داۋالىق.

ئىشىك ئالدى ھاۋالىق،
سايە بېرىدۇ سەگە.
تاڭ ئاتقۇچە ساقلىدىم،
دەز كەتتى يۈرەكىمگە.

باردىم مەن، تولا باردىم،
يارى جانان - قېشىغا.
نەچچە ئايلاپ ساقلىسام،
بىر چىقمىدى تېشىغا.

مىڭ پىچاق يۈرەككە تەگدى،
ئاغرىدى دەپ تۇرمىدۇق.
مىڭ كىشى ئالدىمدا تۇرسا،
سىلىگە تەڭ كۆرمىدۇق.

چوكان چولپاندەككىنە،
بېلى تاسمىدەككىنە.
شۇ چوكاننىڭ قىلىقى
ئون بەش ياش قىزدەككىنە.

قىزىل گۈلنىڭ پۇرىقى،
شېخىدا يۇپۇرماقى.
سۆيگىنىڭىز بىر بولسۇن،
ئاخىرەتتە سوراقى.

ساي بويىدا مەرەمخان،
سېرىق رەڭدە خال قويغان.
بۇ ناخشىنى ئېيتمايتتىم،
يارىم كېلۇر دەپ ئېيتقان.

مېھرىبانىم مېھرى سەن،
قىزىلگۈلنىڭ نۇرى سەن.
باغدا بۇلبۇل، تاغدا كەكلىك،
بىر سەندۇر، بىر مەن.

ھاراق ئىچمەن دەيدۇ،
چىنە - تەخسىدە كۆكمۈچى.
مېنى كۆيدۈرگەن يارنىڭ
چىكىسىدە قىسقۇچى.

ئېرىقنى ئويۇپ قويدۇم،
ئەمدى سۇ تولۇپ ئاقسۇن.
يارغا يار كېرەك بولسا،
يارمۇ بىر كېلىپ باقسۇن.

قولۇڭدىكى تاياقمۇ؟
شىشەڭدىكى هاراقمۇ؟
بىرە - بىرە كەلمەيسەن،
ئۆيۈڭ شۇنچە يىراقمۇ؟

ساتارىمنى سايراتتىم،
يېڭى چىققان ناخشىغا.
مەنمۇ كۆيدۇم، ئەلمۇ كۆيدى،
جانان سەندەك ياخشىغا.

ئاق قۇشقاچ هارامزادە،
شېكەر بەرسەم سايرايدۇ.
دۈشمەن بىزنى كۆرەلمەي،
ئارقىمىزدىن مارايدۇ.

ئىشىك ئالدى ئانارگۈل،
ئانارگۈلنى پۈراملا؟
كۆكۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ،
گۆهەرنى تاشقا ئۇراملا؟

قاپتىن ئوقيا ئالدىمەن،
سايدا جەرەن ئاتقىلى.
نوموس قىلما قاراكۆز،
بىر يوتقاندا ياتقىلى.

پىشايۋاندا ئولتۇرۇپ،
يار چېچىنى تارايدۇ.
شەرەت قىلسام يۆتكىلىپ،
قاش ئوينىتىپ قارايدۇ.

شايى - شايى ئەمەسمۇ،
شايى پۇلغا كەلمەسمۇ.
شايى كەيگەن شۇ خېنىم،
بىزنىڭ قولغا كەلمەسمۇ؟

ئىشىكىمدىن ئۆتكىن دەپ،
تاختا كۆۋرۈكنى سالدىڭمۇ.
كىچىككىنە جانىمغا
شۇنچە ئوتنى سالدىڭمۇ.

كۆرگىلى كەلدىڭمۇ يار،
ئولتۇر قېشىمدا بىر زامان.
بىر زامان ئولتۇرمىساڭ،
ئارمان قىلۇرسەن هەر زامان.

دەريادىكى ئۇلۇغ سۇ،
تاشتىن - تاشقا سەكرەيدۇ.
هوشيار بولمساق يارىم،
دۈشمەن بىزنى قەستلەيدۇ.

زوقۇم كەلدى ئىشىگىغا،
باراي دېدىم قېشىگىغا.
بىر كىيىمگۇ بار ئىدى،
تەگمەي دېدىم چىشىگىغا.

غۇنچە گۈللەر گۈل بولدى.
گۈلگە كۈندە قارايمەن.
يارىم جاۋاب بەرسىڭىز،
قاچانلاردا بارايمەن.

قورغوي بالىسى ئالىم،
لاچىن بالىسى زالىم.
مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم،
قانداق قىلىمىز يارىم.

ئىشىك ئالدى باراڭلىق،
نوگاي چۆشتى چىرايلىق.
هەممە كىشى ئاراسىدا،
مېنىڭ يارىم چىرايلىق.

كۆزلىرىمگە سۈرمە سۈردۈم،
قاشلىرىمغا قىلش قەلەم.
هېچ كىشىگە كەلمىسۇن،
ماڭا كەلگەن دەرد ئەلەم.

تاڭ سەهەردە قارىسام،
يار گۈلنى كۆرگىلى.
يۈرىكىم قانداق چىدار،
سەندىن بۆلەكنى سۆيگىلى.

قارىغاي كېسىپ قويدۇم،
قورۇسا قالارمەن دەپ.
كىچىك يار تۇتۇپ قويدۇم،
بويىرسا ئالارمەن دەپ.

ئىشىكىڭدىن مەن ئۆتەرمەن،
يۆتىلىپ گۈل كۆتىرىپ.
مەيلىڭىز بولسا چىقىڭ،
چىندە چاي كۆتىرىپ.

ئاقچى قوغوق ئاق ناۋات،
كۆكچى قوغۇن كۆك ناۋات.
باشقىلارنىڭ قانداقكىن،
مېنىڭ يارىم قەنت - ناۋات.

ئاق كۆڭلەكنى كىيمەيمەن،
ئاق كۆڭلەك ياراشمايدۇ.
بىز ئىككىمىز ئوينىساق،
باشقىلار تالاشمايدۇ.

ئەجەبمۇ يارىشىپتۇ،
پىشايۋانىڭ تېرىكى.
قىيامەتتە ئۆچەرمۇ،
ئىككىمىزنىڭ كۆيىكى.

باغدا ئۆسكەن لەيلى بىز،
تاغدا ئۆسكەن لەيلى بىز.
غېرىب بىلەن سەنەمدەك،
ئۆلۈپ كەتسەك مەيلى بىز.

يارىم قوناق ئوتايدۇ،
يول بويى قوناقلىقتا.
تەرلەپ كەتسەم يەلپۈيدۇ،
ئانار گۈللۈك ياغلىقتا.

ئوقيا ئالدىم قولۇمغا،
سايدا جەرەن ئاتقىلى.
هويلاڭغا گۈل تاشلىدىم،
رىشتىمىزنى چاتقىلى.

چىقىۋاپسەن تېرەككە،
ئالتە ئاي بولدى بۇ دەردكە.
شېرىن جانلار ئۇنىمايدۇ،
سەن يارىمدىن بۆلەككە.

١

گۈل بېغىمدا ئېچىلغان،
ئانارگۈلنىڭ بىرىمەن.
گۈل توۋىدە ئولتۇرغان،
قارا كۆزنىڭ خىلىمەن.

شەهەر كوچىسى تاركەن،
شېخىدىكى ئانار ئىكەن.
يىگىدىن بىر يار تۇتسام،
دەردى بەك تولا ئىكەن.

جامالىڭنى كۆرمىسەم،
پىراقىڭدا كۆيمەستىم.
سەن ئۇماقنى يارىم دەپ،
لەۋلىرىڭگە سۆيمەستىم.

تالاغا چىقىپ باققىن،
سالقىن بىر شامال بارمۇ؟
دەردىڭدە يۈرەك كۆيدى،
بۇنىڭغا ئامال بارمۇ؟

ئۆيىڭىز يىراق ئىكەن،
ئاتقا مىنگۈدەك بولدۇم.
ئوتىڭىز يامان ئىكەن،

كۆيۈكتە ئۆلگۈدەك بولدۇم.

مەن باشقا بىرىپ باقسام،
ئۆردەك بىلەن غاز ئاتسام.
ئۆردەك بويىلۇق جۇۋانىنى
باغرىمغا تېڭىپ ياتسام.

باغۇم بارۇ، بارغۇم بار،
بىزنىڭ باغدا زاغۇن بار.
كىمنىڭ قىزى ئۇز بولسا،
شۇنى بىرىپ ئالغۇم بار.

سىنى دەپ دەريانى كەزدىم،
ئۆلمىدىم سۇدا ئىقىپ.
گاھى ئەقلىم بىردە بازدىم،
گاھى ئەقلىمدىن ئىزىپ.

ناخشىنى تولا ئىيتسام،
يۈرەكتە دەردى بار دەمسەن.
ئايدا - يىلدا كۆرۈنۈپ،
ئۆزۈڭنى ئەتىۋار دەمسەن.

سەن ئاسمانغا قارايسەن،
بىزنىڭ كۆلدە ئاي يوقمۇ؟
سەن ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتما،
ماڭا باشقا يار يوقمۇ؟

لىپ - لىپ ئىتىدۇ كۆڭلۈم،
يار قىشىغا بارغىلى.
لېۋىگە سۆيۈپ قويۇپ،
تەننى تازا قىلغىلى.

بىغمىدىكى بۇلبۇلۇم،
كۆز بولدى ئۇچۇپ كەتتى.
سىز يارىمنىڭ دەردىدە،
يۈرىكىم سىزىپ كەتتى.

تۇرنىلارنىڭ يولى يوق،
يول سالارنىڭ ئورنى يوق.
ئۆزۈڭ كەلمىسەڭ يارىم،
مەن بارارنىڭ ئورنى يوق.

دەردىمنى يار بىلەرمۇ؟
ماڭا قاراپ كۈلەرمۇ؟
مەن ئىزدىسەم مىڭ قىتىم،
يار بىر قىتىم كىلەرمۇ؟

ھويلاڭدىكى تېرەككە،
ئوت كەتتىمۇ نىم بولدى؟
بىز ئىككىمىز ئامراقتۇق،
كۆز تەگدىمۇ نىم بولدى؟

بىشىڭدىكى تۇماقمۇ؟
قولۇڭدىكى چوماقمۇ؟
مىنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
ئالما بىجىق ئۇماقمۇ؟

ئوسما قويغان قىشىڭغا،
يامغۇر چۈشسە ئۆچەرمۇ؟
يۈرەكتىكى ئىشىق ئوتى،
يارىم ساڭا كۆچەرمۇ؟

قىزىلگۈللۈك چىنەم سىز،
قولغا ئالسام سۇنامسىز؟
ئالتە ئاي كۆيۈپ ئوتۇمدا،
ئايرىلىشقا چىدامسىز؟

تومۇچۇق كىلىپ قوندى،
قىزىلگۈلنىڭ شىخىغا.
سىغىنغاچ كىلىپ قالدىم،
سەن يارىمنىڭ قىشىغا.

ئىسلىماك بىلەكىمگە،
مەن يىتەي تىلەكىمگە.
سىغىنىپ نىگارىمنى
ئوت كەتتى يۈرەكىمگە.

ئىگىز قومدىن سىرىلدىم،
سىرىلغاننى كىم كۆردى؟
يارىم سىنى سىغىندىم،
ساڭا مەندەك كىم كۆيدى؟

سىغىنغاندا يار سىنى،
تىكىلمەن بۇلاققا.
تۈننى تاڭغا ئۇلايمەن،
چىداپ ھىجران - پىراققا.

سىغىنغاندا يار كەلسە،
باشلىۋالسام ئۆيۈمگە.
ئۈننىڭ نازۇك قولىنى
سۈرتمەسىمدىم كۆزۈمگە.

باغلىرىڭغا باقىمەن،
ئىرىقىڭدا ئاقىمەن.
سەن كەلگەندە ئامرىقىم،
باغرىمغا چىڭ ياقىمەن.

دىرىزەڭنى چىكىمەن،
چىقالمىساڭ كىتىمەن.
ئۇخلاپ قالما ئامرىقىم،
تاڭ ئاتقۇچە كۈتىمەن.

يارنىڭ كىيگەن كۆڭلىكى
قىزىل دۇردۇن، تاۋاردۇر،
شۇ يارىمدىن ئايرىلسام،
ئۆلمەك ماڭا راۋادۇر.

قولاقىڭدا پوپوزا،
بىلەيزۈك بىلەكىڭدە.
كۆيۈپ قالدىم سۆيمەيسەن،
تاش بارمۇ يۈرەكىڭدە؟

مەككە دەپ ماڭدىم يولۇڭغا،
ھاجى دەپ قىلدىم تاۋاپ.
سەن ناۋاتتا خالتا بەرسەڭ،
مەن جىگەرىمدە كاۋاپ.

دۇتارنى چىلىۋەردىم،
كەلسە - كەلمەس پەدىگە.
سارالى بولۇپ قالايمۇ،
سەن يارىمنىڭ دەردىگە؟

ئىشىك ئالدىدا ئىرىق،
ئاستا - ئاستا ئاتلىدۇق.
سىز بەرگەن قىزىلگۈلنى
ھىچكىمگە بەرمەي ساقلىدۇق.

يارنىڭ بىشىدا ياغلىق،
قاش - كۆزى كۆرۈنمەيدۇ.
يار يىنىمدا ئولتۇرسا،
تاڭ ئاتقان بىلىنمەيدۇ.

بۇ يىل ئالما بەك بولدى،
ھەر شىخىدا مىڭ دانە.
مىنى كۆيدۈرگەن خىنىم،
يۇرتىمىزدا بىر دانە.

ئۆرۈكۈم قاتار - قاتار،
يارىم ئۆيىدە ياتار.
يارىم ئۆيىدە ياتسا،
بىزگە قانداق تاڭ ئاتار.

چاسىنىڭ ئوتتۇرسىغا
توققۇز ئىشىك تەك ئىچىلۇر.
بىزنى كۆيدۈرگەن سەتەڭنىڭ
بىشىدىن گۈل چىچىلۇر.

ئۈستەڭ ئالدىدا يولدا،
ئايغىڭنىڭ ئىزى بار.
يۈرىكىمنى بىرىپ باق،
ساڭا كۆيگەن دىزى بار.

مەن باراي بازارىڭغا،
چاي سالاي قازانىڭغا.

ئاخۇنۇم نەزىر قىلسۇن،
ئالمدەك چىرايىڭغا.

ئالما ئاتتىم تاللىققا،
ئورنۇالدىم ياغلىققا.
ئەجەب ئىچىم كۆيەدۇر،
سىز يارىم چىرايلىققا.

يۇرۇڭقاشتىن ئات ئالدىم،
مىنىپ چىقتىم يۆگەنسىز.
مەن سىزگە كۆيۇپ قالدىم،
چىرايىمدىن بىلگەنسىز.

بېغىمدىكى گۇللۇكتىن،
تېپىۋالدىم تۇگۇنچەك.
كۆڭلۇمنى ئوتىۋالغان،
مېنىڭ يارىم كۇلگۇنچەك.

يارىمغا ساراي سالسام،
گۇل بىلەن مۇنار سالسام.
يار ئىچىدە بىلەرمۇ؟
هەر قانچە گۇناھ قىلسام.

بۇلبۇل ئۇۋا ياساپتۇ،
قىزىلگۇل ئاراسىغا.
مەن ئەجەب كۆيۇپ قالدىم،
كۆزۇڭنىڭ قاراسىغا.

سەن يارىمنى ياد ئېتىپ،
ناخشا ئېيتىمەن كۇندە.
دەرد ئىچىدە يىغلايمەن،
هېچكىم ئاڭلىمىس ئۇندە.

قىبرى سۆگەت ياغىچى
نور بولامدۇ ئويلاپ باق.
كۆڭلۇڭنى ئالالايمەن،
مېنىڭ بىلەن ئويناپ باق.

ئۆردەك ئاتتىم غاز بىلەن،
كاۋاپ ئەتتىم تۇز بىلەن.
ئۆلۇپ كەتسەم ئارمان يوق،
ئوينىۋالدىم ئۇز بىلەن.

ئالسىلا، پات ئالسىلا،
تالدى مېنىڭ بىلىكىم.
سۆيسىلە پات سۆيسىلە،
چىدىمىدى يۇرىكىم.

بىزنىڭ باغقا كىرىپ باق،
ئالما ئۇزۇپ تېتىپ باق.
كۆيگىنىمنى بىلمىسەڭ،
يۇرىكىمنى كۆرۇپ باق.

باهار كېلىپ ياز كېلىپ،
كاككۇك قوندى تېرەككە.
كۆڭلۇم هەرگىز ئونىمىس
سىز يارىمدىن بۆلەككە.

باغدا پىشتى خوۋانە،
يەپ باقامسىز بىر دانە؟
بېلى بوش دەپ يالتايماڭ،
بولاي ئەمدى مەردانە.

توپا يولدا بوخۇناق،
ئارغامچىدا توقۇناق.
مېنى شۇنچە كۆيدۇرگەن
يۇزى ئايدەك يوملاق.

بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار،
توختاپ قالسىلا يارىم.
باغلىرىدا كۇتىمەن،
ئۇخلاپ قالمىسىلا يارىم.

ئاق رومالنىڭ ئېسىلكەن،
ئورۇمچىدىن ئالغانمۇ؟
كۆيدۇم دەيسەن قاراكۆز،
راست كۆيدۇڭمۇ، يالغانمۇ؟

بارغىنىمدا ياز ئىدى،
يانغىنىمدا زىمىستان.
كۆڭلۇم قانداق ئونايدۇ
يارىم سەندىن ئايرىلسام؟!

ئاق قوغۇننى يېمەيمەن،
ناشپەرگە تويمۇدۇم.
كۆڭۇلدىكى يار بىلەن
قۇچاقلىشىپ ئوينۇدۇم.

شىلدىرلايدۇ هويلىڭىز،
قومۇشلۇققا ئوخشايدۇ.
ئاخشام سۆيگەن سېكىلەك،
تومۇچۇققا ئوخشايدۇ.

باغ ئارا ئىشىكىڭنى ئاچقىن،
مەن نىگارىمنى كۆرەي.
زەپىرەڭدەك سارغىيىپ
تۇرغان جامالىڭنى كۆرەي.

هاۋانىڭ بۇزۇقلىقى،
ئاسماندا ئاينىڭ يوقلىقى.
بۇ مېنىڭ خامۇشلۇقۇم،
يېنىمدا يارنىڭ يوقلىقى.

راۋابىمنىڭ تارىسى
پەي - پەيگە ئوخشايدۇ يەنە.
بوش چاغلىماڭ، نازۇك خېنىم
تەتىيگە ئوخشايدۇ يەنە.

يارىم بىلەن چاي ئىچتۇق،
ئانارگۇلى چايداندا.
ئۆلمىسەڭ كۆرىشەرمىز،
جۇمەكۇنى مەيداندا.

مەن ئۇچامغا قارىسام،
يارىم ئەپ بەرگەن كۆڭلەك.
ياردىن بىردەم ئايرىلسام
چىدىمايدىكەن يۇرەك.

بىزنىڭ باغدا جانانە،
يەپ باقسىلا بىردانە.
ئوتلىرى يامان ئىكەن،
بىزلەر بولدۇق دىۋانە.

ئۆستەڭ بېشىدا قوي سويسام،
باللار كاۋاپ دەيدۇ.
قاراكۆز مېنىڭ يارىم،
سۆيسىڭىز ساۋاب دەيدۇ.

ئۆستەڭ بويلاپ ماڭغۇچە،
قاراپ تۇردۇم يانغۇچە.
غۇنچە بويلۇق يارىمنى
سۆيەلمىدىم قانغۇچە.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ
چۆرىسى يالاڭ قاپتۇ.
ئىچىمدىكى دەردىمنى
كىم بىرىپ ساڭا دەپتۇ.

مېنىڭ دەردىم بەك تولا،
يارغا ئېيتىمىسام بولمىس.
ئەل شۇنچىلا گەپ تاپتى،
ئەمدى سۆيمىسەم بولمىس.

يارىم رومال ئارتىپتۇ،
پېشانىسىگە چۆكۇرمەي.
قاچانغىچە يۇرەرسىز،
كۆيگەن ئوتنى ئۆچۇرمەي.

ئۆستەڭ بويىدا ساندۇق،
ساندۇق ئىچىدە جابدۇق.
قانداق قىلىمىز يارىم،
كۆيۇك ئوتىدا قالدۇق.

چامغۇرلۇقۇ - چامغۇرلۇق،

چامغۇرلۇقتىن ماڭغۇلۇق.
كىمنىڭ قىزى ئۇز بولسا،
شۇنى بىرىپ ئالغۇلۇق.

بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار،
پىيادە يېتەلمەيسىز.
يار مۇنداق جاپا قىلماڭ،
سىز مەندىن كېچەلمەيسىز.

يارنىڭ كىيگەن كۆڭلىكى،
شىپىڭ، ئەتلەس، تاۋادۇر.
يارىم سەندىن ئايرىلسام،
ئۆلمەك ماڭا راۋادۇر.

پەدەز قىلىپ چىقىپسەن،
چوڭ بازارغا ماڭدىڭمۇ؟
ئۇچراشساق قارىمايسەن،
يېڭىدىن يار تاپتىڭمۇ؟

غەزەل توۋلاپ كوچىدىن
ئۆتۈپ كەتتى يىلش باللار.
خۇشەز ئالاي دىمەيدۇ
باغرى قاتتىق تاش باللار.

ئات مىنسەممۇ ئۇينايمەن،
مىنمىسەممۇ ئۇينايمەن.
كىم جېنىمغا ئەسقاتسا،
شۇنىڭ بىلەن ئۇينايمەن.

پىچىقىڭىزنى بەرسىڭىز،
پىيازىمنى ئاقلىسام.
رىسىمىڭىزنى بەرسىڭىز،
ئالبۇمىمدا ساقلىسام.

سوپىنىاڭ سىرىق بولۇر،
قوم ياقىسى تىرىق بولۇر.
ئىككى يار توتقان خىنىمنىڭ
چىرايى سىرىق بولۇر.

ئۆستەڭ بىشىدىن كەپلا،
تەمەچ تەرگىچ كەلمەپلا.
قوللىرىدا قول باغلىق،
ناۋات چەككىچ كەلمەپلا.

ئەي خىنىم تۇتماڭ قولۇمنى،
ئاي قاراڭغۇ، يول يىراق.
خۇدايىم شۇنداق سالامدۇ
ئىككىمىزگە ئىشتىياق.

يانچۇقۇمدا پۇلۇم بار،
تېگىشىپ بەرسىلە.

بوي يەتمىدى سۆيگىلى،
ئېگىشىپ بەرسىلە.

ناماز شامدا يولىڭىز،
شەلپەردە تونىڭىز.
قاراپ - قاراپ كەتتىڭىز،
كىمگە چۈشتى كۆڭلىڭىز.

چىمچىلاقنى قىيسۇەتتى،
گۈل شىخىدا بىر قىياق.
چىرايىمنىڭ سىرىقلىقى
دەرد بىلەن پىراق.

ئۇخلىسام تاڭ ئاتمىدى،
ئۇزۇن ئىكەن كېچىڭىز.
چىدىغلى بولمىدى،
يامان ئىكەن ئوتىڭىز.

بىلمىزۇكنى تالاشماڭ،
ئاق بوغماق بىلىكىم بار.
كۆڭلۈمگە ئازار بەرمەڭ،
يالقۇنلۇق يۈرىكىم بار.

ئاتىنىڭ ئويدىنى بولسا،
تاغنى يايلىمايمەنمۇ؟
يارنىڭ ئويدىنى بولسا،
جاننى خەجلىمەيمەنمۇ؟

ئالما - ئانار بىغىمدا،
خىللاپ يەگلار ساتمايمەن.
ئىشچان يارغا مەيلىم بار،
تا ئەبەدكە ساقلايمەن.

غىرىب مەن دىلى سۇنغان،
يىنىمدا يوق ھەمراھىم.
بەندەم دىسە يارىمدىن
ئايرىمىسۇن خودايىم.

لەڭگەر سىپىدىن كەلگەچ،
ئارىشتا قونۇپ قالدۇق.
شۇ يارنىڭ پىراقىدا،
دوتارچى بولۇپ قالدۇق.

يارىم ئورما ئوروپتۇ،
چېچى بىلەن تولغۇنۇپ.
يار دەردىدە يىغلايمەن،
كېچە - كۈندۈز ئاھ ئوروپ.

كۆك تاۋاردا بۆك كىيىپلا،
زەپ ياراشىپتۇ خىنىم.
ھەممە ئادەم غۇنچە بويىكەن،
دەپ قاراشىپتۇ خىنىم،

دەريانىڭ ئۇ قىتىدا،
غاز ئۆردەكلەر ئويناپدۇ.
ساڭا كۆيگەن بۇ يۈرەك
بىر سۆيگەنگە تويماپدۇ.

ئەل پىراقى ئەل پىراق،
دىلدا ياندى ئىشتىياق.
ئىشتىياقنىڭ دەردىدە،
بىركۈن ئاغرىق، بىركۈن ساق.

قىرغا پىياز تىرىدىم،
ئېتىزغا يالاڭ ساماساق،
مەن يارىمنىڭ دەردىدە،
بىركۈن ئاغرىق، بىركۈن ساق.

ئۆۋلاپتۇ قارلىغاچ،
پىشايۋاندا، پەرماندا.
بىز شۇنداق ئۆتەرمىزمۇ،
كۆيەك ئوتى ئارماندا.

مەن بارايمىكىن توزغا،
يۈرىكىمنى يىقىپ مۇزغا.
يانچۇقۇمدا بىر تىيىن يوق،
ئىچىم كۆيىدۇ ئۇزغا.

قولۇمنى كىسۇەتتى،
گۆش توغرايدىغان پىچاق.
يۈرەكنى ئىزىۋەتتى،
دوڭ مەلىدىكى قىزچاق.

ئاق تەلپەك، قارا تەلپەك،
كىيسەڭ ساڭا يارىشار.
مەن يارىمنى بەرمەيمەن،
دۈشمەن گويلار تالىشار.

گۈل ئۈزۈپ بىرىڭ ماڭا،
بىر پۇراي، ئىككى پۇراي.
سىز يارىمدىن ئايرىلىپ،
بىر جايدا قانداق تۇراي.

توخۇلار چىللىشىدۇ،
تاڭ ئاتاي دىگەنىمكىن.
مەپىلەر جىرىڭلايدۇ،
يار بۇيان كەلگەنىمكىن.

ئوچاقىڭغا ئوت قالاپ،
يۈزلىرىم قارا بولدى.
سىنى مەن تولا ئويلاپ،
يۈرىكىم يارا بولدى.



تاغ ئېغىزىدىكى ئېلېكتر ئىستانسىسى



ئورمان ئىچىدىكى جىمجىت يول



كۈز



قىش


源泉 (布拉克)(维吾尔文)总65期 ئومۇمىي 65 -سان (پەسىللىك ژۇرنال) بۇلاق

MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE ( QUARTERLY )

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放路348号)
新疆畜牧印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 )
شىنجاڭ چارۋىچىلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号:CN65—1063/I
本刊代号:58—108 定价:5.50元
ISSN1005—0876/国外代号Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋاكالەت نومۇرى: 108—58، باھاسى 5.50
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118


11>

771005 087006